# كۈن شەرقتىن چىقمدۇ

مالك كېۋر



مالىك كېۋىر

# كۈن شەرقتىن چىقىدۇ

(رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................ 1

بىرىنچى باب........................ 12

1. چاقىرىلمىغان مېھمان ........................ 12

2. ئېسىگىنىڭ بېرىدا ئېتەكنى ياپ........................ 23

3. ھەر كاللىدا بىر خىيال ........................ 32

ئىككىنچى باب ........................ 43

1. قۇزغۇنلار بەزمىسى ........................ 43

2. لىپپاپ ئىچىدىكى زەھەر........................ 54

3. سېھىرلىك ئويۇن ........................ 63

ئۈچىنچى باب ........................ 71

1. ئەستەر ئۆرۈش يىغىنى........................ 71

2. ئاتا ـ بالىنىڭ ئەسلىمىسى ........................ 83

3. قايغۇلۇق سەپەر........................ 95

تۆتىنچى باب ........................ 109

1. غەزەپ بورانلىرى........................ 109

2. غالچىنىڭ خوجايىنى ئالدىدا تىترىشى........................ 119

3. تادان تۈلكىنىڭ تومشۇقىدىن ئىلىنىشى........................ 132

بەشىنچى باب........................ 151

1. يىللىق چىراي ئادەم ........................ 151
2. دوستلۇق سەيلىسى ........................ 163
3. ئەلۋىدا جاپاكەش ئاتا!........................ 179
4. ھەققانىي شىكايەت ........................ 190
**ئالتىنچى باب** ........................ 201
1. نەزەربەند ئۆيىدىكى سېھىرگەرلىك ........................ 201
2. يېڭى سۇيىقەست........................ 211
3. ئېھ، گۈزەل ياشلىق!........................ 223
**يەتتىنچى باب** ........................ 236
1. سۇيىقەستلىك جاۋاب........................ 236
2. قاراڭغۇدىكى پاراڭلار ........................ 249
3. قايمۇققاندا قايرىلغان يول........................ 263
**سەككىزىنچى باب**........................ 277
1. تارىخىي بۇرۇلۇش ........................ 277
2. تۇنجى زەربە........................ 289
3. ئەسەبىيلىك ۋە ساراسىملىق ........................ 300
**توققۇزىنچى باب** ........................ 313
1. جۇڭغار ئويمانلىقىدا ........................ 313
2. تەكرار ئېلىشىش ........................ 327
3. ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز........................ 341
**ئونىنچى باب** ........................ 352
1. زەپەر ئەلچىسى ........................ 352
2. سۇيىقەستچىنىڭ ئاقىۋىتى........................ 364
3. يېڭى ئويغىنىش ........................ 374

ئون بىرىنچى باب ........................ 387

1. ”ئەي قۇللار قوزغال، قوزغال ئەي قۇللار!“........... 387

2. چاشقان تۆشۈكىدىكى پاراكەندىچىلىك........... 398

3. پاھ، نېمىدېگەن گۈزەللىك بۇ!................. 407

# مۇقەددىمە

ئالتۇن كۈز پەسلى. زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسمان. كۈز ئاپتىپى ئۈستىدىن يىللىق يورۇتۇپ تۇرغان ئىلى ۋادىسىدا يېڭى دەۋرنىڭ هاياتبەخش هاۋاسىدىن ئىلهام ئېلىپ يەنە بىر پەللە يۈكسەلگەن قايناق ئەمگەك، گويا چوڭ توي-مەرىكە!

ئەنە قاراڭ، يەر باغرىنى كاراپتەك تىلىپ ئېڭىز ئاغدۇرۇۋاتقان تراكتورنىڭ هەممە يەرنى زىلزىلىگە سالغان گۈرۈلدىگەن ئاۋازى. خامان-خامانلاردا تاغدەك چەش بۇغداي، ئۈستىدىكى ئاشلىقنىڭ ئېغىر سالمىقىدىن غىچىرلاپ ئېتىز يولىدا ئاستا كېتىۋاتقان هارۋى-لاردا، ماشىنا ۋە تراكتور كوزۇپلىرىدا، ئورغاق ئاۋازى "شارت-شۇرت" قىلىپ ئاڭلىنىپ تۇرغان قوناق ئېتىزلىرىدا بۇ ۋادىنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ، كۆز قاماشتۇرغۇدەك يالتىراپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا شاۋقۇنىغا تەڭكەش قىلىنغان ياڭراق-شوق ناخشا!

ئالىم ماشىنا ئۈستىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، گۆدەك بالىدەك تويماي قاراپ، ئالدىدا قۇچاق ئېچىپ تۇرغان مەنزىرىدىن كۆز ئۈزمەي باراتتى. ئۇ، ئىلىدا ئون نەچچە يىل تۇرغان، ئىلىنىڭ هەر پەسلىگە خاس گۈل هۆسنىنى، جىلۋىلىك مەنزىرىلىرىنى يۈرىكى جىلاشقۇدەك قېنىپ كۆرگەن، تاغ-دەريالىرى بىلەن سىرداش ئۆتكەن بولۇشىغا قارىماي، قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىپ، بەزىدە تېخى تەسىرلىنىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تولقۇنلىنىپ كېتەتتى.

ماشىنا شىمالىي قىرغاقتا — دەريا لېۋىدىكى تاشيولدا غەربكە قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە. ئېتىزلار، بۈك-باراقسان يېزىلار، مەھەللىلەر، تاغ-ئېدىرلار قارشى تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئالىم بۈگۈن ئون نەچچە يىل بىللە ئۆتكەن سەپداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، سەھەر يولغا چىققاندا، تاغ تەرەپتىن دەرەخ ئۇچلىرىنى يېنىك شىلدىرلىتىپ بەدەننى شۈركۈندۈرگۈدەك سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. ماشىنا ماي ياتقۇزۇلغان تۈپتۈز يولغا ئۇلىشىپ شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقنىڭ قاپ بېلىگە كەلگەندە، كۈن قىيام بولدى، ھاۋا يىللىپ، كۆز ئاپتىپى ماشىنا ئۈستىدىن قىزدۇرۇشقا باشلىدى. ئالىم ئەتىگەن، سوغۇق تېگىشتىن ئېھتىيات قىلىپ قېلىن كىيىنگەنلىكىنى، كىيىملىرىنىڭ ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى، ئايالى، بالىسى ئولتۇرغان، ئۆي بىساتى-روزىغارى بېسىلغان ماشىنىدا تازا قولۇشالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. يالاڭ تۇجۇركىسىنىڭ ئۈستىدىن قاپلاپ كىيگەن ئۆرە ياقا پاختىلىق شىرما چاپىنىنى يېشىپ، ئىككى قاتلاپ ئاستىغا سالدى، شەپكىسىنى پېشانىسىدىن كۆتۈرۈپ قويدى ۋە كۆكسىنى كېرىپ ئۇلۇغ بىر نەپەس ئېلىپ يەنە كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى تاماشا قىلدى.

ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ئىلى ۋادىسى گويا ئالقىنىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك ئوچۇق نامايان بولدى. ئىككى تەرەپتىكى قارلىق چوققىلىق ئېگىز تاغلار سىغدىلىپ يېقىن كېلىپ قالغاندەك تۇيۇلدى، خىيال-تەسەۋۋۇرى كېڭىيىپ، كۆز ئالدىدىن ياپيېشىل ئوتلاقلار، قوي-كالا پادىلىرى، ئوپۇر-توپۇر جىلغىلار، تاغ قاپتاللىرىنى قاپلاپ تۇتاش كەتكەن زىچ قارىغايلىقلار، ئېگىز شارقىراتمىلار ۋە سۈپسۈزۈك سۇ شارقىراپ ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان ساي-جىلغىلار... ئۆتتى.

ئالىم ھاياتىدا بىر يەردە توختىماي، دەرۋىشتەك جاھان كەزدى — كۆپلىگەن شەھەر-يېزىلارنى، ئېدىر-قىرلارنى، تاغ-داۋانلارنى كەزدى. ئەمما ئۇنى ۋادىسىغا ئوخشاش توقۇزى تەل، قاملاشقان، ساپ ھاۋالىق مۇنداق گۈزەل جاينى باشقا بىر يەردە ئۇچراتقانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى.

ئالىمنىڭ خىيالىدىن دادىسى روزاخۇندىن كەلگەن خەتتىكى مۇنۇ قۇرلار چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى:

"ئوغلۇم، ياخشى ئادەملەرنىڭ بېشىغا كەلگەن تارتقۇلۇقلار سىنىمۇ چەتتە قالدۇرمىدى. قۇۋالىشىپ ئۆتكەننىڭ خاسىيىتى باشقا، توپىسىدا گىيا ئۈنمەيدىغان چۆل-جەزىرىلەردە قاڭغىرىپ يۈرسۇڭمەي بالا-چاقاڭنى ئېلىپ ئۇلىغا — ئۇددۇل مەن ئورۇنلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتىپ كەل. ئۇلى تۇرمۇشقا ئەپلىك، يوقسۇللار ئۈچۈن يارالغان پاناھلىق جاي ئىكەن. كىچىككىنە قىمىرلاپ قويساڭ، ئۈچ ۋاخ تامىقىڭ كاپالەتكە ئىگە ئىكەن. مۇھىمى ئادەملىرى شۇ قەدەر مېھرىبان، تۇرمۇش مەئىشتى شۇ قەدەر مول ئىكەنكى، تاغلىرىدىن سۈت-قايماق، باغلىرىدىن شەرۋەت، ئوتتۇرىدىكى دەريادىن زەر-ئالتۇن ئاقىدىكەن...

ئالىم بۇ چاغدا جۇڭغارىيىدە — چوڭ قاتناش تۈگۈنى ھېسابلىنىدىغان شىخو بازىرىدا بەكمۇ نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئاتا-ئانىسىنىڭ قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي، يۇرتىنى تاشلاپ قەشقەردىن ئۇلىغا كۆچۈپ چىققانلىقىنى ئەنە شۇ خەتتىن بىلدى. خەتكە پۈتۈلگەن ئۇلىدا قەشقەردىكىدىن ياخشى ئۆتتۈۋاتىمىز دېگەن گەپ-سۆزلەرگە چىنپۈتمىدى. "ئۆيدىن ئۆيگە كۆچسەڭ ئوغلاقلىق ئۆچكەڭگە زىيان". بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرۇتقا تاغ ئاتلاپ ئائىلە

بۇيىچە كۆچۈش چوڭ سورۇقچىلىق، بىچارىلەرنىڭ ھازىر ھالى بېچۈككىن، دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئائىلىسىگە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ياردەم قىلغان، پۇل ئەۋەتكەن بولسا ياخشى بولاتتى. بىراق يېنىدا ئېشىنغۇدەك پۇلى يوق ئىدى. ياش ئىنژېنېر، نېفت قىدىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى دېگەن پەخىرلىك نامى، يانچۇقتا پۇلنى چاڭگاللاپ سالىدىغان دۆلەتمەن كۈنلىرى جۇڭغار چۆللىرىدىكى يىلتىزسىز قامقاقتا ئوخشاش ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشنىڭ بورانلىرىدا ئۇچۇپ كەتتى.

ئىش ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرىدا "ئوڭچى" قالپاق كىيىش، خىزمەتتىن قوغلىنىش بىلەن ئاخىرلاشمىدى، قانۇنسىي جازاغا تارتىلدى. ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىش مۇددىتىنى توشقۇزۇپ، بازار ئاشخانىسىدا يالىنىپ، سۇ توشۇپ، ئوچاقتا ئوت قالاپ يۈرگەن كۈنلەردە بىر تۇل ئايالغا "ئىچ كۈيئوغۇل" بولۇپ كىردى.

تۇل ئايالنىڭ ئىسمى رابىخان. يالغۇز سېيىرىنىڭ سۈت-قايماقىنى تىرىكچىلىكنىڭ دەسمايىسى قىلغانلىقتىن، شۇ ئەتراپتىكىلەر ئۇنى "رابىخان قايماق" دەپ ئاتىشاتتى. رابىخان قايماق ئەللىكلەردىن ھالقىغان، چاچلىرى ئاقارغان، ئەمما كۈچى سوغۇلمىغان تىمەن ئايال ئىدى.

ئالىم بىركۈنى كەچتە رابىخان قايماقنى ئېتىزدىن بىر باغلام ئوت يۈدۈپ چىقىپ، چوڭ يول بىلەن دەم ئالماي ئۇدۇل ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتقاندا ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ بۇ ئايالنى سىرتىدىن بىلەتتى. ئەتىگەندە قاتناش بېكىتىدە يولۇچىلارغا سۈتلۈك چاي سېتىۋاتقاندا، ئاشخانىنىڭ ئالدىدا قايماق تولدۇرۇلغان سىركايە چىنىلىرىنى قاتار تىزىپ قويۇپ، خېرىدار چاقىرىپ ئولتۇرغاندا

كۆرگەن، ئەمما سىرداشتۇدەك بولمىغانىدى. رابىخان قايماقنىڭ يادەك ئېگىلىپ، تەرلەپ-پىشىپ ئوت يۈدۈپ مېڭىشى ئالىمنىڭ ئىچىنى سىيرىۋاتاتتى. ئۇ ئانا مېھرىگە تەشنا ئىدى. رابىخان قايماقنىڭ ئېتەكلىرىگە ياماق چۈشكەن چىت كۆڭلەك ئىچىدىكى ئورۇق گەۋدەسىنى، تەرگە تولغان بۇغداي ئۆڭ يۈزىدىكى ئۇششاق قورۇقلارنى، مېھرىبان قوي كۆزىنى قەشقەردىكى ئانىسىغا تەقلىد قىلدى، يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىمىغانىغا ئۇنىماي ئوتنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى.

رابىخان قايماق يىگىتنىڭ ئىلتىپاتىدىن خۇشال بولدى:

— نەگە ئالدىرايسىز ئوغلۇم، "كەمبەغەلنىڭ چېيى چىشقا دورا" دېگەن گەپ بار، ئۇسساپ قالغانسىز، قايماقلىق چاي ئېتەي، ئولتۇرۇپ بىر چىنە ئىچىپ كېتىڭ، — دەپ تۇرۇۋالدى. گۇڭگا چىراغ يورۇقىدا بىر چىنە قايماقلىق چاي ئىچىلگىچە بولغان مۇڭدىشىشتىن باشلانغان باردى-كەلدى قىلىش ياشلىق كۈچى قايناپ تۇرغان، توغرىلىقىنا كەلگەن، قارىقاش، تەمبەل، بۇغداي ئۆڭ دەردمەن يىگىت بىلەن بويلىرى زىلۋا، قاشلىرى قەلەم، ئوتلۇق كۆزلىرىنى يوشۇرۇپ، توغاچتەك قىزارغان يۈزىنىڭ ئۈستىدىن كىرپىكلىرى قاپىقىنى مايسىدەك يېپىپ تۇرغان چىرايلىق قىز رازىيە ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت پەيدا قىلدى.

ئىش چىڭىغا چىققاندا، رابىخان قايماق "قىزى بارنىڭ نازى بار" دەپ ئولتۇرمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنەتتى. بىركۈنى كەچ تۆت ئادەمنى ھەقدار قىلىپ، بىر چىنە چايغا نىكاھ ئوقۇتتى.

ئالىم ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، تۇرمۇشتا خاتىرجەم

بولۇپ قالغانىدى. دادىسىدىن كەلگەن خەت كۆڭلىنى يەنە پەرىشان قىلىپ قويدى، مۇھىمى، نامرات ئائىلىدە يوقسۇزلۇق دەردىنى تارتىپ ئۆتۈۋاتقان يىگىتكە ئىلىنىڭ ياخشىلىقلىرى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر ئوت تۇتاشتۇردى.

ئالىم قەشقەردە، بالىلىق چاغلىرىدىلا ئىلىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان. ئۇ كەملەردە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ھەممە شەھەر-يېزىلاردىن دېگۇدەك بېشىغا كون چۈشكەن ئادەم تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ تۆت-بەش تەڭگە تېپىپ كېلەي دەپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي ئىلىغا چىقىپ تۇراتتى. ئۆزىنى ئوڭشۇۋېلىپ، بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن، قايتىپ يۇرتىغا بارغانلار بولسا خۇددى مەدداھتەك گۆرەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ، ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ، ھە دەپ ئىلىنى ماختايتتى — ئىلى يەتتە ئىقلىمدا كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل جاي — دەيتتى ئۇلار ئىمكان قەدەر گەپنى چىرايلىق قىلىشقا تىرىشىپ، دېھقانچىلىقى بەك راۋاج تاپقان، زاغرا كۆرمەيسەن، يېيىشىڭ بۇغداي؛ ئىلىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، بەشكېرەمنىڭ ئانارلىق بېغىغا ئوخشايدۇ، ئىككى تەرەپتىكى ئېگىز تاغلىرى ياپېشىل يايلاق، ئىشەنمىسەڭ، خۇدا شاھىت، قوي بىلەن كالىنى پادىغا يىغمايدۇ؛ سۆزلىسەم ئىلىنىڭ تەرىپى تولا، ھەممە يېرى كۆز چاقنىتىدۇ، گۆھەردەك ۋال-ۋال، كۆزۈڭ ئوچۇق كېتىدۇ ئوغۇل باللار، ئارماندا قالىسەن، تاغ ئېشىپ چۈشۈپ ئىلىخونى بىر كۆرۈۋال...

ئىلى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرى، دادىسى روزاخۇندىن كەلگەن خەت ئالىمنىڭ ئىشتىياقىنى يەنە بىر بالداق كۆتۈردى. مەن خاتالاشقان ئادەم، بۇ يەردە پۇللۇقراق ئىش تېپىشتىن ئۈمىد يوق، يالغۇز سېپىرنىڭ تۆت ئەمچىكى بىر ئائىلىگە ئاش-نان بولالمايدۇ،

ئىلىغا كېتىش كېرەك، دادام توغرا خۇلاسە چىقارغان، ئىلى توقچىلىق - باياشاتچىلىقنىڭ، خاتىرجەم ۋە گۈزەل تۇرمۇشنىڭ سەۋۇلى. ئىلىغا بېرىپ ئورنۇمنى ئىسسىتىۋالغاندىن كېيىن قېيىن ئانامنىمۇ ئالدۇرۇۋالايمەنمۇ، دەپ ئويلىدى.

ئالىم ئىلىغا كۆچۈپ كەلدى. ئەمما ئىلىدىكى تەقدىرى هالۇىغا ئېغىز ئېچىپ ئۇقۇشماي ئاچچىق مېغىز چاينىۋالغان ئادەمنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش بولۇپ چىقتى. دېهقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، "ئۇھ" دەپ هاردۇقىنى ئالغۇچە بولغان ئارىلىقتا "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"، ئارقىدىن ئۇلۇشۇپلا "بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش" هەرىكىتى قوزغالدى، هەرىكەت جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى دەهشەتلىك چۈشكە ئوخشاش قورقۇنچلۇق ئىدى.

تارىخ بىر سىزىقتا كېتىۋەرمىدى، دەۋر ئالماشتى. ئىلى ئاسمىنى جۇت بۇلۇتلاردىن تازىلىنىپ ئابرال ئۇستىدىن ئۇپۇقنى يېرىپ چىققان قۇياش نۇرىغا چۆمۈپ يالتىرىدى، ئالىم بىگۇناھ ئازار يېگەن كۈرمىڭلىغان ئىللىقلارغا ئوخشاش بەتنام كىشەنلىرىدىن ئازاد بولۇپ، ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلدى. لېكىن خىيالىدىن كەچسە ئىچىنى قاراڭغۇلاشتۇرىدىغان دەرد - ئەلەم كۆتۈرۈلۈپ كەتمەگەنىدى. بىركۈنى ئالىمنى ئىزدەپ دېهقانچىلىق مەيدانىغا سىرتتىن ئىككى ئادەم كەلدى.

— يولداش، — دېدى ئۆزىنى توختاتقان ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئادەم، — ئالىم روزى دېگەن كىشى سىز بولامسىز؟

— شۇنداق، مەن بولىمەن، — دېدى ئالىم هېچنېمىنى ئاڭقىرالماي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قويدى.

— تېگىڭىز نەدىن؟

ئالىم يۇرتىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئىلگىرى قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟

— ئوقۇغان مەكتەپلىرىم كۆپ، ئاخىرقى قېتىم بېيجىڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنى تۈگەتكەنمەن.

— خىزمەت قىلغان ئورنىڭىز؟

ئالىم جۇڭغار دالاسىدا نېفىت رازۋېتچىكلىكى بىلەن ئۆتكەن يىللارنى سېغىنىش بىلەن خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە خىزمەت ئورنىنى تولۇق ئادرېسى بىلەن ئېيتىپ بەردى.

ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنىڭ چوڭى خەنزۇ، ياشراقى ئۇيغۇر ئىدى. سۆزلىشىش دەسلەپ تەرجىمە ئارقىلىق بولدى، ھېلىقى ئۇيغۇر ئالىمنىڭ ئاخىرقى جاۋابىنى ھەمراھىغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەنىدىن كېيىن، ئىككىيلەن بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراپ، مىيىقىدىن كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى.

ئىزدەپ كەلگۈچىلەر نېفىت قىدىرىش ئەترىتى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس خادىملىرى ئىدى. ئالىمغا ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى.

— مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن، خىزمىتىڭىز ئەسلىگە كەلدى، — دېدى خەنزۇ. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى قىسقىچە بايان قىلغاندىن كېيىن، — قىدىرىش ئەترىتى سىزنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۆز ئىشىڭىزغا قويۇشنى قارار قىلغان. قەشقەرگىچە ئىزدەپ باردۇق. يول ئۈستىدە چۈشكەن يەردىن سۈرۈشتە قىلىپ ئۆتتۇق. قىسقىسى سىزنى تېپىش ئاسانغا چۈشمىدى.

خەنزۇ تەرجىمە قىلىشنى كۈتمەي سۆزلىدى، ئالىم ئۇنىڭ سۆزىنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇ، گويا مىنۇت ۋاقىت ئىچىدىكى

بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تىلسىملىق سىرىنى يېشەلمىگەندەك تېخىچە باشتىكى تېڭىرقاش كەيپىياتتىلا ئەسىر ئىدى، ئۇيغۇر سۆز قاتتى.

— شۇنداق، يولداش ئالىم، مەملىكىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېگىگە يېتىش قىيىن. نېفىت قىدىرىش ئەترىتى مەسىلىڭىزنى باشقىدىن قاراپ چىقتى، سىزدە ئەيىب يوق، خاتا كۆرەش قىلىنغان، جازالىنىشىڭىز تېخىمۇ ئاساسسىز، تۆنجى ئۇيغۇر نېفىت ئىنژېنېرىدىكى ئاساسىي تەرەپ ئۆزىنى تەربىيىلىگەن پارتىيىگە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى كاللىسى قىزىپ كەتكەن تەلۋىلەر كۆرۈشمىگەن.

ماشىنا بىر خىل سۈرئەتتە ئالغا قاراپ تېز ئىلگىرىلىمەكتە. ئۆزۈن ئويلىنىش ئۆزىنى كۆرسەتتى ئېھتىمالىم، ئالىم بىرئاز ئېزىلگەندەك بولدى.

ئۇ ئاخشام تۈزۈكرەك ئۇخلىمىغانىدى. دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى يولداشلىرى ئالىمنى ئۆزىتىش ئۈچۈن ئارقا-ئارقىدىن ئۇلىنىپ كەلگەن مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا بىر-بىرىگە قېنىشماي ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر ئۆيگە جەم بولۇپ، "تاڭ ئاتار ئويۇن" قىلىشتى. كۆڭۈل كۆيلىرىنى ئىزھار قىلىشتى، چىراي ئېچىپ كەلگەن بەختلىك كۆنلەر ئۈچۈن تەنتەنە قىلىپ ناخشا ئېيتىشتى، ئۇسۇل ئويناشتى، بىر-بىرىگە ئەڭ ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈپ تارقىغاندا، دەرۋەقە تاڭ ئارقىسى سۆزۈلۈپ قالغانىدى.

لېكىن ئۇلار ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، خۇددى ئۇيقۇغا قېنىپ قوپقان ئادەمدەك كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كۈندىن ئىلگىرى مەيدان ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. ماشىنىغا ئالىمنىڭ ئۆي بىساتىنى بېسىشقا ياردەملەشتى، چوڭ قىزى دىلدارنى تۇتۇپ

ئۇلتۇرۇش ئۈچۈن ئايالى رازىخانغا باش قاتۇرۇپ يەم بىلەن ئورۇن راسلاشتى.

چېچەن قىز دىلدارنىڭ ئاينىپ ئەقلىدىن ئېزىشىغا ئالىم ھەرىكەت جەريانىدا ئۇشتۇمتۇت تۇتقۇن قىلىنغان ئاخشىمىدىكى پاجىئە سەۋەب بولغانىدى. شۇ كېچە لۈكچەكلەر ئالىمنىڭ قولىنى باغلاپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ، دومۇلتىپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. دىلدار قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ئاچچىق چىرقىراپ دادىسىنىڭ كەينىدىن ماڭدى، كەينىدىن ئىزدەپ بېرىش ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمىدى، رازىخان بولسا تاسادىپىي ھادىسىدىن ئۆزىنى يوتۇنلەي يوقىتىپ قويغانىدى. ئەتىسى ئاش ۋاقتىلار بىلەن دىلدارنى قورقۇپ، ھوشىنى يوقىتىپ يېتىپ قالغان يېرىدىن ئورۇق-تۇغقانلىرى تېپىپ كېلىشتى. ئۇ شۇ ياتقانچە ھەپتە-ئون كۈن يېتىپ، ئالا-جۇقا سۆزلەپ ئورنىدىن تۇردى.

جاھان ئۆزگىرىپ، ئالىم ئىككىنچى قېتىم ئىنسانىي ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، دىلدارنى كۆپ داۋالاتقان بولسىمۇ، شىپالىق تاپالمىدى. ئۇ قاتتىق داغدا قالدى. ھەرىكەت داۋامىدا ئالىمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار كۆپ ئىدى، جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ چاچ-ساقىلى مەزگىلسىز ئاقاردى. يۈرىكى زەردابقا، بەدىنى جاراھەت ئىزلىرىغا تولدى. ھەتتا سول قولى جەينىكىنىڭ تۆۋىدىن سىرقىراپ ئاغرىيدىغانلىقى ئۈچۈن، قولىنى ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرەلمەيتتى. ئالىم بۇ ئىشلارغا سالاۋات قىلىشنى چۈشىنىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن يىگىرمە يىل ئىلگىرىكى خىزمەتتىنىڭ ئەسلىگە كېلىش خۇشاللىقى يۈرەككە ئويۇپ قالغان پەرزەنت دېغىنى يۇيۇپ چىقىرالىشى مۇمكىنمىدۇ؟!

ئالىمنىڭ خىيالى يەنە ئۇزاردى. دىلدار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قولىنى ئاغزىغا سىلىپ شوراپ، مەقسەتسىزلا ئەلەڭلەپ قاراپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇراتتى. رازىخان ئۇنى ئىككى قولىنى ئىككى قولتىقىدىن ئۆتكۈزۈپ مەيدىسىگە چىڭگىدە بېسىپ كېتىۋاتاتتى. يۈرەك يارىلىرى ئېچىشتى بولغاي، ئالىمنىڭ كۆز ئالدىدىن ئىلى ۋادىسىنىڭ جىلۋىلىك كۆرۈنۈشلىرى دەريا ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك يىتىپ كەتتى. بىرپەستە ئېتىز-ئېدىرلار ئۈستىگە قارا كۆلەڭگە تاشلاپ تىيانشان ئۈستىدىن ئىس-تۈتەكلەر ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك سېزىلدى...

ئۇيغۇرلاردىن يېتىلگەن تۇنجى نېفىت ئىنژېنېرىنىڭ پاجىئەلىك كەچمىشى، ئالاقىدار چوڭقۇر ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، مىللىي كۆرۈل-مىگەن قاباھەتلىك، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەر غەپلەت ئۇيقۇسىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئېزىتقۇ تۇمانلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىنسانىي ھوقۇق ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، شەرق ئاسمىنىنىڭ سۈزۈلۈپ كېلى-ۋاتقانلىقىنى غەلىبە ساداسى ئىچىدە كۈتۈۋېلىش ئەنە شۇ يىللارنىڭ تىرىك شاھىتى سۈپىتىدە ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇپ كەتمەكچى بولغان رىۋايىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ.

# بىرىنچى باب

## 1. چاقىرىلمىغان مېھمان

ياز ئايلىرى، كۈن تېرەك بويى ئۆرلىگەن چاغ، سۈزۈك ئاسماندا كۆيۈپ تۇرغان تومۇز ئاپتىپى ئوت چاچرىتىپ، يەر-جاھاننى قىزدۇرماقتا ئىدى.

ئاتمىشلار چامىسىدىكى ناتونۇش بىر ئادەم ئايالى ۋە ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزىلىپ مېڭىپ، گويا غايىبانە بىر قول بۇرنىدىن ئىلىپ سۆرەپ كېلىۋاتقاندەك، ئاستا بېسىپ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ چوڭ كوچىغا ئېچىلغان قوش قاناتلىق دەرۋازىسىدىن كىردى.

ناتونۇش ئادەم بېشىغا مويى قىرچىلىپ ياغاقلاشقان ئېگىز ئاق تۇماق، ئۇچىسىغا ياماق يەكتەك كىيىپ، بېلىگە لاتا پوتا باغلىغان. ئۇنىڭ ئېڭىكىنىڭ ئۇچىدىكى كەكە ساقىلى ئاق كىرىپ چالاشقان، ئورۇق، قاتاڭغۇر گەۋدىسى ئالدىغا بىرئاز ئېگىشكەن بولۇپ، توزۇغان ئۈستىبېشى ۋە سولغۇن توپا چىرايىدىن نىجاتلىق ئىزدەپ ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ناتونۇش ئادەم دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يولنىڭ سول تەرەپ چېتىدىكى سېدىنىڭ سايىسىغا ئۆتتى. ئاپتاپ ئۇنىڭ دولىسىدىن، چېكىسىدىن كۆيدۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇ، ئالدىرىماي ئۆشنىسىدىكى خۇرجۇننى يەرگە چۈشۈردى-دە، ئالدى ئوچۇق يەكتەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يالىڭاچ كۆكسىنى كۆپتۈرۈپ ئۇلۇغ بىر نەپەس ئېلىپ، ھەممە ياققا تەڭ نەزەر سېلىپ گەپ قىلماي شۇك تۇرۇپ قالدى.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھويلىسى كىشىنىڭ زېھنىنى ئاچقۇدەك گۈزەل ئىدى. قورۇق تام ئەتراپىدىكى ئېرىق بويىدا قويۇق سايە تاشلاپ ئېگىز ئاق تېرەكلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كوچا دەرۋازى-سىدىن ئىشخانا بىناسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۈستى تەكشى قىرقىلغان ئوسمىدەك ياپپېشىل قارىياغاچ ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە — قارىياغاچلىقنىڭ كەينىدە دۈگىلەك ئىككى گۈل كەيزىسى يېنىۋاتقان گۈلخاننى ئەس-لىتىپ، رەڭمۇرەڭ نۇر چېچىپ تۇراتتى.

ناتونۇش ئادەم كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ، تىكىلىپ ئۇزاق قاردى ۋە يەلكىسىدىن تۈگمەن تېشىدەك بېسىپ تۇرغان تۇرمۇش غېمى گۈللۈك ئوتتۇرىسىدىكى فونتان سۈيىگە قوشۇ-لۇپ ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك كىچىككىنە يېنىكلەپ قالدى. ئىلى ھەقىقەتەن ماختىغىچىلىقى بار گۈزەل يەر ئىكەن، — دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، — تاغ-داۋانلىرى، يېزا-قىشلاقلىرى، شەھەرلىرى، ھويلا-ئاراملىرىمۇ نەپىس ئىشلەنگەن كەشتىگە ئوخشايدىكەن. ئادەملىرىنىڭ قورساقتىن، كىيىم-كېچەكتىن غېمى بولمىسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن گۈل ئۆستۈرۈشنى ھەۋەس قىلىدۇ. توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ، دېگەن ئەنە شۇ، قورساقنى تىڭشاپ قالغان ئىنسانغا نېمە خۇش ياقىدۇ، ئاھ، خۇدا....

ناتونۇش ئادەمنىڭ خىيالى بۆلۈندى، ئالدىدىكى پېشىشىق خىش

بىلەن كۆتۈرۈپ سېلىنغان مەزمۇت بىر قەۋەت بىنانىڭ ئىشىكىدىن بىر توپ ئادەم هويلىغا چىقىشتى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى گۆڭشې، مەيدان مەسئۇللىرى بولۇپ، بىر-ئىككى كۈندىن بۇيان پارتكومدا باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان يازلىق يىغىمنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە جىددىي مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ناتونۇش ئادەم بۇ يەرگە "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى قەمىردىننى ئىزدەپ كەلگەنىدى. بۈگۈن يىغىننىڭ ئاخىرقى كۈنى، قېنى تېزرەك پارتكومدىلا ئىشىگىزنى پۈتتۈرۈۋېلىڭ، — دېيىشكەنىدى، ئۇنىڭغا، — "ئالغا"نىڭ مەسئۇلى قەمىردىن رەھمىدىل ياخشى ئادەم، ئۇششاق باللىق ئىكەنسىز، هالىڭىزغا جەزمەن قەمىردىن يېتىدۇ.

يىغىن تارقىلىش بىلەن تەڭ پارتكوم هويلىسى جانلىنىپ كەتكەنىدى. ناتونۇش ئادەم غايىبانە تونۇشتۇرۇش بويىچە بىر ئۇنىڭغا، بىر بۇنىڭغا نەزەر سېلىپ تۇرغاندا، قارىياغاچ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل خىش ياتقۇزۇلغان يول ئۈستىدە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان يوغان گەۋدىگە — "ئالغا"نىڭ مەسئۇلى قەمىردىنگە كۆزى چۈشتى.

قەمىردىن ئۈستىگە بىر تو قىلىپ كۆل رەڭ خوادانىدىن شىم-تۇجۇركا كىيگەن، ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا قەدىمدىن داۋام قىلىپ كەلگەن ئادەت بويىچە شىمىنىڭ پۇچقىقىنى توغرا تۇمشۇق خۇرۇم ئۆتۈكنىڭ قونچىدىن چىقىرىپ ئىككىلىك ساڭگىلىتىۋالغان بولۇپ، بىرئاز ئېڭىشىپ، كىمدۇ بىرىگە بىر ئىش ئۈستىدە سۆزلەپ ئاستا قەدەم تاشلاپ كېلەتتى. ئۇنىڭ قولىدا تاسمىسى بىلەن قوشۇپ چەك تۈتۈۋالغان تېۋىلغا ساپلىق قامچا بار ئىدى، گەپ ئۈستىدە قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندەك، بەزىدە قامچىسىنىڭ بىر ئۇچىنى كۆل رەڭ شەپكىسىنىڭ ئاستىدىن چېكىسىگە تىرەپ توختاپ قالاتتى. قەمىردىن

يېقىنلاشقانسېرى ناتونۇش ئادەم بىتاقەت بولۇشقا باشلىدى.
قەمىردىن چاڭجاك بەلكى مۇشۇ بولۇشى كېرەك، — دېدى ناتونۇش ئادەم گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ، — لەقىمى تۆگە، قەمىردىن تۆگە دەيدۇ دېگەندەك قىلىشۋىدى، راست شۇ بولسا ئەجەب ئەمەس، يوغان ئادەمكەنيا بۇ!

هويلىنىڭ سىرتىدا ئېگەرلىك سېمىز بىر ئات دىڭگەك تۈۋىدە يەر چاپچىپ تۇراتتى. قەمىردىن سۆھبەتدىشى بىلەن خوشلىشىپ ئات تەرەپكە قاراپ قەدەمنى تېزلەتكەندە، ناتونۇش ئادەم سېدىنىڭ ئاستىدىن ئىرغىپ چىقىپ دەرۋازا تۈۋىدە ئالدىدىن توستى.

— ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، خاپا بولمايلا، — دېدى ناتونۇش ئادەم سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، — مۇھىم بىر ئىش بىلەن ساقلاپ تۇرۇشۇم ئىدى، قەمىردىن چاڭجاك ئۆزلىرى بولاملا.

— خوش، نېمە گەپ ئاكا، — دېدى قەمىردىن تاسادىپىي يولۇققان ناتونۇش ئادەمگە سىنچىلاپ قاراپ، — قەمىردىن دېگەن مەن بولىمەن، زۆرۈر ئىشىڭىز بارمۇ نېمە؟

— شۇنداق يوجىك ئىش، — ناتونۇش ئادەم بىر خىل ئېسەنگىرەش ئىچىدە ئالدىراپ قوينىدىكى قەغەزنى چىقاردى-دە، قەمىردىنگە ئۇزىتىۋېتىپ داۋام قىلدى، — خۇدايىم كۆڭۈللىرىگە ئىنساپ بېرەر چاڭجاك، مۇساپىر، غېرىبمەن، بالىلىرىم پىيازنىڭ پوستىدەك يالىڭاچ، ئەتىگەندىن بۇيان بۇ يەردە ھىممەتلىرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ...

خەتكە ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى بىلەن چەتتىن ئېقىپ كەلگەنلەرنى يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ قوش تامغىسى بېسىلغانىدى.

قەمىردىن خەتنى ئالدىراپ ئوقۇشقا كىرىشتى. چوۋۇق پاخما

چاچلىرى ئۈستىدىن كىر داكا ياغلىق سالغان، ياداپ قورايدەك قۇرۇپ قالغان بىچارە قىياپەتتىكى ئايال، جۇل-جۇل كىيىملىرى ئۈستىبېشىنى ئارانلا يېپىپ تۇرغان ئىككى بالا، ناتونۇش ئادەمنىڭ كەينىدىن كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ سەل ئەيمەنگەن قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى.

— روزاخۇن ئاكا، شۇ تاپتا قەيەردىن كېلىشىڭىز؟ — قەمەردىن تونۇشتۇرۇش بويىچە ناتونۇش ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى.

— قەشقەردىن.

— پۈتۈن ئائىلە بويىچە-ھە، چوڭ سورۇقچىلىقمۇ؟

— كۆن ئالماقنىڭ قاتتىقلىقىدىن، قەشقەرنىڭ پەركايى ئۆچتى دېسىلە، يوقسۇزلۇق كىشىنى ھەر كويغا سالىدىكەن.

قەمەردىن ناتونۇش ئادەمگە ئىختىيارسىز كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ قارىشىدىن ئېغىر كۆلپەتتە قالغان تىلى-دىلى بىر قېرىندىشىغا قاتتىق ئېچىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— بىز تەرەپكە بېرىپ ماكانلىشىشىڭىزغا پىكىرىم يوق، قارشى ئالىمىز، بىراق قېرىپ قالغاندەك تۇرىسىز، — دېدى قەمەردىن سەممىي مەسلىھەت بېرىپ، — ناھىيە ئەتراپىدا قالغىنىڭىز ياخشىراق بولامدىكىن؟

— مېنى "ئالغا"غا يۆلك بولۇپ بېرەمدىكىن دەپ قورقۇۋاتام-دىلا، — دېدى ئۇ يېلىنغان ئاۋازدا، — ئۇزۇن يولنى پىيادە بېسىپ كەلدۇق، "يول ئازابى — گۆر ئازاۋبى" دېگەن گەپ بار، پۇلاش-قاندەك كۆرۈنسەم كېرەك، ئىشتىن قالغۇدەك بولغىنىم يوق، ئۇستى-خانلىرىم ئەمگەكتە قاتقان، ئەدناسى قەشقەردىكىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق كۈچ بېرىمەن.

— دېھقانچىلىقتىن باشقا ئىشلارغىمۇ قولىڭىز كېلەمدۇ؟
— پېقىرغا ئىشىنىڭ ئۆگىيى يوق، ئەسلىم باپكار، گۈلدەك ھۈنىرىم بار، دېسىلە.

دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى تونۇشتۇرۇشىنىڭ ئاق يېرىگە ئىككى قۇر خەت يېزىپ قايتۇرۇپ روزاخۇننىڭ ئۆزىگە بەردى.

— سىز بۇ يەردە بىر-ئىككى كۈن كۈتتۈپ تۇرۇڭ، مەن ئاتلىق بىللە ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەتە-ئۆگۈن تەمىنات-سودا كوپىرا-تىۋنىڭ تراكتورى يازلىق يىغىمغا كېرەكلىك مال يۆتكەشكە كەلگەندە چۈشۈۋېلىڭ. خاتىرجەم بولۇڭ ئاكا، ھەممىلا يەر سىزنىڭ ئىسسىق ئۆيىڭىز، ئۆزەم ئورۇنلاشتۇرىمەن.

— رەھمەت چاڭجاڭ، — ناتونۇش ئادەم تومۇرلىرى چىقىپ قالغان ئاۋاق قۇرۇق قوللىرىنى جۈپلەپ ئېگىلىپ كۆتۈردى، — ماڭا ئوخشاش غېرىب-مىسكىنلەرنىڭ بەختىگە...

قەمبىردىن ئات تەرەپكە كېتىۋېتىپ، يادىغا بىر ئىش يەتكەندەك ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى.

— روزاخۇن ئاكا، مېنىڭدىن ئەمەس، پارتىيىدىن مىننەتدار بولايلى. بىزنىڭ ئىشىمىزغا پارتىيە رەھبەرلىك قىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە ئۇلۇغ پارتىيە. پارتىيىمىزدە كۆرۈلگەن خاتالىقلار ۋە خاتالىق تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پارتىيىمىز ئۆزى ھەل قىلالايدۇ. ھازىر ئەھۋال دەرۋەقە ئېغىر، لېكىن قىيىنچىلىق ھامان ۋاقىتلىق نەرسە، پارتىيىمىزنىڭ توغرا لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرقانداق قىيىن-چىلىقنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلەيمىز.

بۇ 1959-يىلدىن باشلاپ ئۇدا ئۈچ يىل داۋام قىلغان قۇرغاق-



چىلىق پۈتۈن مەملىكەتتە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان چاغدىكى ئىش!

روزى باپكار ئەنە شۇ چاغدا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، خۇددى تارىختا بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندەك تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر-يېزىلاردىن ئېلىغا ئېقىپ كېلىپ ماكانلاشقان ئاچلىقتىن سامانىدەك سارغىيىپ بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان سان-ساناقسىز مۇساپىرلارنىڭ بىرى...

لېكىن ئۇنىڭ ئېلىدىكى توق-پاراۋان تۇرمۇشى خۇددى شېرىن چۈشكە ئوخشاش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىغا قايتا كەلگەن كۈلپەت دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كارخانىسى "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا قەمىردىنىنىڭ كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش جىنايىتى دەپ قارىلىپ تاقالغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇ، ئۆز ماھارىتى بويىچە كارخانىغا ئورۇنلاشقاندى، كارخانا ئىشچىلىرى تارقاقلاشتۇرۇلدى. روزى باپكار مەيداندىن يىراق، چەت-چۆرىسىنى يامغۇر يالاپ، سۇۋاقلىرىنى ئېقىتىپ كەتكەن ئىككى ئېغىز كونا ئۆيدە قەشقەردىكىگە ئوخشاش نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى.

سەھەر، تاڭ ئارقىسى يېڭىدىن سۈزۈلۈشكە باشلىغان چاغ. روزى باپكار بىر خىل ئەندىشە ئىچىدە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئالدىراپ كىيىنىشكە باشلىدى. تام-تورۇسلىرى ئېقىپ تۇرغان كونا ئۆيدە چاشقانلارنىڭ كىترلىشىدىن ئەيمىنىپ، بەزىدە يىرتىق روجەكتىن بۆسۈپ كىرگەن سوغۇقتىن ئەندىكىپ سەھەر تۇرۇپ كېتىش ئۇنىڭ خېلىدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادىتى ئىدى. لېكىن بۈگۈن ئۇيقۇ بەرمىگەن بۇ ئىككى ئىش ئەمەس.

روزى باپكار ئاخشام ئېتىزدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، مەيدانغا يىغىندىن تەشۋىقات دۈيى كەلگۈدەك دېگەن مىش-مىش گەپ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

ھاشىخان بۇ گەپنى ۋايىم يەپ، گويا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك شۈككىدە تۇرۇپ قالدى.

— شۇنداق خوتۇن، ئېغىز بالاسى باشقا دەپ، قۇرۇق گەپتىن ھەزەر ئەيلىگەن خەلق ئېنىق شەپە بولمىسا بۇ خەۋەرنى تارقىتىپ يۈرمەيدۇ، ئەمما تەشۋىقات دۈيى نېمە ئىش بىلەن كېلىدىغاندۇ-ھە؟

— ھەر ھالدا ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، — دېدى ھاشىخان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — "كېيىنكى پۇشايمان ئۆزەڭگە دۈشمەن"، سەگەك بولغان ياخشى، مەيدان تەرەپكە بېرىپ ئالىم بالىدىن تىڭ تىڭلاپ كۆرەيلىمۇيا؟

ھاشىخان روزى باپكارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلغانىدى. روزى باپكار كىيىنىپ ئايالى بىلەن بىللە دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراپ سەھەر يولغا چىقتى ۋە چىڭقى چۈش بىلەن يېتىپ كېلىشتى.

"مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا كىشىلەرنىڭ ئەركىن يۈرۈشى مەنئى قىلىنغاندىن بۇيان، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ جەم بولۇشى ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئالىم ئاتا-ئانىسىنى ئۆز ئۆيىدە كۆرۈپ بۆلەكچە خۇشال بولدى. رازىخان ئاخىرقى بىر كاۋىنى ئۇششاق توغراپ جىگىردەك قوشۇپ پېتىر مانتا ئەتتى. ئۆينىڭ ئىچى خۇددى بايرام كۈنلىرىدەك جانلىنىپ كەتكەنىدى. روزى باپكار كەيپىياتقا تەگمەسلىك ئۈچۈن ئەسلى مۇددىئادىن گەپ ئېچىشتىن ئۆزىنى تارتتى.

— قېنى ئاپا، دادا، قورساقلارنى ئاچۇرۇپ قويدۇق، ئىسسىقىدا ئىلىڭلار — دېدى ئالىم مانتىغا تەكلىپ قىلىپ.

روزى باپكار مانتىنىڭ جىلتىسىدىن چىمدىپ تۇتۇپ ئالدىدىكى خونچا تەخسىگە سالغاندىن كېيىن ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ ئىشتىھايى تۇتۇلغاندەك يېمەي قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆپرەك ئالىمنىڭ تەقدىرىدىن قايغۇراتتى. ئالىم دېھقانچىلىق مەيدانىغا كۆچۈپ كېلىپ ھارۋىكەشلىككە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مەيدان باشلىقى قەمىردىن بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى. ئۇ بەزىدە ھارۋا ھەيدەپ مەيدانىنىڭ يىرىقىنى يېقىن قىلسا، بەزىلىرى بىر-بىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشاش بىر جۈپ جىرەن ئاتنى خادۇك ھارۋىغا قېتىپ مەيدان باشلىقىنى ناھىيىگە، دۆلەرگە ئىشلەپچىقىرىشنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئېلىپ باراتتى. يول ئۈستىدىكى مۇڭدىشىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ ئالىمنىڭ سەرگۈزەشتى قەمىردىندا كۈچلۈك ھېسسىداشلىق قوزغىغانىدى. قېرىنداشلىق بۇ مۇناسىۋەت "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئالىم قەمىردىننى قولىدىن كېلىشىچە قوغدىغانىغا ئوخشاش، قەمىردىنمۇ ئالىمنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئۆزىگە چېتىپ، زەربە بېرىشكە ئورۇنغۇچىلارنى ئامالسىز قالدۇردى. يېڭىدىن تەشۋىقات دۆيى كەلسە، بۇ سەپەر ئالىمغا ئازار يېتەرمۇ قانداق؟

رازىخان مانتىغا تەكلىپ قىلىپ روزى باپكارنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— مانتا ئەتىمگىنىمگە خېلى بوپتىكەن، تازا ئوخشىتالمىدىم، — دېدى ئادەت بويىچە خونچا تەخسىگە مانتا سېلىۋېتىپ، — قېنى چوڭ-چوڭ ئالساڭلار!

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، خۇددى قەشقەرنىڭ مانتىسىدەك ئوخشاپتۇ، خۇدايىم كېلىندىن ئېيتقانىكەن. رازىخاننىڭ تاماققا پەمى

بار، قولى تەملىك، نېمىشقا ئۇنداق قاراپ ئولتۇرىسىز قىزىم، ئۆزىڭىزمۇ ئېلىڭ، ئاپىڭىزغا قىسىنىۋاتامسىزيە؟ — روزى باپكار رازىيەخانىنىڭ شىخودا قالغان ئانىسىنى ئېغىزغا ئالدى، — قۇدامدىن خەت كەپتۇ دەپ ئاڭلايمەن، قانداق رابىخان ياخشى تۇرۇپتىمۇ؟

— قەدىر ئەھۋال، — رازىيەم پەس ئاۋازدا ئېيتتى، — بىراق تۇرمۇشتا قىينىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، جاھان بەك تارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، سۈت-قايماقنى ئىلگىرىكىدەك ئەركىن ساتقۇزمايدۇ، ئېتىز-ئېرىق قىرىدىن كالىغا چۆپ ئالغۇزمايدىغان بولدى، دەپ يېزىپتۇ.

— شۇنداق، ھازىر ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، — روزى باپكار ئاچچىق تولغىنىپ قويدى، — مەن ئىلىغا كەلگەندە بەك مەمۇرچىلىق ئىدى، خۇدايىم ئازابىمغا يەتتى بولغاي، موھتاجلىق قەشقەردىكى بىلەن تۈگىگەن ئوخشايدۇ، قۇۋالىتىبىللە ئۆتەيلى دەپ خەت يېزىپتىكەنمەن، كېيىنچە رابىخانىنىمۇ ئالدۇرۋالغىلى بولاتتى، ئاھ شۇم پەلەك، يەنە تەتۈر چۆگىلىدى.

ئۆينىڭ ئىچىدىكى كەيپىياتقا سوغۇق سۇ سېپىپ مەيدان ئىشخانىسىنىڭ ئۆگزىدىكى خادا ياغاچقا بېكىتىلگەن كاناي سۆھبەتنىڭ بېلىگە تەپتى. دىكتور سەلتەنەتلىك ئاۋازدا ۋارقىراپ سۆزلەپ، روزى باپكار ئەندىشە قىلغان ئىشنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ، مەيدانغا يىغىلىدىن تەشۋىقات دۈيى كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. بىر پەستە ھويلا تاملىرىنىڭ تۈۋىدە، ئىشىك ئالدىدىكى تېرەكلەر يېنىدا قولتۇقىغا ئەسكى سۈپۈرگە قىسىپ، چېلەكتە شىلىم كۆتۈرگەن كىشىلەر پەيدا بولدى، ھەممىلا يەر تەشۋىقات دۈيىنىڭ كېلىشىگە تەنتەنە قىلىدىغان شوئار-لوزۇنكىلار بىلەن تولدى.

— بالام، تەشۋىقات دۈيى نېمىگە لازىم بوپقاپتىكەن؟ —

روزى باپكار كۆكلىدىكىنى يوشۇرۇشقا ئىلاجسىز قالغاندى، — بىز يەنە كىمنى نېمە ئۈچۈن قارشى ئېلىشقا چىقىدىكەنمىز؟

— دادا، بۇ ئىشتىن تېخى خەۋىرىڭ يوقما، — دېدى ئالىم ئاغزىدىكى مانتىنى زورىغا يۇتۇۋېتىپ، — "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" تېخى ئاياغلاشقىنى يوق، "بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش" ئۈچۈن مەخسۇس خىزمەت دۆيى كەلگۈدەك...

— توۋا مۇنداق دېگىن، خۇددى بىر ئادەم تەشۋىقات دۆيىگە ئاشىق بولۇپ قالغاندەك...

ھەممىنىڭ كەيپىياتى خۇددى ھورى ئۇچۇپ توڭگەن تاۋاقتىكى مانتىغا ئوخشاش سوۋۇپ قالدى.

## 2. ئېسىلنىڭ بېرىدا ئېتەكنى ياپ

كۈتمىگەن ھەرىكەت خەۋىرى ئالىمنىڭ غەشلىكىنى قوزغىدى، توغرىسى، غەزىپىنى كەلتۈردى. ھەر قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن چوڭقۇر ھېس قىلغان نېفىت ئىنژېنېرى چىرايلىق نام-ئاتاق بىلەن شاملى چىقىۋاتقان بۇ ھەرىكەتنىڭمۇ يەنە بىر بەختسىزلىكنىڭ مۇقەددىمىسى ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمايتتى.

ئەمما ئۇ شۇنداق دەپ ئويلىسىمۇ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى بىلەن سەپ تارتىپ تەشۋىقات دۆيىنى قارشى ئېلىشقا چوڭ يول بويىغا چىقتى.

تەشۋىقات دۆيى كېلىپ ئىككىنچى كۈنى، ئالدىن بوشىتىلغان ئۆيلەر سەرەمجان تاپقاندىن كېيىن، سەپەرۋەرلىك يىغىنى

ئۆتكۈزدى. ئالىم يىغىندىن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ شۈككىدە بولۇپ، قايتتى.

— ھە، ئۇۋچىنىڭ دەستىدىن يالچىمىغان توشقان، قېنى گەپ قىل، — دېھقانچىلىق مەيدانىدا قىزىقچى ئاتىلىدىغان ھېۋىز كۆزەتچى ئالىمنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ كېلىپ ئادىتىچە چاقچاق قىلدى، — بۈگۈن ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ قولىدا بەتلەگلىك مىلتىق كۆردۈڭمۇ؟ يىغىندا سەپسالغۇدەك بولسام، قۇلاقلىرىڭنى شىڭتايتىپ ئولتۇرۇپسەن، ئەمدى بولسا دېمىڭ ئىچىڭدە، يۈرىكىڭ پوك-پوك قىلامدۇ؟

ئالىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، جاۋاب كۈتۈپ ئوڭ تەرەپ يېنىدا سىڭا كۆزى بىلەن مۇغەمبىرانە قاراپ يانمۇيان كېتىۋاتقان كۆزەتچىگە مىيىقىدا زورىغا ھىجىيىپ قويدى:

— ھېۋىزكا، جاھان شاراق-شۇرۇق بىلەن چىقىشمايدىغاندەك، يىغىندىكى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ بىلسەڭ ھازىر... ئويۇن-چاقچاقىڭمۇ ئۆز سورۇنى بولۇشى كېرەك-تە.

— بۇ دېگەن ئىلغۇ، بىز دېگەن ئىلىخولۇق، — كۆزەتچى ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ دوكلاتىنى ئۆزىچە تەھلىل قىلغاندىن كېيىن گەپنى چاقچاققا ئۆرۈپ دېدى، — نى-نى بورانلارنى كۆرگەن، بۇ قانچىلىك گەپ ئىدى، قوقما، كۆڭلۈڭنى توق تۇت ئۇكا، بۇ ھەرىكەتنىمۇ شاما قىلىۋېتىمىز.

ھېۋىز كۆزەتچى ئاتمىش ياشلارغا ئۇلاشقان، ئاقارغان چاچ-ساقىلىنى پاكىز قىردۇرۇپ، بۇرۇتىنى كاپكازچە چىرايلىق چەكتۈرۈپ، ئۆزىنى پاكىز، چېچەن تۇتۇپ يۈرىدىغان دىلكەش، خۇش پىچىم ئادەم ئىدى. ئالىم ئۇنىڭ ئوچۇق كۆڭۈل، خۇش خۇيلۇقىنى ياخشى كۆرەتتى، زېرىككەندە ئۇينىشىپ، چېقىشىپ، كۆڭلىنىڭ

كىرنى چىقىرىپ ئۈچ-قارنىنى يورۇتۇۋالاتتى.

— ھېۋىزكا، سەن بىزگە قارىغاندا بىر-ئىككى ئىشتاننى ئارتۇق يىرتقان، — ئالىم بۇ سەپەر ئەستايىدىل مۇئامىلىدە گەپ قىلدى، — بۇ يەرنىڭ ئويمان-چوڭقۇرىنىمۇ ياخشى بىلىسەن، قېنى ئۆزەڭ بىر دېگىنە، بىزدە يامان ئادەملەر كالا تۆكىدىنمۇ كۆپمۇ؟

— بۇ گەپنى ھېلى ۋاڭ دۇيجاڭ سەپەرۋەرلىك دوكلاتىدا ئېيتتىغۇ، مېنىڭدىن يەنە نېمىنى سورايسەن؟

— ئەلۋەتتە، بۇ ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ گېپى، بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ ئەمەلىيىتى راست شۇنداقمۇ؟ بىزدە ھازىر ھەممىلا ئادەم ۋاڭ دۇيجاڭ ئېيتقاندەك پارتىيىگە قارشى تۇرامدۇ؟

ھېۋىز كۆزەتچى قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەن چاغدىكى ئادىتىنى تەكرارلاپ بۇرۇتىنىڭ بىر ئۇچىنى قولى بىلەن ئويناپ سوزۇپ تارتىپ، بىرپەس گەپ قىلماي شۈك ماڭدى. ئالىمنىڭ سوئالى ئۇنى ئىمتىھان مەيدانىدا ئىلاجىسىز قالغان ئوقۇغۇچىنىڭ ھالىغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

— سەن بۇ ئىشتىن نېمە ئۈچۈن قايغۇرىسەن، ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ ئەمەسمۇ؟

— نەدىمۇ شۇنداق ئىش بولغان، يېمىگەن مانتىغا پۇل تۆلىگەن ئىشلار بىزدە ئاز بولدىمۇ، مەسىلەن، — ئالىم گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ داۋام قىلدى، — ”مەدەنىيەت ئىنقىلابى“دا سەن قەمىردىن چاڭجاڭنىڭ ”گوماشتىسى“، ”تۆمۈر ساپلىق باۋخۇاڭپەي“، ”سىنىپىدىن يۈز ئۆرۈگەن خائىن“ دېگەنگە ئوخشاش گەپ-سۆزگە قالدىڭ، پىپەن قىلىندىڭ، زىيالىي قىز مەغپىرەت ”چېگرا ئاجرىتىپ“ ئۆيۈڭدىن كۆچۈپ چىقىپ كەتتى... ھەرىكەتنىڭ نۇقتىسى ”پارتىيە

ئۇچىدە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار"نىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئەمەسمىدى، ئەجەب ساڭا ئوت تۇتاشتىغۇ!

قەمىردىن ئۇستىدە گەپ بولغاندا، كۆزەتچى "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش بولۇپ بىر تاياقتا ھەيدىلىپ، دەرد تارتقانلىقىدىن كۆرە، كۆڭۈل رىشتىسى چېگىلگەن قۇتلۇق پەيتنى — ئىلىدا گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن سوغۇق يانۋار ئېيىدىكى تاسادىپىي ئۇچرىشىشنى ئەسلەيتتى.

كۆزەتچى شۇ يىللاردا شەھەر بايلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيتتى. بىركۈنى ئۇ چۈش-پېشىنلار بىلەن باينىڭ مەخسۇس مىنىدىغان ئېتىنى سۇغىرىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. چۇلۇۋۇرنىڭ ئۇچىنى قولىدا ئويناپ تۇتۇپ، ئايرودروم تەرەپتىن بايانداي تەرەپكە ئېقىپ ئۆتىدىغان قارا سۇنىڭ بويىغا مىنمەي يېتىلەپ كەلدى. بۇ گومىنداڭچىلار لېيەنشاڭ، ئالتۇنلۇق تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، مەغلۇپ بولغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ ھەرەمباغدىن ئايرودرومغا ئالدى سىلجىغان پەيت ئىدى. بىرپەستە سۇنىڭ بويىدىلا، گويا چاقماقتەك يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ بومبا پارتلىدى. كۆزەتچى قاتتىق چۆچۈدى، تاسادىپىي ئاۋازدىن قولىقى پۈتۈپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقانلىقتىن، ئاتنىڭ پەرت قىلىپ قولىدىن ئۈزۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى.

باينىڭ ئېتىنى يوقىتىش كۆزەتچى ئۈچۈن ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىش. ئۇ، كۆلتۈك قار ئۈستىدىن ئىز بېسىپ ئايرودرومنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى مەھەللىگە — بۇلاق دادامتۇغا

ئۆتتى. گومىنداڭچىلار كېچىلىرى ئوغرىلىقچە كىرىپ بۇلاپ، جېنىدىن جاق تويغۇزغانلىقتىن، بولاق دادامتۇلۇقلار ئىسسىق ئۆيلىرىنى تاشلاپ، نوغايتو، ئاقتوپە، پەنجىمگە تارقاقلىشىپ كەتكەن، مەھەللىنىڭ ئىچى قۇرۇق قالغانىدى. كۆزەتچى ئاتنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالماي قايتىپ كېلىۋاتقاندا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

كۆزەتچىنىڭ تەقدىرى ئايرودروم تەرەپتە بۇيرۇق كۈتۈپ ئابارۇن ساقلاپ ياتقان جەڭچىلەرنى ئويلاندۇرۇپ قويدى، ئۆز ئادىمىنى كۆز ئالدىدا دۈشمەننىڭ تىرىك تۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشنى ئۇلار نومۇس بىلەتتى. دۈشمەن قولىدىن تارتىۋالغان جايلاردىكى پاجىئەلىك ۋەقەلەر ئۇلارنىڭ سەۋر-تاقەت قاچىسىدا ئورۇن قالدۇرمىغانىدى.

بىر جەڭچى ئىجازەت كۈتمەيلا مىلتىقىنىڭ زاتورىنى شاراقلىتىپ قار ئۈستىدىن يەر بېغىرلاپ ئالدىغا ئۆتۈپ ئوق ئۈزدى، گومىنداڭچى گۈپ قىلىپ يىقىلدى، گويا ئۇنىڭ "ئەييا" دېگەن نالىسىنى ئاڭلىغاندەك ئايرودرومدىن بىر توپ دۈشمەن ئۈركۈگەن قۇشقاچتەك ۋىچىرلىشىپ، قالايمىقان ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى، بىر مەيدان قاتتىق ئېلىشىش بولدى...

كۆزەتچى قۇتقۇزۇپ قېلىندى. بىر ئىزۋوت ئەسكەر ئۇنىڭ ئۈچۈن فرونت ئېچىپ نامازشامغىچە ئۇرۇش قىلغانلىقى خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ ھەقىقەتەن گاڭگىراپ قالغانىدى. ئاتنى قاچۇرۇپ قويغان يەرگە كەلگەندە، ئېسىنى يىغىپ كىچىككىنە توختاپ، ئۇزىتىپ بىللە كەلگەن جەڭچىگە ياش تولغان كۆزلىرىنى تىكىپ ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ئىككىنچى قېتىم ئۇلار "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانىدا، مەيدان باشلىقى شەھەردىن تارقاقلىشىپ كەلگەن ئاھالىلەردىن ھال سوراپ دۆيلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا، تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. كۆزەتچى دەسلەپ مەيدان باشلىقىغا ئىختىيارسىز يېنىشلاپ بىر-ئىككى قېتىم قارىدى، بويتاق گەمسىدە ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان قويۇق قاپقارا قېشى ئاستىدىكى يوغان بىر جۈپ قوي كۆزىدىن ئۆزگىچە مېھىر-شەپقەت يالقۇنى ئۇچقۇنداپ تۇرغان كەڭ پېشانە، يىللىق چىراي، بۇغداي ئۆڭلۈك، تەمبەل بۇ ئادەمنى قەيەردىدۇ كۆرگەندەك قىلاتتى، لېكىن دەرھال ئېسىگە ئالالمىدى.

ئۇكام سىز... ئەسكەر بولغانمۇ قانداق؟ — كۆزەتچى ئىختىيارسىز سۆھبەت ئېمىسىدىن چەتنەپ چىقتى.

— مىللىي ئىنقىلاب مەزگىلىدىن تارتىپ ئەسكەرمەن، پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولۇپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرغان.

كۆزەتچى ئىختىيارسىز ئايرودروم ئەتراپىدىكى ئۇچرىشىشنى ئەسلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بېشىغا ئاق ئەلتىر قولاقچا كىيگەن، پاختىلىق شىرما چاپىنىنى بېلىدىن كەمەر بىلەن چىڭ باغلىغان، دولىسىغا نەيزىلىق مىلتىق ئاسقان، يۈزلىرى سوغۇقتىن چۈغىدەك قىزارغان ياش ئەسكەرنىڭ قارا سۇ بويىدا خوشلىشىپ تۇرغان تۇرقى گەۋدىلەندى.

— ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئايرودروم ئەتراپىدا بولغانمۇ؟ — دېدى كۆزەتچى ئىچكىرىلەپ سوئال قويۇپ.

مەيدان باشلىقى سۆھبەتدىشىغا كۆزىنىڭ قىرىنى سېلىپ قارىغاندىن كېيىن نېمىدۇ بىر ئىشنى ئېسىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن

ئىرىشقاندەك قوشۇمىسىنى تۇردى.

— چوك- چوك ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قاتناشتىم، دۈشمەننى قوغلاپ كەينىدىن ماناس بويىغىچە بارغانمەن.

كۆزەتچى رېئاللىق ئۈستىگە قايتىپ كېلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقىغا قاراپ قويدى. ئۇنى شۇ تۇرقىدىن ئۇن نەچچە ياش كىچىكلىتىپ قىياس قىلغاندا، خىيال تەسەۋۋۇرىدىن لىپ قىلىپ يەنە ئايرودروم بويىدىكى ئۇچرىشىش ئۆتتى.

نېمىدېگەن يىللىق چىراي بۇ دېسەم ئايرودرومدا يىرتقۇچىنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇزۇۋالغان قەمىردىنمۇ نېمە سىز؟

— ئو... ھوي، — دېدى مەيدان باشلىقىمۇ ھاياجاندىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — مەنمۇ ئەسلىدىم، سىز باينىڭ ئىتىنى ئىزدەپ يۈرۈپ گومىنداڭغا تۇتۇلۇپ قالغان ھېۋىز ئاكا ئەمەسمۇ...

تاسادىپىي ئۇچرىشىش خۇشاللىقىدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يۇلتۇزدەك يېنىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ باشقىدىن كۆرۈشتى. قۇچاقلاشقاندا، يۈرەك سوققۇشىنىڭ ساداسىدىن سېھىرلەنگەندەك خېلى ھازاغىچە گىرەلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— ...ئۇلار ئۆيىگە قاراپ، قىزىق-قىزىق پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھېۋىز كۆزەتچى يۇقىرىقىلارنى خىيالىدىن تەسۋىردەك تېزىپ ئۆتكۈزۈپ، سەپەرۋەرلىك يىغىنىدىن يېنىپ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ كېتىۋاتقان ئالىمغا قارىدى.

— توغرا، تەلۋىلەر ھەرنېمە دېيىشتى، ئەمما "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا قەمىردىننى قوغدىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلمايمەن. مەن ئاسماندىن تاۋار ياغسا پۇرۇش تەگمەيدىغان شور پېشانىلەردىن ئىدىم، دېھقانچىلىق مەيدانىغا گاڭسا-جىسا كەلگەن، تۇتۇقلۇق

ئۆيۈممۇ يوق، بويتاقتىن ئىدىم دېگىنە، ”گولىنىڭ غېمىنى خۇدا قىلىدۇ“، دېگەنىدەك، خۇدا ماڭا ئاۋۋال قەمىردىننى قوشتى. ئاندىن ھازىرقى يەڭگەڭنى بەردى، بۇنىمۇ قەمىردىننىڭ قولى بىلەن بەرگەن، قېرىلىق يەتكەندە تۆۋەندىن يۆتكەپ كېلىپ، مەيدانىغا كۆزەتچى قىلىپ قويغانمۇ قەمىردىن. ئۇ كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان خەلقپەرۋەر ياخشى رەھبەر، چىدىمىسا ئىشتانىغا چىقىرىۋەتسۇن، قەمىردىننى قوغدىغىنىمىز قوغدىغان.

— شۇنداق، ياخشى ئادەملەرنى جەزمەن قوغداش كېرەك، دادامۇ قەمىردىننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدۇ، بىراق ”ياخشىغا كۆرۈم يوق، يامانغا ئۆلۈم“، ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇت نېمە ئۈچۈن تارقىلىپ كەتمەيدۇ ـ ھە؟

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، ھەرىكەتتە ئۇلارغا يەنە گەپ كېلەمدۇ؟

— ئويلاپ قارا، ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ سۆزى نېمىدېگەن زەھەرلىك: كونا پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، كەمبەغەل دېھقان، كەمبەغەل چارۋىچى دېگەننىڭ ھەممىسى ئىشەنچسىز. سەن بىلەن مەنمۇ ساق قالىمىز دەمسەن؟

— ئەگەر مەن ئۇنداق ئىشتا بولمىسامچۇ؟

— نىيەتكە باغلىق، بىز بىلەن دۈشمەنلىشىشكە بەل باغلىغانىكەن، چوقۇم شۇنداق ئىش قىلغان بولىسەن.

— نېمە دەيسەنوي!

كەچ كىرىپ قالغانىدى. يىغىندا ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ دوكلاتىدىن كېيىن ئاممىدا ”ۋەكىللى“دىن بىرنەچچەيلەن ئۇتتۇرىغا چىقىپ دوست تارتىش رەسمىيىتىنى ئۆتكۈچە مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەسچىتنىڭ تېرەكتەك چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان يۇمىلاق

مۇنارىسىدىن مەزىننىڭ نامازشامغا ئەزان ئوقۇغان سوس ئاۋازى كەلدى.

— ساڭا راست گەپنى ئېيتىۋاتىمەن، سەگەك بول، ئېسىڭنىڭ باردا ئېتەكنى ياپ، پۇت-قولنى ساڭگىلىتىپ بىر بالا-قازا كېلىۋاتىدۇ، شاراق-شۇرۇق مىجەزىڭنى تاشلا، — ئالىمنىڭ گېپى كېسىلدى، شۇ ئەسنادا، نامازشام قاراڭغۇسى ئىچىدە غىل-پال قىلغان بىر گەۋدە يىراقتىن ئەگىپ ئۆتكەندەك قىلدى، — دامىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلە، — ئالىم گېپىنىڭ ئاخىرىنى بوغۇزىغا يۇتۇپ شەپىنى كىچىككىنە كۆزەتكەندىن كېيىن ۋەزمىن ئاۋازدا داۋام قىلدى، — "يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىپ ئىش قىل"، قىلدىن قىيىق كەتسەڭ، ئۆپكەڭنى ئىچىڭدىن قېقىۋېتىدۇ، يولداشلارنى ئاسراش ئۈچۈن كۈرەش قىل.

ئالىم ئۆزىنى بىرئاز يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. دەرۋەقە، باياتىن بېرىقى سۆھبەتتە پۇخادىن چىقىپ ئىچ قارنى يورۇپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ نىرۋىسى بەك ساز ئىشلەيتتى. يولنىڭ ئايرىلىشىدا ھېۋىز كۆزەتچى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، يىراقتىن ئەگىپ قاراڭغۇ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن گەۋدىنى ئېسىگە ئالدى-دە، خىيال سۈرۈپ توختاپ قالدى: ھازىر ھەرىكەت ۋاقتى، بېشىمىزدىن تالاي قېتىم ئۆتكەن ئىش، بەلكى تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ كەينىمىزگە چۈشكەن پايلاقچىدۇ، گەپ بىلەن بولۇپ ھېۋىزكامغا ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئىزدەپ كەينىدىن مېڭىپ باقساق بولماسمىدى، ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ دوكلاتى سەپىرايىمغا تەگكەن، "ئاچچىق ئالدىدا ماڭسا، ئەقىل كەينىدە قالىدۇ" دېگەن راست گەپ-تە، ھەي... بىخەستىلىك قىلدىمۇ قانداق؟

# 3. ھەر كاللىدا بىر خىيال

تەشۋىقات دۈيى كېلىپ ئورۇنلاشقان بىر ھەپتە ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىككى چوڭ جىنايەت دېلوسى يۈز بەردى. بىرىنچى، سەپەرۋەرلىك يىغىنى بولغان كۈنى يېرىم كېچىدە ئالىمنىڭ ئاتلىرى تۇرىدىغان لاپاسىنىڭ ئۈستىدىكى بېدىگە ئوت كەتتى. ئىككىنچى، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بازىرىغا زىننەت بېرىپ تۆت كوچا ئېغىزىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا ئوغرى چۈشتى. ماگىزىندىكى قىممەت باھالىق نەرسىلەرگە ئوغرى نەزەر سالمىغان، بانكىغا تاپشۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن كاسسىدىكى ئىككى تاتازا پۇلغىمۇ تەگمىگەن، ئالغىنى ۋاكالەتتەن سېتىش پوكدىيىدىكى دورا-دەرمەك، داكا ئىدى. شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە، كۆچكەن يۇلتۇزغا ئوخشاش ئوت ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاسمىنىدىن قوقاستەك چاچراپ ساليۇتلار ئۇچۇپ ئۆتتى.

بۇ ئىشلار ئۈستىدە تەشۋىقات دۈيى كۆپچىلىككە ھېچنېمە دېمىدى. بىرنەچچە كۈن داۋام قىلغان جىمجىتلىق كىشىلەر كۆڭلىدىكى ئەنسىزلىكنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتاتتى. تەشۋىقات دۈيى ئورۇنلاشقان بىنادا بولسا ھەر كۈنى دېگۈدەك، بەزى كۈنلىرى تاڭ ئاتقىچە بىنانى ئاپئاق يورۇتۇپ قويۇپ جىددىي يىغىنلار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى.

چىڭقى چۈش ۋاقتى. يىغىندىكىلەر چۈشلۈك دەم ئېلىش ئۈچۈن تارقىلىشتى. ئۆيلىرىگە قاراپ ماڭغاندا، كوچىدىكىلەر بۇ كۈنى

چۈشكىچە ھەرقايسى ئىدارە-جەمئىيەت باشلىقلىرى، "ئاكتىپلار"نىڭ تەشۋىقات دۆيى ئەزالىرى بىلەن بىرلەشمە يىغىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

"ئاكتىپلار" سەردارى تۇرسۇن بوران يىغىن بىناسىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن ھەممىدىن بۇرۇن چىقتى. ئۇ ئۆزىنى خەلققە يېقىن تۇتۇش ئادىتىنى تەكرارلاپ بېشىغا ئۆڭگەن لاتا شەپكە، ئۇچىسىغا دولىسى بىلەن جەينىكىگە ياماق سالغان كونا چاپان كىيىپ، دولىسىغا "خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى" دېگەن خەنزۇچە بەش خەت كەشتىلەنگەن ماش رەڭ سومكا ئېسىۋالغانىدى. ئەمما نېمە ئۈچۈندۇ لەقىمىگە ماس ھالدا قىرىق ياشقا بارماي تۇرۇپلا مەسىنىڭ قونچىدەك پۈرلۈشۈپ تۇرغان ئورۇق، قاتاڭغۇر يۈزىدىن "بوران" ئۇچۇرۇپ، ئۇچرىغان ئادەمگە ھومىيىپ قاراپ ئۆتەتتى.

تۇرسۇن بوران كۆپ لەقەملىك ئادەم ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا "تۇرسۇن تۆپە" دېگەن لەقەم بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە مەشھۇر ئىدى. كەپسىزلىك زاكىسىدىن تەگكەن بۇ ئادەم بىركۈنى كەچتە تەقۋادار، خۇداگۇي دادىسى نامازشام ئوقۇۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، قوزۇقتىكى تۆپىسىنى ئوغرىلىۋالدى، ئەتىسى غۇلجىنىڭ "پىت بازىرى"دا سېتىپ خەجلىگەنلىكى ئۈچۈن "تۆپە" لەقىمى شۇملۇق يېغىپ تۇرغان تار پېشانىسىگە مىخلىنىپ قالغانىدى.

تۇرسۇن بوران ئوقۇشنى تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئاخىرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتە ئىشسىز لاغايلاپ يۈرگەندە، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلمىشلىرىنى سۈرەتلەپ لەقىمىمۇ ئۆزلۈكسىز يەڭگۈشلىنىپ تۇردى. ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا شەھەردىن كەلگەنىدى.

بىرنەچچە يىل ئەمگەك قىلىپ، خۇددى تېرەكنىڭ ئۈچىدىن يول ئاپقاندەك مەيدان ئىشخانىسىغا لاۋازىماتچى بولۇپ ئورۇنلاشقان، "تۇرسۇن تۆلكە"، "تۇرسۇن تەخسە" دەپ ئاتالدى. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ تەبىئەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلدى. "تۇرسۇن ئىسيان"، "تۇرسۇن قوماندان" دېگەن نام بىلەن داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ بۇ لەقىمىگە ئۆزى قۇرغان "جەڭگىۋار" دۈيگە قوماندانلىق قىلىپ، يانۋار ئېيىدا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى قەمىردىنىدىن ھوقۇق تارتىۋالغانلىقى سەۋەب بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرلىقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. يېڭىدىكىلەرگە مەن ئەمەلدار بولۇشنى خالىمايمەن، تۇرسۇن مۇدىر دەپ ئاتىماڭلار، مېنىڭ ئارزۇيۇم پرولېتارىياتنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس قىزىل جەڭچىسى بولۇپ، كۆچلۈك شەرق بورىنىدەك، "ئەخلەت-چاۋا" ئۇچۇرۇش دەيتتى.

ۋاڭ دۈيجاڭ تەشۋىقات دۈيىنى باشلاپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەن كۈنى كەچتە تۇرسۇن بوراننى ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇزاق سۆزلەشتى.

— ناھىيىدىكى چاغدىلا لىيۇجۇرېندىن تەرىپىڭىزنى ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ بىرىنچى دەرىجىلىك "ئاكتىپ"نىڭ پۇتىغا ھۆل خىش قويۇپ، — مەيدانى مۇستەھكەم، قەيسەر ئىنقىلابچى ئىكەنسىز، بۇ قېتىمقى كۈرەش مۇشكۈل، داۋاملىق رول ئوينىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۇرسۇن بوران تەخسىكەشلىك تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ، قۇللۇق قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى.

— ماختىغۇدەك ئىش قىلغىنىم يوق، ئىلگىرىكى نەتىجىلىرىم

خېمىر ئۇچىدىن پىتىر. ھەقىقىي سىناققا ئەمدى دۇچ كېلۋاتىمەن.

— سىناقتىن غەلىبە بىلەن ئۆتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، غەيرەت قىلىڭ، يامان ئادەملەر تازىلانغاندىن كېيىنمۇ بىزگە سىنالغان جەڭچىلەر كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار "كوندۇزى گەپلەشسەڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپلەشسەڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق" دېگەن تەمسىلگە ئەمەل قىلغاندەك، ئاستىدىكى ئورۇندۇقلىرىنى يېقىن سۈرۈپ كۆز ئالدىدىكى ئىشلار ئۈستىدە پەس ئاۋازدا سۆھبەتنى داۋام قىلدى.

بۈگۈنكى يىغىن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە داۋام قىلدى. "ئالغا" يامان ئادەملەرنىڭ ئۇۋىسى، ئوت قويىدى، ئوغرىلىق قىلدى. بىزگە تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن سالىيوت بىلەن ئالاقە قىلدى، كېچىكمەي دەرھال ئوت ئېچىش كېرەك، دەپ قاردىدى.

تۇرسۇن بوران باجىگەر كىيگەن پۇتىنى ئۇششاق بېسىپ، گويا تېقىمغا سوپۇن قىستۇرۇپ قويغاندەك سىلىق يورغىلاپ كوچىدا ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا، ئەنە شۇ ئىشلار ئۈستىدە ئويلىناتتى.

ئۇ ھەرىكەت كادىرى ئىدى، ھەر قېتىمقى ھەرىكەت يۇقىرىغا قاراپ يامىششىنىڭ شوتىسى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىدە كۆپ قېتىم ئىسپاتلانغان، شۇڭا ئۇنىڭ خىيالى: غەيرەت قىلىڭ، ھەرىكەتتىن كېيىنمۇ بىزگە سىنالغان جەڭچىلەر كېرەك، دېگەن سۆز ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىناتتى. بۇ سۆزدىن گويا ئۇ ئىستىقبالىنى كۆردى. "ئەلۋەتتە داۋاملىق غەيرەت قىلىشىم كېرەك"، تۇرسۇن بوران كوچىدا كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئايىنىپ قالغان ئادەمدەك ئاغزىنى مىتىلدىتىپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاشقا باشلىدى، "ئەرگە بىر

نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت" دەپتىكەن، جاھان ماڭا چىراي ئېچىپ كۈلۈپ قارىماقتا، "تۇرسۇن تۆپە"، "تۇرسۇن تۇلكە"، "تۇرسۇن تەخسە"، "تۇرسۇن پوخۇر" "تۇرسۇن تۆھمەت" دېگەن ھاقارەتلىك ئىسىملىرىم "تۇرسۇن مۇدىر" بىلەن ئالماشتى. مۇدىرلىق ئاخىرقى پەللە ئەمەس، غەيرەت قىلىپ "تۇرسۇن ھاكىم"، "تۇرسۇن ۋالى" بولسام ئوشۇق دۆلەت باشنى يارامدىكەن...

يىغىندا ماگىزىنغا ئوغرى چۈشۈش ۋەقەسى ئۈستىدە كىشى چۆچۈگۈدەك مۇنازىرە داۋام قىلدى.

— بۇ ھەرگىز تاسادىپىي ۋەقە ئەمەس، يامان ئادەملەرنىڭ ئىشى.

— مەخسۇسلا دورا-دەرمەك، داكا ئالغانلىقى قورسىقىدا جىن بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، جەزمەن قوراللىق كۆتۈرۈلۈش قىلماقچى.

— بۈگۈن ئوت قويسا، ئەتىسى ئوغرىلىق قىلىش، ئۇلار نە قەدەر ئەسەبىيلەشكەن-ھە، بۇنداق مەخلۇقلاردىن ھەر بالا كېلىدۇ، بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك.

يىغىن رىياسەتچىسى ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى تۇرسۇن بورانىدى.

— يولداشلار مۇزاكىرىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولماقتا، مەن ئەمدى كۆپچىلىكنىڭ مۇنداق بىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — تۇرسۇن بوران يىغىن ئەھلىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغاندىن كېيىن، كۆڭلىگە پۈككەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئۇ بۇ مۇنازىرىدىن "يامان ئادەملەرنىڭ تەھدىتى" ھەممىنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق تېگىپ تۇرغانلىقىغا قارىماي خۇشال ئىدى، — نېمە ئۈچۈن يامان ئادەملەر ماگىزىندىن ئۆزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى خېيىم-

خەتەرسىز ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيدۇ؟ ۋاڭ دۇيجاڭ بىرگە تەكرار چۈشەندۈرۈپ ئېيتتى. دۈشمەن چوڭقۇر يوشۇرۇنغان، دىققەت-ئېتىبارىمىزنى پىشانىسىدە قاشقىسى بار بىر-ئىككى ئادەمگىلا قارىتىپ قويساق بولمايدۇ.

يېغىندا دېھقانچىلىق مەيدانى سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇماقمۇ بار ئىدى. ئۇ تۇرسۇن بورانىنىڭ تىغ ئۇچىنى خۇپسىيانە ھالدا ئۆزىگە قارىتىۋاتقانلىقىنى، مۇشۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەتتىن خۇلاسە چىقىرىشنىڭ پۈرسىتى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ غەزەپلەندى.

جۇماق ئەسلىدە دېھقانچىلىق مەيدانى تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىنىڭ پىرىكازچىكى ئىدى، "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا تۇرسۇن بوران كاتتىباشلىقىدىكى تەشكىلاتتا چىڭقۇيۇەن بولۇپ ئىشلىدى، ئۇلار بەك يېقىن دوست ئىدى. كېيىن زىتلىشىپ قېلىشقا تۇرسۇن بورانىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن كېيىن جۇماقنى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئادەتتىكى ئەزالىقىدا تۇتۇپ قالماقچى بولغانلىقى سەۋەب بولدى.

جۇماق بۇ ۋەزىپىنى ئىنقىلابتىكى ئەجرىگە مۇۋاپىق كۆرمەيتتى.

— مۇشۇ سەپداشلىق بولدىمۇ، مەنمۇ ئاز تەر تۆكمىدىم، ئادەتتىكى كومىتېت ئەزاسى بولسۇن دېگەن گەپنى قانداقمۇ ئاغزىڭىزدىن چىقاردىڭ، — دېدى بىركۈنى جۇماق پوكانىدەك ئېسىلىپ تۇرۇپ.

جۇماقنىڭ ئويلىمىغان ۋاقىتتا قىرىچە تېگىشى تۇرسۇن بورانىنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

— ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇشتا يار-يۆلەك بولامدىكىن دەپ

ئويلاپتىكەنمەن، كومتېست ئەزالىقىنى كىچىك كۆرسەڭ، كۆڭلۈڭ-دىكىنى يوشۇرماي دېگىن.

— ماڭا "ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق" ئەمەلنىڭ كېرىكى يوق، ئىنقىلابتا ھەسسەم ھېچكىمنىڭكىدىن كەم ئەمەس، "تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بولغاندىن خورازنىڭ تاجىسى بولغان ياخشى"، كىچىك بولسىمۇ بىر ئىدارىگە باشلىق بولىمەن.

جۇماق سودا ئىدارىسىنىڭ ئەھۋالىغا پىششىق ئىدى، ئىدارە باشلىقلىق تاجنى كىيگەندىن كېيىن كىچىككىنە چۇشەنمەسلىكتىن پەيدا بولغان ئاداۋەت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ئىككى ئوتتۇرىغا ئۆتكىلى بولمايدىغان خەندەك قازدى. مۇشۇ ۋەجدىن تۇرسۇن بوران سودا ئىدارىسىدە گېپىنى ئاقتۇرالمايدىغان ئاقۋەتكە قالدى. ئۇنىڭ يىغىندىكى مۇزاكىرىدە "ماگىزىنغا ئوغرى چۈشۈش ۋەقەسى"نى يامان ئادەملەر چوڭقۇر يوشۇرۇنغان دېگەن خۇلاسىگە چاتماقچى بولغان-لىقى، بۇ يەردە جۇماقنى كۆزدە تۇتقانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس، ئەلۋەتتە.

جۇماق يىغىندىن چىقىپ چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن كوچىنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا، ئەنە شۇلارنى ئويلىدى.

يالماۋۇزدەك يەپ تويمايدىغان، سودا ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي قورساق سالغان، يۈزلىرى جۇۋازىچىنىڭ پېشىدەك مايلىشىپ پارقىراپ تۇرغان بۇ ئادەم ئۆزىگە مۇداپىئە كۆرۈش، سۈيىقەست ئىشلىتىشتە تۇرسۇن بوراندىن قېلىشمايتتى. جۇماقمۇ ھەرىكەت كادىرى ئىدى. ئۇ يېڭى بىر ئېلىشىشقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، رەقىبىنىڭ ئىللىتىنى ئويلاشقا باشلىدى. — ھىم، سەن تېخى مېنى پۈتلىماقچى بولۇپسەن، — دېدى ئۇ گويا تۇرسۇن بوران

بىلەن مۇنازىرىلەشكەندەك كالپۇكلىرىنى ئىختىيارسىز مىتىلدىتىپ، — ئىنقىلابتا سىڭگەندىن كەم چىنىقمىدىم. يامان ئادەملەرگە چېتىپ سودا ئىدارىسىدىن سىقىپ چىقىرىسەن دەپ خىيال ئەيلىمە، سەن تاش سانىغىچە مەن قۇم سانايمەن، كىم ئەيىبكار ئىكەنلىكى ئاخىر پاش بولىدۇ، باشقا چاتاقلىرىنى هازىرچە سۆزلىمەي تۇراي، زىيالى قىز مەغپىرەتنىڭ كەينىدە نېمە خىيال بىلەن يۈرىسەن، كومىتېت مۇدىرى بولغاندىن بېرى بىرنەچچە قېتىم خوتۇن ئالماشتۇردۇڭ، يېڭى خوتۇنىڭ ئىسسىقى تۇگىدىمۇ، مەغپىرەت خاتىرجەم ئەمەس، تەربىيە بېرەر ئىمىش، بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ، مۇشۇ بىر ئىللىتىڭ بىلەنلا بازغىتۇېتىمەن، هوي ئۆزى قېرىسىمۇ بۆرنى قېرىمايدىغان بۇقا...

زىيالىي قىز مەغپىرەت تۆمۈر دەرۋازىدىن چىقىپ بۆلۈنۈپ يالغۇز ماڭدى، كىمنىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەرق قىلىپ بولمايتتى. مەغپىرەتكە دېهقانچىلىق مەيدانىدا هەممە ئۆينىڭ دېگۈدەك ئىشىكى ئوچۇق ئىدى، دېهقانلار ئۇنى ئۆز پەرزەنتىدەك ياخشى كۆرۈپ مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ هېچىر كۆزەتچى بىلەن "ئارىنى ئوچۇق قىلىپ" ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ بىر ئېغىز ئىشخانىسىغا كۆچۈپ كېلىپ يالغۇز تۇرۇۋاتقاندىن بۇيان، ئۆي تامىقى سېغىنسا ياكى هازىرقىدەك ئەتكەن چاي خۇمارى تۇتسا تەكەللۇپ قىلماي كۆڭلى تارتقان ئۆيگە ئۇدۇل كىرىپ كېتىۋېرەتتى.

بۈگۈن قىزنىڭ كۆڭلى ناهايىتى پەرىشانىدى. "سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى"، "گىرەلىشىپ خەۋىپلىك پەيتكە يەتكەن"لىكى توغرىسىدا يىغىندا بولۇنغان گەپ - سۆزلەر تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى تېخى بېشىدىن تولۇق ئۆتكۈزمىگەن شەهەرلىك

قىزنىڭ ساددا قەلبىدە كۈچلۈك سادا پەيدا قىلدى.

مەغپىرەت "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە "ئىنقىلابىي ئالاقە" باغلاپ "ئالغا"غا كەلگەن. "قايتا تەربىيە" شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا ھېچ ئىككىلەنمەي "ئالغا"نى تاللىۋالدى.

ئۇ، "ئالغا"دىكى تونۇشلۇق يىگىت تۇرمۇشنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان-لاشتۇرۇشقا ياردىمى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئويلىغان يەردىن چىقىپ، "ئالغا"غا كەلگەندە تۇرسۇن بوران "قىزغىن" قارشى ئالدى.

— "ئالغا"دا قىزىل ھاكىمىيەت قۇرۇشتا سىزنىڭ ئۈچمەس تۆھپىڭىز بار، — دېدى تۇرسۇن بوران شەھەرلىك مەسۇم قىزنىڭ يۇمشاق قولىنى چىڭگىدە قىسىپ كۆرۈشۈۋېتىپ، — مانا ئەمدى ھاكىمىيەتنىمۇ بىرلىكتە كۈرەش ئارقىلىق مۇستەھكەملەيدىغان بولدىڭىز.

مەغپىرەت تەسىرلىك بۇ مۇئامىلىگە مەسلىكى كېلىپ مېيىقىدا يىلىلىققىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بىراق، مېنىڭ چېنىقىشىم يېتەرلىك ئەمەس، چوڭ ئىرادە بىلەن كەلدىم، ياردەم قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ياردىمىم پەقەت بىرلا، سىنىپىي كۈرەشنى، يامان ئادەملەرگە قارشى كۈرەش قىلىشنى ئۇنتۇماڭ، — دېدى تۇرسۇن بوران مەسلىھەت بېرىپ، — سىنىپىي كۈرەش تۇتقا، تۇتقا تۇتۇلسا ھەممە ئىش يۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ئۆزىڭىزنى ياخشى چېنىقتۇرالايسىز.

لېكىن ۋاقىت رەھىمسىز كۈچ، پەسىل ئالماشتى، ياز بىلەن قىش بىر-بىرىگە ئورۇن بەرگەندەك، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەغپىرەتمۇ

ئۆزگىرىپ، ئىنقىلابىي ئىبارىلەر، يالتىراق شوئارلارغا قارىغاندا مۇھەببەت ئەقىدىلىرىنى كۆپرەك ئېغىزغا ئېلىپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. قىزدىكى "ئايىنىش" يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، دېھقانچىلىق مەيدانىغا يېڭىدىن خىزمەتكە كەلگەن كېرىمجان دېگەن يىگىت بىلەن تېپىشىپ مۇھەببەت تۈزگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيدى.

دەريا بويىدىكى بىر تۈپ قېرى سۆگەت سايىسى بىر-بىرىگە تەقەززا قوش يۈرەكنىڭ شېرىن سۆھبىتىگە ئەپلىك سورۇن ئىدى.

— مەغپىرەت، بىر سوئالىم بار، سىز بىلەن بىللە سۆگەت تۈۋىگە كەلسەم، ياشلىقىمنىڭ جاڭگاللىدا مەنسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇيمەن، قېنى راست گەپنى ئېيتىڭا، سىزنىڭ يۈرىكىڭىزمۇ مېنىڭكىدەك سوقامدۇ؟

قىز جاۋاب بەرمەي ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، كېيىن بىردىن يىگىتنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىدىكى يۆگۈمەچكە ئايلىناتتى-دە، كۆكسىگە بېشىنى قويغاندا تىترىگەن ئاۋازدا:

كېرىمجان، جېنىم ئامرىقىم... دەيتتى.

بۇ ئىشلار شۇ مىنۇتتا مەغپىرەت ئۈچۈن لەززەتلىك ئەسلىمە بولماي قالغانىدى.

قىزنىڭ خىيالى بىردىن يىغىندىكى مۇزاكىرىگە قايتتى. دەريا بويىدىكى ئۇچرىشىش، شېرىن سۆھبەت، تولقۇنلىنىپ قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈشلەردىن سەسكەنگەندەك، بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى:

— مەن تۇرسۇن مۇدىرنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىدىم، — دەيتتى قىز ئىختىيارسىز قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، — ئىنقىلابىنى، سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنتۇدۇم.

— پارتىيە، خەلق ئالدىدا كەچۈرگۈسىز ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزدۈم.

— ياشلىق ھەۋەسلىرىگە ئەسىر بولۇپ، شېكەر يالىتىلغان زەھ- بىرەك ئوقىدىن دۇم چۈشتۈم، ئايىنىپ چۈشكۈنلەشتىم.

ئاھ پارتىيە، ئەقىلسىز قىزىڭنى كەچۈرگىن، — دېدى ئۇ يەنە. ئىچ-ئىچىدىن ئۆكسۈپ، — يامان ئادەملەر بىلەن ئېلىشىشتا ئەقى- دەڭنى ئاقلايمەن، ئۆزەمنى يېڭىباشتىن چېنىقتۇرىمەن، پارتىيىگە سادىق قىزىل قەلبىمنى مەڭگۈ ئۆزگەرتمەيمەن...

# ئىككىنچى باب

## 1. قۇزغۇنلار بەزمىسى

ئاپرېل ئېيى، ئەمما ئىلى ۋادىسىدا هاۋا كېچىكىپ ئىللىماقتا ئىدى. ئىلگىرى دېهقانچىلىق مەيدانىدا ئاپرېل كىرىش بىلەن تەڭ يېشىل مەخمەلدىن تون كىيىپ، گۈلدەك چىراي ئاچىدىغان ئېتىز-قىرلار تەبىئەتتە يېڭى پەسىل باشلانغانلىقتىن خەۋەرسىز قالغاندەك يالىڭاچ قارىيىپ ياتاتتى. دەريادا تېخى شورمەل ئاقماقتا ئىدى، دەرەخلەرنىڭ ياشىرىپ كۆكىرىشىمۇ شۇ قەدەر ئاستا بولماقتا. بۇزۇلغان كونا ئۆي خارابىلىرىدا، ئەسكى تام ئۈستىدە تۇمشۇغىنى توكۇلدىتىپ خۇنۇك ئاۋاز چىقىرىپ تۇرغان هۆپۈپىنى هېسابقا ئالمىغاندا، باهار ئەلچىسى قارلىغاچا، تورغايلارنىڭ چۇرۇق-چۇرۇق سايرىشىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى.

يېڭىدىن تونۇشقان ئىككى باشلىق — ناهىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى ليۇخېڭجى بىلەن يەرلىككە ياردەملىشىپ هەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن تەشۋىقات دۈيىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يىنجاڭ كۆز ئالدىدىكى ئىشلار ئۈستىدە پىكىرلىشىش ئۈچۈن خۇرمارەڭ خۇرۇم سافادا يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. ليۇ خېڭجى ناهىيىدە بىردىنبىر رەهبەر سۈپىتىدە خەلق قوغداش گورۇپپىسىنىڭ زوجاڭلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭلىقىنىمو

قوشۇمچە ئۆتەيتتى. ئۇنىڭ ئەمرىسىز قىلىنى تەۋرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەمىلىگە يارىشا قورساق سالغان، چار كاۋىدەك دۆگىلەك، دورداي كالپۇك، قوش ئېڭەك بۇ ئادەم چوقىقا چېچىنى تەكشى قىرقىپ، شەپكە كىيمەي يالاڭباشتاق يۈرۈشنى ئادەت قىلغانلىقتىن، يەرلىك ئاھالە ئۇنىڭغا "چوتكىباش جورېن" دەپ ئەپچىلگىنە ئىسىم قويۇۋېلىشتى.

ۋاڭ يىڭجاڭ بولسا ئۇستىبېشى، تەن قۇرۇلۇش جەھەتتىن ليۇ خېڭجېدىن كەسكىن پەرق قىلاتتى. ئۇ، تۆت يانچۇقلۇق خۇادانى چاپىنىنىڭ ئىچىدە شالاقلاپ تۇرغان ئورۇق بەدەن، دوققا ماڭلاي، قورايدەك ئىنچىكە گەۋدە بولۇپ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇ ئورىدەك چوڭقۇر كۆزلىرى گويا ئوزۇقلۇق ئىزدەپ چىققان ئاچ بۆرىنىڭ كۆزىنى ئەسلىتىپ، ئۇچقۇنداپ تىنىمسىز مىتىلداپ تۇراتتى.

ئىككى باشلىق ئىلگىرىدىن تونۇشلۇق بولمىغانلىقتىن، كەلدى-كەتتىدىن گەپ ئېچىپ بىرپەس "ھىد" ئېلىشتى.

— سىز بۇ يەرگە يېڭى، ئەھۋالنى تولۇق مۆلچەر قىلالمىسلىقىڭىز مۇمكىن، — دېدى چوتكىباش جورېن سۆھبەتدىشىنى كىچىككىنە چۈشەنگەندەك قىلغاندىن كېيىن، — ھەرىكەت داۋامىدا ئىنقىلابىي كومىتېت بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ سافاغا يۆلەنمەي تىك ئولتۇرۇشىدىن چوتكىباش جورېندىن دەرىجىسى تۆۋەنلىكى مەلۇم ئىدى.

— شۇنداق، بۇ يەر مەن ئۈچۈن قاراڭغۇ جاڭگال، ليۇ جورېننىڭ توغرا يېتەكلەپ ماڭدۇرغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— ئەھۋال بۇ يەردە ئىنتايىن مۇرەككەپ، — چوتكىباش جورېن ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ ئىشەنچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن

داۋام قىلىپ دېدى، — ئىنقىلابىي كومىتېتىمىز ئىككىنچى يامغا قەدەم قويدى، ھازىرغىچە گېپى ئاقمايدۇ. يولىيورۇق، ئۇقتۇرۇش دېگەنلەر ئوز پېتىچە قايتىپ كەلگەن، تۆۋەندە گەپكە قۇلاق سالىدىغان بىرەرمۇ ئادەم يوق.

— بۇ ھازىر ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال، سىنىپىي دۈشمەنلەر بۇ يەردىمۇ قىزىل ھاكىمىيەت بىلەن ئۈزەڭگە سۇقۇشتۇرۇۋاتسا كېرەك.

— بارىكاللا، توغرا مۇلاھىزە قىلدىڭىز، — بۇ گەپتىن چوتكىباش جۇرېنىنىڭ تاۋى گويا بىر غېرىچ ئۆستى، خۇشاللىقىدا گەۋدىسىنى ئورە قىلدى ۋە تاماكا قۇتىسىدىن ئىككى تال پۇراقلىق تاماكا چىقىرىپ بىرىنى ۋاڭ دۈيجاڭغا سۇندى، — سىنىپىي دۈشمەن دېيىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، تاماكا ھايانكەشلىرىمۇ سىنىپىي دۈشمەن، چۈنكى تاماكىچىلارمۇ چىرىتىش كۈچىگە ئىگە، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلارنى نەق ئەكسىلئىنقىلابچى، چەت ئەل ئىشپىيونى، مەلۇم مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبا دەپ ئاتاش كېرەك.

بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىش يۇقىرىدىكى گەپ-سۆز بىلەن ئاخىرلاشتى. تەشۋىقات دۈينى قارشى ئېلىش يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىر ئىشخانىسىدىكى قىسقىغىنا بۇ ئۇچرىشىشتا ئىككى باشلىق يەنە ھەرقايسى گۇڭشې-مەيدانلارغا، ناھىيىدىكى ئىدارە-جەمئىيەتلەرگە بارىدىغان تەشۋىقات دۈيى مەسئۇللىرى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

ۋاڭ دۈيجاڭ "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانىنى نۇقتا قىلىپ تۇتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چوتكىباش جۇرېن بۇ تەكلىپتىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى "ئىنتايىن مۇرەككەپ" چاڭگىدىن يوچۇق ئاچقاندا، پۈتۈن ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسەتكىلى، "كۈلىنى سورۇش" مەقسىتىگە

يەتكىلى بولاتتى.

ۋاڭ دۈيجاڭ تەشۋىقات دۈينى باشلاپ "ئالغا"غا مېڭىشتىن ئىلگىرى ئىككى باشلىق مۇشۇ خۇرۇم سافادا يەنە بىر قېتىم يانمۇ-يان ئولتۇرۇشتى. بۇ كۈنى ئۇلار تولۇق بىر كۈن يىغىن ئېچىپ، ھەربىكەتنىڭ قەدەم-باسقۇچىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەتىگەندىن ئۆيگە ئېلىپكىتر ياققىچە بولغان ئارىلىقتا جىددىي مۇزاكىرە ئۈستىدە بولغىنىغا قارىماي، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ، گەپ-سۆزىدىكى ئوچۇق-يورۇقلۇقتىن يەنە بىر-بىرىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئىچەكىشىپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ ئاخىرقى بىر غەنىمەت كۈن، بۈگۈن-ئەتە ھەرىسىنىڭ ئۆۋىسىنى چۈۋۈيمىز، بەلكى باش قاشلىغۇدەك ۋاقىت چىقماس، بۈگۈن ئاخشام ئازراق ئىچىپ پەيزى قىلايلى، — دېدى چوتكىباش جۇرېن ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۆيدىن ئايرىلغىنىڭىزغىمۇ خېلى بولدى، ئىچىڭىز پۇشقاندۇ، ھاراق قالتىس ئېسىل نېمە، كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئالىدۇ.

ۋاڭ دۈيجاڭ بۇ تەكلىپكە ئېتىراز قىلغانمۇ بولاتتىيۇ، ئەمما ئېغىز ئاچقىچە چوتكىباش جۇرېن ئۈستىدە ئۈچ دولقۇنلۇق رادىئو بار تومپۇچكىدىن بىر بوتۇلكا "ئىلى داچۈي" چىقاردى، بوتۇلكىنى مېھمىنىنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن دېرىزىسىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈردى ۋە رادىئونى پەس ئاۋازدا ئېچىپ قويۇپ ئورنىغا قايتىپ كەلدى.

— سىزنىڭ "ئالغا"نى ئۈستىڭىزگە ئالغانلىقىڭىز قالتىس ئېسىل ئىش بولدى، — دەپ ھاراق بىر-ئىككى رومكا ئىچىلگەندىن كېيىن چوتكىباش جۇرېن گەپنى يەنە ئاساسىي تېمىغا يۆتكىدى، — ئىلگىرى

"ئالغا"نى كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشنىڭ قارا ئۆلگىسى دەپ قاراپ كەلگەنىدۇق. ئەھۋال ھازىر باشقىچە، جىددىي تۇتۇش قىلمىساق يامان ئادەملەر "ئالغا"دا ئىش تېرىشى چوقۇم.

— "ئالغا"دا ئادەملەر شۇ قەدەر يامانمۇ؟

— ئىشەنگۈدەك بىر ئادەم يوق، قەمىردىن پەيتى كەلسە قان ئىچىدىغانلاردىن.

— قايسى كۆنى گېپى بولغان قەمىردىنمۇ، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سابىق باشلىقى؟ — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ ھاراقنىڭ تەسىرىدىن قان قۇيۇلغان كۆزلىرى بىلەن سوئال نەزىرىدە قاراپ، — بۇنداق ئادەملەر كۆزىنى پارقىرىتىپ يۈرسە ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ گېپى ئاقمايدۇ، ئەلۋەتتە.

— بۇندىن باشقا ئۇ يەردە ئالىم دېگەن يەنە بىر نېفىت ئىنژېنېرى بار، — دېدى چوتكىباش جۇرېن "ئالغا"نى تونۇشتۇرۇشنى داۋام قىلىپ، — جۇڭغار نېفىتلىكىدە لوگەي بولۇپ، قەمىردىننىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن بۇ يەرگە سوقۇنۇۋالغان، چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئىشپىيونلۇق تەربىيىسى ئالغان مەخلۇق، "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا تېگىلمىگەنىكەن. تۇرسۇن بوران يېقىندا خۇپىيانە ئىگەللىدى... قىسقىسى "ئالغا" يامان ئادەملەرنىڭ مۇھىم تايانچ پونكىتى. ئۇلار ئۇ يەردە ھەر شەنبە ئاخشىمى بىر يەرگە جەم بولۇپ "مەشرەپ" نامى بىلەن باش بېقىشىدۇ، ئويۇنى، ئېيتىدىغان ناخشىلىرىمۇ سېھىرلىك:

چىم-چىم ئەتتىم چىم بىلەن
كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن

— شىما چىم-چىم، تامادى...، — ھاراقنىڭ كەيپىدىن بولسا

كېرەك، ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ پىغانى ئۆرلىدى، — ليۇ جۇربن مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ يەنە بىردىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — چۈشەنمەسلىك سەۋرايىمغا تەگكەنلىكتىن ئاغزىمدىن سەت گەپ چىقىپ كەتتى، سىز يامان ئادەملەرنىڭ ناخشىسىنى تەرجىمە قىلماي ئۆز تىلى بويىچە تونۇشتۇرۇۋاتسىڭىز كېرەك؟

— ئۇلار ئىشنى خۇپىيانە تۇتۇش ئۈچۈن، ناخشىنىمۇ تەرجىمىگە چۈشمەيدىغان مۇرەككەپ گەپ بىلەن تۈزىدىكەن، بەلكى، بىزگە قارشى كۆتۈرۈلۈش قىلغاندا ئېيتىدىغان مارشى بولۇشى مۇمكىن. تەرجىمىگە ئادەم تەشكىللەپ مەزمۇنىغا خېلى يېقىنلاشتۇردۇق: گۆش گىدىن بىر چىمدىم-بىر چىمدىمدىن ئۈزۈۋېلىپ، زىخقا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىمەن دېگەن بولىدىكەن.

— يا ھەزرەت، پەيلىنىڭ يامانلىقىنى، — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ ئىختىيارسىز گەپ قىستۇرۇپ.

— "ئالغا"دا ھازىر ناماز ئوقۇش ئەۋج ئېلىپ كەتتى، — چوتكىباش جۇربن كىمدۇ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندەك كۆكەپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — كىچىك بالىلارمۇ مەسچىتتىن قالمايدىغان بوپتۇ. يامان ئادەملەر ئىش ئارىلىقلىرىدىن ۋاقىت چىقىرىپ يىغىلىدىن مەسچىت ياسىدى، بۇنى نوقۇل دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى دېگىلى بولامدۇ؟ ياق، بۇ يەردە مۇھىم ئىش بار، ئۇلارنىڭ جەڭگە تەكبىر ئېيتىپ كىرىدىغان ئادىتى بارلىقىنى بىز ياخشى بىلىمىز، ناماز ئەمەس، ئۇرۇش مانېۋىرى بۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ يەنە گەپ قىستۇرۇپ، — ھازىر ۋەزىيەت ھەقىقەتەن جىددىي.

— سىزنى بۇ يەردە ئالدىڭىزغا ياغلىق پۇرچاق، قارا گازىر

قويۇپ قۇرۇق ھاراققا زورلاپ ئولتۇرغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟ — چوتكىباش جۈرىن گەپنى ئۆزرىخاھلىقتا يۆتكىدى، — بىزنىڭ خوتۇن چاققان، مېھماندوست ئايال، ئۆيگە باشلىسام جاسا، ۋەنزە، دۇفۇ سەيلەرنى تەخسە-تەخسىدە تىزىپ قويۇپ ئىچكەن بولاتتۇق، تۇخۇم شورپىسىمۇ قايناتىپ بېرەتتى، ئىشخانىدىن ئايرىلالمايمەن، تۆۋەندىن كەلگەن تىۋىشنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ تۇرۇشۇم كېرەك... كومىتېت مۇدىرلىقى مەن ئۈچۈن ئازابلىق ئىش بولدى، بىر ئايدىن بېرى ئىسسىق ئورۇن كۆرمىدىم، خوتۇن بىچارىنىڭ كۆز يېشىغا قىلىۋاتىمەن دەڭا، ھەي ئىست، بېيجىڭدا شىكەر شەنبىنى قولدىن بەرمەي ئوينايتتۇق... قېنى، رومكىنى ئېلىڭ، قىزىپ قالسام كېرەك، مەنمۇ تۈزى يوق لاۋزا گەپلەرنى قىلىپ قويدۇم، ھە، قېنى بۇ سەپەر قالدۇرماي تولۇق ئىچەيلى، بىرمۇ يامان ئادەمنى چۈشۈرۈپ قويماي، تامام ئۈجۈقتۇرۇش ئۈچۈن...

تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدىكى رادىئودىن «قىزىل چىراغ» ئوپېراسىنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، شۇ ئەسنادا ئوپېرادىكى سەلبىي تىپ — ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ دۈيجاڭى جۇسەننىڭ كاكىرىغان ئاۋازى كەلدى. چوتكىباش جۈرىن رومكىنى ئاغزىنىڭ تۈۋىدىن قايتۇرۇپ كەلدى، رومكا تۇتقان قولىنىڭ تىترىشىدىن خېلىلا ئوبدان قىزىپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، يەنە بىر قولىنى رومكىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، داۋالغۇپ، لەڭپۇڭدەك لىغىلداپ تۇرغان ھاراقنى يېپىپ تۇتۇپ، جۇشەننىڭ ناخشىسىنى جىنى سۆيۈنگەن ھالدا بىرپەس تىڭشاپ تۇردى.

— «قىزىل چىراغ» ياخشى ئوپېرا، — دېدى چوتكىباش جۈرىن

قولىدىكى رومكىنى قورۇقدىغاندىن كېيىن، ــ مەن بېيجىڭدا كۆرگەن، مۇمكىن بولسا پات ـ پات كۆرۈپ تۇرۇشنى خالايتتىم. ئەمدى قېيىن، چەت ياقىغا چىقىپ قالدۇق، سىز كۆرگەنمۇ؟
ــ بىز لىيەندۇيدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىمىز، تۇمەن ـ مەيدان سەنئەت ئۆمىگىنىڭ تۇزۇك بىرنېمىسى يوق، تىياتىر كۆرۈش بىزگە نېسىپ بولمىدى.
ــ ھېچ ۋەقەسى يوق، «قىزىل چىراغ» ھازىر بېيجىڭدا كىنوغا ئېلىنىۋاتىدۇ، جەزمەن كۆرىسىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كۆرىدۇ.
ــ «قىزىل چىراغ»نى كۆرمىگەن بىلەن مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەردارمەن، بەزى پەردىلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى ياتقا ئېيتالايمەن:
قاتتىق ـ يۇمشاق ئۇسۇلۇمنىڭ كەتتى بارى بىكارغا،
ئۇنى قاتتىق جازالىسام كېلەر بەلكى ئىقرارغا.
ــ ۋۇي قالتىسقۇسىز، ــ چوتكىباش جۇرېن تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى، ــ بۇ جۇشەننىڭ ناخشىسى، باش تەرىپىنى تولۇق ئالالىسام سىزدىن قىلشمايمەن، جۇشەننىڭ ناخشىسىنى سىزمۇ ياخشى كۆرەمسىز نېمە؟
بۇ گەپ ۋاڭ دۇيجاڭغا ياقمىدى.
ــ لىيۇجۇرېن مەس بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ــ دېدى ئۇ، ئۇشتۇمتۇت بىئاراملىق ھېس قىلىپ، ــ لىيەندۇيدىكى چېغىمدا بەزى ئەبلەخلەر ماڭا: خۇددى جۇشەنگە ئوخشاش زالىم دەپ بوھتان قىلغانىدى، رادىئوغا ئەگىشىپ مۇنداقلا ئېيتقىنىم، ماڭا لى يۈيخېنىڭ ناخشىسى ياقىدۇ.
ــ ھەي سىزنى... خەير، بوپتۇ، بىزگە قارىغاندا بىر ئىشتانىنى كەم يىرتقان يېرىڭىز بار ـ دە. بۇنداق بىر چوك ئىشقا تۇتۇش



قىلغاندا، ئەجابىي كىشىلەردىنمۇ، سەلبىي كىشىلەردىنمۇ ئۆگىنىشنى بىلىش كېرەك، بىز ھازىر جۇشەننىڭكىگە ئوخشاش ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىۋاتىمىز، مۇشۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟

— نېمىشقا چۈشەنمەيدىكەنمەن، يامان ئادەملەرنى باستۇرىمىز.

— ئەمدى شۇنىمۇ چۈشىنىۋېلىڭكى، — دېدى چوتكىباش جۇرېن ۋاڭ دۈيجاڭغا كۆز قىسىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، — قاتتىق قول، رەھىمسىز بولۇش لازىم، بۇنىڭسىز ۋەزىيىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ، قېنى جۇشەننىڭ ناخشىسىنى باشلاڭ، باش تەرىپىنى پەس-رەك ئېلىڭ، مەنمۇ قوشۇلۇپ ئېيتىمەن. نېمىگە قاراپ تۇرىسىز، جۇشەننىڭ ناخشىسىنى دەيمەن. ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىق پرولېتارىد-يات ئىدىيىسى بىلەن چىقىشالمايدۇ.

ئۇلار ناخشا ئېيتتى، ئاۋازى بىر-بىرىگە ماسلاشمايتتى، ۋاڭ دۈيجاڭ كەيپچىلىكتە ئۆزىنى ئۇنتۇپ، چۈجە خورازدەك ئاۋازىنى قىسىپ چىقىرىپ ئېيتتى. چوتكىباش جۇرېننىڭ ئاۋازى كاناي چالغاندەك بوم چىقاتتى.

بىرپەستە ناخشىنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ تېلېفون جىرىڭلىدى.

چوتكىباش جۇرېن مەسچىلىكتە دەلدەڭشىپ بېرىپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى، — ۋەي، ۋەي، نېمە گەپ؟ ھە، قېنى سۆزلەڭ، مەن ليۇ خېڭجى.

— مەن "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانى، — تېلېفوندىن تۇرسۇن بورانىنىڭ ئاۋازى كەلدى، — بۈگۈنكى كۆزىتىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىمەن. ئىككى يۈزدەك ئادەم مەسچىتكە يىغىلىپ خۇپتەن نامىزى ئوقۇۋاتىدۇ.

— خۇپتەن نامىزى، نېمە گەپ بۇ؟

— دۇئا ـ تىلاۋەت.

— تۇرسۇن، — چوتكىباش جۇرېن ئىختىيارسىز ئاۋازىنى سوزۇپ چىقاردى، — شۇ تاپتا سەنمۇ ئىچۋالمىغانسەن، هازىر قايسى ۋاق بىلەمسەن؟ خۇدانىڭ ئۆزىمۇ ئۇخلاپ قالدى، دۇئا ـ تىلاۋەتنى كىم قوبۇل قىلىدۇ، يەنىچۇ؟

— باشقا ئەھۋال يوق.

— خام كاللا، تېخىچىلا بۇرنۇڭغا كىرگەن سۇنى سەزمەي يۈرۈۋاتـ ـمايدىغانسەن؟ مەشرەپ نامىدا يىغىلىپ، "چىم ـ چىم ئەتتىم چىم بىلەن"گە ناخشا توۋلاپ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئادەم توپلاپ يۈرـ گەنلەرنى ئۇچراتمىدىڭمۇ؟

— يوقسۇ، مەسچىتتىن باشقا ھېچقانداق يەردە شەپە يوق جۇرېن!

— ئالدىراپ گەپ قىلما دەيمەن، كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇ يەردە، يالغۇز سەنلا ئەمەس.

— ئەمما ھەممىدىن ئۆزەمنىڭ مەسئۇلىيىتى زور ئىكەنلىكىنى زادى ئۇنتۇمىدىم، شۇڭا ئەتىگەندىن ھازىرغىچە كىرپىك قاقماي، كۆزۈمنى چىندەك ئېچىپ كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن.

— بۈگۈن ـ ئەتە سىلەرگە تەشۋىقات دۆيى بارىدۇ، — چوتكىباش جۇرېن يەنە بىرئاز سۈرۈشتە قىلغاندىن كېيىن يوليورۇق بېرىشكە باشلىدى:

— يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، ئەھۋالنى تولۇق تونۇشتۇرۇڭلار. "ئالغا" مۇرەككەپ جاي، ئۇلارنىڭ بۈگۈن كېچە قىلغان مەسچىتتىكى ھەرىكىتى بىر سۇيىقەست بولۇشى مۇمكىن. مەسىلىگە ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىكتە كۆتۈرۈپ قاراش كېرەك. ياخشى كۆزىتىپ، تەشۋىقات دۆيىگە بىر ـ بىرلەپ دوكلات قىلىڭلار!

## 2. ليپاپ ئىچىدىكى زەھەر

"ئۆزەمنى چاغلىماي شىلتىك ئېتىپتىمەن، پالازغا يۆگىلىپ ئۈچ كۈن يېتىپتىمەن" دېگەندەك، ھەرىكەت باشلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن دوكلات يىغىنىدا، "ئالغا"دىكى "گۇرۇھ" توغرىسىدا تۇتامغا چىققۇدەك بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلالماسلىق ۋاڭ دۈيجاڭغا ئەلەم قىلدى. ئۇ چوتكىباش جۇرېننىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ: ئىنقىلاب باشلانغاندىن بېرى خېلى چېنىقتۇق. ماختىنغۇدەك ئىشلارنىمۇ خېلى ئىشلىدۇق. بىگۈنگىچە ھوقۇق تارتىۋېلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشتىكى پائالىيىتىمگە بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش جەڭگىلىرى قايىل، ليۇجۇرېن خاتىرجەم بولۇڭ، ھېلى ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، مەن بۇ يەرگە ئىرادە بىلەن كەلدىم. "ئالغا"دا نەتىجە يارىتىپ پۈتۈن ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتىمەن، ئىشەنچىڭىزنى ئاقلايمەن، دەپ پوچىلىق قىلىپ مەيدىسىگە ئۇرغان، قەسەم ئىچكەن ئەمەسمىدى؟!

ۋاڭ دۈيجاڭ تەشۋىقات دۈيىنى باشلاپ "ئالغا"غا بارغاندا، يۈز بەرگەن ئىشلار، "يامان" ئادەملەر پەيدا قىلغان "ئوت قويۇش"، "ئوغرىلىق قىلىش"، "سالىيۇت ئېتىش" ۋەقەلىرى دەرۋەقە بىر مەھەل ھەممىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. لېكىن بۇ ئادەملەر زادى كىم؟ نېمە ئۈچۈن بىر ئايغىچە ئۇلاردىن بىرەسىنىڭ ئۈستىدىمۇ ئەنزە تۇرغۇزۇلمىدى؟ ئۇلاردىن بىرەسىمۇ تورغا چۈشمىدى؟! ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولغان "ۋەقە"لەردىن چوتكىباش جۇرېن يامان ئادەملەرنىڭ چىرايىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغاندەك، "ئالغا"

لىقلار بۇ ئىشنى يورۇتۇپ بېرىشنى كەسكىن تەلەپ قىلماقتا. ۋاڭ دۆيجاڭ ھەر ئىش ئالدىدا چوتكىباش جۇرېنىنىڭ تەقەززالىقىنىمۇ، ”ئالغا“لىقلارنىڭ تەلىپىنىمۇ قاندۇرۇش ئامالىدىن مەھرۇم... نېمە ئۈچۈن چوتكىباش جۇرېنىنىڭ ئالدىدا ئالدىراپ پۇ ئاتتىم، نېمە ئۈچۈن ”ئالغا“دىكى ۋەقەلەر توغرىسىدا ئالدىراپ داۋراڭ سالدىم. ”ئويلىماي قىلغان ئىشىمدا، كۆندە غوۋغا بېشىمدا“ — پاھ، نېمىدېگەن دانىشمەنلىك بىلەن ئېيتىلغان گەپ بۇ-ھە؟!

ۋاڭ دۆيجاڭ يىغىندا ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ئولتۇردى. يېڭى تونۇشقان باشلىقنىڭ ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلار ئۇنى شۇ قەدەر تەڭقىسلىقتا قويدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىدا يىغىنغا تۇرسۇن بورانىنى ئەۋەتمەي خاتا قىلغانلىقىنىمۇ ئويلاپ ئۈلگۈردى.

دوكلات يىغىنغا كۆچتى، مەيدانلارغا، ناھىيىلىك ئىدارە-جەمئىيەتلەرگە بارغان تەشۋىقات دۆينىڭ باشلىقلىرى قاتناشقانىدى. ئۇلار بىر ئايلىق قېزىش ئەھۋالىدىن نۆۋەت بىلەن دوكلات قىلىشتى. بىرىنچى بولۇپ سۆز ئالغان تەشۋىقات دۆينىڭ باشلىقى ھەرقانچە ئۇستىلىق بىلەن گەپ يورغىلاتسىمۇ، ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى توغرىسىدا چەينىلىپ تەمى قالمىغان گەپتىن نېرى ئۆتەلمىدى، ئىككىنچى قېتىم دوكلات قىلغۇچى ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنىڭ مۇقامىنى تەكرارلاشنىڭ ھۆددىسىدىن ئارانلا چىقتى.

چوتكىباش جۇرېنىنىڭ تاقىتى ئۈزۈلدى، ئۇشتۇمتۇت ”پاق“ قىلىپ جوزىنى مۇشتلاپ، دوكلاتچىنىڭ گېپىنى بۆلگەندە، مەجلىسخانا بىر مىنۇتقا تىمتاس بولۇپ قالدى.

— بەس، بولدى قىل — مەجلىسخانىدا چوتكىباش جۇرېنىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى جاراڭلىدى، — قۇرۇق گەپكە سېزىك بولۇپ

قالمىدىم، ھېچقانچە ئىش قىلمىغان بولساڭ، ۋاقتىنى ئالما، باشقىلار سۆزلىسۇن.

مەجلىسخانا يەنە شۇ قەدەر جىمجىتلىقتا چۆكتىكى، "تىرىق" قىلغان ئاۋازمۇ كۆچلۈك سادا پەيدا قىلاتتى. يەنە بىر تەشۇىقات دۆينىڭ باشلىقى دوكلات قىلىشقا ئورنىدىن تۇردى، باش باھار بولۇشغا قارىماي، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئۇششاق تەر قاپلىغانلىقتىن، ئۇنىڭ گەپنى قەيەردىن، قانداق باشلاشنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ مىنۇتتا چوتكىباش جۇربىن ئۇنىڭغا سۇرلۇك كۆرۈنگەنلىكتىن، گەپنى باشلاپلا جىنايەتـ چىدەك دۇدۇقلاپ تىلىنى چاينىغىلى تۇردى.

— سىلەرنى بۇ يەرگە لىكسىيە ئاڭلاش ئۇچۇن چاقىرمىدىم، — دېدى چوتكىباش جۇربىن، دوكلاتچىنىڭ سۆزىنى بېسىپ چۇشىدىغان كۆچلۈك ئاۋازدا، — ئەمەلىي ئىشتىن گەپ ئاچ، قېنى كالا تۇكىدىن قانچىلىك يۇلدۇڭ؟ شۇنىڭ ۋاقتىن بىرى ئالدىڭغا بىرەرمۇ ئادەم يولۇقمىدىمۇ؟

— بىز تېخى ئەنزە تۇرغۇزۇشنى باشلىمىدۇق.

— نېمىشقا؟ يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى سىلاشتىن قورقۇۋاتامسەن؟

— تولۇق غەلىبە قىلىش ئۇچۇن ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەكچىمىز.

— ئاما؟ ئاما دېگەن نېمە ئۇ؟ — چوتكىباش جۇربىن مەجلىسـ خاندا زىلزىلە پەيدا قىلىپ يەنە قاتتىق ۋارقىرىدى، — سەپەرۋەر قىلارمىش تېخى!

— ئىشنىڭ پېتىر بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ئەلۋەتتە تولا — دېدى چوتكىباش جۇربىن گەپنى ئەسەبىيلىك بىلەن داۋام قىلىپ، — مەن

بۇ يەردە قوشۇنىمىزنىڭ ساغلام ئەمەسلىكىنى بۇنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى خالايمەن. بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئادەملىرىمىز سىنىپىي دۈشمەنلەر ئالدىدا تەسلىمچىلىك قىلىۋاتىدۇ، يامان ئادەملەرنى تولۇق قېزىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، تەسلىمچىلىك ئىدىيىسىگە، زۆرۈر تېپىلغاندا، تەسلىمچىلەرگە قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك...

ۋاڭ دۇيجاڭ مەجلىسخانىنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەنلا يېرىدىكى قاتتىق ئورۇندۇقتا سۇغا پىچىلغان توخۇدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. تەسلىمچىلىك توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر يۈرىكىگە ئوقتەك بېرىپ تەگدى، ئۇ ئەندىككەندەك بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈۋىدى، غەزەپتىن پۇچۇلۇنۇپ چالا كۆيگەن پور كۆتەكتەك قارىداپ ئولتۇرغان چوتكىباش جۇرېن شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يىرتقۇچ مەخلۇقتەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ۋاڭ دۇيجاڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزى توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى.

تەسلىمچىلىك دېگەن بۇ قورقۇنچلۇق "خاتالىق"نى سادىر قىلىپ "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا قولغا كىرگۈزۈۋالغان ھوقۇقتىن — لىيەندىكى ئادەتتىكى مۇلازىمەتچىلىكتىن سىياسىي كومىسسارلىققا كۆتۈرۈلگەن رەھبەرلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قىلىش خەۋپى ئۇنى ھەقىقەتەن ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. "ئاق، مەن ھەرگىز تەسلىمچىلىك قىلمايمەن"، ئۇ چوتكىباش جۇرېنغا كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ، گويا ھېچنېمە سەزمىگەن كىشىدەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاشنى داۋام قىلدى، "رەھبەرلىك ئورنىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىمگە ھازىر لىيەندۈيدە قارشى تۇرغۇچىلار ئاز ئەمەس، ئۇلار تەسلىمچى قالپىقى كىيىپ قېلىشىمنى، ئابرويسىزلىنىشىمنى قارشى ئالىدۇ، بۇنى دەستەك قىلىپ قايتۇرۇپ ھوقۇق

تارتىۋالىدۇ، ھوقۇقتىن ئايرىلغىنىم ئۆلگىنىم، ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى تەسلىمچىلىك قىلماي ئۆلتۈرۈشكە رازىمەنكى، ئۆزەمنىڭ ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قىلىشىمنى كۆرۈشنى خالىمايمەن...

يىغىن كەچ تارقالدى، ۋاڭ دۈيجاڭ تەقەززالىق بىلەن ئىجازەت كۈتۈپ تۇرغان كىشىدەك "يىغىن تامام" دېيىش بىلەن تەڭلا ئورنى-دىن قوزغىلىپ ھويلىغا چىقتى، ئۇ يىغىندا ناھايىتى رەھىمسىز كۆرۈنگەن چوتكىباش جۇرېن بىلەن يۈزمۇيۈز كۆرۈشۈپ قېلىشنى، سۆھبەتتە بولۇشنى خالىمايتتى، لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى، غىپپىدە كېتىۋېلىش كويىدا باغلاقلىق ئات تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقاندا، چوتكىباش جۇرېن كەينىدىن چىقىپ ۋارقىراپ قالدى.

— لوۋاڭ، ھەي لوۋاڭ، نەگە ماڭدىڭىز، قايتىشقا نېمانچە ئالدىرايسىز؟

ۋاڭ دۈيجاڭ كەلگەن يېرىدىلا توختىدى.

— قاراڭ، بۇ كىشىنى نەقەدەر ئېچىندۇرىدىغان ئەھۋال-ھە، — چوتكىباش جۇرېن ئالچاڭلاپ كېلىپ يېنىدا توختىغاندىن كېيىن، چوققا چېچىنى قاشلاپ داۋام قىلدى، — تور يايغىنىمىزغا بىر ئايدىن ئاشتى، ناھىيە بويىچە بىرمۇ ئەكسىلئىنقىلابچى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى، ئىش مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا...

چوتكىباش جۇرېننىڭ ھورى بېسىلغان، باياتىن بېرىقى ئەسەبىي-لىكتىن ھېچنېمە قالمىغاندى.

— مېنىڭچە ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكى، مۇرەككەپلىكىگە بولغان تونۇش يېتەرلىك ئەمەس، — دېدى چوتكىباش جۇرېن گەپنى سالماق قىلىشقا تىرىشىپ، — بەزىلەر ئادەتتىكى ئىش سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، "ئالغا"دىن يوچۇق ئېچىپ، يامان ئادەملەرنى

ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جىددىي باستۇرۇشتا ئۈلگە كۆرسىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— سىز بۇ گەپنى "ئالغا"غا مېڭىش ۋاقتىدىمۇ ئېيتقان، ياخشى ئىشلىيەلمىدۇق، بۈگۈن يىغىندا باشقىلارنى تەنقىتلىگەندەك مېنى تەنقىتلىمىگەنلىكىڭىز تەسىرلەندۈردى.

— تەنقىتلىمىگەنلىكىم ئىشەنگەنلىكىم، ياخشى كۆرگەنلىكىم، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنى خەقنىڭ ئالدىدا چۆكۈرۈش ئۆز-ئۆزىگە پىچاق ئۇرۇش بىلەن باراۋەر.

— رەھمەت لىيۇ جۇرېن، ئەمدى چوقۇم تەلەپ بويىچە ئىشلەيمەن.

— بەزىدە خىزمەتنىڭ ياخشى ئىشلەنمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ، بايىمۇ ئېيتتىم، بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدا سەۋەب پەقەت بىر — دۈشمەنگە بولغان سىنىپىي ئۆچمەنلىك يېتەرلىك ئەمەس.

— توغرا — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ جىنايەتچىدەك بېشىنى ئېگىپ، — بىز ئۆچمەنلىك پەيدا قىلالمىدۇق.

— مەن ئۆچمەنلىك دېگەن بۇ گەپتە ئۆزىمىزنى كۆزدە تۇتىمەن. مۇھىمى رەھبەرلىكتە، سىز بىلەن بىزدە ئۆچمەنلىك بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىز بۇ جەڭدە غەلىبە قىلالمايدىغان بولساق... ھىم... ئۆزىمىز ئوتنىڭ ئىچىدە قالىمىز.

— دۇرۇس، لىيەندۈيدە ھازىرغىچە تىغ ئۇچى ماڭا قارىتىلىۋاتىدۇ.

— ھوقۇق تارتىۋالدۇق-تە، تەن بەرگىنى يوق، ۋەزىيەت تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ باستۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ھوقۇق قايتا

قولىغا چىقىدىغان بولسا...ھەم، سەۋەنلىكتە يول قويغان بولسىمىز جومۇك.

— ئەگەر شۇنداق بولسا، خەلقنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ قالىمىز، ئاھ، نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئىش بۇ؟!

ۋاڭ دۇيجاڭ چوتكىباش جۇرېن بىلەن خوشلىشىپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراپ ئاتلىق كېتىۋاتقاندا، كۆڭلىدە يەنە بىر قېتىم ۋەھىمە پەيدا قىلغان گەپ-سۆزلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ ماڭدى. ناھىيە بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانى ئوتتۇرىسىدىكى شۇنچە ئۇزۇن مۇساپەدىكى سەپەردە ئۆزى بىلەنلا بولۇپ، گەپ قىلماي شۈك بولۇپ كېتىۋاتقان دۇيجاڭنىڭ كاللىسىدىكى سىردىن ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتقان ئىككى خەلق ئەسكىرىنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

ۋاڭ دۇيجاڭ ئەتىسى ئورنىدىن ئېغىر تۇردى، تولۇق بىر كۈن داۋام قىلغان دوكلات يىغىنىدىكى جىددىي كەيپىيات، ئۇزۇن يولنى سوكۇلداپ ماڭغان ئات ئۈستىدە چارچاش، كېچىدىن بېرى ئارام بەرمىگەن ئاچچىق خىيال، ئۆز-ئۆزىدىن غەزەپلىنىپ ئۇنىڭ قىزىل قولتۇق پاققىدەك قورساقلىرى تارتىشىپ تۇرغان ئاۋاق گەۋدىسىنى بوشۇتۇپ، گويا ئۆگە-ئۆگىلىرىنى ئاجرىتىپ، ئاپتاپتا قاغجىرىغان كۆتەك ھارۋىدەك شالاقلىتىۋەتكەنىدى. ئۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ، چىبەرقۇت خەينى پۇتىغا قوڭالتاق سېپىپ، يۇيۇنۇش ئۈچۈن ياتاق ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ياغاچ جازا ئۈستىدە تۇرغان داسنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ئاخشام يېتىش ئالدىدا ئادىتى بويىچە پايپاقنى يۇيۇپ، داسنىڭ ئۈستىدىكى ئاسقىغا ئېسىپ قويغانىدى. داستىكى يۇندىنى تۆكۈۋېتىش ئېغىر كەلگەنگە ئوخشاش، ئۇيقۇسىزلىق ۋە پەرىشانلىقتىن بولسا كېرەك، يۇيۇنۇش ئۈچۈن كىرلىرى ئاستىغا تىنىپ

قالغان يوندىغا ئېگىشكەنلىكى خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى، سەۋەنلىك ئۇنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق تېرىكىشكە ئېلىپ كەلدى. دۇيجاڭ لۆڭگىنىڭ ئورنىغا پايپاقنى سۇغا چىلاپ يۈزىگە سۈرتتى-دە، بىردىن غەزەپلىنىپ پاق قىلىپ يەرگە تاشلاپ، ئاندىن گويا يىرتقۇچ مەخلۇقنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالغان بالدەك غال-غال تىترەپ تۇرۇپ قالدى.

ناشتىدا ئۇنىڭ گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. ۋاڭ دۇيجاڭ ياماق چۈشكەن كونا كىيىم، لاتاخەي كىيىپ، خەلقئالەم ئالدىدا ئۆزىنى ئاددىي كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغىنىنى بىلەن يېمەك-ئىچمەكتە ئېسىل تۇرمۇش كەچۈرەتتى. تەشۋىقات دۇيىنى باشلاپ "ئالغا"غا كەلكەندە، تەشكىل قىلىنغان كوللېكتىپ ئاشخانىدا دۇيجاڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئۆي ئاجرىتىلدى، ئۇچ ۋاخ ئەڭ ئېسىل تاماق تەييارلىناتتى. ناشتىدا ئۈستىگە قوم شېكەر سېپىلگەن مىتاڭغىمۇ، مايلىق پورچاق، خاسىڭ، ھەسەل، سېرىق ياققىمۇ نەزەر سالمايتتى، چىڭجاڭغا چىلانغان پىيازنىڭ پوستىدەك قىزىل ئىككى تۇخۇم تاماق جوزىسىغا بىھۇدە كەلتۈرۈلگەندەك تەسرات پەيدا قىلىپ تۇراتتى، ئۇ ئېچىغان دۇپۇ سۈركەپ مومىدىن بىر-ئىككى چىشلەپ، زورىغا يۇتتى-دە، ياتاققا چىقىپ، پۆكىنىنى جوزىغا تىرەپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئىشىك چېكىپ، ئىجازەت ئېلىپ ياتاققا تۇرسۇن بوران كىرىپ كەلدى.

— سائەت نەچچە بولدى، ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ — دېدى ۋاڭ دۇيجاڭ ئاغزىدىكى تاماكا ئىسىنى پۈلەپ چىقارغاندىن كېيىن، — ئىش شۇنچە ئالدىراش تۇرسا، نەدە قاڭقىرىپ يۈرۈيسەن؟

دۆيجاڭنىڭ تاتىرىغان يۈزىگە قاراپ تۇرسۇن بوران دوكلات يىغىنى ئانچە كۆڭۈللۈك ئۆتمەيتۇ دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— يىغىندىن كەچ قايتقانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپتۇق، ئارام ئېلىپ، بىرئاز ئۇخلىسۇنمىكىن دېۋىدىم.

— ھازىر قانداق ۋاق بىلەمسەن؟ ليو جۇرېن بىزگە ئۇخلاشقا ۋاقت تەستىقلەپ بەردى، دەپ ئويلىدىڭمۇ؟

— يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

— بىز ئۇخلىغان بىلەن دۈشمەن سەگەك، "ئالغا"دا يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئىسپاتلىغانىدەك، ئۇلار ئاستىرتىن جىددىي قۇترىماقتا — دەپ داۋام قىلدى ۋاڭ دۆيجاڭ دوكلات قىلىش يىغىننىڭ مەزمۇنىدىن قىسقىچە بىشارەت بەرگەندىن كېيىن، — قىزىل ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەيمەن دەيدىكەنمىز، بىخەستلىك قىلماي، تىغمۇتىغ ئېلىشىشىمىز، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇشىمىز كېرەك.

"ئالغا"دا "ۋەقەلەرگە چېتىشلىقى بار" دېيىلگەن كىشىلەرنى كېچىسى ئۇشتۇمتۇت تۇتقۇن قىلىش ۋە ھەربىرىنى ئىككىدىن خەلق ئەسكىرى يالاپ جازا قوراللىرى بىلەن تولۇق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئايرىم خانىدا ئىنسان قىلىپىدىن چىققان قاباھەتلىك ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ سوراق قىلىش ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى، سوراقنى ۋاڭ دۆيجاڭ ئۆزى ئېلىپ باردى. "مەھبۇسلار" ئەتىگەندىلا ئىشىك تۈۋىگە ئەكىلىپ قاتار تىزىپ قويۇلدى، ۋاڭ دۆيجاڭ ئۇلاردىن بۇرۇن سوراقخانىغا بېكىنىۋېلىپ سوراق ئۈستىدە لازىم بولىدىغان جازا قوراللىرىنى بىر-بىرلەپ كۆزدىن كەچۈردى، ئۇنىڭ غەزەپكە تولغان كۆزلىرى غالجىر ئىتنىڭكىگە ئوخشاش

قىزارغان بولۇپ، يۈرىكى پوكۇلداپ تىترەپ تۇراتتى. بىرپەستە، "مەھبۇسلار" بىر-بىرلەپ ئالدىمغا كىرگۈزۈلسۇن، دەپ ئاچچىق چىرقىرىدى، دويجاڭنىڭ چىرقىرىشىدىن ئۆينىڭ ئىچى تىترىگەندەك قىلدى.

## 3. سېھىرلىك ئويۇن

ئالىم ئاخىردىراق سوراق قىلىندى. ئۇ، قەدەم بېسىپ بوسۇغىدىن ئۆتۈش بىلەنلا ئىشخانا ئىچىدىكى ئالامەتنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئىشخانا ئىچى، تام-تورۇسلار، ھەتتا قالايمىقان چېچىلىپ تۇرغان جازا قوراللىرىغىچە قانغا قىپقىزىل بويالغان بولۇپ، ۋاڭ دۇيجاڭ قان قوللىرىنى جەينىكىگىچە شىمايلاپ، گويا ھاردۇق يەتكەن ئادەمنى ئەسلىتىپ، لۆم-لۆم ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

— بۇ ئىككىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، — دېدى ۋاڭ دۇيجاڭ ئالىم كىرگەندە ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ، — مېنىڭ ئالدىمدا جىنايىتىڭنى تولۇق ئىقرار قىلىپ، يېڭىدىن ئادەم بولۇشنى خالامسەن، يوق؟

ۋاڭ دۇيجاڭ ھورىدىن بىرئاز چۈشكەندەك كۆرۈندى، گەپ-سۆزلىرىمۇ باياتىن بېرى ئىشكىنىڭ كەينىدىن ئاڭلانغاندەك ئۇ قەدەر بەت-بەشەر ئەمەس ئىدى. ئالىم غەزەپتىن ھۆرپىيىپ، لىپىلداپ تۇرغان توم قاشلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ مىختەك سانجىلىپ قاراپ ئىككى قولى بىلەن جوزىنىڭ گىرۋىكىدىن تۇتۇپ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئادەم سىياقىدىكى مەخلۇقنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنى



ئۇرۇپ سوراق قىلىپ ئۇبدانلا ھالسىزلانغانلىقىنى پەملەپ يەتتى.

— شۇنداق، — ئالىم ئۆزىنى توختىتىپ، تەمكىن ئاۋازدا ئېيتتى، — ياخشى پۇرسەت، ئوچۇق-يورۇق پاراڭلىشايلى، دۆيجاڭ مېنىڭدىن قانداق جىنايەتنى بىلمەكچى بولدىكىن؟

— "ئىشتانىغا چىققان كۆكۆلگە تايىنىلىق"، قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى ئۆزەڭ بىلىسەن.

ئانداق بولسا جاۋاب ئېيتىق، — ئالىم زەردە قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى، — جىنايەت سۆزى ئادەمگە قاراپ ئىشلىتىلمىدى. پېقىر ئۆزىنى ھەرقانداق سەۋەنلىكتىن پاك ھېسابلايدۇ.

ئىشخانىدا "مەھبۇسلار"نى يالاپ ئەكىرگەن خەلق ئەسكەرلىرىدىن باشقا، تام تۈۋىدىكى ئۇزۇن بەندىڭدە بىرنەچچە چاپارمەن سوراققا ياردەملىشىپ، يەنە بىر جەھەتتىن ۋاڭ دۆيجاڭدىن "كۆرەش" تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، ئوتتۇرىدىكى گەپ-سۆزلەرنى زەڭ قويۇپ تىڭشاپ قاتار تىزىلىپ ئولتۇراتتى. ئالىمنىڭ كەسكىنلىكى ۋە غۇرۇرلۇقى ۋاڭ دۆيجاڭنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى: مانا نەق ئۆزى، تېخى نىيىتىدىن يانمىغان، باشقىچە ئۇسۇل بىلەن سۆزلىشىش كېرەك، گەپتە ئىلىنىپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويسا ئەجەب ئەمەس.

لېكىن تۇرسۇن بوران ۋاڭ دۆيجاڭنىڭ خىيالىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

— ھەي، سەن پەيمانى توشقان ئادەم، — ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ چالۋاقاپ كەتتى، — بېشىڭغا چىقىسەن، تىلىڭنى چاينىماي تۈزۈك گەپ قىل.

— تۇرسۇن، ئالدىرىما، ئالىم ئوقۇغان، ياخشى-يامانىنى پەرق قىلىدىغان ئادەم، — دېدى ۋاڭ دۆيجاڭ بىردىن ئۇنىڭ سۆزىنى

بۆلـۈپ، ــ بىز بۇنىڭ بىلەن باشـقىچە سۆزلىشـمىز، قېـنى، يەنە قانداق گېپىڭ بولـسا قورقماي ئېيتىۋەرگىن، ــ ئۇ ئەمـدى ئالىمـغا قاراپ داۋام قىلدى، ــ مەمەدانلىق قىلساڭ زىيان تارتىپ قالسەن، سەممىي بولغىنىڭ ياخشى، سېنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايـلى، "ئالغا" نىمۇ سەۋەنلىكتىن پاك ئورۇن دەپ ئېيتالامسەن؟

ــ بايا مەن ئۆزەم توغرىسـىدا توختالـغانـىدىم، ــ دېـدى ئالىم باشتىكى ۋەزىيـىتىنى ئۆزگەرتـمەي كەسكىنـلىك بىلەن، ــ "ئالغا"غا كەلسەك، بۇ يەرنى پاك دەپ ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ.

ــ ھەببەللى، ئەمدى ئەقلىڭگە كەلدىڭ، ــ دۈيجاڭنىڭ ھارغىن-لىقـتىن لاي سۇنىڭ ئىكـكى تال تامـچىسـىدەك پىلدىـرلاپ تۇرغان خۇنۇك كۆزلىرىـگە جان كىـردى، ــ بىزمۇ "ئالغا"نى چۇشەنـمەي، ئەھۋال ئىگەللىمەي كەلگىنىمىز يوق. قېـنى "ئالغا"دىـكى پاسكىنچى-لىقلارنى بىر باشـتىن سـۆزلە، قانـچە كـۆپ، قانـچە چوڭـقۇر پاش قىلساڭ ئۆزەڭگە شۇنچە ياخشى.

ئالىمـنىڭ كۆكـرىكى دەريا ئۆركـشـىدەك بىر كۆتۈرۈلۈپ-بىر چۆشۈپ تۇراتتى.

ــ "ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىنلىق"، ــ ئالىم ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ سۆزى بىلەن جاۋاب بەردى، ــ ھازىر "ئالغا"دىكى جىنايەت ئىزلىرى ھەممىدىن بۇرۇن دۈيجاڭغا مەلۇم، تەشۋىقات دۈيى قەدەم قويغاندىن بۇيان... دۈيجاڭ ئېغىر جىنايەتكە بوغۇلۇۋاتقانلىـقىنى راستىنلا ھېس قىلمامدىغاندۇ؟

ــ ھەي ئەكسىيەتچى، ــ ئالىمـنىڭ مەردانـلىقى تىلىغا تەگـدى ئېھتىمالـىم، تۇرسۇن بوران كورۇك توخـۇدەك ئېـتىلـىپ ئالـدىـغا كەلدى، ــ تەشۋىقات دۈيى ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتىدۇ، نېمە

دەپ جۆيلۇۋاتسەن.

ــ جۆيلۇمىدىم، ئەس ـ هوشۇم جايىدا.

ــ ئاغىزىڭنى يۇم مۇتتەهەم، زەهەر چاچما.

ئالىم بۇ گەپكىمۇ تېگىشلىك جاۋاب بەرگەن بولار ئىدىيۇ، شۇ ئەسنادا تۇرسۇن بوران جوزىنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچ قىرلىق سىم قامچىنى قولىغا ئېلىپ "تارس" قىلىپ يۈزىنى يېرىۋەتتى. خەلق ئەسكەرلىرى تۇرسۇن بوراننىڭ هەرىكىتىنى گويا بۇيرۇق بىلدى، ئۇپۇر ـ توپۇر بولۇشتى، تۆڭلۈكتىن ساڭگىلاپ تۇرغان تاننىڭ بىر ئۇچىنى ئالىمنىڭ قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ كۈچ بىلەن تارتتى. ئالىم يەردىن بىر مېتىر كۆتۈرۈلۈپ دۈيجاڭنىڭ ئالدىدا ساڭگىلاپ ئېسىلىپ تۇردى.

ئەمما نېمە ئۈچۈندۇ ۋاڭ دۈيجاڭ تۇرسۇن بوراننىڭ ئىشنى ماقۇل كۆرمەي، ئالىمنى ئېسىقتىن چۈشۈرۈۋەتتى.

ــ تۇرسۇن، بۇ قانداق قىلىق، مەن ساڭا ئاس، ئۇر دەپ ئېيتتىممۇ، ــ ۋاڭ دۈيجاڭ دېمى يەتمىگەن ئادەمدەك گەپنى ئۈزۈپ سۆزلەپ جوزىنى ياقىلاپ ئالدىغا ئۆتتى، ــ بايقىلار باشقا گەپ، ئوقۇمىغان قارا تۈرۈك ئادەملەر، ئۇلار پەقەت تاياقنىڭ زۇۋانىنى چۈشىنىدۇ، ئالىم ئۇنداق ئەمەس، ئۇ مەسىلىنى سۆزلەشكە ئۆتكەن. بەزىلەر جىنايىتىنى بوينىغا ئېلىپ ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇرىدۇ، بەزىلەر قارشىلىق كۆرسىتىپ ئەكسىيەتچى مەيدانىنى شەرهىلەش يولى بىلەن ئۆزىنى ئاشكارا قىلىدۇ. ئالىم كېيىنكى يول بىلەن جىنايىتىنى ئىقرار قىلماقچى ئىدى، سەممىيىتىنى پەرق قىلالمىدىڭ، هەي، دۆت، قاپاقباش، ئاپاك بۆشۈكتە تولا تەۋرىتىپ مېڭەڭ چايقىلىپ كەتكەن نېمە ئوخشىماسەن!

كەچ كىرىپ نامازشام ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئالىم ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسىدىن يالغۇز قايتىپ چىقتى. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئادەتتە ئىشتىن چۈشۈش بىلەنلا جانلىنىپ كېتىدىغان ئاۋات كوچىلىرى ئادەملەردىن پۈتۈنلەي خالى بولۇپ، كوچىدا ئويناپ يۈرگەن بالا ياكى پادىدىن ئايرىلىپ ئەنسىز مۆرەپ كېتىۋاتقان بىرەر-يېرىم موزاي-توپاقنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايتتى.

بۈگۈن سوراق ئۈستىدە ئالىمغا تەسىر قىلغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولدى. ئۆزى ئۈستىدە يولۇقۇپ باقمىغان تۆھمەتلەرنى ئاڭلىدى، ئەمما ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغىنى ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ ئاتالمىش يامان ئادەملەر ئالدىدا غالچى تۇرسۇن بۇراننى ئەيىبلىشى، چۈكۈرۈشى بولدى، شۇ مىنۇتتا دۇيجاڭنىڭ ئالدىدا تۇرسۇن بوران ئەمەس، بەلكى ئالىم ئەتىۋارلىق ئادەمدەك تەسىرات پەيدا قىلغانىدى. سوراقتىن كېيىن دۇيجاڭنىڭ ئايرىم سۆزلىشىپ، تۇرسۇن بوراننىڭ قاملاشمىغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سورىشى بۇ تەسىراتنى تېخىمۇ چىڭگىشلەشتۈرۈۋەتتى.

— ئالىم سەن رەنجىمە، تۇرسۇن بۈگۈن يولسىزلىق قىلدى، — دېدى دۇيجاڭ ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرۈپ، — يامان ئادەملەر بىلەن بىر كېچىككە كىرىپ قالغانلىقىڭنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىمىز، بېشىڭدىن كۆپ ئىشلار ئۆتتى، ئازار يېدىڭ، بولمىسا سەن ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس. تاپشۇرساڭلا سۈرۈشتە قىلمايمىز، ئۇچرىغاندىن تاياق يەپ يۈرمەيسەن.

ئالىم ئويلىمىغان بۇ مۇئامىلىنىڭ چىڭگىشىنى بېشەلمىگەندەك، دۇيجاڭنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ دېدى:

— ھەممە گەپنى ئېيتىپ بولدۇم، جىنايەت ئۆتكۈزگىنىم يوق.

— بۇپتۇ، بۇگۇنچە كەڭچىلىك قىلىپ تۇراي. ئۇيغۇرلاردا "كېسەل پاتمانلاپ كىرىدۇ، مىسقاللاپ چىقىدۇ" دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھۆكۈمەتتىن رەنجىگەندە تەگكەن كېسەل. ياخشىراق ئويلاپ تېنىڭدىن چىقىرىۋەت.

ئالىم چىگىش خىياللار ئىچىدە گاڭگىراپ ئاستا بېسىپ ئۆيگە كەلدى. رازىخان كۆز ياشلىرى بىلەن يۈزىنى يۇيۇپ، كىچىككىنە دىلدارنى پۈتىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ بېشىدىن سىلاپ سۆپىدا ئولتۇراتتى، نامازشام قاراڭغۇسى بولغانلىقتىن، ئەر-خوتۇن بىر-بىرىدىكى ئۆزگىرىشنى سەزمىدى. رازىخان ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى-دە، ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى.

— ۋىيەي، يۈزىڭىز قان... نېمە ئالامەت بۇ؟

— زوۋال ۋاقتىدا يىغلاپسەنغۇ، ئۆزەڭگە نېمە بولدى، — دېدى ئالىم يېنىشلاپ سوئال قويۇپ.

— تېخى ئالدىڭىزدىلا زىيالىي قىز مەغپىرەت كىرىپ چىقىپ كەتتى، — دېدى رازىخان ئالىمنىڭ يۈزىنىڭ قانىشىدىكى سەۋەبىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — بۇ يەردە ئۆيى يوق ئەمەسمۇ، ئاچچىق-چۈچۈك ئاش ئىچكۈسى كەلگەن چېغى دەپتىمەن. "كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا"، سىزگە ئېيتماي بولمىدى، ئالىم ئاكام... دېمەسمۇ، — ۋاي شۇم ئېغىز، قورقۇپ ئۆپكەم بوغۇزۇمغا تىقىلىپلا قالدى، مېنى ئاتام كۆرمىگەن شەھەرلەرگە ئەكىلىپ ئەسكى ئىش قىلىپ يۈرمىگەنسىز؟

— مېنىڭ ئۇستۇمدىكى سوراق ھېلى ئاخىرلاشتى، سەن ئۇنىڭغا نېمە دېدىڭ؟

— بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە ئاكىڭىز ئۆز ھالى بىلەن دېسەم گەپكە

كىرەمدىغان، ھەدەسىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، يوقسۇل تۇل خوتۇننىڭ قىزى ئىكەنسىز، ئالىم ئاكام ئېغىر خاتالاشقان ئادەم، خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆزىنى ئاقلىۋالسا ياخشى ئەمەسمۇ، تارىختا بۇنداق ئادەملەر بولغان، سىزمۇ چۈشەنسىدۇرۇڭ، ياخشىراق پاش قىلسا، خىزمىتى ئەسلىگە كېلىدۇ، مۇكاپاتلىنىدۇ، دەيدۇ.

ئالىم گەپ قىلمىدى، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىشمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ، ئۆزىنى كىچىككىنە سەگىتىش ئۈچۈن بىر جۈپ ياستۇقنى جۈپلەپ تورۇسقا قاراپ سوزايلىغاندا تېخى يېڭىلا ئىشخانىدا ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ ئۆزىنى كۆيۈنگەن قىياپەتتە كۆرسىتىپ: تېگىڭنى سۈرۈشتە قىلدىم، سەن بولساڭ بىر يوقسۇل كاسىپنىڭ ئوغلى ئىكەنسەن، كىم ئۈچۈن زەھەر يۇتۇۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ سەن ئۈچۈن بىزنىڭ جېنىمىز ئېچىشىۋاتىدۇ. ھەممىنى تاپشۇرۇپ سەپكە قايتىپ كەلگىن، دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك قىلدى.

ئالىم ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ "ئالغا"دىكى قاباھەتلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. دۈيجاڭ ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاچ يىرتقۇچنىڭ ئۆزى ئىدى. بۆرى ھەرگىز قويغا ئۆزگەرمەيدۇ، دۈيجاڭنىڭ ھېيلىسىدىن، ئويۇنىدىن سەگەك بولۇش كېرەك. ئۇ كۆيۈنگەن قىياپەتتە گەپ ئېلىپ قىلتاققا چۈشۈرمەكچى...

ئالىم بېشىنى ئىككى قولىنىڭ پەنجىسىگە ئېلىپ، چىراغ نۇرى غۇۋا پىلدىرلاپ تۇرغان تورۇسقا قاراپ يېتىپ، ئەنە شۇلارنى ئويلىدى.

# ئۈچىنچى باب

## 1. ئەستەر ئۆرۈش يىغىنى

تەشۋىقات دۈيىنىڭ "ئالغا"دا پالاقلىشى ئىككىنچى ئايغا قەدەم قويدى. بىگۇناھ ئادەملەرنى كۈرەش قىلدى، قىيىن-قىستاققا ئالدى. رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇپ، ھەتتا بەزىلەرنى مېيىپ قىلىپمۇ "گۇرۇھ" ئويدۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكتىن، ۋاڭ دۈيجاڭ تىپىرلاپ پۇتى كۆيگەن توخۇنىڭ كۈنىگە قالدى.

ۋاڭ دۈيجاڭنى ئەنسىرىتىدىغىنى تورنى قۇرۇق يىغىۋەتكەنلىكى ئەمەس ئىدى. ئوت قويغان، ئوغرىلىق قىلغان، ساليوت ئېتىپ ئەكسىلئىنقىلابىي ئالاقە باغلىغان زادى كىم؟!

سوراق جەريانىدا، ئۇ شۇنى ھېس قىلدىكى، "ئالغا"دا ئادەملەر نېمە دېسە خوش-خوش دەپ بوينىنى ئېگىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان بوزەكلەردىن ئەمەس ئىكەن. گۇرۇھ ئويدۇرۇش ھازىرقىدەك قاتمال ھالەتتە تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ "ئالغا"دا يالغان ۋەقە پەيدا قىلغان جىنايى شۇملۇقلىرى پاش بولۇپ قېلىشى، چاۋىسى چىقتا يېيىلىشى، خەلق قوزغىلىپ كۆتىگە تېپىپ قوغلىۋېتىشى مۇقەررەر!

ئۇ يولىيورۇق سوراپ "ئالغا" بىلەن ناھىيە ئوتتۇرىسىدا كەچە چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك توختىماي قاتنايتتى. چوتكىباش جۇرىن



بىرىنچى قېتىم يولـيورۇق بەرگەنـدە، تاياق بىلەن زوۋانـغا كىرگۈ-
زۈشنى ئېيتتى.
ــ بەزىلەر گوڭچەنـداڭ ئادەم ئۇرمايـدۇ دەيـدۇ، بۇ يالـغان،
بۇرمىلانغان سـۆز، ــ دېـدى چوتكىـباش جۇرېن جىـددىي تەلەپ-
پۇزدا، ــ گوڭچەنـداڭ ياخـشى ئادەمـنى ئۇرمايـدۇ، يامان ئادەمنى
ئۇرىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ. ئىنقىلاب قىلىۋاتقان ئىكەنمىز، قان تۆكۈشـتىن
قورقماسلىق كېرەك.
ئالىمغا "رەھىمدىللىك" قىلىش قان تۆكۈشتىن نەتىجە چىقمىغاندىن
كېيىنكى ئۇسۇل ئىدى. بۇ ھىيلە چوتكىباش جۇرېنـنىڭ كۆڭلـدىكى
ئىش بولۇپ چىقتى.
ــ ۋۇي، قالتىسقۇ سىز، كاللىڭىز ئىشلەيدىغان ئادەم جۇمۇڭ، ــ
دېدى چوتكىباش جۇرېـن ۋاڭ دۈيـجاڭدىن خۇشال بولۇپ، ــ بىر-
نەچچە ئادەمنى كەينىگە سېلىپ ياغلىما گەپ دېگەننى ياغدۇرۇۋېتىڭ،
كېچىسىمۇ ئۇخلاتماڭ، مەنسەپ، ئەمەل ۋەدە قىلىڭ، كۆزـچە قىزىل
تىزىنى تاراقلىتىپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ، قارچىغا دېگەن ياۋايـى قۇشنى
قولغا كۆنـدۈرگەنـمۇ قىرغاۋۇلـنىڭ بىر چىشـلەم گۆشى. مەنـپەئەت
دېگەن كىمنى يولدىن چىقارمىغان دەيسىز.
ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ يۇمشاق ۋاسىتىسى قارا نىيىتىنى ئەمەلـگە ئاشۇ-
رۇشقا ياردەم بېرەلمىدى. بەزىلەر سۈيىقەستنىڭ تېگىگە يېتىپ:
ــ قانداق نېمىسەن، يوقال كۆزۈمدىن، قولۇڭدىن كەلسە ئاتتۇ-
رۇۋەت، مەن ئۇنداق ئىش قىلمىدىم، ــ دەپ يېنىشتى.
ۋاڭ دۈيجاڭ پۈلنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىماۋازغا ئوخـشاش سولتى-
يىپ، ئەقىل سوراپ ئاش ۋاقتىلار بىلەن يەنە چوتكىباش جۇرېنىڭ
بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى.

چوتكىباش جۇرېن ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئىشخانىدا تەنها بولۇپ، تېلېفوندا كىمدۇ بىرىنى قاتتىق سۆكۈپ سۆزلەۋاتاتتى:

— ئىككىنچى مېنىڭ ئالدىمدا تىلىڭنى چاينىما، ھېچقانداق ئامالىڭ قالمىدىمۇ؟ كومىتېت مۇدىرى ئىمىش، قاپاقباش!

جۇرېننىڭ دوغۇرساقتەك كۆپۈپ تۇرغان سېمىز گۆشلۈك يۈزى ئاچچىق تەرگە تولغان، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيگەن بولۇپ، گەپ ئارىلىقىدا كۆرۈپ قالمىغان بولسا شۇ مىنۇتتىكى ياۋۇز تەلەتىدىن قورقۇپ، ۋاڭ دۈيجاڭ بوسۇغا تۈۋىدىن قايتقان بولاتتى.

— نېمىكە يېتىرقاپ تۇرىسىز، قېنى بۆلۈمگە كىرىڭ، — دېدى چوتكىباش جۇرېن گېپىنى تۈگىتىپ تۇرۇپكىنى ئورنىغا قويغاندىن كېيىن، — نېمە بولدى، يەنە كەپسىزغۇ؟

— لېۇ جۇرېن ئەھۋال يېتىر، قاملاشتۇرالمايۋاتىمىز.

— ئىقرار قىلىشمىدىمۇ؟

— پاھ بۇنداقمۇ جاھىل بولارمۇ، — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ، — بىر قۇچاق كالتەك سۇنۇپ پارچىلىنىپ كەتكۈچە ئۇردۇم، ياخشى گەپتىن يالغۇز ئۆزەملا ئىككى تاغار قىلدىم، مەنسەپنىڭ بىر ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇپ سۆزلەشتىم...

بو گەپ چوتكىباش جۇرېننىڭ سەپراسىغا تەگدى. ئۇ يېڭىلا قايسىبىر گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرىدىن شۇنىڭغا ئوخشاش گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق چىچىلغانىدى.

لېكىن بۇ ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئەھۋال، تېرىكىش، ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ ئۆلۈۋېلىشمۇ جانغا تاشتەك پېتىپ تۇرغان قاتماللىقنى بۇزۇۋېتىشكە ياردەم بېرەلمەيتتى. چوتكىباش جۇرېن گويا ئەنە

شۇنداق ئۇيلىدى. ئۇ ھورىنى بىسىپ، يۈزىدىكى تەرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ (گاڭگىرىغاندا قول ياغلىقى ئىسىغا كەلمىدى)، گەپ قىلماي قانتۇرۇپ قويغان ئاتتەك بېشىنى كۆتۈرۈپ خىيال سۈرۈپ بىرپەس تۇردى.

ئالمىنىڭ ئاتلىرى تۇرىدىغان لاپاستا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۈزۈلمەي ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان "دەرد-ئەلەمنى ئەسلەش، راھەت-پاراغەتنىڭ قەدرىگە يېتىش" يىغىنى چوتكىباش جۇرىن مۇشۇ خىيال سۈرۈشتىن ئويلاپ تاپقان يەنە بىر ھىيلە-مىكىر.

— يىغىننى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇڭلار — دىدى چوتكىباش جۇرىن ئۇششاق ئىشلارغىچە ئىنىق يولىيورۇق بىرىپ، — بۇ سەپەر قاملاشتۇرالمىساڭلار ئىش چاتاق، سىلەر بىلەنمۇ باشقىچە گەپلىشىشكە توغرا كىلىدۇ.

— ئۇقۇشماي ئىش تىرىپ قويۇپتۇق، — دىدى ۋاڭ دۈيجاڭ "ئالغا"دا پەيدا قىلغان ۋەقەلەرنى ئەسلەپ، — قاملاشتۇرالمىساق، ھىم ...گەپنىڭ يوغىنى شۇ چاغدا چىقىدۇ-دە...

ئوت كىتىش ۋەقەسىدىن كىيىن لاپاس تۈزەشتۈرۈلمىگەنىدى. كۆيۈپ قارىداپ بىر ئۇچى تامنىڭ ئۈستىدىن سىرىلىپ چۈشكەن لىم ياغاچلار، چالا كۆيۈپ قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان بىدە-پىچەنلەر كونا جەمئىيەت خارابىلىرىنى ئەسلىتىپ، ئات ئايىغىدىكى سىسىغان چىلىگە ئوخشاش كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئاچچىق تىگىپ تۇراتتى.

كۈن چۈش بولدى، كۆزىنىڭ يىشىنى، بۇرنىنىڭ پوتلىسىنى ئىقتىپ ئۆتمۈشتىن دەرد توككەن شىكايەتچىلەرنىڭ سۆزى ئاخىرلاشتى. بىر پەستە ئەسلەش تامىقى — كىپەك ئۈمىچى يوغان داس-چىلەكلەردە يىغىن ئورنىغا كەلتۈرۈلدى. ئىنقىلابىي ئاما

ئوچۇقچىلىقتىكى قىغ دۆۋىسىنى تولدۇرۇپ، "مەھبۇس"لار سىيىق لاپاسىنىڭ ئىچىدە، گويا شۇ كۆنلەردىكى راھەت-پاراغەتتىن مەسلىكى كېلىپ كۆز-كۆز قىلغاندەك، يېرىلغان قاش-قاپاقلىرىنى بىر-بىرىگە كۆرسىتىپ يەر تېگىدىن خۇپپىيانە قاراپ، كۆيگەن لىم ئۈستىدە تىزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئوماچنى كۆرۈپ ھەممىسى ئوپۇر-توپۇر بولۇشتى. ئالدىدىن تەييارلاپ يېنىدا تۇتۇپ ئولتۇرغان جاۋۇر-قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ لاپاس بىلەن قىغ دۆۋىسى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇققا قاراپ مېڭىشتى.

داق سۇغا چېلىنغان، توپا-قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان، كېپەكتىن باشقا ھېچنېمە قوشۇلمىغان تۇزسىز بەتتام ئۇماچ ئىچىش، ئۇزمەي بىر-نەچچە كۈن ئىچىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى شۇ يىللاردا ئۇماچ ئىچكەن ئادەم بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساختا قىيايەت كۆرسىتىپ ماختاپ ئىچىش، تامشىپ ئىچىش، بىرنەچچە جاۋۇر ئىچىش كېرەك، ئەجداد-لارنى ئەسلەش، ئۆتمۈش قىسمەتلىرىدىن كۆز يېشى قىلىپ سۆزلەش كېرەك، ئىنقىلابىي ئاما يامان ئادەملەرنىڭ يامانلىقىنى كۆرمىگەن-لىكىدىن ئەپسۇسلىنىشى، "مەھبۇس"لار ئاتالمىش يامانلىقىدىن ئۇماچتىن سەسكەنگەندەك سەسكىنىشى كېرەك!

بۇ بىمەنىلىكلەر تەسىر قىلدى ئېھتىمالىم، مەغپىرەتنىڭ ئوبىيكتى كېرىمجان تېخنىك دېگەن يىگىت ئۆچۈنچى كۈنى چۈشتە ئۇماچ ئىچىپ ئولتۇرۇپ بىردىن قايناپ سۆزلىدى.

— كۆپچىلىك، مەن ئازادلىقتىن كېيىن قىزىل بايراق ئاستىدا چوڭ بولغان، — دېدى ئۇ قىغ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە ۋەزخاندەك سۆز-لەپ، ئەجدادلارنىڭ ئالەمدىن قانداق ئۆتكەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ، ئەمما بىر ئىش ئېنىق: ئۇماچ ئىچىپ ئۆتسەكلا ئىلگىرىكىلەرنىڭ

روھى خۇش بولىدۇ، دېيىش ئۇچىغا چىققان كاززاپلىق!

ئەسلەش يىغىنىغا تۇرسۇن بوران رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. كېرىمجاننىڭ سۆزى تۇرسۇن بورانىغمۇ، ئۇستەلدىن بېشىنى كۆتۈرمەي* خاتىرە يېزىپ ئولتۇرغان مەغپىرەتكىمۇ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى. مەغپىرەت "ئاينىپ كېتىمەن"دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەندىن كېيىن"مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدىكى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۈچىسىغا ئاددىي رەختتىن ئىشتان-چاپان، ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چېچىنى قۇلىقىنىڭ ئاستىدىن قىرقىپ بېشىغا سېرىق شەپكە كىيىۋالغانىدى. يىگىتنىڭ تەلۋىلىكىدىن ئاچچىقى كېلىپ، ئاق پۇسما يۈزلىرى قىزىرىپ لاپپىدە ئوت ئالدى.

— كېرىمجان نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز، توۋا دەڭ، — دېدى قىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

— مەغپىرەت، گېپىمنى بۆلمەڭ، — يىگىت تىترىگەن قولى بىلەن ئۇماچ قاچىسىنى چىڭ تۇتۇپ، قىغ دۆۋىسىدىن چۈشۈپ، كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى، — مەن يېزا ئىگىلىك تېخنىكى، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى كېڭەيتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ماددىي پاراۋانلىق يارىتىش ئۈچۈن كەلگەن، ئۇماچ خاسىيەتلىك تاماق بولسا، "كۆپچىلىك، شال تېرىمەن، پولۇ ئېتىپ يەيمەن دېيىشكىچە بولماڭلار، ئاتا بوۋاڭنىڭ روھى قورۇندۇ، خاتالىشىسەن، "تاماقنىڭ ئاكىسى ئۇماچ" دەپ ئۆتۈشۈم كېرەكمۇ؟

ئاكتىپلار غۇدۇراشتى، يىغىن كەيپىياتى قالايمىقانلىشىشقا باشلىدى، ھېۋىز كۆزەتچى چاققانلىق بىلەن ھىيلە ئىشلىتىپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقمىغان بولسا، كېرىمجاننىڭ ئېغىر ئەھۋالدا قېلىشى

ئېنىق ئىدى.

— كېرىمجان سەۋەنلىك قىلدى، بىر دولۇققا ئەپۇ قىلىڭلار، — ھېۋىز كۆزەتچى بۇرۇتىنىڭ ئۇچىدىن چىمدىپ تۇتۇپ كۆپچىلىككە مۇغەمبىرانە قاراپ قويدى، — ئۆزەڭلارغا مەلۇم، مەن ئۆتمۈشتە ئېزىلگەن ئادەم، سۇغارغىلى ئېلىپ چىققان يەردە باينىڭ ئېتىنى قاچۇرۇپ قويۇپ تاياقتىن ئۆلگىلى تاس قالغان. ئۇماچنى تامشىپ ئولتۇرۇپ "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا قەمىردىنىنى قوغداپ، ھازىر"قارا"دېيىشكەنلار، "ئاق"، "قىزىل"دەپ بويۇن تولغاپ خاتا قىلغانلىقىمنى چۈشەندىم، رۇخسەت قىلساڭلار، نېمە ئۈچۈن ئالدىنىپ قالغانلىقىمنى سۆزلەپ باقسام.

يىغىن ئورنى تىمتاس بولۇپ قالدى. ئەمما ئالىم تولغىنىپ ئولتۇرالمايتتى. ئۇ، كۆزەتچىنىڭ يىغىن كەيپىياتىنى بۇراپ، تەجرىبىسىز ياش يىگىتنى قوغداپ قېلىش نىيىتىدىن خەۋەرسىز ئىدى. شەيتانلىق قىلىپ ئىش تېپىپ بېرەرمىسكىن دەپ قورقتى، شاراق-شۇرۇق مىجەزىڭنى تاشلا، ئۆزەڭگە چىڭ بول، قىلدىن قىيىق كەتسەڭ، ئۆپكەڭنى ئىچىڭدىن قېقىۋېتىدۇ، دەپ ئاللىقاچانلا ئېيتقان، شەرمەندە قىلىپ يۈرمەس، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

تۇرسۇن بوران، ئەكسىچە، خۇشال بولۇپ كەتكەندى. ئۇ، گويا كېرىمجاننىڭ جېنىغا پاتقان گەپلىرىنى ئۇنتۇپ:

— قېنى ھېۋىز ئاكا، ساڭا رۇخسەت. باي بىر ئاتقا چىدىماي ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى، ئازادلىقتىچە خوتۇن يۈزى كۆرمەي، ئۇدۇل كەلگەن يەردە كۈنلۈك ئىشلەپ ئۆتكەنلىكىڭنى بىز ياخشى بىلىمىز. قايمۇقۇش گۇناھ ئەمەس، ئارقىغا يېنىپ نەيزە

ئۇرۇش خىزمەت كۆرسەتكەنلىك، قەمىردىن بىلەن ئىچ قويۇن-تاش قويۇن بولغانلىقىڭنىمۇ سۆزلە، — دېدى.

— خوتۇن يۈزى كۆرمەي يۈرگەنلىكمنى جايىدا ئەسلەتتىڭ، — دېدى ھېۋىز كۆزەتچى تۇرسۇن بورانىنىڭ گېپىدىن ئىلىپ تۇرۇپ، — ئادەم بالىسى بالاغەتكە يەتكەندە خوتۇن يۈزى كۆرمەسمۇ بولمايدىكەن. باينىڭ ئۆيىدىن ئىككى بالىغا ئاتا بولغۇدەك چېغىمدا قوغلاندىم، شۇڭغىچە خوتۇن يۈزى كۆرمىگەنىدىم. باينىڭ قورۇسىدا بىر بۇردا نانىنىڭ قولى بولۇپ، ماڭا ئوخشاش ھەقسىز ئىشلەيدىغان دىلئارام دېگەن دېدەك بار ئىدى. باي قوغلىغاندىن كېيىن دىلئارام بىلەن دىدارلىشىپ ئۆتۈشتىن مەھرۇم قالدىم. دىلئارام مەن بىلەن تەگتۇش، ئۇچرىشىپ قالساق، ھەر ئىككىمىز بىھۇش، كېچىسى ئۇيقۇسى يوق سەر قۇش ئىدۇق. ئۇ، چالا-پۇچۇق ياتلىق بولغان، ئەمما "تاشلاپ قاچىدىغان قىز بار، ئېلىپ قاچىدىغان جوگان" دېگەندەك، قىزغا تېگىشكۈسىز دىلبەر ئىدى. يۈزى بەئەينى تولۇن ئاي، كۆزلىرى يېنىپ تۇرغان ئوت، لەۋلىرى قەغەزدەك، چىشلىرى سەدەپتەك...

ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ شىكايىتى، روھىي ھالىتى ئۆزىدىن ئىلگىرى دەرد ئېيتقانلارنىڭكىگە ئوخشمايتتى. بەزىلەر دېلىغۇل بولۇپ، يەنە بەزىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچىدىكى ئۇماچىنى "شارت" قىلىپ قىغىنىڭ ئىچىگە تۆكۈۋېتىپ، ھاڭۋېقىپ ئاغزىغا قاراپ قېلىشتى.

— گەپنى ئەگىتمەي مەسىلىنىڭ ئۆزىنى سۆزلە، — دېدى تۇرسۇن بوران بىتاقەت بولۇپ، — سەن ئۆتكەن كۈنىڭنى ئۇنتۇپ، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتۇپ، كېچىككە پېتىپ قالغان ئادەم. ئۆتمۈشۈڭ ئېسىڭگە

چۈشكەن بولسا، خاتالىقىڭنى ئىقرار قىل.

— گېپىمنى بۆلمە، ئىچىمنى بوشىتىۋالاي، ئادەم ئۆتمۈشنى قانچە چوڭقۇر ئەسلىسە، هازىرقىنىڭ قەدرىگە شۇنچە تېز يېتىدىكەن، يەنە دەرد ئېيتاي.

— هە قېنى، سۆزلە.

— ئازادلىقتىن كېيىن دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ ئورۇنلاشقىچە شەھەردىن نېرى كەتمىدىم، دىلئارام پۇت-قولۇمغا چۈشەك ئىدى. يۇرەكنىڭ كۆيۈشىگە چىدىماي هاراق ئىچەتتىم، نەشە چېكەتتىم. كەيپچىلىكتە ئاخشاملىرى باينىڭ ئىشىكىدىن ئۆتۈپ، دىلئارام ئۇنۇمىدىن تونۇپ يۈگۈرۈپ چىقسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلاپ "ئەۋرىشىم"گە توۋلايتتىم:

تولغىنىپ كوچاڭغا كىردىم،

سېنى تاپماي ئەۋرىشىم.

كۆزەتچى خەلق قوشىقىنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىنى پەس ئاۋازدا "ئەۋرىشىم" ئاهاڭىغا سېلىپ ئېيتتى.

— هېۋىزكا، تولا ئەگىتمەي مەسىلىنىڭ ئۆزىگە قايتىپ كەل دەيمەن، — دېدى تۇرسۇن بوران يىغىن كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن جىملە بولۇپ، — نېمانچە مىلجىڭلىق قىلىدىغانسەنوي.

— كىچىككىنە تەخىر قىل، تۈگۈچكە ئەمدى كەلدىم، ئۇچىنى چىقىرىۋالاي.

هېۋىز كۆزەتچى شۇنىڭدىن كېيىن دېھقانچىلىق مەيدانىدا ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە بولسىمۇ، يەنە بىرنېمىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى هېس قىلىدىغانلىقىنى، يېتىشمەيۋاتقان بۇ نەرسە دىلئارامغا

بولغان مۇھەببەت تەشنالىقى ئىسكەنىلىكىنى قىزىسقارلىق كۆلىكىلىك قىلىپ سۆزلىدى.

— بىركۈنى قەمىردىن ئەھۋال سوراپ غېرىب كەپەمگە كەپتۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — قايتا تونۇشقاندىن كېيىن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشاتتۇق. كەلدى - كەتتىدىن بىر پەس گەپ ئاچقاندىن كېيىن قەمىردىن ماڭا: "ساڭا جېنىم ئېچىشىدۇ ھېۋىزكا. سەن ئۆتمۈشتە جاپا تارتقان ئادەم. ئۆيلىنىپ ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ خاتىرجەم ياشىغىن، مەن بىر لايىقىنىڭ ئورنىنى قىلاي" دېدى. بو مەن ئارزۇ قىلىپ يېتەلمەيۋاتقان ئىش ئىدى. قەمىردىندىن رازى بولدۇم. ئۇرۇش يىللىرى ئايرودرومدا قەمىردىن يىرتقۇچنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرغاندى، شەخسىي تۇرمۇشۇمىغىمۇ ئۆز قولى بىلەن گۈل ئاقايدىغان بولدى، پاھ ، نەقەدەر كۆيۈمچان، ئېسىل رەھبەر بۇ دېگەن يەرگىچە ئويلاپ كەتتىم. "ياخشى ئويلاپسەن ئۇكا، بولسا شۇنداق قىلغىن، ياشلىقىم بەڭباشلىقتا ئۆتتى، نەشە چەكتىم، ھاراق ئىچتىم، قىمار ئوينىدىم. بەڭگە قېرىسا سوپى بولىدۇ، توۋا ئىستىغپار ئوقۇپ گۇناھىمنى يۇماقچىمەن. تەرىتىمگە سۇ بەرگۈدەكتىن تېپىلسا ئەكىلىپ بەرگىن" دېدىم. ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي، بىركۈنى چۈش مەزگىللەر بىلەن قەمىردىن باشقا بىر ئىشنى باھانە قىلغان بولۇپ بىر ئايالنى باشلاپ كەپتۇ، كەپەمنىڭ ئىچى نۇرغا تولغاندەك بولدى. سىنچىلاپ قارىسام، بىزنىڭ دىلئارام! نەقدىر - كەچمىشلىرىمىز ئوخشاش بولۇپ چىقتى. دىلئارامىمۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى شەھەردىكى موھتاجلىق كۈنلىرىگە خاتىمە بېرىپ، دېھقان بولۇپ مەيدانىغا كۆچۈپ كەپتۇ. سىياقىدا چوڭ ئۆزگىرىش يوق، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان، خۇشاللىقىمدا:

"قەمەردىن، رەھمەت ئۇكا، خۇدايىم مۇراد-مەقسىتىڭگە يەتكۈزسۇن، بەختىڭ گۈل، دۈشمەنلىرىڭ كۆل بولسۇن، مېنىڭ جېنىم ئەمدى ئارام تاپىدىغان بولدى، بۇ ئايال ئۆز ئادىمىم، ئاھ جېنىم دىلئارام..." دەپ ۋارقىرىۋېتىپتىمەن.

يىغىن ئەھلى ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. ئۇ يەر-بۇ يەردە غۇدۇراش، بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراش، ئوغرىلىقچە پىچىرلاشلار باشلاندى.

— ھېۋىزكا، بولدى بەس، غەرىزىڭ چۈشىنىشلىك، — دېدى يىغىن رەئىسى تۇرسۇن بوران بىردىن ئۆكۈپ، — قەمەردىن خەلقپەرۋەر ياخشى كادىر، ئورۇنسىز ئازار بېرىۋاتىسىلەر دېمەكچىمۇسەن؟

— شۇنداق، بۇ مېنىڭ قەمەردىننى ياخشى كۆرۈش خاتالىقىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، — دېدى كۆزەتچى مۇغەمبىرانە داۋام قىلىپ، — مەن يەنە يامان ئادەم تەشۋىقات دۈيىنىڭ ئىچىدە، ئۇلار تارىختىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ياخشى ئادەملىرىمىزدىن ئىنتىقام ئالماقتا دەپ ئويلىدىم. قەمەردىننى كۆرەش قىلغاندا، بېشىنى يارغاندا چىدىمىدىم، كېچىلىرى نالە قىلىپ يىغلىدىم.

ھېۋىز كۆزەتچى ئاخىردا يىغىن ئەھلىنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئەسلەش باھانىسى بىلەن تەشۋىقات دۈيىنىڭ ئەستىرىنى تەتۈر ئۆرۈۋاتقانلىقىنى ھەممە بىلىپ يەتكەنىدى، غەزىپىنى سىغدۇرالماي بىر چەتتە ئاغزىنى ئېچىپ ئولتۇرغان ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ پاناق بورنىنىڭ ئۈستىگە غۇژژىدە تەر ئۆرلەپ چىقتى. زىيالىي قىز مەغپىرەت خاتىرە يېزىشتىن توختاپ ياقىسىنى مىجىقلاپ تۇتۇپ

ئولتۇرۇپ قالدى.

— ھەي مۇناپىق، بولدى بەس، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا گەپ ئۇچۇن ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتسەن، — دېدى تۇرسۇن بوران غەزەپتىن بوغۇلۇپ.

— تۇرسۇن نېمە ئۈچۈن چۈشەنمەيدىغانسەن — دېدى ھېۋىز كۆزەتچى يىغلاپ تۇرۇپ، — قەمىردىننى قوغداشتىكى ئوي خىيالىم، روھىي ھالىتىمنى ئۆز پېتى ئەينەن تاپشۇرۇۋاتمەنمۇ؟ مەن راست ئۇنىڭغا چىدىمىغان، توۋا، ئەجەب بىر زامان، ياخشىلار دوزاخ ئازابى چېكىۋاتىدۇ، يامانلار جەننەتتە دەپ يىغلىغان.

كۆپچىلىك ئۆزىنى باسالماي پاراققىدە كۈلۈۋەتتى.

## 2. ئاتا - بالىنىڭ ئەسلىمىسى

روزى باپكارنىڭ ئۆتمۈشى ئېغىر قىسمەتلەرگە تولغان ئېچىنىشلىق تارىخ ئىدى. "دەرد - ئەلەمنى ئەسلەش، راھەت - پاراغەتنىڭ قەدرىگە يېتىش" يىغىنىدا، قەشقەردىكى موھتاجلىق كۈنلىرىنى ئىختىيارسىز خىيالىغا كەلتۈردى. كېيەك ئۇمىچىنى شالاپلىتىپ ئىچكەندە، قاراڭغۇ دۇكاندا ماتا - چەكمەن توقۇپ بالا - چاقىسىغا زاغرا ئۇلگۈرتۈپ بېرەلمىگەنلىكى "لىپ" قىلىپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى.

ئۇ موشۇلارنى ئەسلەپ، يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تەگكەندەك ئېچىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئولتۇراتتى. بىراق ۋاڭ دۈيجاڭ سۆزلەشكە يول قويمىدى. ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ مەسخىرىسى، شۇنىڭدىن كېيىن سۆزگە چىققان قەمىردىننىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا ئىلگىرىكى ئىشلىرىنى ئەسلەپ، شانلىق تارىختىن بەرگەن بىشارىتى

يېغىرىغا تەگدى ئېھتىمالىم، دۆيجاڭ ئۇتتۇرىغا چىقىپ، ئەسەبىيلىك بىلەن چالۋاقاپ روزى باپكارنىڭ خىيالىنى چېچىۋەتتى.

— ئاناڭنى... ھەممىڭ تۇغما ئىنقىلابچى، بىز ياخشى ئادەملەردىن گۇمان قىلىپ ئازار بېرىۋاتارمىز ئىمىش، دارىتمىلاپ ھۇجۇم قىلىشىۋاتقانلىقىڭنى كىم بىلمەيدۇ، بىزنى قاپاقباش كۆرۈشەمسەن، — ۋاڭ دۆيجاڭ ئاۋاق قوللىرىنى كېرىپ، قوغۇنلۇقتىكى قارانچۇقنى ئەسلىتىپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئۆتتى، — ئەمدى باشقا گەپكە رۇخسەت يوق، ئۇماچىقا قورسىقىڭ تويۇشقان بولسا گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرغانلىقىڭنى تاپشۇرۇش، يەنە ھۇجۇم قىلغانىنىڭ جىنىغا ۋاي، بۇ، پرولېتارىياتنىڭ جاسارىتىنى ئۆستۇرىدىغان سورۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلەشكە ھېچكىم جۇرئەت قىلالمىدى، روزى باپكار يىرتىق يەكتىكىنىڭ پېشىنى تىزىنىڭ ئاستىغا بېسىپ، يىغىن ئاخىرىغىچە گەپ قىلماي يوكۇنۇپ بېشىنى تۆۋەن سىلىپ ئولتۇردى.

ئەمما كۆز ئالدىدىن ئۆتكەن ئاچچىق خاتىرىلەر بەختسىز بۇ كاسىپنىڭ يۈرەك باغرىنى پىچاقتا تىلغاندەك پارە-پارە قىلماقتا ئىدى.

— مەن ئۆتمۈشۈمنى بىر كۈنمۇ ئەستىن چىقارغىنىم يوق، — دېدى ئۇ يىغىندىن يېنىپ ئۆيگە كىرگەندە، پىغان بىلەن ئۆنلۈك سۆزلەپ، — شۇڭا ھەرقانچە قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلسەممۇ ھۆكۈمەتكە شەك كەلتۈرمىدىم. كۆڭلۈمدە ئۇغلۇمغىمۇ قارا سانىمايمەن، ئۆتمۈشۈمگە خائىنلىق قىلماي، ئالىمنى يامان ئادەملەر قاتارىدىن قايتۇرۇپ كېلىشىم كېرەك ئىمىش، بۇ گېپىڭنى ئېشەك بازىرىغا ئاپىرىپ قىل، گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇش تارىخىمىز بىلەن سىغىشىدىغان ئىش ئەمەس.

ئاتالمىش گۇرۇھىنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈش ئۈچۈن تەشۋىقات دۇيى روزى باپكارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن يېزىدىن دېھقانچىلىق مەيدانىغا كۆچۈرۈپ كەلگەنىدى. ئەمما بۇنى ئالىمغا قىلىنغان غەمخورلۇق دەپ ئىزاھلىدى ۋە: روزىكا ئوغلۇڭغا ئېيتقىن، يامان ئادەملەردىن چەك-چېگرىسىنى ئاجرىتىپ، گۇرۇھنى پاش قىلسۇن، قانچە تېز پاش قىلسا، شۇنچە ياخشى دەپ ئەسكەرتىپ تۇرۇشنى توختاتمىدى.

ئەسلەش يىغىنىدىن كېيىن ۋاڭ دۇيجاڭ روزى باپكارنى يېنىغا تارتىپ بۇ گەپنى يەنە تەكىتلىدى.

— يىغىن تۈگىگىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىڭ، خەير بوپتۇ، سەن ئۆتمۈشتە ئېزىلگەن ئادەم، يەنە كەچۈرۈم قىلاي، ئەمما ئالىمنى جەزمەن بىر تەرەپكە قايتۇرۇپ كېلىسەن، گۇگۇر-مۇگۇر ئۆتسۇن دەپ كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ قويدۇق، غەمخورلۇقنىڭمۇ چېكى بار.

بۇ سۆزلەر خۇددى تىل ھاقارەتتەك روزى باپكارغا ئەكس تەسىر كۆرسەتتى.

— ھەي كاززاپ، ماڭا غەمخورلۇق قىلىۋېتىپتۇمىش، — روزى باپكار ئۆينىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ توختىماي سۆزلەيتتى، — كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى بىر كۈنمۇ ئارام يوق، سەن ماڭا قانچىلىك دۆلەت كۆرسىتىۋاتىسەن. ئۆتمۈشۈم بۈگۈنكىدىنمۇ بەتەرمىدى!

— ئاڭلاپ قېلىشسا بىزگە ياخشى كۈن يوق، — دېدى ھاشىخان ئانا ئەنسىزلىك بىلەن، — ھەرقانچە گەپ بولسىمۇ قورساقتا يۇتسىلا.

— ھازىرقى تارتقۇلۇقلار يېتىشمەيۋاتقاندەك ئالىمنى ئۆز قولۇم

بىلەن چۈشەپ بەرگەندەكمەن، سەۋر قاچىسى يېرىلدى خوتۇن، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

روزى باپكار ئالىمنى قەشقەردە بازىرى كاسات باپكارلىق بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان. تۇرمۇش قىيىنچىلىقى قېنىنى زۇلۇكتەك شوراپ مادارىنى قويمىغان چاغدىمۇ، ئالىمنى ئوقۇتۇش كويىدا بولغان، كۆچىدىن پايدىلىنىشنى تاما قىلمىغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ بېشىدا ئوت يانغاندا ئوتقا ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرۇپ، پەرزەنت قايغۇسىدا قىلدەك تولغىنىپ كۆيۈشى ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ پەيلىدىن يانمىغانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇپ تامدەك تاترىپ كەتكەن ھاشىخان ئانىغا، ياقىسىنى تۇتۇپ. تۇرغان ئورنىدا ياغاچتەك قېتىپ قالغان رازىيەمگە قاتتىق تەسىر قىلدى.

ئالىم روزى باپكارنىڭ نالىسىدىن گويا قوقاسقا چۈشكەندەك ئازاپلاندى، ئۇ تەشۋىقات دۈيىنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ سۈپىدا ئولتۇراتتى. روزى باپكارنىڭ ئاتىلىق قەلبىدىن تەسىرلىنىپ بالىلىق دەۋرىدىكى ئىشلارغىچە ئويلاپ كەتتى.

— ئوغلۇم، بولدى، بەس، پىلتە ئېششىنى ئاناڭغا قالدۇرۇپ ئازراق كىتاب كۆرۈۋالغىن، — دەيتتى ئاتا ھەر كۈنى كەچتە ماتا توقۇپ ئولتۇرغاندا ئالىمنى دەرس تەكرارلاشقا ئۈندەپ، — بىكار ئەتە مۇئەللىمىڭنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ قالىسەن:

كېچىسى بىرئاز كىتاب كۆرۈپ، كۈندۈزى ئۆتۈلگەن دەرسنى پىششىقلىۋېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالىم ياخشى چۈشەنسىمۇ، ئانىسىنىڭ يىپ ئىگىرىشكە ياردەملىشىپ يېرىم كېچىگىچە پىلتە ئېششىشكە مەجبۇر ئىدى. ئائىلىدىكى ئېغىر موھتاجلىق باشلانغۇچ مەكتەپ

ئۇقۇغۇچىسىنى ئەنە شۇنداق ئېغىر ئىشقا مەجبۇرلىغان. پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە ئالىم ئازنا بازار كۈنى بولىدىغان ماتا سودىسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

— ساتىدىغىنىمىز تۆت-بەش ماتا، — دېدى ئالىم بىركۈنى دادىسىغا مەسلىھەت بېرىپ، — بازار قوغلاپ بىر كۈن ۋاقتىڭنى هارام قىلامسەن، سەن دۇكاندىن چىقماي توقۇۋەرگىن، سودىنى ئۆزەم پۈتتۈرەمەن.

روزى باپكار: ئالىم تېخى كىچىك، سودا-سېتىقتا چۈشۈپ كېتەرمىكىن، بىرەر ماتانى كەم باھا سېتىپ قويسا، كۈن ئالماق تەس بولىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلاتتى.

— خاتىرجەم ماتىرىڭنى توقى، — دېدى ئالىم گويا روزى باپكارنىڭ خيالىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ، — ھېسابىتىن ئاداشمىسام بولمىدىمۇ، بولىۋالاتتىمۇ؟

ئازنا، يەنى جۈمە كۈنى قەشقەر مەركىزى ھېيتكا ئادەم دېڭىزى بولۇپ چايقىلىدۇ، شەھەردىكى، شەھەرگە يېقىن يېزا-كەنتلەردىكى قىمىر قىلغان جانىنىڭ ھەممىسى سودا-سېتىق ئۈچۈن ئېشەك مىنىپ ياكى پىيادە ھېيتكاغا قاراپ ئاقىدۇ. ئاش ۋاقتىلار بىلەن ئالىم ئاستىدىكى كۆك ئېشەكنىڭ بېقىنىغا تېپىپ، دېۋىتىپ كوچىدا تىقما-تىقما بولۇپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، خام بازىرىغا كەلدى، ئۇ، بوز تاغارغا چىرايلىق قاچىلانغان بىر دەستە ماتانى ئېشەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مەيدىسىگە چىڭ بېسىپ تۇراتتى. قېرى دەللال پوكەيدى روزا باپكارنىڭ ئىشمەر قولىدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئىنتايىن بازارلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى، قىشنىڭ ئوتتۇرىسى — قاتتىق قارا سوغ بولۇۋاتقانلىقىغا قارىماي،

ئۈستىدىكى مەللە چەكمەننىڭ يېڭىدىن قوللىرىنى سوزۇپ چىقىرىپ، ئالىمنىڭ ئالدىدىكى ماتانى ئالدى ۋە بورنىنىڭ ئۈستىگە تاشلىغاندىن كېيىن چېقىر كۆزلىرىنى غىلدىرلىتىپ قاراپ:

— تۈنۈگۈنكى بازار بۇگۈنكىگە ئوخشىمايدۇ، گەپ ئاۋۋال مال ئىگىسىدىن، قېنى بىرنېمە دېگىن، قانچە كېسىپ قويىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— بازارنىڭ كۈندىن - كۈنگە بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەق راست، — ئالىم چوڭلارغا خاس تەمكىنلىك بىلەن، — مەسىلەن، بىر ئۇرچۇق بوز يىپ ئالدىنقى ئىككى بازاردىكىگە قارىغاندا كۆپ ئۆرلەپ كەتتى، بىر ماتانىڭ قانچىلىك يىپ بىلەن پۈتۈپ چىقىدىغانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس، قېنى گەپ ئەمدى ئۆزلىرىدىن بولسۇن.

پوكەيدى بازارنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېغىزغا ئالغاندا، ماتا كاسات دېمەكچى ئىدى، ئالىم ماتا ئەشياسى بوز يىپ باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى داقاق قىلغاندا، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بېشىغا دادىسىنىڭ يوغان سالۋا تۇمىقىنى كىيىۋالغانلىقى بىلەن، ئەمدىلا ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلارغا كىرگەن، ئىككى مەڭزى ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچى مۇزلاپ چوغدەك قىزىرىپ تۇرغان شاكىچىكنىڭ گەپ - سۆزىدىكى چېچەنلىكى ماتا باھاسى كۆتۈرۈپ چورىدىشىپ تۇرغان كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

— ئادەمنى توپىدىن يارالغان دەپ بىلەتتىم، سەن تاشتىن تۆرەلگەن شۇمتەك ئوخشىمامسەن، — دېدى پوكەيدى ئۆزىنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكىگە تەن بېرىپ، — چاي پۇلى چىقمىسمۇ مەيلى، بىر نۆۋەت قۇرۇق ئۆستەڭگە مىرابلىق قىلىپ قوياي، قانچە كېسىپ قويىمەن.

— بۇ چاققىچە بىر ماتا پۇلىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى چاي پۇلىغا

ئاجرىتىپ كەلگەندۇق. ھازىر ھەممە نېمە قىممەت، توققۇزدىن بىرى چاي پۇلى بولسۇن، ئەمما سەككىز ئۆلۈشكە يەنە بىر ماتا پۈتۈپ بەش جانلىق ئائىلىگە بىر كۈنلۈك روزىغار چىقىشى شەرت.

ئالىم ماتانى مۇۋاپىق باھادا، بەلكى روزى باپكار ئويلىغاندىن ئاشۇرۇپ ساتتى. ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىدا دەللال پوكەيدىنى ھەربىر ماتانىڭ باھاسىغا مەنپەئەتدار قىلىپ چىتىپ قويغانلىقى چوڭ رول ئوينىدى.

روزى باپكار دۇكاندا ماتا توقۇپ ئولتۇرۇپ ئەنە شۇلارنى خىيا-لىدىن ئۆتكۈزۈپ خۇشال بولدى.

— بولدى ئوغلۇم، بۇ سېنىڭ بىلەنمۇ تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس، ئىشنى ئاناڭغا قالدۇرۇپ كىتابىڭنى ئوقى دەيمەن، — روزى باپكار موككىنى دەستىگاھنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئانىسىنىڭ يېنىدا پىلتە ئېشىپ ئولتۇرغان ئالىمغا قاراپ داۋام قىلدى، — خۇدايىم كۆڭلۈمگە سال-غاندەك، ئىسمىڭنى تېپىپ ئالىم قويۇپتىمەن، زېھنىڭ ئۆتكۈر، ھەقى-قەتەن ئەقىللىق سەن، بەلكى بۇ خاسىيىتىڭدىن بىزگىمۇ شىپالىق تېپىلىپ قالار. ئوقۇپ خار بولغان ئادەمنى ئاز ئۇچراتتىم. تىرىشىپ ئوقۇغىن، ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىپ قالساق ئەجەب ئەمەس.

روزى باپكارنىڭ ئارزۇسى ئازادلىقتىن كېيىن، شەرقتىن قاراڭغۇ-لۇقنى كۆتۈرۈپ چىققان كۈن نۇرى تۈمەن دەريا ۋادىسىنى يورۇت-قاندا ئەمەلگە ئاشتى. ئالىم دەسلەپ نەزەرباغدا، قەشقەر دارىلمۇ-ئەللىمىندە، ئاندىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈش سىنىغىدىن ئۆتۈپ، بېيجىڭ نېفىت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇدى. سەيدام تۈزلەڭلىكىدىكى پىراكتىكىدىن كېيىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ جۇڭغار نېفىتلىكىگە كەلدى. ئۇ تىرىشىپ ئىشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي

نېفىت ئىنژېنېرى دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئىگە بولدى، قىدىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئىلگىرىكى شان-شەرەپتىن ھازىر ئەسەر قالغىنى يوق. ئۇ دېھقان-چىلىق مەيدانىنىڭ ھارۋىكىشى، ئوتچى ئۇنسۇر، بۇ قېتىم ئەدىبىنى بېرىشكە تېگىشلىك يامان ئادەم.

كۈن كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا داستىخان سېلىپ، قاتتىق-قۇرۇق نان بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرى چاي ئىچكەندىن كېيىن، ئالىم ھۇجرىسىغا چىقىپ يېتىپ قالدى. قاراڭغۇ كېچە، ئەمما ئەتراپ تىنچ ئەمەس، قەيەردىندۇ ئىتنىڭ ئەنسىز ھۇلىشى، دەھشەتلىك ۋارقىراش، ئاۋازى خۇنۇك بىر ئايالنىڭ ئۆزۈپ-ئۆزۈپ كالتە يىغلىشى ئۆينىڭ تالاغا ئېچىلغان ئوچۇق پورتۇچكىسىدىن ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن تەشۋىقات دۆيىنىڭ كېچىدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى، لۈكچەكلەرنى ئىشقا سېلىپ كىم-لەرنىدۇ ئۇرۇۋاتقانلىقى، مەسىلە تاپشۇرۇشقا قىستاۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئالىم جۇڭغارىيىدە، شۇ تاپتىكىدەك قاراڭغۇ كېچىدە ئۈشتۈمتۈت قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى.

كۆتمىگەن بۇ بەختسىزلىككە ئەترەت ئەزالىرىنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بىلەن نېفىت قىدىرىشقا دائىر پەننى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشتىن قايسىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش سەۋەب بولغانىدى. ئالىم نېفىت قىدىرىشقا دائىر پەننىي ساۋاتنى ئۆگىنىشتە، بىلىم-كۈچ دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى ۋە "نېفىت كانلىرىنىڭ يەر ئاستىدا تارقىلىشى" دېگەن ماۋزۇدا ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۇنى سىياسىي ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولغاندا، نېفىت قىدىرىش ئەترىتىنىڭ سىيا-

سي كومىسسارى بىلەن تىركىشىپ قالدى.

زىددىيەت كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىپ باراتتى، ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ئالدىدىكى "سايىراش"، "ئېچىلىش"تا ئالىم سىياسىي ئۆگىنىشنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بىلەن قارىمۇقارشى قويۇش مەسىلىسىنى تەنقىد قىلدى.

— ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىغا چوڭقۇر ئىجتىمائىي مىرەز سەۋەب بولماقتا، — دېدى ئالىم كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆز قارىشىنى دادىل شەرھلەپ، — قۇرۇق شوئار، باش - ئايىغى يوق سەپسەتىنى ئەمەلىي ئىش ئورنىغا قويىدىغان، بىلىم بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ناداندار رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرىۋالغان، ۋەتىنىمىزنىڭ سان - ساناقسىز تەبىئىي بايلىقلىرىنى پەن - تېخنىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ كۈچ بىلەن ئاچقىلى بولىدۇ دېگەن قاراشنى ئۇلار ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقى دەپ ھېسابلايدۇ.

چاتاق ئەنە شۇ يەردىن باشلاندى.

يېرىم كېچە، ئالىم ياتىقىدا، ئۈستەلنى لامپۇچكىنىڭ يورۇقىغا سۈرۈپ قويۇپ «نېفىت كانلىرىنىڭ يەر ئاستىدا تارقىلىشى» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى تولۇقلاپ ئىشلىمەكتە ئىدى. ئۆينىڭ تاملىرى گېئوگرافىيىلىك خەرىتىگە، تۆردىكى ئەينەككىلىك يوغان ئىشكاپ نېفىتچىلىككە دائىر ھەر خىل ئىلمىي كىتابلار بىلەن تولغان بولۇپ، جۇڭغار دالاسىنىڭ تېخى ئويغاقلىقىدىن دېرەك بېرىپ، يۇلتۇزدەك چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان ۋىشكىلار كېچە ئاسمىنىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئالىم ماقالىدە بۇرغىلاپ تەكشۈرۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، گېئوفىزىكىلىق چارلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى، جۇڭغارىيىدىكى گېئولوگىيىلىك

هادىسىلەر، يەر يۈزىدە ئېچىلىپ چىقىپ قالغان تاغ جىنىسلىرى، نېفىت ھاسىل قىلغۇچى قاتلام، نېفىت زاپىسى يىغىلغان قاتلام ۋە يېپىنچى قاتلاملار، گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى، دۆمبىلىك، قىيپاش ۋە ئۆزۈك قاتلاملارنىڭ تەرەققىي قىلىش، تارقىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى خۇلاسىلىرىنى بىرنەچچە يىللىق قىدىرىش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ، ئۈستىگە مېتىرودىن كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، كېپىنەك سۇرەتلىك قىزىل گالستۇك تاقىغان، بىرئاز بودرە كەلگەن توم قارا چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ تارىغان ۋە مايلاپ پارقىرىتىۋالغانىدى. بېشىغا سالۋا تۇماق، ئۇچىسىغا يىرتىق چاپان، تىزىدىن يىرتىلىپ مازلىرى چىقىپ تۇرغان يىرتىق ئىشتان كىيىپ، سوغۇقتىن مۇزلاپ تىترەپ، پوكەيدىنىڭ ئالدىدا چۇرۇق-چۇرۇق سۆزلەپ تۇرغان باپكارنىڭ ئوغلىغا ئوخشىمىغىنىدەك، سىياسىي كومىسسارنىڭ "سايراش"، "ئېچىلىش"تا بەرگەن پىكرىدىن قاش چىقىرىپ، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەش ۋاستىسىنى قوللىنىپ "ئوڭچى" قىلىپ قويغانلىقى، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئوتتۇرىدا كۆرەش-پەسپەن قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى.

"غاچ" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالىم چۆچۈگەندەك ئىشىكنىڭ بېشىنى كۆتۈردى. ئىشكنى يوغان ئېچىپ كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ئىش بېجىرگۈچى خادىمى ئۇدۇل ئالىمغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئالىم ئوتتۇرىغا ئېلىنغاندىن بېرى مەسىلە تاپشۇرۇش ئۈستىدە سۆزلۈشۈشنى بۇ خادىم ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغانىدى، ئۈستىگە ئاق چاپان، بېشىغا يوغان قاسقانلىق ئېگىز شەپكە كىيىپ، ئىز بېسىپ كەينىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان مۇنۇ ساقچىنىڭ كېچىدە نېمە ئىشى بار بولغىيدى-

ھە؟!

— ئالىم روزى دېگەن سەن بولامسەن؟ — دېدى ساقچى خادىمى جوزا تۈۋىگە كەلگەندە ئالدىغا ئۆتۈپ.

ئالىم كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئەندىككەندەك قاراپ تۇراتتى.

— مەن بولىمەن، خوش نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

ساقچى ئالىمغا سوغۇق نەزەردە قاراپ قويۇپ، قولتۇقىدىكى قارا سومكىسىدىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە ئېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى چىقىرىپ ئالدىغا تاشلاپ قويدى.

— يولداش، سىز خاتالىشىۋاتقانلىقىڭىزنى ئىقرار قىلىشىڭىز كېرەك، — دېدى ئالىم غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، — مەن پارتىيىگە قارشى چىققىنىم يوق، ئىشىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ پەن-تېخنىكىغا ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدىم، ئالدىڭىزغا چۈشۈپ ماڭىدىغان ئادەم ئەمەس.

ئۇلار تاكاللىشىپ قالدى.

— ئالىم سېنىڭ تونۇش پېچىلىپ بولغان، — دېدى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ئىش بېجىرگۈچى خادىمى ئارىغا چۈشۈپ، — پارتىيىگە قارشى ئۇدۇچىسەن، مەمەدانلىقتىن ياخشى ئاقىۋەت يوق.

— مەن ماتا سېتىپ چوڭ بولغان، پارتىيە كەلگەندىن كېيىن بەخت تاپقان، قايسى يۈزۈم بىلەن مېنى پارتىيىگە قارشى ئورۇنغا ئىتتىرىسەن؟

— سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيىگە قارشى چىققانلىقىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرغانلىقىڭ، سىياسىي كومىسسارغا قارشى تۇرغانلىقىڭ پارتىيىگە قارشى تۇرغانلىقىڭ بولماي نېمە؟

ئالىم كۆرەش ئۈستىدە بۇنداق گەپ-سۆزلەرنى تولا ئاڭلاپ

پسەنت قىلماسلىق دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سەپەر بۇ گەپ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك شۇ قەدەر قاتتىق تەسىر قىلدىكى، ساقچى خادىم قوپاللىق ئىشلەتمىگەن بولسا، ئاچچىقىدا يۈزىگە تۈكۈرگەن بولاتتى.

— يولداش سىز قوپاللىق قىلماڭ، بۇ يەردە چوڭ سۈيىقەست بولۇۋاتىدۇ، سىز ئەھۋالنى چۈشەنمەيسىز.

— ماڭا ئەھۋالنى چۈشىنىشىڭ ھاجىتى يوق، بۇيرۇق ئىجرا قىلىدىغان ئادەممەن، ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ، گېپىڭ بولسا ساقچى ئىدارىسىگە بارغاندىن كېيىنمۇ سۆزلىشىشكە بولىدۇ.

ئۇلار ئاخىر تۇتۇشۇپ قالدى. ئالىم ساقچىغا مېڭىشنى رەت قىلغانىدى، ساقچى دولىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ ئىشىك تەرەپكە سۆرىدى، ئالىم قارشىلىق قىلىپ مەيدىسىدىن ئىتتەرگەندە، ساقچى خادىم پۇتلىشىپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جوزىنى ئۇرۇۋەتتى ۋە ئاخىر غەزىپى كېلىپ ئالىمنىڭ قولىغا كويزا سالدى.

كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ئىش بېجىرگۈچى خادىمى ئالىمنىڭ شىكىلىسىنى تېكىپ يۈدۈپ، جوزىنىڭ ئۈستىدىن چېچىلىپ چۈشكەن ماقالە ئارگىناللىرىنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— يولداش، سىز خاتالىشىۋاتقانلىقىڭىزنى ئىقرار قىلىشىڭىز كېرەك، — ئالىم بوسۇغىغا كەلگەندە، تىرەجەپ قارشىلىق قىلىپ باشتىكى سۆزىنى غەزەپ بىلەن تەكرارلىدى، — مەن ماتا سېتىپ چوڭ بولغان، پارتىيە كەلگەندىن كېيىن بەخت تاپقان، پارتىيىگە قارشى تۇرغىنىم يوق، ئالدىڭىزغا چۈشۈپ ماڭىدىغان ئادەم مەن ئەمەس.

# 3. قايغۇلۇق سەپەر

ئالىمنىڭ جۇڭغارىيەدە بەختسىزلىككە ئۇچرىشى روزى باپكارنىڭ تۇرمۇشتا گاڭگىرىشى بىلەن بىر ۋاقىتقا توغرا كەلدى.

شەھەردە تۆتىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان كاسىپ تەقدىر-قىسمىتى ئوخشاش كىشىلەردىن تەشكىل قىلىنغان قول ھۈنەرۋەنلەر كوپېراتىۋنىڭ ئۈستىسى بولۇپ ئىشلەيتتى. "ھەممىنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى" مۆكىنى پىرقىرغۇچتەك ئايلاندۇرىدىغان قولنى ئىشتىن سوۋۇتۇشقا باشلىدى. روزى باپكار ئىشلىگەن بىلەن ئىشلىمىگەن ئوتتۇرىسىدا پەرق قالمىغانلىقىدىن رەنجىپ، چۈشىن يەۋالغاندەك بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كوپېراتىپنىڭ ياش مۇدىرى تاماقنىمۇ ئومۇملاشتۇرىدىغانلىقىنى، قازان-قومۇچىنى يىغىپ، كوللېكتىپنىڭ پايدىلىنىشىغا تاپشۇرۇۋالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

— ھەي بالا، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ — دېدى روزى باپكار توقۇشتىن توختىغاندىن كېيىن تەئەججۈپ بىلەن قاراپ، — بىزگە تاماق ئېتىپ بېرىسەن دەپ نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭنى ئاۋارە قىلىدىكەنسەن، ئۆيدە نىكاھلاپ ئالغان ئاياللىرىمىز بار ئەمەسمۇ؟

— ئايال ئەمگەك كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرىمىز، كوممۇنىزمغا قاراپ تاشلانغان قەدىمىمىزگە پۈتلىشىدىغان گەپنى قىلما.

— كوممۇنىزم؟ تاماقنى ئۆيدە ئېتىپ يەپ ماڭساق كېچىكىپ

قالدىغان يەرمىكەن ئۇ؟

پولات - تۆمۈر تاۋلاش ھەرىكىتى باشلانغاندا، روزى باپكار بىر قازاندا تاماق يېگەنگە ئالدىراپ خاپا بولغانلىقىنى ئويلاپ قالدى.

كەچ كۈزدىن كېيىن شەھەر ئاھالىسى تەلۋىچۈك بويىغا كۆچۈپ دېگۈدەك چىقىپ، يەرلىك تۈز پېچلەرنى ئوتۇندا قىزىتىپ تۆمۈر ئېرىتىشكە كىرىشتى. بىتاپ ھاشىخان ئانىمۇ قول ھۈنەرۋەنلەر كوپە-راتىۋىنىڭ ئىككى تونىنا چويۈن ۋەزىپىسىگە چېتىلىپ، ئەتىسىگەندىن كەچكىچە، بەزى كۈنلىرى گۈلخان يورۇقىدا تۈن يېرىمىغىچە رودا چاقاتتى.

روزى باپكارنىڭ ۋەزىپىسى كونكرېت بەلگىلەنمىگەنىدى. ئېسىنى تاپقاندىن بېرى باپكارچىلىقتىن ئۆزگىگە بىرەر قېتىم ئاچچىق تەر تۆكۈپ قول تىقىپ باقمىغان كاسىپ، بۇ يەردىكى ئىشلار بىلەن تازا ئەپلىشەلمىدى. ئۇ چەكمەن چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن بېلىنى چىڭ باغلاپ، ئاق تۇمىقىنى قېشىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ، بىردە ئېشەك بىلەن تۈز پېچكە ئوتۇن توشىسا، بىردە رودا ئورنىدا ئېرىتىش ئۈچۈن تۆمۈر - تەسەك، قىرىندىلارنى تاغا تولدۇرۇپ يىغىپ كېلەتتى.

— تۈكى يوق ئىشقا تۇتۇش قىلىپ قالدۇقمۇ، قانداق، — دېدى ئۇ بىركۈنى "ۋۇت - چۇش" دەپ ئېشەكنى توختاتقاندىن كېيىن، تۆمۈر كۆسەي بىلەن پېچنى كوچىلاۋاتقان مۇدىرغا، — ئوتۇن بىلەن تۆمۈر ئېرىتكەن ئىش بىزدىن باشقا يەردىمۇ بولغانمۇ؟

— روزىكا، ئاغزىڭغا ھېزى بول جۇمۇ، ئىدىيىدە بەكمۇ قالاقلى-شىپ كېتىۋاتىسەن، — دېدى مۇدىر داۋام قىلغاچ، — بۇ ئۇلۇغ ئام-مىۋى ھەرىكەت، جۇڭگودىن باشقا ئەلدە بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش

قيين، گەپنى ئاۋۇتماي ئىشەكنىڭ ئۇستىدىكى تەسەكنى چۇشۇرگىنە.

— ئۇلۇغ ئاممۇى ھەرىكەت؟ ئاپپاقخوجامنىڭ مازىرىدەك تىل تەگكۈزگىلى بولمايدىغان ئىش ئىكەن-دە.

— ئاللىقاچان تىل تەگكۈزدۈك، ئۈچ قىزىل بايراقتا قارشى چىقىپ ئىككى يۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىۋاتقانلار ئازمۇ؟ باشقا بىرى بۇ گەپنى قىلغاندا پىچتىكى ئوتقا بىشنى تىققان بولاتتۇق.

مۇدىرنىڭ ھەيۋىسى روزى باپكارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى. ئەمما ئۇ كۆڭلىدە قايىل ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە قول ھۇنەرۋەنلەر كوپىراتىۋىنىڭ كوللېكتىپلاشقاندىن كېيىنكى دەسمايىسى ئاتالمىش ئۇلۇغ ئاممۇى ھەرىكەتتە پىچتىكى ياغاچ ئوتۇنغا ئوخشاش كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

روزى باپكارنىڭ ئەندىشىسى رەمچىنىڭ سۆزىگە ئوخشاش توغرا بولۇپ چىقتى. بولۇپمۇ يېزا خەلق گۇڭشېلىرى ئۈچ قىزىل بايراقنىڭ داغدۇغىسى ئىچىدە ئۆپكىسىدىن كېتىپ قالدى. قەشقەردە جان باقماق پېتىر ناندىن قىل ئالماققا ئوخشاش تەسكە چۈشىدىغان بولدى.

بۇ كۇنلەردە ئەر-خوتۇن ئۆزىدىن يىراقتا تۇرۇۋاتقان ئوغلىنى كۆپرەك ئەسلەيدىغان، مەدەت تىلەپ، ئاخشىمى-ئەتىسى جوزا تۈۋىدە ئالدىنىڭ ئىپتىنى ئىغىزغا ئالىدىغان بولدى. ئالىم خىزمەتكە چىققاندىن بېرى بالىلىققا يېتىپ، ئىشنىغان پۇلىنى ئۇدۇللۇق ئائىلىگە ئەۋەتىپ تۇراتتى، خېلىدىن بېرى بۇ شاپائەتتىنمۇ دېرەك يوق، شۇ كۇنلەردە ئىلگىرىكى ياخشىلىقلىرىنىڭ ئۇندىن بىرىنى قىلغان بولسا، خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتكە ئوخشاش خوجا نەسىردىنگە خۇدا بىر خالتىغا توقسان توققۇز تىللا سېلىپ تۈگۈلۈكتىن تاشلاپ بەرگەندەكمۇ

ئۇلۇغ ئىش بولماسمىدى-ھە!

— ئالىم ئۆزىنى غەمـلەۋاتـسا كېرەك، ئۆيلـىنىـدىـغان ۋاقت يەتتى، بىزگە ئېغىرچىلىقنى سالماي بېشىـنى ئوڭـشىـۋالـسا مەيـلى ئەمەسمۇ؟ — دېدى روزى باپكار.

— بۇ يەردە باشقا سىر بار، شۇنداقمۇ يۇتۇپ كەتكەن بارمۇ، — دېدى ھاشىخان سەل كايىغان تەلەپپۇزدا، — ھازىر ھەمـمە نېمە قىممەتلىشىپ كەتتى، قېرىنداشتىن قارىنىم ياخشى دېگەندەك، ئۆزىدىن ئېشىنمايدىغاندۇ، بالىنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتتى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس.

— ئىككىلىك سالام خەتمۇ يازاي دېمەيدۇيا!

ئۇلار كۈتكەن خەت ئاخىر يېتىپ كەلدى، لېـكىن ئىلـگىـرىـكى ئادرېسىتىن ئەمەس ئىدى. كونۋېرتنىڭ ئاخىرىسىدىـكى خەت ساد-دۇقى دېگەن يېڭى ئادرېسنى كۆرۈپ، ئەر-خوتۇن تېگىرقـىغانـدەك بىر-بىرىگە قاراپ قويۇشتى. بۇنداق ئادرېسلار دۆلەتـنىڭ مەخپىي ئورگانلىرىدا، جىنايەتچىلەر تۇتۇپ تۇرىلىدىغان ئۆزگەرتىش لاگېر-لىرىدىلا قوللىنىلاتتى. روزى باپكار "جارت" قىلىپ لېپاپنى يىرتتى. ئالىم بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى يوشۇرماي ئۆز ئەينى بويىچە ئوچۇق يازغانـىدى. روزى باپكار خەتنىڭ يېرىـمىـنى ئوقۇغۇدەك بولـمايلا قوللىرى تىترىدى. گويا غايىبانە بىر پارچە ئوت تاپىنىنىڭ ئاستىدىن كىرىپ ياماق يەكتەك ئىـچىـدىـكى ئورۇق گەۋدىسـىگە تۇتۇشۇپ، قورايدەك كۆيدۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

ھاشىخان بولسا ئۆزىنى پۇتۇنلەي يوقىتىپ قويـدى، خەتـتىـكى مېنىڭ پارتىيىگە قارشى بولۇپ قېلـىشىم، دەرۋەقە، غەلىـتە ئىش، پارتىيە بولمىغان بولسا، ماتاچىنىڭ ئوغلىدىن نېفىت ئىنژېنېرىـنىڭ

كېلىپ چىقمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتىم. تاسادىپىي بەختسىزلىك بىرئاز گاڭگىرىتىپ قويىدى، ئەمما پارتىيىدىن ئۈمىددىمنى ئۈزمىدىم، بەكمۇ قايغۇرۇپ كەتمەڭلار، ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ، دېگەن گەپ-سۆزلەرمۇ چاچلىرىنى چۇگۇپ ھۇ تارتىپ يىغلاۋاتقان ئانىسىنى بەزلىيەلمىدى.

ھاشىخان يەتتە پەرزەنتكە ئانا بولغان، ئالىم ھايات قالغان ئۈچ بالىنىڭ چوڭى ئىدى. كونا جەمئىيەتتە تۇرمۇش قاشاقلىقىدىن شىپالىق تاپالماي، ئالەمدىن مەزگىلسىز ئۆتكەن تۆت بالىغا ئوخشاش، ئالىمنىڭ چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇشىمۇ ئانا قەلبىنى ئاز سەكىبارە قىلمىغان.

ئالىم بىركۈنى ئازنا بازاردىن بويى ئوتتەك قىزىپ قايتىپ كەلدى. شۇ كۈنى ئۇ ئاتىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلەشتۈرۈپ بازارغا ماتا ساتقىلى كىرگەنىدى. قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغى ئەتىياز دېگەندەك، پەسلىنىڭ باش باھارغا ئۇلاشقانلىقىغا قارىماي، كەچقۇرۇن سوغۇق جاندىن ئۆتكۈدەك كۈچىيىپ كەتتى. ئالىمنىڭ قورسىقى ئاچ، ئەمما ئائىلىدىكى ئېغىر موھتاجلىق ئۆستەڭ بويى كوچىسىغا بېرىپ، داڭلىق قەشقەر مانتىسىدىن بىر نانغا بەشنى ئېلىپ يەۋېلىشقا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. ئۇ ئاچ قورساق قايتتى، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ ئۆيگە كەلگەن پېتى "گۈپ" قىلىپ يىقىلدى.

ھاشىخان ئانا ئالىمنى يۆلەشتۈرۈپ ئەنجان رەستىسى-ياۋاغدىكى قېرى تېۋىپنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ باردى.

— ئەخسىر، باللىرىمنىڭ جەۋھىرى، كۆز نۇرۇم ئىدى، ئۆمۈرلىرى لوقمان ھاكىمنىڭكىدىن كەم بولمىسۇن، ۋاقتىدا شىپالىق يەتكۈزگەيلا، — دېدى ئانا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ.

ئاننىڭ مسكىن قىياپىتى تېۋىپنى ئىككى تەڭگە پۇلنى يۇلۇۋېلىش نىيىتىدىن ياندۇردى. ئۇ ئالىمنىڭ قولنى ئالقىنىغا ئېلىپ، تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن:

— ئېغىر زۇكام، قاتتىق سوغۇق ئۇرۇپتۇ، بىزنىڭ دورىمىز ئاستا تەسىر قىلىدۇ، دەرھال كېرەمباغقا ئېلىپ بارسىلا، — دېدى.

— كېرەمباغ؟ — ئانا گويا ئەندىكىپ سۆزلىدى، — ماتا ساتقان پۇلنىڭ ھەممىسىگە يېپ ئېلىۋېتىپتۇق، كېرەمباغ دوختۇرخانىسىغا تۆلىگۈدەك پۇل بىزدە نېمە ئىش قىلسۇن، ئۆزلىرى سەۋەب قىلغاي-دىلا، چۈنتەك قۇرۇق.

تېۋىپ بالىنىڭ تومۇرىنى يەنە بىرپەس تۇتۇپ كۆردى. ھاشخان دۇرا ھەققىگە كاۋا توغراپ ياققان مەززىلىك زاغرا ناندىن ئىككىنى بەرگەندىن كېيىن، ئالىمنى ھاپاش قىلىپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن مېڭىپ ئۆيىگە قايتتى.

نىم ھەپتە كۈن بولغانلىقىغا قارىماي، كوچىدا ئادەم كۆپ بولۇپ، ھەر بەش - ئون قەدەمدە دېگۈدەك خەير - ساخاۋەت تىلەپ نالە قىلىپ يۈرگەن دىۋانە قەلەندەرلەر ئۇچراپ تۇراتتى. كوچىغا بىر - ئىككى مېتىر ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مۇزدەك داغ يەردە ئولتۇرغان ئايال دىۋانە ھاشخاننىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۈستىبېشى يالڭاچ دېگۈدەك يېلىڭ، چاچلىرى پاقما، قورايىدەك ئاۋارە بۇ ئايال قاس-ماق باغلاپ كەتكەن ئورۇق قوللىرىنى قېشىنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈپ، تووۋا گۇناھنى يەيدۇ، سەدىقە بالانى، ئىلاھا ئامىن مۇسۇلمانلار، رەھمى قىلىڭلار، — دەپ، ئولتۇرۇشقان چوڭقۇر كۆزلىرى بىلەن ئالدىدىن ئۆتكەن كىشىلەرگە تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

ھاشخاننىڭ ئايال دىۋانىگە سەدىقە بەرگۈسى كەلدى. ئۇنىڭ

ئەس-ھوشى بىر تەرەپ مەڭزىنى دۈمبىسىگە چاپلاپ ۋە يۇقىرى ئۈستىمىدىن ئوت ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئۇچىسىغا ئېسىلىپ ياتقان ئالىمدا ئىدى. ئانا ئالىمىنى دوختۇرغا كۆرستەلمىدى، دېۋانىغا سەدىقە بېرىپ خۇدادىن شىپالىق تىلەش كېرەك، خۇدا شىپالىق بەرمىسە دوختۇرغا كۆرسەتكەن بىلەنمۇ بىكار دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، دېۋانىنىڭ ئالدىدا توختاپ، قۇراق كۆرپىگە ئوخشاش ياماق چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا قول سالدى. يانچۇقتا ھېچنېمە يوق ئىدى، تىكىشلىرىگىچە ئاختۇردى، ئايال دېۋانىنىڭ ئالدىدا سەدىقە قىلىنغان پارچە-پۇرات پۇل چېچىلىپ تۇرۇپتۇ، ھاشىخانىنىڭ ئاشۇ دېۋانىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىساتىدا ئىسسىق جېنىدىن ئۆزگە قولغا چىققۇدەك زادى نېمە باردۇ-ھە؟!

ئائىلە بويىچە ئىلىغا كۆچۈپ كېتىش خىيالىنى جەزمەنلەشتۈرگىچە، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە ئاي جىددىي ئويلىنىش بولدى. "مىسىرنىڭ پادىشاھلىقىدىن كەنئاننىڭ گادايلىقى ياخشى" دېگەندەك، ھاشىخان ھەرقانچە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىمۇ، ئەزىزانە قەشقەردىن كەچمىگەن بولاتتى، بىراق ئالىمنىڭ بەختسىزلىكى ھەققىدىكى شۇم خەۋەر ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. ئانا كونا جەمئىيەتتىكى ئاچچىق كەچمىشلىرىگىچە خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، بىردىن جىددىيلىشىپ:

— بولدى، ئىلىغا كۆچۈپ كېتەيلى، نېمىشقىدۇ، يۈرىكىم قىسىلىپ، جىمىكى ئالەم كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق كۆرۈنىدۇ، زادى كۆچۈپ كېتەيلى، قەشقەرنى تاشلاپ كېتىۋاتقان يالغۇز بىز ئەمەس، — دېدى.

— كۆچۈپ كېتىش كېرەك، كۆچۈپ كېتىشتىن باشقا چارە قال-
مىدى، بىراق، بىلمىگەن يەرنىڭ ئويمان-چوڭقۇرى تولا
دېگەندەك...

— پەلەك تەتۈر چۆگىلىسە، بىرەر يامانغا يەم بولۇپ ئۆلۈپ
كەتسەكمۇ مەيلى ئەمەسمۇ، جاھاننىڭ نېمە لەززىتى قالدى زادى.

كۆچۈپ كېتىش روزى باپكارنىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشى چارە.
پولات-تۆمۈر تاۋلاش جەريانىدا قول ھۈنەرۋەنلەر كوپىراتىپى
ئۇنىڭ دەسمايىسىنى تۈگىتىپ قويدى، ئىشلەپچىقىرىش يوقنىڭ
ئورنىدا، بىر ئايلىق ئىش ھەققىغە بىر ئۇلاق ئوتۇن كەلمەيدۇ،
ئالىم تەرەپتىن بولىدىغان ياردەمدىن ئۈمىد ئۈزۈلدى، بىراق ھازىر
ئېلى قانداقتۇر، قەشقەردە بولغان ئىشلاردىن ئېلىنىڭ چەتتە قالغان-
لىقى ناتايىن، ئەھۋال بۇ يەردىكىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ چىقىسچۇ...

روزى باپكار بىر قارارغا كېلەلمەي قىينالدى. ئۆيىنىڭ ئىچى
كىشىنىڭ دېمىنى كەسكىدەك تىنجىق ئىدى. ئۆزىنى كىچىككىنە سەگى-
تىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. خىيال بىلەن مەسخۇشلىنىپ، پۈتىغا
قوڭالتاق سېپىۋالغان يىرتىق كالاچىنى شاقىلدىتىپ بېسىپ ھېيتكاغا
كەپقالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

ئىيۇن ئايلىرى، قاش قارىيىپ كۆز باغلانغان چاغ، تۆمەن
دەريا بويىدىن كۆتۈرۈلگەن نەم سالقىن شامال ئىسسىقتىن پىشىلغان
بەدەنگە مۇزدەك تېگىپ، ھېيتكا ئۈستىدىن يېنىك ئۇچۇپ ئۆتۈپ
تۇراتتى. بىر پەستە كوچا چىراغلىرى "لاپىپىدە" قىلىپ يورۇدى،
روزى باپكارنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي
سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى، ئىلىم-مەرىپەت، ھۈنەر-سەنئەت
ماكانى بولۇشتەك ئېسىل خىسلىتىنىڭ گۈل تاجى، ئۇيغۇر بىناكارلى-

قىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھېيتكا جامەسى نامايان بولدى. روزى باپكارنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ئەللە- گىنچى يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆز- گەرتىش كىرگۈزۈشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەشكە بېغىشلانغان ھېيتكا جامەسى ئالدىدىكى داغدۇغىلىق نامايىش ۋە يىغىنلار ئۆتۈشكە باشلىدى.

قول ھۈنەرۋەنلەر كوپېراتىپىغا تەشكىللىنىش روزى باپكارنىڭ ئائىلە تەزكىرىسىدە 1949-يىلدىكى ئازادلىق، ئالىمنىڭ ئازادلىقىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە بېيجىڭغا ئوقۇشقا مېڭىشىغا ئوخشاش مۇھىم ئورۇندىكى خاتىرىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىدىكى خاتىرجەملىك، توق-پاراۋان تۇرمۇشمۇ ئەنە شۇ ۋاقىتنى باشلىنىش قىلاتتى. ئىشمەر قولىدىن توقۇلۇپ چىققان مەھسۇلاتقا ئوخشاش خېرىدارلىقى بار كاسىپ ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك روزى ئايلىرىدا ياماق يەكتەك ئىچىدە جۇلمەرەپ، يازدا ياغاق ئاق تۇماق كىيىپ ۋە يىرتىق كالاچنى شاقىلدىتىپ چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ گاڭگىراپ يۈرمەيتتى. ئۇ، ئائىلىدە، ياكى قولۇم-قوشنا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭكىدە ئىپتا قىلىپ، غىزالىنىپ سەيلە قىلىپ ھېيتكاغا چىقاتتى، روزىنىڭ ئون بەشىدىن كېيىن كەچتە ھېيتكا ئاجايىپ قىزىپ كېتەتتى، زوغا قوپۇش ئالدىدا جامەنىڭ يۇمىلاق مۇنارىسىدا قوش ناغرا لەرزان جاراڭ- لايتتى-دە، ئەر-ئايال كەڭ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ساماغا چۈشەتتى. بونداق چاغدا روزى باپكارمۇ چەتتە قالمايتتى، ئۇ خۇددى ھېيت- بايراملاردىكىدەك ئۈستىگە ئاق چۆچۈنچە پەشمەت، بېشىغا بادام دوپپا كىيىپ، بېلىنى شايى پوتىدا باغلاپ، توپنى يېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ھېيتكا جامەسىنىڭ ئالدىدا قەدىمىدىن داۋام قىلىپ كەل-

گەن ئەنئەنىۋى ئادەتنى جانلاندۇرۇپ ئۇسۇلغا چۈشەتتى...

ھازىر بۇ تۇرمۇش روزى باپكار ئۆچۈن شىرىن ئەسلىمە بولۇپ قالدى، ھەتتا نېمە ئۆچۈندۇ ھېيتكادا تۈن تەك يېرىم بولغىچە كۆندۈزدىكىدەك يورۇپ تۇرىدىغان ئاشخانىلار، سوگودىنىڭ سەي قورۇش تېخنىكىسىنى نامايىش قىلىپ رىتىملىق جاراڭلاپ چىقىۋاتقان ساپلىق ئاۋازى، كەچكى بازارنى تەڭگىدەك جاراڭلىتىپ خېرىدار چاقىرىپ ھەر خىل يېمەكلىك ساتىدىغان ھۆپىگەرلەرنىڭ زىل ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى.

ۋاقىت كېچە سائەت ئونلاردىن ئاشقانىدى. روزى باپكار شۇ ئەتراپنى يەنە بىرپەس ئايلانغاندىن كېيىن، ”چىمەنباغ“قا ئېلىپ چىقىدىغان ”نوبېشى“ كوچا ئېغىزىدىكى ساماۋارۋاينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ساماۋارخانىدا رەڭگىدىن توپا يېغىپ تۇرغان، كىيىملىرى ئاستىدىكى كىگىزگە ئوخشاش جۇل-جۇل ئوندەك ئادەم چاچلىرى گەدەنگە، ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن دەرۋىش سىياقىدىكى يەنە بىر قېرى ئادەمنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىلى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلىرىنى تىڭشاپ سۇپىدا ئولتۇراتتى. گەپ-سۆزىدىن دەرۋىش سىياقىدىكى ئادەمنىڭ ئىلىغا بارغانلىقى، ئىلىنى ياخشى بىلىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇ، ئىلىغا كېتىش تەقەززاسىدا گەپ سوراپ يېنىدا ئولتۇرغانلارغا ناھايىتى ئېنىق جاۋاب بېرەتتى.

روزى باپكار ئويلىغان ئىشىنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاستا بېسىپ سورۇنغا يېقىن كەلدى.

دەرۋىش سىياقىدىكى قېرى ئادەم كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، تىزىنىڭ ئۈستىدىكى راۋاپنى قولىغا ئالدى. كۆزىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، سەپەر خاتىرىلىرىنى ئەسكە ئالدى ۋە تارنى

چېكىپ راۋاپنى سازلاپ مۇنداق دەپ مۇناجات قىلدى:

ئىلىخودا بار ئىكەن گۇرويى ئوغۇللار،
ئەزىز يارالغان بەختى يوغانلار،
قەشقەردە يۈرىدىكەن ئېرى يوق جۇۋانلار،
بۇگۈن كېچە چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ،
پىياز توغراپ ياققان زاغرى نانلار.

— قېنى تاغا، ئەمدى باسقان يوللىرىڭنى بىر-بىرلەپ سۆزلە — دېدى نوچى چىراي بىر يىگىت تەقەززالىق بىلەن، — پىچاق سۆڭەككە يەتتى، بىزمۇ ئىلىغا چىقىپ كېتىمىز.

— بىزنى دېسەڭ، ھېچنېمە يوشۇرماي ئويمان-چوڭقۇرىغىچە سۆزلە، — دېدى يەنە بىرەيلەن گەپ قىستۇرۇپ.

دەرۋىش سىياقىدىكى قېرى ئادەم قاپىقىنىڭ ئاستىدىن ئالدىدىكى كىشىلەرگە قاراپ قويدى-دە، ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ يول خاتىرىلىرىنى قوشاققا قاتتى:

قەشقەردىن چىقساڭ ياندۇما،
ئاتا-ئانامدىن تاندۇما.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يامانيا،
ئوقۇشۇڭ ئەپسۇن — "ئامانيا".

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ پەيزاۋات،
قوغۇن-تاۋۇزى قەنت-ناۋات.

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بارسەن داشقا،
ئېھتىيات قىل، چالما يەيسەن باشقا.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ قارا قىلچىڭ،
غەيرەت قىل، پۇلى بارىيە، بەك چىڭ.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ جاڭزا،
ياتىدىغان يېرىڭ زەي خاڭزا.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ مارالبېشى،
كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئاسۇق،
ئادەملىرى پاسۇق.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ خاڭگۇڭ،
نان تاپالىغان گاڭگۇڭ.

ئۇ بەردىن ئۆتسەڭ ئاقسۇ،
بىكارغا بەرمەيدۇ قايناقسۇ.

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بارسەن جامغا،
جەبرائىل كېلىدىكەن ئەزىز جانغا.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ تامغا تاش،
داۋانغا قاراپ قايدى باش.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ توغرىسۇ،
كەينىدە قالغان ئوغرى شۇ.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ پالاسقارىغاي،
يىتىمچىنى يولدا بولغاي.

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بارسەن شوتىغا،
جىدەل قىلساڭ پالتا يەيسەن يوتىغا.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ موگغۇلكۆرە،
يىتىمچىلار توغقان ئىزدەپ يۆرە.

ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ ئۇسۇڭنىڭ داۋىنى،
ئالدىڭدا تىخى يولنىڭ يامنى.

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بارار يىرىڭ ئۆرۈكلۈك،
نان تۈگىدى خۇرجۇن ئاغزى پۈرۈكلۈك.

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يىتىپ بارسەن كانغا،
قورساق ئاچىدۇ، ئىشىكىنى ساتىسەن نانغا.

ئۇ يەردىن ئۆتسەك دەريا،
پۈلۈك بولسا كېمىچىلەر تەييار.

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بارار يېرىڭ جىرغىلاك،
هالدىن كەتتىڭ، كۆڭگە قاراپ يىغلاك.

شۇنىڭ بىلەن يېتىپ بارىسەن غۇلجىغا،
ئۆلمىسەڭلا جان قالىدۇ ئولجىغا.

بۇ ئىشتىن كېيىن، بىركۈنى سەھەر گۇگۇم ۋاقتىدا ئايالى ۋە ئىككى بالىسىنى ئېلىپ، روزىغارى ئارتىلغان كۆك ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ، روزى باپكار ئىلىغا قاراپ يولغا چىقتى. دەرۋىش سىياقىدىكى قېرى ئادەمنىڭ رىۋايىتى بېسىپ ئۆتىدىغان يوللىرىنى روشەن سۈرەتلەپ بەرگەنىدى. ئەمما ئانا يۇرتىدىن تىرىك ئايرىلىش ئېغىر كەلگەنلىكتىنمۇ گويا خۇددىنى بىلمەي كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شەھەر بويىچە بىرىنچى بولۇپ تۆشۈك دەرۋازىدىن چىقتى، گۆزەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، تاختا كۆۋرۈك بىلەن ئايلىنىپ دۆڭگە كۆتۈرۈلگەندە، ھېيتكا جامەسىنىڭ يۇملاق مۇنارىسىدىن بامدات نامىزىغا ئوقۇلغان ئەزان ئاۋازى كەلدى. روزى باپكار مېڭىشتىن توختاپ، ئىختىيارسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. گۈزەل قەشقەر شەھىرى سەھەر گۇگۇمى ئىچىدە گويا چىرايلىق سۈرەتتەك لەيلەپ تۇراتتى. ئېھ، خەير-خوش ئەزىزانە قەشقەر!

روزى باپكارنىڭ كۆڭلى داۋالغۇپ كۆز چاناقلىرىدىن ياش ئەگىدى.

# تۆتىنچى باب

## 1. غەزەپ بورانلىرى

مەغپىرەتنىڭ ئىنقىلابىي ئالاقە باغلاپ، تۇنجى قېتىم "ئالغا"غا كېلىشى دېھقانچىلىق مەيدانىدا مالىمانچىلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى كىشىلەر تېخى ئۇنتۇغۇدەك بولغىنى يوق.

شۇ كۈنى پېشىن ۋاقىتلار بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانى بازىرىنىڭ چوڭ كوچىسىدا بىر توپ ئوقۇغۇچى پەيدا بولدى. يەڭلىرىگە بەلگە تاقاپ، قىزىل مۇقاۋىلىق ئۈزۈندى كىتابلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يالتىراق شوئارلارنى توۋلاپ مېڭىشىدىن ئۇلارنىڭ ئوت تۇتاشتۇرغۇچىلار ئەترىتى — "قىزىل قوغدىغۇچىلار" ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىپ قويۇپ چاڭ چىقىرالماي، چىۋىندەك گىژىلداپ قالغان تۇرسۇن بورانىنىڭ نەقەدەر خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم ئەلۋەتتە.

"قىزىل قوغدىغۇچىلار" بىر-ئىككى كۈن ئاممىغا كۆرۈنمىدى. ئۇلارنىڭ تۇرسۇن بورانىنىڭ ھوزۇرىدا ئەھۋال ئۆگىنىۋاتقانلىقىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. كىشىلەر قايمۇقۇپ، سەل دېلىغۇل بولۇپ تۇرغان بىركۈنى ئەتىگەن تەرەپتە مەيدان ئىشخانىسىنىڭ ئۆكتەبىر بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپئاق ئاقارتىلغان تېمىغا

"سلكبۇنى توپقا تۇتايلى" دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاندى. ئۈچىنچى كۈنى مەيداننىڭ مىڭدىن ئارتۇق كىشى سىغىدىغان كۇلۇبىدا مەيدان باشلىقى قەمىردىننى تارتىپ چىقىپ، تۇنجى قېتىم تەنقىد ـ كۆرەش قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

"ئالغا"لىقلار هازىر ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرىدىغان مەغپىرەت بىلەن ئەنە شۇ يىغىندا تونۇشقان. مەغپىرەت ئۇ چاغدا هازىرقىدىن خوپلا كىچىك بولسىمۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇ ۋەزخانىلىق قىلىپ سەھنىنىڭ ئالدىغا ئۆتكەندە، خۇددى قاغىجالما قاقباشلارغا ئوخشاش، كىشىلەرگە تەلەتى سۆرۈن، گەپ سۆزى زەهەردەك ئاچچىق سېزىلگەندى.

بۇ 1966 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدىكى ئىش ئىدى. بۇ چاغدا هاۋادا كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرگۈدەك ئاچچىق سوغۇق شامال كېزىپ، ئېتىزلار يالىڭاچلىنىپ، دەرەخلەر شاراقلاپ غازاڭ تۆكۈپ، كىشىدە بىر قارىماققا "ئالغا" دېهقانچىلىق مەيدانى گويا قار ئۈچقۇنلىرىنى كۈتمەيلا قارا قىشقا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىۋاتقان تەسىرات پەيدا قىلاتتى.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتتى.

تومۇز ئايلار، قۇياش گويا ئوت چېچىپ، هەممىلا يەرنى كۆيدۈر ـ مەكتە ئىدى. مەغپىرەت "ئالغا"لىقلارنىڭ ئالدىدا يەنە ۋەهىمىلىك قىياپەتتە پەيدا بولدى. دېهقانچىلىق مەيدانىنىڭ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىدا ئىشەنچلىك هېسابلىنىدىغان ياش خادىم ئاتالمىش ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇهنىڭ "ئىش ـ هەرىكەتلىرى"گە دائىر فوتو ۋە سىزما سۈرەتلەردىن قۇراشتۇرۇلغان كۆرگەزمىدە قولىغا ئۇزۇن چىۋىق تۇتۇپ چۈشەندۈرگۈچىلىك قىلاتتى.

كۆرگەزمە قەمىردىن تۆنجى قېتىم كۆرەش قىلىنغان كۆلۈبتا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۇ بىرنەچچە قىسمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمىدا — ئىشىكتىن كىرگەنلا يەردە ئاتالمىش گۇرۇھنىڭ "سىياسىي پروگراممىسى"، ھەرىكەت پىلانلىرى چوڭ خەت بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەنىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشلىنىدىغان فوتو ۋە سىزما سۈرەتلەردىن" تاغلىق رايوندىكى ھۆججەتخا ئۆتتۈش مانېۋرى"، "قارىغاي تۆۋىدە مەخپىي سۆزلىشىش"، "گۇرۇھ ئەزالىرىنىڭ ئارقا سەپكە ئاشلىق يۆتكىشى"، "كېچىدە يوشۇرۇن سەپەرۋەرلىك قىلىش"، "گۇرۇھ باشلىقى قەمىردىننىڭ مەخسۇس ئېتى" دېگەنگە ئوخشاش بىر قاراشتا كىشىدە ئەندىشە پەيدا قىلىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈشكە بولاتتى.

مەغپىرەتنىڭ كۆرگەزمىنى چىرقىراپ سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشى كىشىلەر ئارىسىدا دېلىغۇللۇق پەيدا قىلدى. ئۇ "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئالاقە باغلاپ كەلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش ئوغۇلچە ياسىنىۋالغانىدى. "ئالغا"لىقلار جاھان ئۆزگىردۇ، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، قىپقىزىل دۇنيا پەيدا قىلىمىز دېگەن گەپنى تۇنجى قېتىم مۇشۇ قىزنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان. دېگىنىدەك بولدى، قىزاردۇق، پىيازنىڭ پوستىدەك يالىڭاچلىنىپ قالدۇق، "گۇرۇھ" پەيدا بولمىغان بولسا، مەغپىرەت بىزگە بۇ گەپنى قىلىپ يۈرمەس دەپ ئويلاپ قېلىشتى.

سىياسىي ۋەزىيەت توغرىسىدىكى گۇمان تەشۋىقات دۇيىنىڭ ئىش ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئەپلىك شارائىت بېرەتتى. يەنە تۇتۇش، قاماپ سوراق قىلىش باشلىنىپ كەتتى.

تۆن يېرىمىدا خەلق ئەسكەرلىرى ھېۋىز كۆزەتچىنىڭكىگە بېرىسىپ ئىشكنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. كۆزەتچى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، بىرپەس بىخىراامان ياتتى، چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇيقۇلۇقتا ھېچنىمىنى پەرق قىلماي بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىرپەس كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇردى. ئىشىك ئۇرۇش توختىمىغانلىقتىن ئاخىر ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

— قايسىڭلارسى؟ — كۆزەتچى يالاڭ كۆڭلەك، يالاڭ تامبال كېيىپ ئىشىك تەرەپكە كېتىۋېتىپ ئىختىيارسىز ۋارقىراپ سورىدى.

— بىز، تولا گەپ قىلماي ئىشكنى ئاچ، — دېدى سىرتتىكىلەر گۇركىرەپ.

— بىز دېگەن كىم، كېچىدە مەندە نېمە ئىشىڭلار بار؟

— ئىشكنى ئاچ، نېمە ئىش بارلىقىنى ھازىر چۈشەندۈرۈپ قويىمىز.

ھېۋىز كۆزەتچى تاپسىغا چۈشكەندىن كېيىن بىرنەچچە ياشنىڭ ماراپ ئىشكنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقىنى سەزدى.

"مەدەنىيەت ئىنقىلابى" باشلىنىپ ھەممە نەرسە تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغانلىقىدىن كېيىن، كېچىدە ئۆيىگە كېلىپ قىزىقچىلىق قىلدۇرۇپ كېتىدىغان، ئىشكنى ئاچقۇزۇۋېلىپ ئۇنىمىغانىغا ئۇنىماي بىرەر سورۇنغا زورلاپ ئېلىپ كېتىدىغان ئىشلار پات - پات بولۇپ تۇراتتى. ھېۋىز كۆزەتچى بۇ سەپەر يەنە شۇنداق ئويلاپ:

— بولدى ئىشكىمنىڭ تۈۋىدىن كېتىش، قېرىپ قالدىم، سىلەرگە تاماشا قىلىپ بەرگۈدەك ھالىم يوق، بەك زېرىككەن بولساڭلار ئۆيگە بېرىپ ئاپاڭلارنى ماراڭلار، — دەپ قىزىقچىلىق قىلىپ، بوسۇغىنىڭ

تۆۋىدىن قايتتى.

ئۇ تېخى ئورنىغا يېتىپ كەلمىگەنىدى، "غاچ" قىلىپ ئىشىكنى مۇجۇغىدىن قومۇرۇپ، بىر چەتكە ئىرغىتىپ تاشلاپ بىرنەچچە خەلق ئەسكىرى ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇلارنىڭ قولىدا پالتا سېپىدەك توم توشۇك بار ئىدى، ئۇلار ھېۋىز كۆزەتچىنى قولىدىن كەينىگە قايرىپ بىرىنچى باغلاقتا باغلاپ، دولىسىدىن تالاغا قاراپ ئىتتەردى. ئۇدۇل كەلگەن يېرىدىن تېپىپ، ئۇرۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى.

— ئەللىك ياشقىچە ئۆيلىنەلمىسەممۇ كېچىدە ئىشىك چەككەن ئادەم ئەمەسمەن، ئاناڭلارنىڭ ئۆچى بارمىدى، نېمانچە ئۇرۇشىسەنوي، ھارامدىن تۆرەلگەنلەر، — دېدى كۆزەتچى خەلق ئەسكىرىنىڭ ئالدىدا كېتىۋېتىپ.

ھېۋىز كۆزەتچىنى ئۆيىدىن ئېلىپ چىققان پېتى دارقىرىتىپ سۆرەپ قەمىردىن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكىدىن كىرگۈزۈۋېتىشتى. يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئىلگىرى ئالىممۇ مۇشۇ ئۆيگە قامالغانىدى.

تۇتۇش، قاماش بىرنەچچە كۈن داۋام قىلدى. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بوش ئىشخانىلىرى، ئىسكىلاتلىرى، ھەتتا قىش كىرگىچە بىكار تۇرىدىغان سەي ئورىلىرىمۇ "مەھبۇسلار" بىلەن تولدى.

ئەتىسى چۈش مەزگىلىدە قەمىردىن، ئالىم، ھېۋىز كۆزەتچى بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئۈستىدە پىچىرلىشىپ ئولتۇراتتى. بىر پەستە سىرتتا كىمدۇ بىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىق قىلىپ ۋارقىراپ سۆزلىگەن ئاۋازى كەلدى، ئۇلار گەپتىن توختاپ، ئىتتىك تالا تەرەپنى تىڭشاشتى. قارشىلىق قىلغۇچى قازاق بولۇپ، نەق ئانا تىلىدا سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن سۆزىنى دەرھال چۈشىنىپ بولمايتتى.

— مەن كومپارتىيە ئەزاسى، — ئاۋاز قەمىردىنلەر تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى، — خەلققە زۇلۇم سېلىشقا ۋاستە بولۇپ بېرىشنى نومۇس بىلىمەن، سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلارنىڭ ھەممىسى يالغان، قىپقىزىل يالغان، ئۇچىغا چىققان كاززاپلىق.

— ئاغزىڭنى يۇم مۇناپىق، بىكار تاياق ئاستىدا ئۆلسەن.

— مەيلى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت، ئاخىرقى نەپەسىمگىچە پاش قىلىمەن، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، كوممۇنىستىك بۇرۇچىمنى ئادا قىلىمەن، ھەممىسى يالغان، نومۇس، ئۇچىغا چىققان شەرمەندىلىك!

— ئاغزىڭنى يۇم دەيمەن.

— يالغان!

بۇ ئاۋاز گويا بوسۇغىنىڭ تۈۋىدىلا چىقتى. بىر پەستە ئىشىك ئېچىلىپ يوغان بىر گەۋدە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭ ئۈستىبېشى ئىت تالىغاندەك يىرتىلغان، باش-كۆزى قىپقىزىل قان ئىدى، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەنتۈرلۈپ كېلىپ گۇپ قىلىپ يىقىلدى، سۇنايلىپ گەپ قىلماي، خۇددى شۇك بولغان ئادەمدەك يېتىپ قالدى.

ئۆينىڭ ئىچى ئۇپۇر-تۇپۇر بولۇشتى. قەمىردىن مەشھۇر ئەمگەك نەمۇنىچىسى، "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانى چارۋىچىلىق دۈيىسىنىڭ باشلىقى، ياچپىكا شۇجىسى ئوگارباينى تونۇپ ئىتتىك ئالدىغا ئۆتتى، يېنىدا ئولتۇرۇپ بېشىنى تىزىغا ئالدى.

— ئوگارباي، ئاھ مېنىڭ بىر قانىتىم، — قەمىردىنىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋالدى، — قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ، گەپ قىل، نېمە بولدۇڭ ئوكام!

ئوگار باي يۈزىدىكى قاننى سۈرتۈپ، بېشىنى ياغلىق بىلەن چېكىلەپ چىگىپ بولغىچە كۆزىنى يۇمۇپ گەپ قىلماي ياتتى. ھېۋىز

كۆزەتچى دەرھال سۇ كەلتۈرۈپ كالپۇكىنى يېرىپ ئاغزىغا تېمىتتى، ئوگار باي تامشىپ بىر-ئىككى يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن، بېشىدا كېلىپ ئولتۇرغان قەمىرىدىنگە قاراپ لاپپىدە كۆز ئاچتى.

— قەمىردىن باشلىق، سەن مېنىڭ ئۆز ئاغام، ئۇزۇندىن بۇيان ساڭا ئېتىقاد قىلىپ كەلدىم، راست گېپىڭنى ئېيتقىنا، جاھاندا زادى نېمە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ؟

— شۇنداق، ھەممە نەرسە ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمما مۇنۇ بىر ئىشتىن زادى گۇمانلانغۇچى بولما، پارتىيىمىز ئاغدۇرۇلۇپ كەتمىدى، ھامان بىركۈنى بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتى چىقىدۇ، سەن زادى نېمە بولدۇڭ؟

ئوگار باي ھېچنىمە كۆزەتچىنىڭ قولىدىكى چىنىنىڭ گىرۋىكىنى يالاپ سۇدىن يەنە بىر-ئىككى يۇتۇم ئىچتى، گەۋدىسىنى كىچىككىنە ئۆرە قىلىپ قەمىردىنگە تاياندى. كۆكسىنى كېرىپ ئۇلۇغ بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن، چارۋا مالغا توز ئېلىش ئۈچۈن تاغدىن چۈشكەندىكىنى، كۆرگەزمىنى كۆرۈپ ئۆتەي دەپ كۇلۇبقا كىرىپ ناھايىتى چوڭ بىر ئالدامچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى، كۆرگەزمە قىلىنغان فوتو سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر-ئىككى ھەپتە ئىلگىرى تۇرسۇن تاقىقا ئادەم باشلاپ چىقىپ تەشكىللەپ ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئوگار باي، يەنە بىر ئېيتقىنا، — دېدى قەمىردىن گويا قولىغا ئىشەنمىگەندەك، — "گۇرۇھ ھەرىكىتى" دەپ ھازىر كۆرگەزمە قىلىنۋاتقان سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى يالغان، تۇرسۇن بوران تەشكىللەپ تارتقۇزغان دېدىڭما؟

— شۇنداق، — ئوگار باي كەسكىن جاۋاب بېرىپ دېدى، — تۇرسۇن بوراننىڭ غەرىزىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، قازاق تۇرمۇشىدىن

رەسىم ئالسىمىز دېسە، تەشكىللەپ بېرىپتىمەن. "ئۈرۈش مانېۋىرى" دېگەن سۈرەت تاغدا ئوغلاق تارتىشنى ئىپلىغان. "ئارقا سەپ تەمەننانى" دېگەن سۈرەتنىمۇ نورما ئاشلىقنى تاغقا يۆتكەشنى تارتقان. مەن كۆرگەزمىدە مەغپىرەتنىڭ قولىدىكى چۆپنى تارتىۋېلىپ: ئۇكام قاچانغىچە ئالدىنىپ يالغان گەپ قىلىپ يۈرىسەن، گۇۋاھچى مەن، بۇ سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى يالغان دېمەسمەنمۇ، تاياق كۆتۈرۈپ تەرەپ-تەرەپتىن يېپىلىپ كېلىشتى.

ئوكار باينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، "مەھبۇسلار" دەر غەزەپ بولۇشتى.

— مەن ھېلىقى "ئوت قويدى" دېگەن ۋەقەگىمۇ ئىشەنمەيمەن، — دېدى ئالىم گەپ قىستۇرۇپ، — تەشۋىقات دۈيى كېلىپ سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەرگەن كۈنى ھېچىزكام ئىككىمىزنىڭ كەينىدىن بىر گەۋدىنىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكى خىيالىمدىن كەتمەيدۇ. بۇمۇ تۇرسۇن بوراننىڭ ئويۇنى بولۇشى كېرەك.

— تۇرسۇن بوران غۇلجىغا ئەلەم كۆرۈشى قىلىپ كىرگەندە، ھەممە شۇملۇقلارنى ئۆگەنگەن، ئويلاپ كۆرۈڭلار، سالىيوت ئېتىشنى ھازىر مەيداندا ئۇنىڭدىن باشقا كىم بىلىدۇ؟

— ماگىزىنىدىن دورا-دەرمەك، داكا ئوغرىلىغان يامان ئادەملەر ھېچ قورال كۆتۈرۈپ چىقاي دېمەيدىغۇ؟

— ھەممىسى سۇيىقەست! تەشۋىقات دۈينىڭ سۇيىقەستى!

— ھېچىز كۆزەتچى گەپ-سۆزگە ئارىلاشماي، گويا بىر چېگىشتىن ئۈچ ئىزدەۋاتقاندەك، قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالغانىدى. بىردىن كۆزلىرىنى غىلدىرلىتىپ ئوكار بايغا مۇغەمبىرانە قاراپ:

— ئوكا، باياتىن بېرى نېمە گەپلەرنى قىلدىڭ، ماڭا ئوخشاش

ئۇدۇل كەلگەن يەردە چاقچاق قىلىپ يۈرمەيدىغانسەن؟ — دەپ سورىدى.

— چاقچاق، قانداق چاقچاق، بىز يايلاۋدا قوزا گۆشىدىن كاۋاپ ياساپ هاراق ئىچىپ ئولتۇرغىنىمىز يوققۇ؟

— ئالىمجان قانداق، — دېدى ئۇ بىردىن ئالىمغا بۇرۇلۇپ، — مەن باشتىلا، قورقما، كۆكلۈكنى توق تۇت ئۇكا، دەپ ئېيتمىغانمىدىم، چوڭ ئويۇن ئەمدى باشلاندى، تەشۋىقات دۆيى تۇمشۇقىدىن ئىلىندى، قەلەندەرنىڭ ئۆچكىسىدەك ئوينىتىۋاتىمىز!

ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ چاقچىقى كۆلكە پەيدا قىلغانمۇ بولار ئىدىيۇ، ئەمما شۇ ئەسنادا ئىشىك يەنە ئۇلۇغ ئېچىلىپ، كەينى تەرەپتىن قاتتىق ئىتتىرگەنلىكتىن بولسا كېرەك، روزى باپكار دومىلاپ دېگۈدەك ئۆيگە كىردى.

— دادا نېمە بولدى، سېنىڭ نېمە گۇناھىڭ بار ئىكەن؟ — دېدى ئالىم بىردىن غەزەپكە كېلىپ.

روزى باپكار ئورنىدىن تۇرۇپ يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىدىكى توپىنى سۈرتتى.

— بىر ئىلاج قىلىپ قەشقەرگە خەت ئەۋەتىدىغان گەپتى، پەندىيات، ئىلىخو دېگەن شەكمۇ چىقامدىغان!

يەنە بىر تۈركۈم گۇمانلىق ئۇنسۇرلار يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، كەچتە سوراققا تارتىش باشلاندى.

ۋاڭ دۈيجاڭ بۇ سەپەر كۈتمىگەن قارشىلىققا، "مەھبۇسلار"دا شۇ چاقچىقە كۆرۈلۈپ باقمىغان شىجائەتكە دۇچ كەلدى. ئۇ تۇرسۇن بورانىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىغانىدى. بوسۇغىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە كىرىش بىلەن تەڭ، گويا بىر مەيدان قانلىق ئېلىشىدىغاندەك ھەممە

ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ھۆرپىيىپ قاراشتى.

— ۋاڭ دۇيجاڭ، يېتەر ئەمدى، سەۋر قاچىمىز تولدى، — قەمىر-دىن پېشانىسىگە چۇشۇپ تۇرغان چېچىنى قولى بىلەن كەينىگە قاي-رىپ قويۇپ ئالدىغا ئۆتتى، — بۇگۇن كۆرگەزمە قىلىنغان ئىشلار راست مۇشۇ يەردە بولغانمۇ، خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى.

— قايمۇقتۇرۇش ئەمەس، پاكىت.

— يالغان! — دېدى ئوگار باي غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ، — گۇۋاھچى ئۆزەم، ھەممىسى بىزنىڭ ئاۋۇلدا ئويدۇرۇلغان تۆھمەت.

— بۇ بىرىنچى قېتىم بولۇۋاتقان ئويۇن ئەمەس، — دېدى ئالىم ۋاڭ دۇيجاڭ دۇدۇقلاپ قالغاندا، گەپ قىستۇرۇپ، — ئۆتكەنكى ئىشلارنىڭ تېخى ئاخىرى چىققۇدەك بولمايلا...تەشۇىقات دۇيى بۇ شۇملۇقلارنى راستىنلا يېپىپ كېتمەن دەپ ئويلامدىغاندۇ؟!

— بۇ ئىشلارنى ئىسپاتلىماستىن ئۇستىگىدىن جۇڭياڭغىچە ئەرز قىلىپ بارىمىز.

— خەلقنى قۇرۇق تۆھمەتنىڭ قۇربانى قىلغانلىقىڭدىن بىر-بىر-لەپ ھېساب ئالىمىز.

— گەپ قىل ھوي گاچچا!

ۋاڭ دۇيجاڭ ھەقىقەتەن گاڭگىراپ قالدى، باشلىرى يېرىلغان، قولى سۇنغان، يۇز-كۆزى قانغان ۋە پىغان بىلەن ئۇنلۇك سۆزلەپ ئالدىغا دېۋەيلەپ كىلىۋاتقان بۇ ئادەملەرنى گەپ ئويىنىتىپ، دوق ۋە ھەيۋە قىلىپ بېسىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەمما ئۇ پەيلىدىن يانمىغانىدى.

— ھىم، بۇگۇن كىملىكىڭ ئاشكارا بولدى، — دېدى ئۇ بۆرە

جۇۋسىنى كىيىپ ھەيۋە قىلىپ كېپىنى ئاقتۇرالمىغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز كەينىگە شوخشۇپ تۇرۇپ، — سەنلەردە ھەقىقەتەن گۇرۇھ بار، بولمىسا ھەممىڭ بىر ئېغىزدىن خاتا گەپ قىلىشاتتىڭمۇ؟ قىپيالڭاچ ئوتتۇرىغا چىقتى دېگەن مانا شۇ، تىغ ئۇچىنى تەشۋىقات دۆيىگە قارىتىشتىڭ، خەپ توختاپ تۇرۇش، تەشۋىقات دۆيى ئۆزىنى تونىتىدۇ، ئۆزىنى تونۇتمىغىچە بۇ ئىشنى يىغىشتۇرمايدۇ.

— جېنىمىزنى ئالغىنىمىزغا ئېلىپ قويدۇق، سەنلەرنىڭ ئەپتە-بەشىرەڭنى ئاچمىغىچە بىزمۇ قارشى تۇرۇشنى يىغىشتۇرمايمىز. — بۇ گەپ مەسلىھەتلىشىۋېلىغاندەك، ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىقتى، ئۆيىنىڭ ئىچى غەزەپلىك گۇكۇرەش بىلەن جاراڭلاپ كەتكەندى. ۋاڭ دۆيجاڭ چۆچۈپ، كۆز ئالدىغا قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ لاسسىدە بوشاپ قالدى.

## 2. غالچىنىڭ خوجايىن ئالدىدا تىترىشى

بۇ يىلى ھاۋا ئىنتايىن قۇرغاق كەلدى، ئېيۇندىن باشلاپ كۈننىڭ قىزدۇرۇشى سېلىسىيە ئوتتۇز گرادۇستىن تۆۋەن چۈشمىدى. ئىسسىق چوتكىباش جۇرېنى قاتتىق ئازاپلاشقا باشلىدى، كالتە يەڭ ئاق يېپ مايكا، پۇشقىقى بىر غېرىچ كەلمەيدىغان كالتە ئىشتان كىيىپ ،ۇرۇش ۋە جوزىنىڭ ئاستىغا بىر چىلاپچا مۇزدەك قۇدۇق سۈيى ئەكىلىپ پۇتىنى چىلاپ ئولتۇرۇش ئۇنىڭ ئىسسىقتىن چىپ-چىپ تەرلەپ تۇرغان گۆشلۈك بەدىنىگە ئارام بېرەلمەيتتى. چوتكىباش جۇرېن ئاخىر ئىشخانىنى تاشلاپ ھويلىدىكى تال بارىڭى ئاستىغا چىقىۋالدى.

ئىسسىق ئۇنىڭ تەبىئىيتىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، گەپ خۇش ياقمايدىغان قىلىپ قويدى. ئۇ كىشىلەرنى كەمدىن-كەم قوبۇل قىلاتتى. ئەتىگەن تەرەپتە، كەچتە سالقىن چۈشكەندە يېنىدىكى خىزمەتچىلىرى بىلەن بىردەم-يېرىمدەم ماجاڭ ئوينايدىغان ئادىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ تال بارگى ئاستىدىكى بىرېزىنت ئورۇندۇقتا ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، باشتىن كەچكەنلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ كۈننى كەچ قىلاتتى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! سىز چوتكىباش جۇرېننىڭ يوغان قورسىقىغا، بۇقا بوينىغا، ئىسسىققىمۇ، سوغۇققىمۇ چىدىمايدىغان ئاجىز تەبىئىيتىگە ۋە شەپكە كىيمەي، قولنى كەينىگە تۇتۇپ ھەمىشە گىدىيىپ يۈرىدىغان تەكەببۇرانە مىجەزىگە قاراپ، بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتمىگەن، زۇگىلىسى ئەزەلدىن يوغان ئۈزۈلگەن ئادەم دەپ ئويلاپ قالماڭ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!

ئۇ، بىر چاغلاردا، مەركەزدىكى مەلۇم بىر مىنىستىرلىكنىڭ مالىيە مەھكىمىسىدە ئادەتتىكى كادىر چېغىدىلا ئۆزىنى ھازىرقىدەك تەكەببۇر تۇتاتتى، ئۆزىنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان، بىلەرمەن ئادەم كۆرسىتىپ، چوڭ-چوڭ ئىشلارغا قول تىقىپ مۇستەقىل بېجىرەتتى. ئۇ مىنىستىرلىكتە بىرئاز بازارغىمۇ ئىگە بولدى. مىنىستىر، مۇئاۋىن مىنىستىرلەر، مەھكىمە باشلىقى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى: ليۇ خېگجى قولىدىن ئىش كېلىدىغان كادىر دەپ ماختاپ، ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي رەھبەرلىكنىڭ كۆزىگە چېۋەر كۆرۈنگەن بۇ ئادەم قولى تۇتقاقلىق قىلىپ قويدى. مىنىستىرلىكنىڭ ئىقتىساد قىلغان ئىش خىراجىتىگە خىيانەت قىلىپ تۇتۇلۇپ قالدى، قائىدە بويىچە بۇ پۇل يىل ئاخىرىدا يۇقىرىغا

تاپشۇرۇلۇشى ياكى مەلۇم قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم قالدى، جازالاندى ۋە ھەممىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ كەتتى.

مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ يىرىكلەشتى. خوتۇن ئېرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى يوقاتقانلىقىدىن خاپا بولۇپ، ئىككى گەپنىڭ بىرىدە قىرىچە تېگىدىغان، ليۇ خېڭجى خوتۇنىنىڭ مۇئامىلىسىنى ھار ئېلىپ ئىككى كۈندە بىر ئۇرۇشۇپ چىنە چاقىدىغان بولدى. ئۇلار رەھبەرلىكنىڭ ئالدىغىچە ئەرز قىلىپ بېرىشتى، مۇرەسسەگە كېلىشەلمىدى، ئاخىر ئايرىلىپ كېتىشتى.

ئۇ، ئەمدى پۈتۈنلەي تەركىدۇنيا بولۇشقا قاراپ ماڭدى. مىنىستىرلىككە بويىنىدىن باغلىغان ئىتتەك كىرىپ چىقىدىغان، كىشىلەردىن قېچىپ يالغۇز يۈرىدىغان، كەچقۇرۇنلىرى شۇپاڭغا كىرىپ تۈزلىغان تۇخۇمنى زاكۇسكا قىلىپ ھاراق ئىچىدىغان بولۇۋالدى.

ياز پەسلى، ئاۋات ۋاڭفۇجىڭ كوچىسى سان-ساناقسىز ئېلېكتر چىراغلىرى كۈندۈزىدەك يورۇپ تۇراتتى. ياقىلىرىغا زەر تۇتقان، ئىككى يېنى يىرىق "چىپاۋ" كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلىكىنىڭ ئوچۇق قولتۇقلىرىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرغانلىقىغا قارىماي، نازۇك قوللىرىدا قەغەز يەلپۈگۈچ تۇتقان زىلۋا بىر قىز پۈتىدىكى ئېگىز پاشنىلىق توپلىيىنى تۇكۇلدىتىپ بېسىپ ليۇ خېڭجىغا ياندىشتى. ليۇ خېڭجى بۇ كۈنى كۆپرەك ئىچىپ قويغانىدى، دەسلەپ ھادىسىنى بايقىماي، كېيىن كۆزىنى لەپپىدە ئېچىپ قارىدى، قىز گويا سەيلىگە چىققان ئاشىق-مەشۇقلاردەك كېپىنەك سۈرەتلىك يەلپۈگۈچ بىلەن يۈزىنى يەلپۈپ ليۇ خېڭجىغا ياندىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— مەن سىزنى سىرتىڭىزدىن تونۇيمەن، بېشىڭىزغا كەلگەن

ئىشلاردىمۇ خەۋىرىم بار، — دېدى قىز ليۇ خېگجى قارىغاندىن كېيىن، — لېكىن ئىرادىسىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيدىكەنمەن، نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى شۇ قەدەر يوقىتىپ قويىسىز؟

قىز ئۇنىڭ خىيالىنىڭ ئۇستىدىن چۇشكەندى، ليۇ خېگجى قىز بىلەن بىرىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشۈۋاتقانلىقىغا قارىماي، قورساقتىكى غۇمنى يوشۇرۇشقا ئىلاجسىز قالدى.

— ھەممىدىن خوتۇنۇمنىڭ ۋاپاسىزلىقى جېنىمغا تەگدى، دەڭا، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن ئىشلارنىڭ ئوندىن بىرى سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن بولسا...

— مېنىڭ بېشىمغا ئىش كەلمىگەنلىكىنى سىز نەدىن بىلىسىز؟ سىزنى بىكاردىن-بىكار ئىرادىسىزلىكتە ئەيىبلەۋاتقىنىم يوققۇ.

ۋۇي تېخى سىز ماڭا ئوخشاش...توۋا مۇنۇ جاھاننىڭ قىرسىقلىقىنى، سىزگە ئوخشاش گۈزەل-نازىنىنلامۇ ئازاب چېكىپ يۈرگەن بولسا...

كوچىدا ئادەم شالاڭلىشىپ قالغانىدى، ئۇلار يول ياقىسىدا ئاستا كېتىۋېتىپ خۇددى ئىلگىرىدىن بىر-بىرىنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش باشتىن كەچكەنلىرىنى سۆزلىشىپ ماڭدى.

كۆزلىرى شۇ تاپتا يول ياقىسىدىكى چىراغتەك يېنىپ تۇرغان لەنلەن ئىسمىلىك بۇ قىز پايتەختتە دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق ئەركىسى ئىدى، ئۇ ئەركىن، شوخ چوڭ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. پايتەختتە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان يىلى بىر كەپسىزلىكتىن قورسىقىدا بالا بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

لەنلەن دەسلەپ قورقۇپ كىشىلەرگە كۆرۈنمەي، يالغان ئىسپىراپكا تاشلاپ بېرىپ دەرسكە قاتناشماي يۈردى، ئوغرىلىقچە چەت

ياقىدىكى بىر دوختۇرخانىغا بېرىپ قورسىقىدىكىنى ئالدۇرۇۋەتتى. ئۇ بۇ ئىشنى چاندۇرماي تۈگىتىپ، ئىلگىرىكىدىن يېنىكلەپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما چىرايى ئۈششۈك ئۇرغان كۆز يوپۇرمىقىدەك زەپىرەڭ تۈسكە كىرىپ، ساۋاقداشلىرى ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك گۇمانى مۇلاھىزىلەرنى قوزغاپ قويغانىدى.

لەنلەن دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتكەندە، تەشكىل ئۇنى شىزاڭغا خىزمەتكە تەقسىم قىلدى، بۇ ئىش ئۇنىڭغا خۇددى يەنە بىر قېتىم بويىدا قالغاندەك زەربە بولۇپ تۇيۇلدى، ئۇ پايتەختتىن ئايرىلىپ ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالماس ئىدى، تەشكىل بىلەن ماجىرا قىلىپ ئۆزۈنىڭچە ئىش ئورنىغا بارمىغانلىقتىن، مائارىپ مىنىستىرلىكى لەنلەننى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى. تەشكىل مۇشۇ قارارنى چىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ چاتاق چىقىرىپ قويغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى.

ئەمما ئۇ ليۇ خېڭجىنغا كەچۈرمىشلىرىدىن دەرد تۆككەندە، بۇ چاتاقنى يوشۇرۇپ ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

— قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن رەھىمسىز تەقسىمات ـ ھە، — دېدى قىز خۇددى مائارىپ مىنىستىرلىكىدە چاتاق قىلغان چاغدىكىگە ئوخشاش ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — مېنىڭمۇ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىم بار، قوتازدىن باشقىنى كۆرمىگەن زاڭزۇلارغا كوممۇنىزمنى چۈشەندۈرىمەن دەپ ياشلىق باھارىمنى غازاڭ قىلاتتىممۇ، بىرىنچى سىنىپتىن تارتىپ ھېسابلىسام ئون يەتتە يىل پارتىدا ئولتۇرۇپ بىلىم ئىگەللىدىم، پايتەختتە ئىشلەشكە نەرىم كەملىك قىلىدىكەن.

— توغرا، سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن ئىشمۇ يېنىك ئەمەس ئىكەن، — دېدى ليۇخېڭجى قىزغا ھېسداشلىق قىلىپ، — شىزاڭ

دېڭىز يۈزىدىن بەش-ئالتە مىڭ مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان سوغۇق تاغلىق رايون، ئۇ يەردە مۇنداق تانكى توپلەي، "چىپاۋ" كۆڭلەك كىيىپ يۈرەلمەيسىز، يەلپۈگۈچ تۇتمايسىز، سىزدەك بىر نازىنىننى شىزاڭغا ھەيدەش جۇمالاڭما چۇققىسىغا گۈل تېرىغاندەك ئىش، سىزگە ئۇۋال قىپتۇ.

— ئەمما سىزگە ئوخشاش ئۆزەمنى يوقىتىپ قويىمىدىم، مېنىڭچە ھايات بىر قېلىپتا ئۆتۈۋەرمەيدۇ، شەيئىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئادەم ئۈمىدۋار ياشىشى كېرەك، "ئېتەك ياقىغا، ياقا ئېتەككە ئايلىنىدۇ".

مۇشۇ ئۇچرىشىشتىن ئېتىبارەن باشلانغان ئۆزئارا ئىزدىنىش ئاستا-ئاستا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. ليۇ خېڭجى گۈزەل بۇ قىزنى شەرتسىز ياخشى كۆرەتتى، جازالانغان، بىر نىكاھلىق بولغان ۋە يېشى ئۆزىدىن چوڭ بولسىمۇ، مىنىستىرلىكتە ئىشلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ليۇ خېڭجىغا ئىختىيار قىلىش قىزنىڭ پايتەختتە قېلىش ئارزۇسىغا ماس كېلەتتى. ئۇلار ئۆي-ئوتاقلىق بولۇشتى.

"مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا ليۇ خېڭجى "خۇدا قوشقان" بۇ خوتۇن-نىڭ "ئالدىن كۆرەر"لىكىگە قايىل بولدى. دەرۋەقە، "شەيئىلەر ئۆزگەردى"، "ھايات قېلىپىدىن چىقتى"، ئېتەك ياقىغا، ياقا ئېتەككە ئايلاندى.

ليۇ خېڭجى شىنجاڭغا كېلىپلا بىر ناھىيىگە باشلىق بولدى، ئەمما ئۇ بۇ ئورۇنغا قايىل ئەمەس ئىدى، ئۇ مەركەزدە، مىنىستىرلىكتىكى چاغدا يۇقىرىدىن تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرۈلمىسىمۇ، مالىيە مەھ-كەمىسىنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ تېخى مۇئاۋىن مىنىستىرلىكتىنمۇ تامايى بار ئىدى.

ئۇ، مۇشۇ مەنسەپكە ئۆرلەش ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستىنى قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ياخشى چۈشىنەتتى.

چوتكىباش جۇرېن ھاياتىدىكى ئۇزۇن جەريانىنى خىيالىدىن تەسۋىدەك ئۆتكۈزۈپ، ھازىرقى رېئاللىق ئۇستىگە كەلگەندە، يەنە كىچىككىنە خىيال سۈرۈپ قالدى.

ئۇ، ھەرىكەتنى تولىمۇ سېھىرلىك ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بارماقتا ئىدى، كىشىلەرنى توركۆملەپ بىر ئورۇنغا يىغدى، سىرت بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزدى، سابىق ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى ناھىيىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خىلۋەت بىر جايدا "مەسىلە تاپشۇرۇش"قا تەشكىللەپ قىيىن-قىستاققا ئالدى. ناھىيە بويىچە "كەڭ بولۇش، قاتتىق بولۇش" نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يىغىنلىرى ئۆتكۈزدى، لېكىن قىلغانلىرى ئىشنى نەس بېسىپ تۇراتتى.

ئۇ، ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ئازراق تېرىكىپ قالدى. تال يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى چېكىسىنى قىزدۇرۇپ تۇراتتى، ئورۇنىدۇقنى سايە تەرەپكە سۈردى، چېكىسىنى سۈرتۈپ، تەرىنى ئادالىغاندىن كېيىن، بىرېزېنت ئورۇندۇققا سۇنايلىپ كۆزىنى يۇمدى، كۆز ئالدىدا خوتۇنى لەنلەن پەيدا بولدى.

لەنلەن چوتكىباش جۇرېننىڭ نەزىرىدە بىرىنچى خوتۇنىغا قارىغاندا ھەرھالدا قەدىرناسلىق قىلدى، "ئائىلە ئايالى" بولۇپ ئون نەچچە يىل ئۆيدە ئولتۇرۇش ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېرىنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلايدىغان ئىشلارنى سادىر قىلمىدى. ئۇ، ھۆسن-جامالدا يېتىلگەن، ئىككى بالىلىق بولغانلىقىغا قارىماي ئېتىكىگە كىر يۇقتۇرمايدىغان، ياز كۈنلىرى ئىككى پېشىنى لەپىلدىتىپ

"چىپاۋ" كۆڭلەك كىيىپ يۈرىدىغان ياسىداق خوتۇن ئىدى. چوتكىباش جۇرېن خىزمىتى يۆتكەلگەندە ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيماي ئۇنى شىنجاڭغا بىللە ئېلىپ كەلدى. لېكىن ئىش ئورنىدىكى ئۆزگىرىش لەنلەنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى. چوتكىباش جۇرېننىڭ ئۆيگە كەمدىن-كەم كېلىشى كۆڭلىگە تەگكەنلىكتىن، شەھۋانىلىق تۇيغۇلىرىدىن ئارام تاپالماي، بەزىدە كومىتېت قورۇسىغا كېلىپ جۇرېن بىلەن مۇڭدىشىپ كېتەتتى.

چوتكىباش جۇرېن بىرىزىنت ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ لەنلەن بىلەن بولغان ئەنە شۇنداق ئۇچرىشىشلارنىڭ بىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى:

چىڭقى چۈش ۋاقتى ئىدى، لەنلەن ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىدا تۇنجى قېتىم ئۇچراشقانغا ئوخشاش ئېسىل رەختتىن "چىپاۋ" كۆڭلەك كىيىپ، قەغەز يەلپۈگۈچتە ئۆزىنى يەلپۈپ تال بارىكى ئاستىغا كەلدى.

خېنجى، مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم، نېمانچە باغرى تاشلىق قىلىدىغانسىز؟ ئۆي تەرەپكە قاراپ قويايمۇ دېمەيسىز؟ — دېدى ئۇ ئېرىگە ئەركىلەپ.

لەنلەندىن ئەتىر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، چوتكىباش جۇرېن گويا بۇ پۇراقتىن مەس بولغاندەك لەنلەننىڭ يالىڭاچ بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە يېقىن تارتىپ تۇرۇپ:

— مەن بۇ يەردە باشلىق، دىققەت قىل، كۆرۈپ قېلىشسا سەت بولىدۇ، — دېدى.

— جېنىم، دورا چىلاپ قويغان ھارىقىڭىز ئۆز پېتىچە تۇرىدۇ، ئۆيگە بارسىڭىز سەي قورۇپ بەرمەيتتىممۇ، — لەنلەن ئەتراپنى كۆزەتكەندىن كېيىن چوتكىباش جۇرېننىڭ يېرىم يالىڭاچ

گەۋدىسىگە ئۆزىنى سۈركەپ داۋام قىلدى، — ئىچ پۇشقى سۆڭەككە يەتتى، مېنى نەگە ئەكىلىپ تاشلىدىڭىز، شىزاڭغا كېتىۋەرسەممۇ بوپتىكەن.

چوتكىباش جۇرېن قولىنى لەنلەنىنىڭ قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ بىرپەس بېلىگە گىرە سېلىپ تۇردى، دولىسىنى، بېشىنى سىلىدى، سۆيۈشۈش بۇ ئوتتۇرىدا ئادەت بولمىغانلىقتىن، چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ قويۇپ، ئاندىن قولىنى جوزىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئىستاكاندىكى چايغا ئۇزاتتى.

— دۇرۇس سېنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇم، — دېدى چوتكىباش جۇرېن چايدىن بىر ئوتلىغاندىن كېيىن، — بىراق بۇ ۋاقىتلىق زېرىكىش، كەلگۈمىزنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىڭ كېرەك.

— ”قورققان يەردە جىن بار“ دېگەندەك، يەنىلا چەت-ياقىغا چىقىپ قالدىم، پادىچىدەك ئۆتۈۋەرمەسسىز؟

خاتىرەڭنى جەم قىل، مەن مەركەزدە خېلى ئىشلارنى تەۋرەتكەن، — دېدى چوتكىباش جۇرېن لاپ ئۇرۇپ، — مۇھىمى، بۇ يەردىكى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ يول ئېچىشىمىز كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىن، ھىم...مەن تېخى مىنىستىرلىكتىن ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم.

چوتكىباش جۇرېنىنىڭ خىيال-پىكىرلىرى ئۈزۈلدى، ئۇ پالىلدە قىلىپ كۆزىنى ئاچتى، تال بارىڭى ئاستىدا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى، چۆچۈگەندەك ئىتتىك ئورنىدىن تۇرغاندا، دېرىزىسى تال بارىڭىغا قاراپ ئېچىلغان ئۆيدە تېلېفون قاتتىق جىرىڭلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ ئىشخانىغا كىردى-دە، تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ:

— ۋەي-ۋەي، سىزكىم؟ ھە، گېپىڭىزنى قىلىڭ، مەن ليۇ خېڭجى، — دەپ ۋارقىرىدى.

قارشى تەرەپتە، "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانى تەشۋىقات دۈيىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يىڭجاڭ گەپ باشلاپ دېدى:

— ليۇ جۇرېن مېنى كەچۈرۈڭ، بۈگۈن دوكلاتىمدا يەنە سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ياقىدىغان گەپ قىلالمايمەن.

— نېمە، يەنە ئىقرار قىلىشمىدىمۇ؟

— خاپا بولمىسىڭىز، ئالدى بىلەن يېقىنقى بىرمەزگىللىك خىزمەت ئەھۋالىمىزنى سۆزلەپ ئۆتسەم.

چوتكىباش جۇرېن بۇ گەپكە ماقۇل بولسىمۇ، بىراق ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ دوكلاتىنى ئاخىرغىچە ئاڭلاشقا سەۋر قىلالمىدى. "يامان ئادەملەرنى" پاش قىلىش ئۈچۈن قوللانغان چارە-تەدبىرلەر، مەسىلەن، يۇمشاق ۋاستە قوللىنىشنى بىرلەشتۈرۈش، مەنسەپ، ئەمەل ۋەدە قىلىش، ئەسلەش تامىقى يېيىش چوتكىباش جۇرېننىڭ خەۋىرى بار ئىش، بەزى چارىلەرنى بولسا جۇرېننىڭ ئۆزى ئېيتقان بولۇپ، قىزىقارلىق يېرى يوق ئىدى. دۈيجاڭ يېقىنقى بىرمەزگىللىك ئىشلارنى دوكلات قىلىپ چارۋىچىلىق دۈيىنىڭ باشلىقى ئوگار باينىڭ كۆرگەزمىنىڭ سۈيىقەسىت ئىكەنلىكىنى خەلقىئالەم ئالدىدا ئوچۇق پاش قىلغانلىقىنى ئېيتقاندا تاقىتى ئۈزۈلدى.

— ھوي، تىلىڭنى چاينىماي تۈزۈكرەك گەپ قىل، — دېدى چوتكىباش جۇرېن ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ شىخىغا قېقىپ، — نېمىدېگەن يامان خەق بۇ، تېگى تەكتىنى ئوبدانراق سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمىدىڭلارمۇ؟

— "دەرد-ئەلەمنى ئەسلەش، راھەت-پاراغەتنىڭ قەدرىگە

يېتىش" يېغىنىدا مۇشۇ مەقسەتكە يەتمەكچى ئىدۇق. ھەممىسى ئۆزىنى ياخشى ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشتى.

— ھېلىقى قەمىردىن دېگەن بۇزۇقنىڭ بۇرنىدىن ئۇماچ قۇيىمىدىڭلارمۇ؟

قەمىردىنمۇ سۆزلىدى، ئىلىدا گومىنداڭغا قارشى قورال كۆتۈرگەن پېشقەدەم ئىنقىلابچى مەن دەيدۇ.

— قارا، بۇنىڭ گەدەنكەشلىكىنى، ھە، قېنى، نېفىت ئىنژېنېرى نېمە دەپ سۆزلىدى؟

— ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرنېمە دېمىدى، ئايرىم گەپلەشسەم ماتاچىنىڭ ئوغلى بولمەن، پارتىيە تەربىيىلىگەن ئىنژېنېر، بېشىمغا ھەرقانچە بالا كەلتۈرسەڭمۇ پارتىيىگە بولغان مۇھەببىتىمگە داغ تەگكۈزەلمەيسەن دەيدۇ.

— ئەمدى روزى باپكار دېگەن ئەبگارنىڭ گېپىنى قىل.

— ماتاچىنىڭ گېپىگە كەلسەك، — دېدى ۋاڭ دۇيجاڭ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — يىغلاپ تۇرغان بىلەن سۆزى بەكمۇ زەھەرلىك: بىز گۇڭچەنداڭنىڭ ھىممىتى بىلەن ئازادلىققا چىقىپ، تۇرمۇشىمىز بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتاتتى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا سىلەر ئازادلىقىمىزنىڭ تامتىقىنى قويمايۋاتىسىلەر دەپ يۈزىمىزگە تۈكۈرگەندەكلا گەپ قىلدى.

چوتكىباش جۇرىنىڭ سەۋرى قاچىسىدا زىغىر پاتقىچىلىك ئورۇن قالمىغانىدى، شۇ ئەسنادا قارا باسقاندەك كۆزىگە يەنە بىرى كۆرۈنگەندەك قىلدى-دە، بىردىن ئۆزىنى بېسىپ تۇرۇپ:

— ھېۋىز دەللە بىز ئۈچۈن ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىدىمۇ؟! — دەپ سورىدى.

— مەن بۇ گەپنى ئەتەي يوشۇرۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

— نېمىشقا؟

— ياق، ياق، ھازىر ئېيتالمايمەن.

— ماڭا ئىشەنچىڭ كامىل ئەمەس ئىكەن-دە؟

ۋاڭ دۈيجاڭ گەپتىن توختاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، چوتكىباش جۇرېنىنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈش ئېھتىمالى ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ ئەسلەش يىغىنىدا قەمىردىنىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ياقىلاپ چىققانلىقىنى، دېھقانچىلىق تېخنىكى كېرىمجاننىڭ "ئەسلەش تامىقى" سۈيىقەستىنى پاش قىلغانلىقى چوتكىباش جۇرېنىنىڭ كەيپى خۇش چاغدا دوكلات قىلىش قارارىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ، ئالدى بىلەن بۇ ئىككىيلەنىمۇ قاماپ قويغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇلارنىڭ سۆزىنى دوكلات قىلغاندا، جۇرېنىنىڭ سەپراسىنى قوزغاپ قويماسلىقتا ياردىمى بولامدىكىن دەپ ئويلىغانىدى، بىراق گەپنىڭ ئاخىرىغا كەلگۈچە چوتكىباش جۇرېن سەۋر قىلالمىدى، ئاچچىق بىر چىرقىرىدى-دە، تۇرۇپكىنى جاققىدە قىلىپ تاشلىۋەتتى.

چوتكىباش جۇرېنغا دوكلات قىلىش "ئالغا"دىكى ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ كېڭەشىدىن ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئەتىسى تۇرسۇن بوران تىڭ تىڭلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ تېلېفوندا سۆزلىشىش ئەھۋالىدىن گەپ تۈگىمەيلا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ۋە چوتكىباش جۇرېنىنىڭ ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپكىنى جاققىدە تاشلىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

بۇ ئىش ۋاڭ دۈيجاڭنى تەمتىرىتىپ قويدى. ۋاڭ دۈيجاڭ كىچىچە ئۇخلىمىدى ۋە كىچىچە ئۇخلىمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، دۈيجاڭنىڭ چاپاق قايناپ تۇرغان ئورا كۆزلىرى قىزىرىپ تۇراتتى.

ئۇلار مەيدان ئىنقىلابىي كومىتېت قورۇسىغا، ئىشخانا بىناسىغا

كىرىش ئىشىكىنىڭ ئالدىدا سۆزلىشىپ تۇراتتى. بىر پەستە سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇماق، زىيالىي قىز مەغپىرەت ۋەباشقىلار يېتىپ كېلىشتى. لېكىن گەپ ئېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. خۇددى ھەممىنىڭ جەم بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئاش ۋاقىتلار بىلەن تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا ”گۈر“ قىلىپ بىر پىكاپ توختاپ، ئىچىدىن چوتكىباش جۇرىن چۈشتى.

چوتكىباش جۇرىن ئادەتتىكىدەك يالاڭباشتاق بولۇپ، رەڭگى ئۆڭگەن ماش رەڭ تۇجۇركىسىنىڭ ئۈستىدىن دولىسىغا سومكا ئېسىۋالغانىدى. ھويلىدىكىلەر قارشى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېلىشتى.

— بۈگۈن ساڭا بىر سوئالىم بار، — دېدى چوتكىباش جۇرىن دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن تۇرسۇن بورانىنىڭ ئالدىدا توختاپ، — قېنى تىلىڭنى چاينىماي جاۋاب بەرگىنە، بىر كالىدا قانچىلىك تۈك بولىدۇ، سەن قانچىلىك يۇلالىدىڭ؟!

گەپ ”ئالغا“دا ”يامان ئادەملەر“ ياخشى قېزىلمايۋاتقانلىقى ئۈستىدە كېتىپ باراتتى، تۇرسۇن بوران كۆزىنى قاچۇرۇپ شۈك تۇرۇپ قالدى.

— ھوي يەر يولۋىسى، قېنى گەپ قىل، — چوتكىباش جۇرىن گويا يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان ئەلپاز بىلەن ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى. — بىرى پېشقەدەم ئىنقىلابچى، بىرى پارتىيە تەربىيىسىدە يېتىلگەن ئىنژېنېر، بىرى ئۆتمۈشتە ئېزىلگەن ياخشى ئادەم بولسا، يامىنى بىز، بىزنى ”چىم-چىم“ ئېتىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟!

چوتكىباش جۇرىن ئۈستىگە ماش رەڭ بىرىزېنت يېپىلغان ”بېيجىڭ“

ماركىلىق پىكاپتا پات-پات كېلىپ "قېزىش" ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇراتتى. لېكىن ھېچقاچان بۇنداق قاتتىق تېرىككەن ئەمەس ئىدى. ھەممىگە تەڭ دېگۈدەك تىترەك ئولاشتى. جۇرېنىڭ بوران ئۇچۇپ تۇرغان گۆشلۈك يۈزىگە، قان قويۇلغان كۆزىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي بېشىنى سېلىپ، بەزىلەر قول قوشتۇرۇپ شۈك تۇرۇپ قېلىشتى.

## 3. تادان تۈلكىنىڭ تۇمشۇقىدىن ئىلىنىشى

چوتكىباش جۇرېن شالىنى چاچرىتىپ تۇرسۇن بورانىنى بىرپەس تالىغاندىن كېيىن، مەيدان ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مەجلىسخانىسىدا يىغىن ئېچىپ، قەتئىي قېزىشنى ئىچكىرىلەپ مۇزاكىرە قىلدى.

— بۈگۈن ئالدىڭلاردا بىر ئىشنى ئاشكارا سۆزلەيمەن، — دېدى تېخىچە سەپراسى ئۆرلەپ تۇرغان جۇرېن كۆپچىلىككە ھۈرپىيىپ قاراپ، — بۇنى ئېيتىمىسام دىققىتىڭلار قوزغىلىدىغاندەك ئەمەس، لېكىن بىر شەرت بار، گەپ مەشەدە قېلىشى كېرەك، سىرتتا سۆز-چۆچەك قىلغانلار نەق ئەكسىلئىنقىلابچى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

كۆپچىلىك سىرتتا سۆز-چۆچەك قىلمايمىز دەپ قەسەم ئىچىشتى. چوتكىباش جۇرېن ئاندىن تامىقىنى قىرىپ قويۇپ "ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ"نىڭ يىپ ئۇچى قانداق قولغا چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى "مەخپىيەتلىك"نى "ئاشكارىلاش"قا كىرىشتى.

يىغىنغا ئىنقىلابىي كومىتېت مەسئۇللىرى، تەشۋىقات دۈيىنىڭ ئەزالىرى ۋە "ئىشەنچلىك" ئاتىلىدىغان "ئاكتىپ"لار قاتناشتى.

چوتكىباش جۇرېىنىڭ "يېڭى مەلۇماتى"نى ئاڭلاپ، دېھقانچىلىق مەيدانى سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇماق ئەنسىزلىكىگە چۆمۈپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇنى ئەنسىرىتىدىغىنى بۇ ئاتالمىش گۇرۇھنىڭ ناھىيىدىكى ئاساسىي رەھبەرلەرنى يېتەكچى قىلغانلىقى، "قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى"، "ھەرىكەت پىلانىنىڭ خەۋپلىكلىكى" توغرىسىدىكى ئويىدۇرما ئەمەس، "ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ" غۇلجىغا ئەۋەتكەن خەۋەرچىنىڭ يول ئۈستىدە خەتنى ئوقۇپ قورقۇپ كېتىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقىدەك "پاش" بولۇش جەريانىنىڭ "ئىشەنچلىك"لىكى توغرىسىدىكى ساختىپەزلىكمۇ ئەمەس. جۇماق "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا قولغا كىرگۈزۈۋالغان ئىمتىيازغا دەخلى-تەرۇز بولمىسلا، ئاسمان گۇمۇرۇلۇپ چۈشسىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان ئادەم، بىراق مۇشۇ ئەھۋال ئۈستىدىكى تەھلىلدىن چىققان "ئىشەنگۈدەك بىرمۇ ئادەم يوق" دېگەن خۇلاسە، نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى پىلە قۇرۇتىدەك غاجاپ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ كېتىۋاتاتتى.

مەجلىسخانىدا چېۋىنىنىڭ گىڭشىلدىشى ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

— مەن ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىپ قويدۇم، — چوتكىباش جۇرېىن "مەخپىيەتلىك"نى "ئاشكارىلاپ" بولغاندىن كېيىن، زەردە بىلەن تەنە قىلىپ دېدى، — ئەمدى ئىچكىرىلەپ قازامىسىلەر، مەيلىگە قويۇپ بېرەمسىلەر، مەن ئارىلاشمايمەن. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، بۇ يەرگە بىرقانچىڭلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەم ئەمەسمەن، ھازىرقىدەك بوشاڭلىق قىلساڭلار، يامان ئادەملەر بىركۈنى جەزمەن ئىش تېرىيدۇ، مېنىڭ كىچىك ماشىنام بار،

ياكى ئايروپىلانغا چۈشۈپلا تىكئۆبتىمەن، سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟!
چوتىكىباش جۇرىنىنىڭ بۇ سۆزى ھەممىنىڭ ئىستىرىيىسىنى قوزغىدى. تەلۋىلەر تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، جاھاننى بېشىغا كىيدى.
ھېۋىز كۆزەتچىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ كۈرەش قىلغاندا، جۇماق شۇ قەدەر شاپاشلىدىكى، ئۇ گويا كىشىگە بۇرغىسى تۇتىقان مەس تۆگىنى ئەسلىتەتتى.
— ھەي ئەبلەخ، بويۇن تولغىماي جىنايىتىڭنى ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىل — ئۇنىڭ شالى چاچراپ، ئىككى جاۋغىيىدىن كۆپۈك قايناپ تۇراتتى — ئىنقىلابىي ئامما سېنى قارىسىغىلا سوراققا تارتىۋاتقىنى يوق، قۇيىرۇقۇڭ ئالىلىقاچان قومغا كۆمۈلدى، جاھىللىق قىلىدىغان بولساڭ...
ھېۋىز كۆزەتچى تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىقىرىپ كۈرەش قىلىشتىن مەڭدەپ، مالخىيىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇراتتى. قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلانغان جۇماقنىڭ غەلىتە سوئالىدىن ھەيران بولۇپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى.
— نېمە دەيدىغانسەن ئۇكا، قېرىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىقىپ يۈرگەندە، سەن دېگەن ئىشلاردا مەن نېمە قىلاي، — دېدى.
— كاززاپلىق قىلما — جۇماق قاتتىق ۋارقىرىدى، — سىنىپىي كۈرەش كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ.
— ئۇنداق بولسا، مەن قىلغان ئىشلارنى ئۆزەڭلا دەۋاتقىنا.
— ۋۇي قارايۈز، جىنايەتنى سەن ئۆتكۈزسەڭ، ئۇنى مەن تاپشۇرۇمەنما!
— سېنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن بويان بىر مەيداندا، بىر قازاننىڭ شورىنى يالاپ ئۆتتۇۋاتىمىز، — دېدى كۆزەتچى سۆزىنى داۋام



قىلىپ، — يېتىپ-قوپۇشلىرىمىزغىچە بىر-بىرىمىزگە ئايان، راست شۇنداق ئىش قىلغانلىقىمنى بىلسەڭ، ئۆزەڭلا دېسەڭ بولمامدۇ؟

جوماق تەمتىرەپ قالدى.

— جىنايەتنى ئۆزەڭ ئۆتكۈزدىڭ — ئەمدى ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا ۋارقىرىدى، — نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ بىكار هېلى، هە، قېنى سۆزلە.

— نېمىنى سۆزلەيمەن؟

— قەمىردىن ئۇيۇشتۇرغان گۇرۇهقا قاتنىشىپ، قىزىل هاكىمىيەتنىڭ ئۇلىغا پالتا ئۇرماقچى بولغان رەزىل نىيىتىڭنى، ئوت قويۇپ، ئوغرىلىق قىلىپ، ساليوت ئېتىپ ئالاقىلىشىپ كۆتۈرۈلۈش قىلماقچى بولغان نەق هەرىكىتىڭنى... هە، سۆزلە، نېمىگە هوميىپ قارايسەن.

— مەن بار يەردە سەنمۇ بار، — دېدى كۆزەتچى باشتىكى گېپىنى تەكرارلاپ، — مانا شۇ قەدەر ئېنىق بىلىدىكەنسەن، ئۆزەڭلا سۆزلەپ تۈگەتسەڭ بولمامدۇ؟

جوماقنىڭ سەۋر قاچىسى يېرىلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە تۇرسۇن بوراننىڭ يۈرىكىدە قوترىۋاتقان بەتنىيەتتىن كۆزەتچىنىڭ خەۋىرى باردەك، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، دوس تارتىپ جوماقنى ئۆزىگە چېتىۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك سېزىلدى. شۇڭا مۇشۇ يەردىلا پىغانىنى چىقارماقچى بولدى، كۈرەش قىلىشنى بانا قىلىپ، تاياق تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: — ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ كۆز بويىاپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا يول قويمايلى، — دەپ شوئار توۋلىدى، ئاندىن كۈرۈك مىكياندەك ئېتىلىپ كېلىپ ”پاق-پۇق“ قىلىپ تاياق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

بۇگۈنكى كۈرەش يىغىنىغا "ساۋاقىقا ئىگە قىلىپ يۇمشىتىش" ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنى مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىپ قاتناشتۇرغانىدى، جۇماق تاياقنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى قېتىم ئېتىلغاندا، توپنىڭ ئىچىدىن كىمدۇ بىرى، ئېھتىمال يۈرىكى ئاجىز ئايال كىشى بولسا كېرەك، كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆكتەملىككە سەۋر قىلالماي زىل ئاۋازدا ــ ۋىيەي خۇدايىم، نېمە ئالامەت بۇ، ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇلغان تاياق زەربىسىدىن كۆزەتچى يەر بېغىرلاپ توپىغا مىلىنىپ يېتىپ قالدى. ساقىلىغا ئوخشاش ئاق مالخىيى ئۆزىدىن يىراق يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇستىدىكى ئاق خەسە كۆڭلىكى ئاۋاق گەۋدىسىدىن تەپچىپ چىققان قانغا مىلىنىپ بارغانسېرى مەينەتلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

كىشىلەر گويا بېشىدىكى كۆلپەتنى ئۇنتۇغاندەك، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ غۇدۇراشتى.

ــ راست شۇنداق ئىش قىلغان بولسا، ئاۋۋال ئېنىقلاپ، ئاندىن بىر ئىش قىلىش كېرەك ـ تە، ئەگەر يالغان بولسا، كۆزەتچىگە ئۇۋال بولمامدۇ؟

ــ گۇناھكارنى ئۇرۇش كېرەك دەپ قايسى ھۆكۈمەت جاكالىغان، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلسا بولمامدۇ؟

ــ قاراڭلار، نېمىدېگەن ئۆكتەملىك ـ ھە!

ــ فاشىستلىق!

ــ ئاغىنىلەر غەيرەت قىلىڭلار، ئاغزىڭلارغا ئىگە بولۇڭلار، ــ كىمدۇ بىرى ئەلەڭلەپ، ئىككى يېنىغا كۆز تاشلاپ تەكشى كۆزەتكەندىن كېيىن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بوينىنى سوزۇپ پەس ئاۋازدا ئېيتتى، ــ خەۋىرىڭلار يوقمۇ؟ فاشىزىمنىڭ بۇ يەردە باش

كۆتۈرگەنگە خېلى ۋاقىت بولدى. "تىل يۇگۇرۇكى" باشقا" دېگەن گەپ بار، ئويلاپ گەپ قىلىڭلار، قۇلىقىغا يېتىپ قالغۇدەك بولسا، ئىككى پۇتۇڭلارنى بىر ئۆتۈككە تىقىدۇ.

تۇرسۇن بوران ئوتتۇرىغا چىقىپ تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى.

— كۆپچىلىك بەس، ۋاڭ-چۇڭنى توختىتىڭلار. جۇماقىنىڭ ئۇرۇشتىكى نىيىتى توغرا، ئۇ كۆزەتچىنى جىنايەتتىن قۇتقۇزۇپ، ئارىمىزغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى ئىدى. تاياق قاتتىقراق تېگىپ كەتسىمۇ زىيىنى يوق. ئۆزەڭلارغا مەلۇم، شىپالىق دورىسىمۇ بەزىدە رېئاكسىيە قىلىدۇ، دورا ئاچچىق بولغىنى بىلەن كېسەلنى تېز كېسىدۇ، ئادەم قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ...

ئۇ بۇگۇنكى يىغىنىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىدى. تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، خەلق ئەسكەرلىرىنى مۇنۇ كۆزەتچىنى ئۆز ئورنىغا ئېلىپ كېلىپ تۇرغۇزۇشقا بۇيرۇدى.

خەلق ئەسكەرلىرى بۇيرۇقنى دەرھال بەجا كەلتۈردى. كۆزەتچىنى قانغا مىلىنىپ ياتقان يېرىدىن خۇددى چوجە ئالغان ساردەك كۆتۈرۈپ، سۆرەشتۈرۈپ كەلدى. بىراق ئۇ ئۆرە تۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بولۇپ، يۈرىكىنىڭ ھېلىھەم جىددىي سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپئاق تاتىرىپ جەسەتكە ئوخشاپ قالغانىدى. كۈرەشنى داۋام قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقى تۇرسۇن بوراننىڭ شۇ قەدەر جېنىغا تەگدىكى، ئۇ كۆپچىلىككە سۆز قىلغاندا ئاغزىغا كەلگەننى يۇتماي چالۋاقىدى.

— ئەكسىلئىنقىلابچىلار بەكمۇ ھىيلىگەر، بەكمۇ قۇۋ كېلىدۇ، — دېدى ئۇ بەزگەك ئادەمدەك چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ، — ئۇلار

بەزىدە بىزنىڭ ئادىمىمىز بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بەزىدە يالىڭاچ سەپكە ئاتلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، بەزىدە ئۆلۈك يولۋاس بولۇپ يېتىۋالىدۇ. لېكىن ئۇلار مەيلى قانداق ئۇسۇل قوللانمىسۇن، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

جۇماق يىغىندىن كېيىن ئاستا مېڭىپ (كۆزەتچىنى كۈرەش قىلىشتا بەك چارچىغانىدى)، ئۆيىگە قاراپ يالغۇز كېتىۋاتقاندا، تۇرسۇن بوراننىڭ گېپىنى ئىختىيارسىز ئەسلىدى، مۇلاھىزە قىلدى. "ئوغرى گۇمانخور كېلىدۇ" دېگەنىدەك، ئۇ بۇ گەپنى كۆزەتچىدىن كۆرە ماڭا قارىتىپ ئېيتتى دەپ ئويلايتتى. — كۆزەتچىنى جىنايەت ئۆتكۈزدى دەپ قارىغاندىمۇ، پۈتۈن ئەمەلىيەتتىن ئۇنى ھىيلىگەر، قۇۋ دەپ ئېيتىش قىيىن، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، — بەزىدە بىزنىڭ ئادىمىمىز بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ دېگىنىچۇ؟ ھەي تۇرسۇن، ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان موخو، كۆزەتچىنىڭ بايا كۈرەش يىغىنىدا قىلغان ياپتا گەپلىرىنى گۆھەر بىلىۋاتامسەن-قانداق؟ مەيلى قانداق ئويلىمىغىن، قانداق شۇملۇقلارنى ئىشلەتمىگىن، مېنى ئىنقىلابىي لۇشيەندىن قايتۇرالمايسەن، ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلىمەن، لېكىن سەن بەكمۇ كۆرەڭلەپ كەتمە، بۇ ھەرگىز سېنىڭ ئادىمىڭ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققىنىم ئەمەس!

بۇ نامازدىگەر ۋاقتى ئىدى، جۇماق يۇقىرىقىدەك خىيال بىلەن ئاستا مېڭىپ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا، بۇ ئەتراپقا كۆز باغلانغۇدەك قاراڭغۇ چۈشتى. ئۇزاق ئۆتمەي يول بويىدىكى ئېلېكتر چىراغلار يورۇدى، جۇماق ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى

چىمچىقلاتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا قەۋەتلىك ئىمارەتنەك مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ پىشايۋانلىق بەش ئېغىز ئۆيى پەيدا بولدى، ئۇنىڭ كوچىغا ئېچىلغان، قاپقاقلىرى زەڭگەر سىرلانغان دېرىزىلىرىدىن يېڭىلا مېھماندارچىلىقتىن قايتىپ كەلگەن رابىگۈلنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

پىشايۋانلىق بەش ئېغىز ئۆي — جۇماق سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق تاجىنى كىيىپ، قولغا كىرگۈزۈۋالغان ئىمتىيازىنىڭ سىمۋولى! ئۆچكىلىك ئېتىكىدىكى ھەممە ئادەمگە ئايانكى، جۇماق بۇ ئۆيىنى سېلىش ئۈچۈن، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، يىگىرمە مىڭ مېتىر رەخت بېلىتىگە خىيانەت قىلغان، بېلەتنى ھايانكەشلەرنىڭ قولى بىلەن پۇلغا ئايلاندۇرغان. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى "ھاشار"غا چاقىرىپ ھەقسىز ئىشلەتكەن، ئىدارىسىنىڭ ماتېرىيال ئىسكىلاتىغا، مېترغا توشماي ئېشىپ قالغان يۇڭ رەخت، يىپ گەزلىمىلەرنىڭ پۇلىغا ئاچ بۆرىدەك چاڭ سالغان...

جۇماق ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرگەندە، نېمىشقىدۇ رابىگۈلنىڭ ناخشىسى قۇلىقىنى غىدىغلىغاندەك تەسىرات پەيدا قىلدى.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
قاراڭدىن قورقىمەن يارىم.

— مەن سايەمدىن قورقىمەن خوتۇن، — دېدى جۇماق بوسۇغىدا توختاپ.

تام تەرەپكە قاراپ، تۆگە ساندۇق تۆۋىدە ئېگىشىپ مېھمانلىق كىيىمىنى ئالماشتۇرۇۋاتقان خوتۇنىنىڭ جۇماقنىڭ شۇ مىنۇتتىكى

ھالىدىن خەۋىرى يوق ئىدى.
— نېمىدىن شۇنچىۋالا ئۈركۈدىڭىز؟ — دېدى ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى بېشىدىن ئاۋايلاپ چىقىرىۋېتىپ، — كۆزىڭىزگە جىن كۆرۈندۇمۇيە؟
— بۇ ئىنقىلابتا ھېچكىمدىن كەم چېنىقمىدىم، جىن-شەيتاندىن قورقمايمەن.
— بىرىگە كۆيۈپ يۈرەمسىزيە؟
— نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن، ئېغىز ئۆزەڭنىڭ، باشقا كەلمىگىچە بىلمەيسەن.
رابىگۈل سەل ئىككى خىيال بولۇپ قالدى.
— ئۇنداق بولسا، نېمە گەپ بۇ، نېمشقا سايىڭىزدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟
جۇماق ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ:
— سەن بىلمەيسەن، يۈرەكتە كۆيۈۋاتقان ئوت بار، ئوت، — دېدى.
ئوت؟ قانداق ئوت ئۇ؟
— سەن سورىما، مەن ئېيتماي.
— ھىم، مېنىڭ ئىسسىقىم تۈگەپتۇ-دە، ماڭا ئېيتقىلى بولمايدىغان ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈپ يۈرەمسىز؟!
رابىگۈل گەۋدىسىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ كەينىگە بۇرۇلدى، رۇباشكىدا يېرىم بالىڭاچ كۆرۈنگەن گەۋدىسى ئۇشتۇمتۇت ياماشقان غەزەپ ئوتىدىن تىترەپ كەتكەندى. كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ ئېرىگە قاراپ ماڭدى، باياتىنقى گۇمان، ئاچچىق خىيال ئوتىدا كۆسەيدەك قارىداپ ئىشككە يۆلىنىپ تۇرغان جۇماقنىڭ پەرىشان-

لىقنى ئوچۇق كۆرۈپ شىپىدە توختاپ قالدى.
— ۋىيەي، ئادەمنى قورقۇتماڭا — رابىگۈل ئىتتىك جۇماقنىڭ يېنىغا ئۆتتى، — نېمە بولدىڭىز، چىرايىڭىز بەك ئوسالغۇ؟
— ھېچنېمە بولغىنىم يوق.
— بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭىزمۇ؟
— ياق.
ئاغرىدىڭىزمۇيە؟
— خۇداغا مىڭ شۈكۈر، يەتتە ئەزايىم يارالغان پېتى تۇرۇپتۇ.
— يالغان گەپ قىلماڭ، كىزىك ئادەمدەك تەرلەپ تۇرىسىز، قاراڭا ئىككى چېكىڭىزدىن سۇ قويۇلۇۋاتىدۇ.
— كۆرەش يىغىنىدا ھېۋىز قېرى بىلەن دەلمۇدەل ئېلىشتىم.
— پرولېتارىيات جەڭچىسىگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشمۇ بۇ، نېمىشقا شۇ قەدەر سولتىيىپ كەتتىڭىز؟
— ئۇنداق ئەمەستۇ؟
— ھەي، خاپا بولمەن، يوشۇرماي ئېيتىڭ، — دېدى رابىگۈل ئاۋازىنى مەنىلىك سوزۇپ، — تۇرسۇن بوران قامچىسىغا تۇكۇرۇپ يۈرىدۇ دېگەندەك قىلۋدىڭىز، يىغىندا چار پۇتلىدىمۇيا؟
جۇماقنىڭ ئەمدى ئۆزىنى بېسىۋېلىشىغا، رابىگۈل دەل ئۇستىدىن چۈشۈپ، ئېچىشىۋاتقان يەرگە تۇز سەپكەندەك تەسىر قىلغانلىقتىن، باياتىن بېرى ئىچىگە يۇتۇپ سىر تۇتۇپ كەلگەن گەپلەرنى داۋاملىق يوشۇرۇشقا ئىلاجسىز قالدى. رابىگۈل ئۇنىڭ دولىسىدىن سىلاپ تۇتۇپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كەلدى، ئالدىغا جوزا قويۇپ، چايدانىدىن ئىسسىق چاي قۇيغاندا، جۇماق چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، ئاندىن ئەھۋالنى بايان قىلىشقا كىرىشتى.

— "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ ئالدىدا تۇرسۇن بىلەن ئىككىمىز ئادەتتىكى ئادەم ئىدۇق، — دېدى جۇماق گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئىچ-ئىچىدىن ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا ئىشىمىز ئوڭدىن كېلىپ، ئوشۇقىمىز ئالچۇ قوپۇپ پايدا ئالدۇق، كادىر بولدۇق، ئۆستۇق، باشلىق بولدۇق. بىراق ئوتتۇرىمىزدا كىچىككىنە بىر ئىشتىن تۇغۇلغان زىددىيەت بار، لېكىن ئورتاقلىق ئاساسي ئورۇندا ئىدى. "يېغى ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن" دېگەندەك، خىزمەت ئورنىدىكى ئۈستۈنلۈكتىن پايدىلىنىپ، ئىككى پۈكلىمەكچى، تۇرسۇننىڭ قىلىقلىرىنى ئەسلىسەم، چىدىمايمەن خوتۇن، بەزىلەر: "ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسام، بېشىمدا ئوت كۆيىدۇ" دەيدىكەن، تىڭشىسام، مېنىڭ يۈرىكىم كاۋاپتەك پىژ-پىژ قىلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن جۇماق ئېغىر پۇشۇلداپ، شۈك ئولتۇرۇپ قالدى، ئۆيىنىڭ ئىچى سۈكۈتقا چۆمدى. "ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئورۇپ سالىدۇ ھەر باب بىلەن" دېگەن ئەقىدە تەسىر كۆرسەتتىمۇ، قانداق، خەلق ئىچىدە "زوۋانداراز" دەپ ئاتىلىدىغان رابىگۈلنىڭ ئاغزى تۇۋاقلاندى. رابىگۈلنىڭ چىدىمايدىغان يېرى شۇكى، جۇماق يامان ئادەملەر بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەلسە، جۇماقنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. تۇرمۇشتىكى ئالاھىدىلىكى بىردەملىك شېرىن چۈشكە ئايلىنىدۇ. ئابرويىمۇ چۈشىدۇ. باشلىقنىڭ خانىمى دەپ خۇشامەت قىلىپ، ئۆپچۆرىسىدە پەرۋانىدەك كۆيۈپ-ئۆچۈپ يۈرگەن دوست-يارەنلىرى ئۈركۈگەن قۇشقاچتەك توزۇيدۇ.

— بۇ تۇرسۇن پوخۇر بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، خوتۇننىڭ ھالىچۇ تېخى! — دېدى رابىگۈل ئارىدىكى جىمجىتلىقنى

بۇزۇپ، — "بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ، قىيامەتتە سورىقى بار" دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان، موللىمۇشۇك بولۇپ، گەپ قىلماي جىم تۇرۇپ بەرسىڭىز، كىچىك بالىمۇ شىللىڭىزغا مىنىدۇ. "يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال" دەپتىكەن، سىزمۇ يەڭنى تۈرۈپ، ئېلىشىڭ، ئۈستىڭىزدىن ئېغىز ئاچالماس قىلىۋېتىڭ...

قانداق ئېلىشىش كېرەك؟ ھەممىنىڭ دىققەت-ئېتىبارى ئاتالمىش ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قېزىش بىلەن گىرەلىشىپ تۇرغان ھازىرقى يەيتتە، تۇرسۇن بورانىنىڭ تۇرمۇش ئىستىلىدىكى گەپ-سۆزلەر كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا تەسىرات قوزغىماي قالمايدىغۇ، ئاخىر!

"ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىلەن قاتتىق كۆرەش قىلىپ، تۇرسۇن بورانىنى بېسىپ چۈشۈش" ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىردەك ماقۇل-لۇقىدىن ئۆتكەن قارار بولدى. ھېۋىز كۆزەتچىنى ئىككىنچى قېتىم سوراققا تارتقاندا، جۇماق مۇشۇ قارار بويىچە ئىش كۆردى. بۇ كۈنى كۆزەتچى كۆزى تېڭىلىپ ئۈچەيدەك تار، قاراڭغۇ زالنىڭ ئاخىرى-دىكى بىر ئۆيگە يالاپ كېلىندى، بۇ "مەھبۇسلار" ئىچىدە "ئەزرا-ئىلخانا" دەپ ئاتىلىدىغان جازا مەيدانى ئىدى. جۇماق باشقىلارغا گەپ ئاشۇرمىدى، يوغان مۇشتۇمى، ئەتەي كىيىپ كەلگەن پۇتىدىكى چىگرىن ئۆتۈكى جازا قوراللىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۆتىدى. كۆزەتچى قالايمىقان تەگكەن تاياققا بەرداشلىق بېرەلمەي، تۆگىگە ئوخشاش چۆككەندە، جۇماق ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن قاماپ تۇتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ چارچاپ، دەرمانى قالمىغانىدى، كۆزەتچىنى ئېڭىكىدىن تارتىپ ئۆرە قىلغاندىن كېيىن، ئالدىن تەييارلاپ كەلگەن لازا سۈيىنى بۇرنىدىن قۇيدى. كۆزەتچى ئاچچىق چۈشكۈردى، بېشى قايدى، كۆڭلى ئاينىدى، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان تۈزۈك

تاماق يېمىگەنلىكتىن، قورۇق قەي قىلىپ گوپ قىلىپ يىقىلغاندا، جوماق يۈگۈرۈپ بېرىپ گەجگىسىگە مىنىۋالدى.

— قېنى گەپ قىل، هارام ئۆلسەن، جىنايىتىڭنى تاپشۇرامسەن، يوق؟!

— بولدۇ، تاپشۇراي، — ئۇنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ چىقتى.

— ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھقا قاتناشتىڭمۇ، يوق؟

— قاتناشتىم.

— قانداق ۋەزىپە ئۈستۈڭگە ئالدىڭ؟

— مەن ئادەتتىكى ئەزا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرى، ۋەزىپە بەلگىلىمىگەن.

— كاززاپلىق قىلما، تاياق ئاستىدا ئۆلسەن. تاياقىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ كۆزەتچىنىڭ تېنى شۈركۈندى ۋە:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسەڭ، بۇنىمۇ ئېيتاي — دېدى.

— هە، قېنى سۆزلە، قانداق ۋەزىپە ئۈستۈڭگە ئالغان؟

— تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىنى.

— بىز سېنى قىستىمىدۇق، يالغان سۆزلەۋاتمايدىغانسەن؟

— راست گەپ، كۆتۈرۈلۈش قىلغاندا، تەمىنات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولماقچى بولغان.

سوراق ئاخىرلاشتى، جوماق قاتتىق ئېلىشىپ، چارچاپ شورپا ئىچكەن تازدەك چىپ-چىپ تەرلەپ تۇراتتى، كۆزىگە ئېقىپ چۈشكەن ئاچچىق تەرنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن، گويا تۆھپىسىنى نامايان قىلغاندەك قىلىپ، هومىيىپ ئالدىدا قاراپ تۇرغان باشلىقلىرىغا قاراپ ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلدى.

جوماقىنىڭ ”كۈرەش مېۋىسى“ سۈپىتىدە ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ

ئەمنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىنى ئىقرار قىلىشى تۇرسۇن بورانىغا ياقمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە جۇماق بۇ خىزمەتنى ئارقىلىق تەشكىل ئالدىدا ئابروي تاپىدىغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇش قىيىنغا توختايدىغاندەك ئىدى. جۇماقنىڭ خۇشاللىقىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلىپ بولمايتتى. رابىگۇل بولسا گويا كۆزەتچىنىڭ ئىقرارى بىلەن تەڭ يەلكىسىدىكى تۇگمەن تېشى سىيرىلىپ چۈشكەندەك! — ھېۋىز قېرىنى باش ئەگدۈرۈشتە، بىزنىڭ ئادەم كۈچ چىقاردى، ۋاڭ دۈيجاڭغا قالتىس ياراپ كەتتى، تۇرسۇن بورانىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىغان، ئەڭ يامانلارغا سالىدىغان بولدى، — دەپ تۆت خوتۇننىڭ بېشى جەم بولغان سورۇندا قېشىنى سۈزۈپ، باشقىدىنلا ناينىقلايدىغان بولدى.

ۋاڭ دۈيجاڭ بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، نېمىدىندۇ خاتىرجەمسىز، كېچىسى تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمايدىغان بولدى. ئۇ ھېۋىز كۆزەتچى "ئىقرار" قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ناھىيىگە دوكلات يازدى، ئەتىسى مەخسۇس پوچتالىيون ئارقىلىق يوللىدى. چوتكىباش جۇرىن تۆۋەندىن گەپ كۈتۈپ، قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ تېلېفون تۇرۇپكىسى-نىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، كونۋېرتنى قولىغا ئېلىپ جارت قىلىپ يىرتتى ۋە ئوقۇپ ئاخىرىغا كەلمەيلا "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانىغا تېلېفون بەردى.

— لوۋاڭ، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، يەنە بىر ئىنقىلاپ ئۆتەي، ھېۋىز كۆزەتچى راستىنلا گۇرۇھىنىڭ غوللۇق ئادەملىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بويىنىغا ئالدىما؟

— شۇنداق.

— راست ئالدىمۇ؟

— مەنمۇ تازا ئىشەنمىگەنىدىم، تەكرار - تەكرار بوينىغا ئالدى.
— ياق، ئىشىنىش كېرەك، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئالاھىدە بىر ئەھۋالدا داۋام قىلماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە ئىشەنگۈدەك بىرمۇ ئادەم يوق دەپ ئېيتىپ كېلىۋاتىمەن، ھەممىدىن گۇمانلىنىشقا بولىدۇ، چوڭقۇر قېزىڭلار، تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىدۇ؟
— ئايرىم ئۆيگە سولىدۇق.
— مۇھاپىزەتنى كۈچەيتكەنسىلەر؟
— ئۇ ياتىقان ئۆينىڭ تولۇق قوراللانغان خەلق ئەسكەرلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.
— ياخشى، ياخشى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئېلىپ قېچىشىدىن سەگەك بولۇش كېرەك. شېرىكلىرىنى تاپشۇرۇشقا باشلىدىمۇ؟
— ياق، بىلمەيمەن دەپ قاپىقىنى ئۈچۈرۈپ تۇرىدۇ.
— گۇرۇھنىڭ غوللۇق كىشىسى بولغان ئادەم شېرىكىنى بىلمەيمەن دېسە ئىشىنىشكە بولمايدۇ، قاتتىق سوراق قىلىش كېرەك، چوڭ يىغىنغا ئېلىپ چىقىپ سوراق قىلىڭلار، گەپ تىڭشىمىسا ئېلىشى مۇمكىن. سىلەر غەلىبىلىك جەڭ قىلدىڭلار، — چوتكىباش جۇرېنىڭ ئاۋازى خۇشال جاراڭلاشقا باشلىدى، — يوچۇق ئېچىلدى. يىپ ئۇچى قولغا چۈشتى. چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا چېتىشلىق ئادەملەرنى تولۇق تارتىپ چىقىرىڭلار...
ئايرىم سوراق قىلىش ئۇنۇم بەرمىدى، كۆزەتچى "شېرىكى"نى ئېيتىشقا ئۇنىمىدى. ئۆزىگە بارغانسېرى غەلىتە سېزىلىۋاتقان بۇ ئىشلاردىن تەشۋىقات دۈيىنىڭ قاپاقباش ئىكەنلىكىنى چۈشەندىمۇ،

دەسلەپ كۈرەش قىلغان چاغدىكى قورقۇشىنى ئۇنتۇغان بولۇپ، بەزىدە خۇپسەنلىك قىلىپ، سوراقچىلارنى كولدۇرلىتىپمۇ قويىاتتى، چوتكىباش جۇرىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئاخىر ئۇنى چوڭ يىغىنغا ئېلىپ چىقىشتى.

چوڭ يىغىندا ئالدىن تەييارلانغان گۇپپاڭچىلار تاياقىا ماسلاشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ ئۇزمەي شوئار توۋلاپ تۇرۇشتى.

— گەپ قىل، ھەي ئەبلەخ، تاياقتا ئۆلسەن، شېرىكىڭنى تاپشۇر.

— كۆپچىلىك، دۇنيادا جاندىن تاتلىق، جاندىن ئەزىز نېمە بار، — دېدى كۆزەتچى گەپنى تەمكىن باشلاپ، — گۇرۇھتىكىلەرنى پاش قىلسىپ جاننى ئارام تاپتۇرسام ياخشى بولاتتى، بىراق بىلمەيدىن ئەنسىرەيمەن.

— پاش قىلساڭ كەڭچىلىك قىلىمىز، — دېدى تۇرسۇن بوران.

نېمىدۇ بىرنېمىنى ئويلىغاندەك، كۆزەتچى شۇ ئەسنادا يەنە كىچىككىنە شۈك بولۇپ قېلىشىدى، تولۇمدىن توقماق چىققاندەك، جۇماق يۈگۈرۈپ كېلىپ يەنە بىر مۇشت سالدى.

— گەپ قىل، ھوي ئەبلەخ، ۋاقتنى زايا قىلما!

— ماقۇل پاش قىلاي، ھەممىنى پاش قىلاي، ئاۋۋال بىر سوئالىم بار، — كۆزەتچى كۆپچىلىككە قاراپ داۋام قىلدى، — قېنى قايسىڭلار جاۋاب بېرىسىلەر، جۇماق مېنى نېمانچە ئۇرىدىغاندۇ؟

— ئېھتىمال، ھەيران بولۇشۇڭلار مۇمكىن، — كۆزەتچى ئۆزى جاۋاب بەردى، — جۇماق بىزنىڭ ئادەم. بىزنىڭ ئۇ يەردە (دېھقانچىلىق مەيدانى ئىنقىلابىي كومىتېتىنى دېمەكچى) جۇماقتىن باشقا يەنە بىرنەچچە ئادىمىمىز بار. بىز كىمىكى خائىنلىق قىلىپ

يولداشلارنى پاش قىلسا، شۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرسىمىز، دەپ قەسەم ئىچكەن. مېنىڭ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىمنى ئىقرار قىلىشىم جۇماقنىڭ جېنىغا تەگدى، شۇڭا ھېلىقى گەپ بويىچە ئۇرۇۋاتىدۇ، ئىلگىرىلەپ ئۇنىمۇ پاش قىلىدىغان بولسام، باشقا شېرىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، يالغان ئىنقىلابچى بولۇۋېلىپ: ھە، ئەمدى قالغانلىرىنىمۇ پاش قىل دەپ جۇماق ئورغاندەك ئۇرىدۇ، سىلەر ئەھۋالنى چۈشەنمەي، يامان ئادەملەرنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناپ چۇرقىرىشىپ بېرىسىلەر. قېرىنداشلىرىم، گېپىمگە چىنپۇتۇڭلار، ئۇلارنىڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن.

يىغىن ئورنى تىمتاس بولۇپ قالدى، جۇماق باشلىق بولغان سودا ئىدارىسىنىڭ ماگىزىنىغا ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئوغرىلىقتا چۈشەلدىغۇ، بۇ يەردە جەزمەن بىر سىر بار، كۆزەتچى بىكار قاقشىمايدۇ، دەپ ئويلاشتى.

تەشۋىقات دۆيى بۇ ئىش ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارغاندا، تۇرسۇن بوران كۆزەتچىنىڭ پاش قىلىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. "بىگىز قاپقا پاتمايدۇ" دېگەندەك، مەخپىي ئېچىلغان بۇ يىغىندىكى گەپ-سۆزلەر جۇماقنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. جۇماق تېپىرلاپ قالدى: ئاپلا، تۇرسۇن بوراننىڭ يانپىشىغا چىقىپ قالدىمۇ، قانداق، كۆزەتچى بىلەن ئېيتىشماي تۇرسام قانداق بولاتتىكىن...؟!

جۇماق خىيالىنىڭ بېشىغا چىققىچە تەشۋىقات دۆيى قارار چىقىرىپ، جۇماقنى قولغا ئېلىپ كۆزەتچى ياتقان ئۆيگە سولاپ قويدى.

رابىگۈل ھەر كۈنى دېگۈدەك تاماق ئېتىپ كېلىپ جۇماقنى يوقلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھېچبىر كۆزەتچىگە قارايدىغان كۆزى قالمىغاندى،

ئىشكنى ئېچىش بىلەنلا بىشەملىك قىلىپ ئۇنى تىللايتتى.

— ئۆزىڭىزگە ئىگە بولۇڭ سىڭلىم، ئارپىڭىزنى خام ئورىمىدىم، نېمانچە تىللايسىز، جۇماققا ئوخشاش كاسسىڭىزنى سىلاپ قالماڭ يەنە.

— تۆھمەتخور قېرى، ئۆزەمگە ئىگە بولمىسام قانداق قىلاتتىڭ.

— بۇنىڭ ئامالى ئاسان، تەشۋىقات دۈيسىگە رابىگۈلمۇ بىزنىڭ ئادىمىمىز دەيمەن، مەن بۇ يەردە تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كىچىك ئادەم ئەمەسمەن. گېپىمنى ھەركىم ئىلىك ئالىدۇ.

— ۋىيەي، مۇنۇ قېرىنىڭ گېپىنى، — دېدى رابىگۈل چالۋاقاپ، — يالغان گەپكە شۇنداقمۇ ئۇستا بولارمۇ، ئەبلەخ، مەن ئۇنداق ئىشتا بولمىسام.

— نېمىشقا بولمايدىكەنسىز، — كۆزەتچى غالىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى، — بىز بۇ گۇرۇھنى ئۇيۇشتۇرغاندا، سىزمۇ قاتناشقان ئىدىڭىز، مەن: خوتۇن خەقنىڭ يۈرىكى ئاجىز كېلىدۇ، بۇ زىل ئىش، چاندۇرۇپ قويارسىزمىكىن دېسەم، ئۇنىمىغان، ئاددىيلا بىر ئىش، ئاشپەزلىكىڭلارنى قىلىپ بېرەي، بېشىڭلارغا ھەرقانچە كۈن چۈشسىمۇ قورسىقىڭلارنى ئاچ قويمايمەن دەپ قەسەم ئىچكەن ئىدىڭىز، راست بوش خوتۇن ئەمەس ئىكەنسىز، ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، خېيىم-خەتەردىن قورقماي، مانا بىزگە سولاپ قويغان يەرگە كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تاماق ئەكىلىپ بېرىۋاتامسىز؟...

كۆزەتچى گويا راستىنلا شۇنداق بىر ئىش بولغاندەك ئەستايىدىل سۆزلەۋاتاتتى، رابىگۈل ئۆزىنى يوقىتىپ، قولتۇقىدىكى تەخسىنىڭ داستىخان بىلەن بىللىلا "پاق" قىلىپ يەرگە چۈشۈپ چېقىلغانلىقىنىمۇ سەزمىدى.

# بەشىنچى باب

## 1. يىللىق چىراي ئادەم

تەشۋىقات دۆيى ھېۋىز كۆزەتچى بىلەن ئېلىشىپ "بۆلۈم باشلىقى"لىقىدىن باشقا ھېچنېمە چىقىرالمىغاندىن كېيىن، قەمىردىنگە يېپىلغىلى تۇردى. كۆزەتچى بىرئاز ئارام تېپىپ قالدى، ئىچكىرىلەپ ئىقرار قىلسا بىزنىمۇ چېتىۋالىدۇ، دەپ قورققانلىقتىنمۇ، غالچىلار كۆزەتچىنى سوراققا تارتىشتىن قاچىدىغان، سوراققا تارتسىمۇ ئۇرمايدىغان، يۈزەكى گەپلەر بىلەن چەكلىنىدىغان بولدى.

ئەمما قەمىردىننى سوراققا تارتقاندا بولسا ھەممە قاباھەتلىكلەرنى ئىشلىتەتتى.

بىركۈنى ئۇنى رېئاكتىۋ ئايروپىلان شەكلىدە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا توختىتىپ، بويىنغا تاختاي ئېسىپ قاتتىق كۈرەش قىلدى. ئۇرۇپ باش كۆزىنى، ئۈستىبېشىنى خۇددى ئۇرۇشقاق خورازنىڭ تاجىسىدەك قىپقىزىل قانغا بويىدى. مەقسەتكە يېتەلمىگەندىن كېيىن نەزەربەند ئۆيىگە قاماپ ئىشىككە قۇلۇپ سالدى.

ئۇنىڭ ھېچ مادارى قالمىغانىدى، ئىشىكتىن كىرىش بىلەنلا ئۆزىگە ئىگە بولالماي "گۈپ" قىلىپ داق يەرگە يىقىلدى، گويا ئۆلگەن ئادەمدەك پۇت-قولىنى تاشلاپ يېتىپ قالدى. كېچىكىنە ئارام تاپقاندىن كېيىن يەنى يەرگە پاتتى-دە، ئورنىدىن تۇردى،

كۈن تېخى يورۇق ئىدى، گويا يېڭىدىن ئايغى چىققان بالىدەك، دەلدەگىشىپ دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، كۆز ئالدىدا نامايان بولغان خىلمۇخىل كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. گويا ئۇزۇن كۈرەش مۇساپىسى خىيال كارتىنىسىدىن بىر-بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ئىلى دەريا ۋادىسىدا تىيانشان تىزمىلىرىدىن "ئۆچكىلىك" دەپ ئاتىلىدىغان قارلىق تاغ قارشىسىدىكى تۆزلەڭلىكتىن ئورۇن ئالغان "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانى ئىلگىرى ئەللىك-ئاتمىش ئائىلىلىك كىچىككىنە كەنت ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، پۈتۈن ئىلى ۋادىسىغا ئوخشاش، مۇشۇ كىچىككىنە كەنتتىمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئۆز-گىرىشلەر بولدى. كەنت ئورۇنلاشقان جاينىڭ يەرلىرى مۇنبەت بولۇپ، بۇ يەردە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان چەكسىز كەڭ ئېدىرلار يېيىلىپ ياتاتتى. 1954-يىلى، يەنى يەر ئىسلاھاتى ئورۇنلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

"ئالغا" ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىلى رايونىدا ئاشلىق بازىسىغا؛ شەھەرلەردىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سەپىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەرنى، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەردىن سەپەرۋەر قىلىنغان ياشلارنى، چەت-ياقىلاردىن پاناھ تىلەپ ئېقىپ كەلگەن غېرىب-مىسكىنلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان جايغا ئايلاندى. "ئالغا"نىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كۈنتەرتىپتىكى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەندە، يەرلىك ئاھالىلەر مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، بىر ئېغىزدىن بىزگە قەمىردىن باشلىق بولسۇن، دەپ تەلەپ قىلىشتى.

قەمىردىن يەر ئىسلاھاتىدا مۇشۇ كەنتتە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ

مەسئۇلى بولۇپ، ئۇ شۇ كۈنلەردە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ شىياۋشىياۋ دەرىجىلىك ئوفىتسېرى ئىدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دەۋرى بولغانلىقتىن، شۆبە ھەربىي رايون "ئالغا"لىقلارنىڭ تەلىپى ئۈستىدە ئويلانماي تۇرالمىدى. ئامىنىڭ تەلىپى، يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن قەمىردىن ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇردى. ئۇ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمدە ئىش تاپشۇرۇش رەسمىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان كۈنى ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەشكىلات بۆلۈمى قەمىردىننى "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشىغا تامغا باستى.

بۇ چاغدا "ئالغا"نىڭ ئورنىمۇ ئۆزگىرىپ قوش رەھبەرلىك تۈزۈمىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولغانىدى. قەمىردىن "ئالغا"دا ئىش باشلاپ بىرەر يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

"مەدەنىيەت ئىنقىلابى"غا قەدەر 15 يىل ۋاقىت ئىچىدە "ئالغا"دا بارلىققا كەلگەن قەمىردىننىڭ نامى ۋە جاپالىق ئەمگىكى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىدىغان مۆۋەپپەقىيەتلەردىن ھازىر ئەسەر قالمىغانىدى.

ئىلگىرىكى تاقىر ئورۇندا مەزمۇت قەد كۆتۈرگەن مەيدان بازىرىدىكى ئوي-ئىمارەتلەر ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدىكى ئەلەم كۈرىشىدە بۇزۇلۇپ ئەسكى چاپانغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككى قەۋەت بىناسى ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولدى. ئۇن زاۋۇتى ئىشتىن توختىدى...

دېھقانچىلىق جىددىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى قوراي باستى، سۇغا قانمىغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئېتىزلار

تاقىر، زىراتلەر سولاشقان بولۇپ، تومۇز ئايلاردىمۇ ئوت-چۆپلىرى مەيسىن يەلپىنىپ تۇرىدىغان دەريا بويىدىكى قاغجىرىغان توقايلىقلاردىن كۆڭۈلدە غەشلىك پەيدا قىلىپ چاڭ-توزان ئۇچۇپ تۇراتتى.

كەچ كىردى. سىرتتا ھەممىلا نەرسە نامازشام قاراڭغۇسىغا سىڭىپ كەتكەندىن كېيىن، قەمىردىن ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ئەبجىقى چىقىپ شالاقلاپ تۇرغان ياغاچ كارىۋاتقا قايتىپ كەلدى. ئۇ كىچىككىنە خىيال سۈرۈپ يەنە بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، يېشىنمەي كارىۋاتتا يېنىچىلا ياتقان مۇشۇ ئۆي ئىلگىرى مەيدان باشلىقىنىڭ مەخسۇس ئىشخانىسى ئورنىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ چاغدا ئىشخانا ئىنتايىن بېزەك ئىدى. تۆت تېمى لەۋھە، تەقدىرنامە، ”كۆچمە قىزىل بايراق“ بىلەن تولغان بولۇپ، بۇنى يەنە بىر جەھەتتىن قەمىردىننىڭ پەخىرلىك ئەمگىكىنىڭ شاھادەتنامىسى دەپ ئېيتىشقا بولاتتى.

ھازىر بۇ ئۆي گۈندىخانىغا ئايلاندى.

ئەتراپ ئەمدىلا قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى، ھاۋانىڭ قىزىقلىقىغا قارىماي، ئۈستىگە توقۇمىدەك قېلىن ياماق كۆڭلەك كىيگەن، پاخما چاچلىرى قۇلاقلىرىنى يېپىپ تۇرغان ئون ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز داستىخانغا ئورىغان تاماقنى قولتۇقىغا قىسىپ، سەل ئەيمىنىپ، يېرىلغان يالىڭاياغ پۇتلىرى بىلەن ئاستا بېسىپ گۈندىخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— رۇخسەت قىلساڭلار، دادامغا كەچلىك تاماق ئېلىپ كېلىۋىدىم، — دېدى قىز شۇ ھامان ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولغان گۈندىپايىغا، چوڭ قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ.

— بولىدۇ، لېكىن چاپسان قايتىپ چىق.

گۇندىپاي قۇلۇپقا شاراقلىتىپ ئاچقۇچ سېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. گۇندىخانىنىڭ ئىچى 15 ـ لامپۇچكىدا خىرە يورۇپ تۇراتتى، لېكىن چىچەن قىز ھەممە ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى، يۈزىنىڭ يېرىلغان يېرىدىن تەپچىپ چىققان قان كۆزىگە چۈشكەندە، قىز يىغلاپ ئوقتەك بېرىپ ئۆزىنى قەمەردىننىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

— دادا، نېمە ئالامەت بۇ، بېشىڭغا كەلگەن كۈنلەرنىڭ نېمىشقا ئاخىرى چىقمايدىغاندۇ؟ يۈرىكىمىز زەرداپقا تولدى، چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى، جېنىم دادا!

— قورقما قىزىم، ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى قەمەردىن قىزىنىڭ بېشىدىن سىلاپ، — نېمە كۆرمىگەن خەلق بىز، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

قىز يىغىدىن ئۆزىنى ئاران باستى.

— دادا، ئاپام ساڭا تاماق ئەۋەتكەن، — دېدى ئۇ قولتۇقىدىكى داستىخاننى قەمەردىننىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ.

گويا ئۆگىسىدىن ئاجرىتىۋېتىلگەندەك، قەمەردىننىڭ ھەممىلا يېرى زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇراتتى، قىزنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ، يەنە ئۇنى سەكپارە قىلماسلىق ئۈچۈن، غەيرەت قىلىپ، چىشىنى ـ چىشىغا بېسىپ گەۋدىسىنى ئۆرە قىلدى، داستىخاننى ئاچتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ئايالىنىڭ مېھرىنى ئەسلىتىپ، قىزىرىپ پىشقان ئىسسىق قاتلىما نان تۇراتتى. قاتلىمىنى ئۇشتۇۋېتىپ، نېمە ئۈچۈندۇ بىردىن يۈرەك ھەرىكىتى تېزلەشتى، ئىشىك تەرەپكە لاپ قىلىپ قاراپ ئاندىن قاتلىمىنىڭ ئىچىگە سېلىنغان ئىككىلىك قەغەزنى ئالدى، ئالدىراپ ئاخىرىغا كۆز يۈگۈرتتى، ئايالى كىرگۈزگەن خەت ئىكەن ـ

لىكىنى بىلگەندىن كېيىن، كۆزلىرىنى غىلدىرلىتىپ ئىتتىك ـ ئىتتىك ئوقۇشقا كىرىشتى.

خەت قىسقىلا بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنۇ گەپلەر پۈتۈلگەنىدى.

"قەمەردىن، مەن سىزگە 'گۇرۇھ'قا قاتناشتىم دەپ يالغان ئىقرار قىلىپ تۇرۇۋشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمەن. تەشۋىقات دۆيى غالىجىر ئىتنىڭ ياكى ئاچ بۆرىنىڭ سىياقىنى ئالدى. ھەقىقەت ئۈچۈن ياقا يىرتىپ، سىزگە ئوخشاش راست گەپ قىلىمەن دەپ بەزى ئادەملەر ناھەق ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئىقرار قىلسا سولاپ قويىدىكەن، ئۇرمايدىكەن، ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدىكەن، شۇنى بىلىپ قىلىڭكى، خەلق ھازىر بۇ ئىشتىن بىزار، ئوبلاستقا، ئاپتونوم رايونغا، مەركەزگە ئەرز كەتتى، بىگۇناھ ئىكەنلىكىڭىز ئاخىر ئىسپاتلىنىدۇ، 'پالتا كۆتۈرگىچە كۆتەك دەم ئېلىپتۇ' دېگەن گەپ بار، مېنى دېمىسىڭىزمۇ بەش بالىنى ئويلاپ ئىش قىلىڭ."

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان گۇندىپاينىڭ ھەرىكىتى تېزلەشتى، ئىتتىك قەمەردىنگە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاندىن ئەنسىزلىك بىلەن ئۇۋشىتەك چالدى، يەنە بىرنەچچەيلەن يېتىپ كەلدى، جەبرائىلدەك كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، قەمەردىنگە قاراپ يىپىلىپ كەلگەندى، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي تىترەپ دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان قىز قورقۇپ:

— دادا...، — دەپ ئاچچىق ۋارقىرىدى.

— يوقال، بىكار تاياق يەيسەن، — دەپ ئارىدىن بىرى قىزنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ تالاغا تارتىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، قەمەردىنگە قاراپ ماڭدى.

قەمەردىن شۇ ئارىلىقتا خەتنى قاتلىمىغا قوشۇپ ئاغزىغا سالدى ـ

دە، ئىككىلا چايناپ يۇتۇۋەتتى.

گۈندىپايلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي پىتىرلاپ قالدى. خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېيت دەپ قىستاش، قىيناش ياردەم بېرەلمىگەنلىكتىن، ئاغزىنى مەجبۇرى ئېچىپ، يوغان كىرىپ گەندە تۆكتى. قەمەردىن بېشىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا قىسىپ، چېچىدىن چىڭگىدە تۇتۇپ تۇرغان گۈندىپاينىڭ چاتىرىقىدىن چىقىپ قۇسۇۋەتتى.

يېرىم كېچە، گۈندىخانىنىڭ ئىچى خىرە يورۇپ تۇراتتى، ”مەھبۇسلار“نىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، ئۆينى كېچىسىمۇ يورۇتۇپ قويۇش بۇ يەردە ھازىرمۇ مۇقەددەس تۈزۈمگە ئوخشاش ئەمەل قىلىدىغان ئادەت ئىدى. قەمەردىن ھوشسىزلىنىپ ياغاچ كارىۋاتتا بىرپەس ياتقاندىن كېيىن، يەنە كۆزىنى ئاچتى، گەندىنىڭ قاڭسىق ھىدى ئىچىنى ئېلىشتۇرۇپ قاتتىق ئازابلاپ تۇراتتى، شۇ ئەسنادا ئېڭىشىپ بېشىدا قاراپ تۇرغان بىر گەۋدىگە كۆزى چۈشتى-دە، گويا باياتىن بېرى ئىچىگە سىغماي تۇرۇۋاتقان پىغانىنى چىقىرىۋېلىشنى كۆزلەپ گەۋدىسىنى لىك قىلىپ كۆتۈردى.

— قېنى، ئىنساپ بىلەن گەپ قىل، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قارىغاندىن كېيىن، تەشۋىقات دۈيىدە ئىشلەيدىغان بۇ ئادەمنى تونۇپ، — ئادەمنىڭ ئاغزىغا گەندە تۆكتى دېگەن قانداق گەپ ئۇ، ياۋۇز فاشىستلاردىن نېمەڭلار بىلەن پەرقلىنىسىلەر؟!

تاسادىپىي پەيدا بولغان بۇ ئادەم گويا قەمەردىننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك بىر خىل ئىچىنىشلىق كەيپىياتتا چۆمۈپ، زۇۋان سۈرمەي قاراپ تۇراتتى.

— ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك راستىنلا سوتسىيالىزمغا قارشى نىيەتتە

بولمىغانمۇ؟

— ئېسىمنى تاپقاندىن بۇيان ئۇلۇغۋار مەقسەتنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى يولىدا كۈرەش قىلىپ كەلدىم، — دېدى قەمەردىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — خەلققە، سوتسىيالىزمغا سادىق بولۇشنى يامان دېسە، ئەلۋەتتە ياخشى ئادەم ئەمەسمەن، خوش، شۇ چاغدا سىلەر كىم بولىسىلەر؟!

شۇنىڭ بىلەن ئارىنى جىمجىتلىق باستى. ھېلىقى ئادەم بىر تۇرۇپ قەمەردىننىڭ گەپلىرىدىن مات بولغاندەك، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنغاندەك بولۇپ، باشتىكى ھالىتىنى بۇزماي قاراشنى داۋام قىلماقتا ئىدى.

— كېرەك يوق، — ئۇ خېلى جىمجىتلىقتىن كېيىن بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ گەپ باشلىدى، — ئۇيغۇرلاردا "ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ" دېگەن گەپ بار، ھەقىقەتنىڭ ئۆزىگىمىزدە ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىگىزلا، ئىنقىلابچى ئۈچۈن بۇمۇ بىر چېنىقىش پۇرسىتى.

قەمەردىن بېشىدا قاراپ تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ تەشۋىقات دۇينىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىملىكىنى، ئىسمىنى بىلمەيتتى. گەپ-سۆزىدىكى ئۆزگىچىلىك، چىرايىدىكى يىللىقلىقنى قاراپ ئويلىنىپ قالدى؛ شۇنچە قاتتىق گەپلەرنى قىلسامۇ، نېمىشقا ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوقتۇ... توختا، بۇ زادى كىم؟ نېمىشقا ئۇنىڭ چىرايى شۇنچە يىللىق!

— شۇنداق، ھەقىقەتكە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، ھەرقانچە ئازابلىسىمۇ ئېگىلمەي قارىغايدەك تىك تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن، — قەمەردىن يەنە ئۆز گېپىگە كەلدى ۋە سالماقلىنىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — ساڭا يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، تەشۋىقات دۇيى خام خىيال

قىلمىسۇن، جانغا ئارامىلىق تىلەپ يالغان سۆزلەشىنى، خاتا قىلدىم، جىنايەت ئۆتكۈزدۈم دەپ ئېيتىشنى ئىنسان غۇرۇرى ئۈچۈن ئەڭ زور ھاقارەت بىلمەن.

— شۇنىداق، بۇ ھەرىكەت يەنە ئىنقىلابچىلارنىڭ پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەينەك!

قەمەردىنىنىڭ خىيال يىپلىرى ئۈزاردى، پەرىشتىدەك تاسادىپىي پەيدا بولغان بۇ ئادەم جانىغا ئارامىلىق بېغىشلايدىغان ياغدەك گەپلىرى بىلەن ئۇنىڭ خىيالىنى چوڭقۇرلاشتۇرماقتا ئىدى، ھەرىكەت باشلانغاندىن بۇيانقى ئىشلارنى گويا ھېلى بولغان ئىشتەك جىنى سۆيۈنگەن ھالدا كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ تەشۋىقات دۈيىدە كاتىپلىق قىلاتتى، مەسلىگە قاراش ۋە "مەھبۇسلار"غا بولغان مۇئامىلىدە ئۆزىگە خاس ئىستىل بىلەن باشقىلاردىن پەرق قىلاتتى. مەسىلەن، ئۇ بىر قېتىم قەمەردىنىنىڭ يازما "تەكشۈرۈشى" ئۈستىدە بىۋاستە ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ، تارىخىنى، خىزمەتىنى، كۆرسەتكەن تۆھپە ۋە نەتىجىلەرنى يېزىشتا بوشلۇق قالدۇرماسلىقنى مەسلىھەت قىلدى، ئۇنىڭ گەپ-سۆزىدىن "تەكشۈرۈش" توغرىسىدا تەشۋىقات دۈيىنىڭ قارىشىنى سېزىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە "بوشلۇق قالدۇرماسلىق كېرەك" دېيىدۇ، بۇ جىددىي ۋە خەۋپلىك پەيتتە بىر-بىرىنىڭ قاياشىدا بولىدىغان كىشىلەرنىڭلا ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپ ئىدى.

بىر كۈنى قاتتىق كۈرەشتىن كېيىن ئىككى خەلق ئەسكىرى قەمەر-دىنىنى نەزەربەنىد ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئىككى يېنىدىن يۆلەشتۈرۈپ سۆرەپ كەلدى-دە، ئىشكنى ئېچىپ دولىسىدىن قاتتىق ئىتتەردى، قەمەردىن كۈرەش قىلغانىدا ئۆرە تۇرۇپ، پۇت-قولى ماغدۇرسىز-

لىنىپ ئۆزىگە ئىگە بولالماس بولۇپ قالغانىدى. بوسۇغىدىن ئۆتۈپلا گۈپ قىلىپ يىقىلدى.

— سەنلەردە ئىنقىلابىي كالـلا دېگەن بارمۇ، يوق؟ — دېدى قەمىردىننىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان يىللىق چىراي ئادەم خەلق ئەسكەرلىرىگە چىچىلىپ، — ئەگەر بۇ ئۆلۈپ قالسا كىم مەسئۇل بولىدۇ، هازىرقى چىگىش دەل مۇشۇ مەھبۇستا، مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بىز ئۇنى ئاسرىشىمىز كېرەك.

يىللىق چىراي ئادەم ئاندىن قەمىردىننى يۆلەشتۈرۈپ كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ياتقۇزدى. ئۆزىنىڭ قوپاللىقىدىن خىجالەت بولۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى غىپ قىلىپ كۆزدىن يىتكەنىدى. يىللىق چىراي ئادەم ئاستا بېرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى. كارىۋاتنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەمىردىننىڭ يۈزىدىكى توپىنى، يىقىلغاندا يېرىلغان يېرىدىن تەپچىپ چىققان قاننى يېڭى بىلەن سۈرتتى. بىر كۈرۈشكا قايناقسۇ ئەكىلىپ تۇتتى.

— كېرەك يوق، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئۇ هازىرقىدەك مەيۈس ئاۋازدا تەسەللىي بېرىپ، — ئىنقىلابتا هەر خىل ئەگرى - توقايلىقلارنىڭ بولۇشى ئەزەلدىن يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان ئەھۋال. بۇنىڭدىنمۇ ئىرادىنى چېنىقتۇرۇش سۈپىتىدە پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

ئەمما ئۇنىڭ يېڭىلا خەلق ئەسكەرلىرىگە ”هازىرقى چىگىش دەل مۇشۇ مەھبۇستا“ دېگەن سۆزى قەمىردىننىڭ يادىدا ئىدى، قەمىردىن بۇنى گەپ ئېلىش، قىلتاققا دەسسىتىش ئويۇنى دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، زەردە بىلەن:

— ئېنىقلابتا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى ماڭا چۈشۇ-

نۇشلۇك، مەن ھېچكىمنىڭ ئەقلىغە، يوليورۇقىغا موھتاج ئەمەس، — دەپ چىچىلدى.

بۇ ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. بېشىدا ئېغىشىپ تۇرغان يىلىلىق چىراي ئادەم راستىنىلا ئۇنىڭغا كۆيۈنۈۋا-تاتتى، بۇ كۆيۈنۈشنىڭ پاكىتى سۇپىتىدە ئۇنىڭ كۆزىنىڭ جىيەكلىرى باغرىدىن قايناپ چىققان ئىسسىق ياشتىن نەملىنىپ، قىزىرىپ تۇراتتى، بايىقى گەپنى ماڭا بولغان ھېسداشلىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئېيتقانمىدۇيە؟!

قەمەردىن ئىككىلىنىپ قالدى.

— ئىككىمىز ئىلگىرى ئۇچراشقانمۇ، قانداق؟ — دېدى ئۇ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، يەنە بىرئاز قارىغاندىن كېيىن پەرىشانلىق بىلەن ئاۋازىنى سوزۇپ گەپ قىلىپ:

— شۇنداق، — دېدى يىللىق چىراي ئادەم، — بىز ئۇچراشقان، بىز كونا دوستلاردىن، تەكشۈرۈش ماتېرىيالىڭىزنى كۆرگەندە سىزنى ئەسلىدىم. سىز يولداش قەمەردىن نىزاموۋ بولىسىز.

— تاياق گاڭگىرىتىپ قويسا كېرەك، سىزنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن.

— شۇنداق، سىز بەك ئازاب چەكتىڭىز، نېرۋىلىرىڭىز كاردىن چىقتى. بىز كونا دوستلار، ئايرىلغىنىمىزغا ئۇزۇن بولدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئىلىغا كىرگەن بىرىنچى كۈندىن باشلاپ بىز دوستلۇق ئورناتقان.

قەمەردىن گەۋدىسىنى يەنە بىرئاز ئۆرە قىلدى، تاسادىپىي ھادىسىگە يولۇققان ئادەمنىڭكىگە ئوخشاش كۆزلىرى پارقىراپ، چانقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ تۇراتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ قادىلىپ قارىغاندىن كېيىن، يىلىلىق چىراي ئادەم كۆزىگە تېخىمۇ يىللىق

كۆرۈندى-دە، دولقۇنلىنىپ تۇرۇپ:
— خۇڭ يەن! دەپ ۋارقىرىۋەتتى.
بۇنداق ۋارقىرىشىپ كۆرۈشۈش خۇڭ يەن ئۈچۈنمۇ خەۋپلىك ئىدى. ئاغزىغا ئالقىنىنى ئىتتىك يېپىپ، كۆزلىرىنى مەنىلىك چىمچىقلىتىپ قويدى.
قەمىردىن خۇڭ يەننىڭ ھەرىكىتىدىكى مەنىسىنى دەرھال ھېس قىلدى.
— قەدىرلىك دوستۇم، لېكىن بىر ئىش مېنى يەنە گاڭگىرىتىۋا-تىدۇ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا داۋام قىلىپ، — مەن سىزنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەقىقىي ئەزاسى، ئىسمى جىسمىغا لايىق ئىنقىلابچى، چېگرا رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەمىمىي دوستى دەپ بىلەتتىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسىز، سىزمۇ بولغاندىكىزمۇ؟
خۇڭ يەن كۆكسىنى كېرىپ، ئېغىر نەپەس ئېلىپ خورسىنىپ دېدى:
— سىز مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، مەنمۇ سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن كۈنلەردىن خالى ئەمەس، دۆلىتىمىز — سانسىزلىغان ئەجدادلارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بەختسىزلىككە ئۇچراپ، تارىختا مىسلىي كۆرۈلمىگەن ئاق تېررورلۇق ئىچىگە كىرىپ قالدى. يالغۇز سىز ياكى چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلارلا ئەمەس، خەنزۇلارمۇ ئوخشاشلا ئازاب-ئوقۇبەت چېكىۋاتىدۇ. بىز ئورتاق دۈشمەنگە دۇچ كەلدۇق، لېكىن ئۈمىدسىزلەنمەڭ، دۈشمەن جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ، ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، تارىختىكى ئەكسى-

يەتچىلەر ئۈستىدىن غەلبە قىلغانغا ئوخشاش غەلبە قىلدۇ...

## 2. دوستلۇق سەيلىسى

تۇرمۇشنىڭ تاسادىپىي ھادىسىلەرگە تولغانلىقىغا قەمردىن چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى. ئۇ، تەشۋىقات دۆيىدىن ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىرىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى كۈتمىگەنىدى. بۇ ئادەمنىڭ بىر كونا دوست بولۇپ چىقانلىقى ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قىلدى.

1949-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرى ئىدى، غۇلجىدا ھەرەمباغ ھەربىي گەزەرمىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىلغا كىرگەن قوشۇنلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇچرىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئىككى سەپتە قان كېچىپ جەڭ قىلغان ئىككى جەڭچى — خۇڭ يەن بىلەن قەمردىن ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقمۇ مۇشۇ يىغىندىن باشلىنىش قىلاتتى.

ئۇلار يىغىندىن چىقىپ گەزەرمە ھويلىسىدا، دەرەخ تۈۋىدىكى بەندىڭدە مۇڭدىشىپ بىرپەس ئولتۇرۇشتى. خۇڭ يەن دىگىنال گىمناستۇركا ئۈستىدىن رېمېن باغلىغان، زىلۋا بوي ياش ئوفىتسېرنىڭ كۆكرىكىدىكى ئوردېنلارغا ھېرىسمەنلىك بىلەن كۆز قىرىنى سالغاندىن كېيىن:

— غەربىتىن فرونت ئېچىپ، ۋەتەن ئازادلىقى يولىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردىڭلار، بىز سىلەردىن ئۆگىنىمىز، — دېدى.

— بىز بەش-ئالتە يىللا جەڭ قىلدۇق، — دېدى قەمردىن ياش-قورامى ئۆزىدىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان سۆھبەتدىشىغا يىللىق

تەبەسسۇم بىلەن، — خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىگە سېلىشتۇرغاندا ئېغىزغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ، بىز سىلەردىن ئۆگىنىمىز، سىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرىمىز!

ئەنە شۇ تەرىقىدە تەكەللۇپ سۆزلىرى ئېيتىلغاندىن كېيىن، خۇڭ يەن قەمىردىنىڭ پودپوررۇچىك پاگون تاقىغان مۈرىسىگە قولىنى ئېلىپ دېدى:

— سىلەرنىڭ تۆھپەڭلارنى پەقەت گومىنداڭنىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىپ ۋە تىزگىنلەپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمالغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشىغا پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىپ بەرگەنلىكىڭلار بىلەنلا چەكلىگىلى بولمايدۇ. ”ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى“ دېگەن باھاغا پەقەت مۇشۇلارنىلا مەزمۇن قىلىش ئىنتايىن كەملىك قىلغان بولاتتى، مۇھىمى ئىسسىق قان بەدىلىگە كەلگەن غەلىبەڭلارنى بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا سەرپ ئەتتىڭلار، سىلەر ئۇلۇغ مىللەت بولۇشقا مۇناسىپ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار بىر-بىرىنى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىشتى. خۇڭ يەن باندىتلارنى تازىلاش قوشۇنى بىلەن بىللە تاغلىق رايونلارغا، قەمىردىن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ياماتو كېمىسىدىن ئۆتۈپ شەرقتىكى يېزا-قىشلاقلارغا يۈرۈپ كەتتى. ھەر ئىككىسى سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن بىر-بىرىنى ئەسلىشەتتى. بىر يىلدىن كېيىن خۇڭ يەن بۇغدا ئېتىكىدىن ئىلگىرىكى ئادرېس بويىچە قەمىردىنگە خەت يازدى. قەمىردىن يېزا-قىشلاقلاردا سەييارە خىزمەتنى داۋام قىلماقتا ئىدى. خەت ئىز بېسىپ قوغلاپ يەتكىچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ چاغدا قاتناش قۇلايسىز بولغانلىقتىن، خەتىنىڭ جاۋابى تاغ
ئېشىپ تۆگە پوچتىسى بىلەن بۇغدا ئېتىكىگە يېتىپ كەلگىچە باندىت-
لارنى تازىلاشقا قاتناشقان قوشۇن ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ،
كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، بوز يەر ئېچىپ زامانىۋىلاشقان دېھقانچىلىق مەي-
دانلىرى قۇرۇش ئۈچۈن شىخەنزە تەرەپكە يېنىپ كەلدى. دوستلۇق
ئالاقە شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئۇلار ئەنە شۇنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، بىر-بىرىنى تونۇ-
ۋېلىشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكى ئويناپ تۇراتتى. يۈگۈرۈپ
قوپۇپ كۆرۈشۈشكە، قۇچاقلىششقا ئىمكان يوق ئىدى، خۇڭ يەن
تونۇغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ ئازراق پاراڭلاشتى-دە، مەنىلىك
قاراپ ئاستا كەينىگە قايتتى.

نەزەربەند ئۆيدە يالغۇز قالغاندا قەمىردىننىڭ خىيال تەسەۋ-
ۋۇرىدىن يەنە ئۈچرىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ئەتىسى خۇڭ
يەن بىلەن بىللە شەھەردە سەيلىدە بولغانلىقى تىزىلىپ ئۆتتى...

كەچكۈز، دەل-دەرەخلەر غازاڭ تۆكۈۋاتقانلىقىغا قارىماي،
غۇلجىدا ھاۋا يىللىق ئىدى، ئىدارە-جەمئىيەتلەرنىڭ ئىشىك-
دەرۋازىلىرىغا، ئېگىز ئىمارەتلەرگە، ھەتتا بەيتۇللا ئالدىدىكى ھېيت
بايراملاردا ناغرا چېلىنىدىغان پەشتاقىچە شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد
بولغانلىقىغا تەنتەنە قىلىپ قىزىل بايراقلار، پلاكاتلار ئېسىلغان،
لوزۇنكا-شوئارلار تىبەرەك غوللىرىغىچە ئالا قويماي تولدۇرۇپ
چاپلانغان بولۇپ، پۈتۈن شەھەر بايرام داغدۇغىسىغا چۆمگەنىدى.

ئەتىگەن تەرەپتە خۇڭ يەن بىلەن قەمىردىن جۇشقۇن روھ بىلەن
يانمۇيان مېڭىپ گەزەرمىنىڭ پەسكە قارىغان دەرۋازىسىدىن كوچىغا
چىقتى. يېڭى كىيىم ئۆلگۈرمىگەنلىكتىن، ھەرقايىسى ئۆز قوشۇن-

نىڭ پورمىسىدا پاكىز ۋە رەتلىك كىيىنگەن بولۇپ، ئوردېن ۋە
مېداللىرى ئۇرۇش يىللىرىدىكى قەھرىمانلىقىنىڭ نامايەندىسى سۈپە-
تىدە كۆكرىگىدە كۆز چاقناتقىدەك يالتىراپ تۇراتتى.
قەمىردىن يول بويى بېسىپ ئۆتكەن كوچىلارنى، ئالاقىدار
تارىخىي ۋەقەلەرنى خۇڭ يەنگە تونۇشتۇرۇپ ماڭدى.
— مانا بۇ غۇلجىدا تارىختىكى مەشھۇر تۆت چوڭ سەيلىگاھنىڭ بىرى
روشەنباغ — دېدى ئۇ "ھەرەمباغ"دىن پەسلەپ چۈشۈپ "قىزىل
كۆۋرۈك"تىن ئۆتكەندە ئوڭ تەرەپتىكى بوك-باراقسان تېرەكلىكنى
كۆرسىتىپ، — ھازىر بۇ نام ئۇنتۇلۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى،
سوۋېت كونسۇلخانىسى ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن بەزىلەر ھازىر
"كونسۇلباغ" دەپمۇ ئاتايدۇ.
— "ھەرەمباغ"، "گۈلشەنباغ"، — خۇڭ يەن قەدىمىنى ئاستىلى-
تىپ تۇرۇپ دېدى، — بىز غۇلجىنى بوستان شەھەر دەپ ئاڭلىغا-
نىدۇق، راست شۇنداق ئىكەن. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى-
نىڭ ئورنىنى ئىلگىرى "سۇلتانباغ" دەپ ئاتايتتى دېدىڭىز، غۇلجىدا
ھەربىر ئورگان بىر سەيلىگاھنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشقان بولسا كېرەك.
قەمىردىن ئەمدى نەزىرىنى يىراق ئۆتمۈشكە ئاغدۇرۇپ، غۇلجى-
نىڭ كۆكەرتىلگەنلىكىگە دائىر تارىخنى، مۇشۇ تارىخىي جەرياندا
باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ساھەسىدە يۈز بەرگەن ئاجايىپ يېڭىلىق-
لارنى يېنىدا كېتىۋاتقان ھەمراھىغا تونۇشتۇردى.
غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارا دۆڭنىڭ
ئۈستىگە چىققان ئادەم دۆڭنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى يېنىدىكى جۇڭ-
غارىيە خاقانى قونتاجىنىڭ ئوردا خارابىسىنى كۆرىدۇ. ئوردا خارا-
بىسىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى ئاستىدىكى "گۈلشەنباغ" ئىلگىرى قونتا-

جىنىڭ ئەركەك تۆگىلىرى تۈرىدىغان "بۇغراخانا"سى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلار توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، جۇڭغارىيىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ئىلى هاكىمبېگى مۇسا گۇڭ چىڭ هۆكۈمىتىگە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن "بۇغراخانا"دىن ئىلى دەرياسى بويىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ زېمىنغا ئىگە بولىدۇ. مۇسا گۇڭنىڭ 4-نەۋرىسى ئىلياسخان خوجا ("بوۋاق هېكىم") بۇ يەرنىڭ سۈيى مول، هاۋاسى ياخشى بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خىزمەتچىلىرىدىن تاهىر كۆكبېشىغا بۇ يەردە بىر باغ بىنا قىلىشنى تاپشۇرىدۇ، بۇ باغ شۇ چاغدا غۇلجا شەهىرىدە بەرپا قىلىنغان باغلارنىڭ ئەڭ چوڭى، هەم گۈزىلى بولغاچقا، "گۈلشەنباغ" دەپ ئاتالغاندى.

"گۈلشەنباغ" بەگلىك تۈزۈمى شارائىتىدا بىنا قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمگەكچى خەلق تەر تۆكۈپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. شۇڭا باغ قاراڭغۇلاشقاندىن كېيىن شەهەر خەلقى ۋە ياشلىرىنىڭ قونۇپ-تۈنەپ مەشرەپ-باراۋەت ئۆتكۈزىدىغان، مەدداه، ئاشىقلار سورۇن تۈزەپ سۆهبەت، تەلقىن قىلىدىغان، يېتىمچىلار پاناهلىنىپ ئارام ئالىدىغان ماكانغا ئايلاندى. شۇ چاغلاردا چىققان قوشاقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە "گۈلشەنباغ"نىڭ داڭقى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان:

ئالتە شەرگە داڭ كەتتى،
"گۈلشەنباغ"نىڭ سەيلاسى.
هەر تەرەپتە بەزمىسى بار،
نەغمە-ناۋا ساداسى.

— قىسقىسى، ئىلىلىقلار هاياتلىققا گۈزەل مۇهىتنى هەمراه قىلىپ، ئۆتتۈرۈشنى ئەۋزەل بىلىدىغان شوق تەبىئەتلىك خەلق، — دېدى قەمەر-

دىن يۇقىرىقىلانى ئېيتقاندىن كېيىن سالىماق داۋام قىلىپ، — ھازىر كۈز، غازاڭ پەسلى، كېلەر يىلى باھاردا تەبىئەت باشقىدىن ياشارغاندا بوستان شەھەرنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ئەمگەكچان ئىلى خەلقىنىڭ ئۆز ھەۋىسى يولىدا قانچىلىك تەر تۆكۈپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى چەزمەن ھېس قىلىسىز.

كوچىدا ئادەم كۆپ ئىدى. شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقى قىزغىن تەنتەنە قىلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بۇ ئازادلىقنىڭ ئىككى سەپتە قان كېچىپ جەڭ قىلغان ئىككى ئارمىيە قوشۇنىنىڭ غەلىبە سادالىرى ئىچىدە قوشۇلغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ ئويۇن قويغۇچىلار ئەترىتىگە ھېلىدىن-ھېلىغا دېگۈدەك ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇلار "ئالما بازىرى"دا بىرپەس توختاپ ئويۇن كۆرۈپ، ئاندىن كىشلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، "بوينىكېسىك" — يېڭىھايات مەھەللە ئېغىزىنىڭ ئالدىغا چىقتى، غەربكە قاراپ مېڭىپ "نۇراق ساقال مەسچىتى"نىڭ ئالدىغا ئۆتكەندە، قارشى تەرەپتە ئەزىم دەريادەك داۋالغۇپ تۇرغان كىشلەر دولقۇنى كۆرۈندى.

— مانا "ستالىن كوچىسى"، — دېدى قەمەردىن تونۇشتۇرۇشنى داۋام قىلىپ، — ستالىننىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ، خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازىغا بولغان ساداقەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ستالىن نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئىلگىرى بۇ يەرنى "توغرىكۆۋرۈك" دېيىشەتتى. "ستالىن كوچىسى" — شەھەرنىڭ مەركىزى كوچىسى قازاندەك قايناپ تۇرغان ئاۋات كوچا. مانا بۇ مۇشۇ كوچىدىكى مەشھۇر "ئاسيا رېستورانى"، مۇنۇ "ياۋرۇپا ئاشخانىسى"، "رۇس كۇلۇبى"، "ئۆزبەك يازلىق كىنوخانىسى"...

غۇلجا كۆپ مىللەتلىك شەھەر، بۇ يەردە شەھەرنىڭ ئاساسي

گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىغان ئۇيغۇرلاردىن باشقا، قازاق، خەنزۇ، رۇس، تاتار، خۇيزۇ، ئۆزبېك، شۇنداقلا ئاز ساندا قىرغىز، شىبە، موڭغۇللار ياشايدۇ. خۇددى يەن "ستالىن كوچىسى"دا مۇشۇ مىللەتلەر-نىڭ ئەۋرىشكىسى — ئېھتىمال ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئۆلكە-لىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى-نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولسا كېرەك، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، ئويۇن قويۇۋاتقان چوڭ تەشۋىقات ئەترىتىگە دۇچ كەلدى. تەشۋى-قات ئەترىتى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتى بويىچە چىرايلىق كىيىنگەندى. خۇددى يەن ئىلىدىكى خىلمۇخىل، چىرايلىق مەنزى-رىدىن قىزىقىش ھېس قىلىپ، ئىختىيارسىز ماڭمىتىن توختىدى. توپقا يېقىنلاشتى، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ يول بېرىشى، قەمىردىنىڭ يېتىلەپ مېڭىشى بىلەن توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئويۇن كۆردى.

بىر پەستە سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قىز چىقىپ ناخشا باشلىدى. قىز شۇ قەدەر گۈزەل، شۇنداقلا ئىنتايىن چىرايلىق كىيىنگەندى، ئەمما خۇددى يەنگە كۆز ئالدىدا قەغەزدەك نېپىز كالپۇكنى ئۆمەللەپ، قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازدا ناخشا ئېيتى-ۋاتقان قىزنىڭ ھۆسن-جامال دۇنياسىدا كەمدىن-كەم ئۇچرايدى-غان لاتاپىتى، ياقىسىغا، كۆكسىگە ۋە يەڭ ئۇچلىرىغا زەر تۇتقان پۈلۈچ دۇخاۋا كۆڭلىكى، كەھرىۋادەك قىزىل مارجىنى ئەمەس، ئىككى يېنىدا تەككەش قىلىپ دۇتار-تەمبۇر، چاڭ چېلىپ ئولتۇر-غان سازەندىلەرنىڭ شوق ھەرىكىتىمۇ ئەمەس، تاماشىچىلارنىڭ ئوقۇغۇچى قىزنىڭ ناخشىسىنى تەرتىپ ساقلاپ، شۇ قەدەر بېرىلىپ

ئاڭلىغانلىقى تەسىر قىلدى.

خۇڭ يەن ئىلى رايونىغا ئەمدىلا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرچىنى بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە. بەزىلەر ناخشىنىڭ مەزمۇنىنى خەنزۇچە يېرىم - ياتا يامىداپ چۈشەندۈردى، ئەمما ئۇ تاماشىچىلارنىڭ ناخشىنى شۇ قەدەر زوق بىلەن ئاڭلىشىدىن ئىلى خەلقىنىڭ كۆڭلىنى، مايىللىقىنى تەرجىمىسىزلا، خۇددى ئالدىدا تۇرغان ناخشىچى قىزنى كۆرگەندەك ئوچۇق كۆرۈپ تۇراتتى.

قىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، سازەندىلەرگە يىللىقىنە تەبەسسۇم قىلدى - دە، كۆپچىلىككە قاراپ ناخشىنى مۇنداق باشلىغانىدى:

داھى ماۋزېدۇڭ
قىلغاندا جاكا،
سۈزۈلۈپ بۇلۇت،
يېرىز ئاچتى ئاسمان.
بېيجىڭغا شۇ دەم
تىكىلگەندە تۇغ،
جۇڭخۇا ئېلىگە
ياغدى شەرەپ - شان.
خۇاڭخېي خۇش بولۇپ،
ئۆركەشلەپ ئاقتى،
قەلبىدە ئۇنىڭ،
يېڭى بىر ئاھاڭ.
كۈچ - قۇۋۋەت تاپتىم،
ئەمدى مەن تېخى،

چۆللەر باغ بولۇر،
دېدى ھەم چاڭجياڭ.
تاغلار گۈل بولۇپ،
نۇرغا لىق تولۇپ،
گەۋدىنى كېرىپ،
كەڭ ئېتەك ئاچتى.
چۆللەر ياسىنىپ،
بوستاندەك بولۇپ،
كەڭ ۋادىلاردا،
خۇشاللىق تاشتى.
شاڭخەي ھەم نەنجىڭ،
شېنياڭ ھەم تيەنجىن،
بېيجىڭغا قاراپ،
سالدى پاياندار.
شىئەن، چۇڭچىڭ،
لەنجۇ ھەم گۇاڭجۇ
بەخت بابىدىن
ئالدى يېڭى ساز.
شۇ چاغ ئۆلكىمىز
باشىنى كۆتۈرۈپ،
خۇشاللىقىدا
ئويناتتى داپنى،
قەشقەر كەڭ تاشا،
تاپتۇق نىجات دەپ،

يېڭى مۇقامغا چالـدى راۋاپنى.
ئالتاي ھەم چۆچەك،
غۇلجا ئايلانسۇن،
تەشەككۇر ئېيتىپ،
كۇلدى دىلىدا.
ئاتقاندا شۇ تاڭ،
داھى ماۋجۇشى،
شائىرىڭ يازدى،
داستان تىلىدا.

ئويۇنـنى بىرپـەس كۆرۈپ تاماشا قىلغانـدىن كېيـىن، قەمىردىن ھەمراھىنى باشلاپ سەيلىنى داۋام قىلدى.

شۇ كـۇنى ئۇلار «توغ كوچىسـى»دا، جەڭـگىۋار شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ نامىدىكى ئىستىراھەت باغچىسىدا بولـدى. «نوۋوسـگورت»نى توغرا كېسـىپ ئۆچ دەرۋازىـغا ئۆتـتى. «كۆكـكۆۋرۈك»نى بېسىپ، «سىلىڭبۇ»نىڭ ئالـدى بىلەن مېڭـىپ، سول تەرەپتـىكى تار كوچىغا كىردى. ئاندىن يەنە «روشەنباغ»نىڭ ئالدىغا چىقتى. كۇن ئولتۇراي دېگەن مەزگىلدە ھەرەمباغ ھەربىي گەزەرمىگە قايتىپ كەلدى.

تولۇق بىر كۇن كوچا ئايلانغانلىقىغا قارىماي، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كەيـپى چاغ، روھـى جۇشـقۇن كۆرۈنەتـتى. كوچىدىكى داغدۇغا، شاد ـ خۇرام كەيپىيات، سەمىمىي قىزغىن مۇئامىلە خۇڭ يەنگە ئۇنتۇش مۇمكىن بولمىغان دەرىجىدە تەسىر قىلدى.

خۇڭ يەن قەمىردىننىڭ سەيلە داۋامىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىدىن چېگرا بويىدا كۆز چاقنىتىپ تۇرغان بۇ شەھەرنىڭ ئۇزاق ئۆتمۇشى، پەخىرلىنەرلىك قەھرىمانلىقلىرى، ھەربىر كوچا ـ يول ناملىرى

بىلەن باغلانغان تارىخىدىن خەۋەر تېپىپ، مۇنداق خۇلاسىگە
كەلدى: ئېلى خەلقى بىزنىڭ مىلتىق ئېتىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماي،
زۇلۇمغا قارشى ئاتلىنىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلغان. گومىنداڭ-
نىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى لىڭشىتىپ قويغان، پۈتۈن مەملى-
كەت ئازاد بولغانغا قەدەر ئىشلەپچىقىرىشنى، ئاقارتىشنى چىڭ
تۇتقان، كوممۇنىزم غايىسىنى تارقاتقان، مائارىپنى، ئىنقىلابىي
ئەدەبىيات-سەنئەتنى راۋاجلاندۇرغان، بىرقەدەر ساغلام، قاۋۇل
كادىرلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي،
ئىلىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىنى نۆلگە باراۋەر قىلغاندەك بىزنىڭ
بۇ يەرگە كېلىشىمىزنى ئازادلىق دەپ تەنتەنە قىلىۋاتىدۇ، دۇنياغا
تەسىر كۆرسەتكەن مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە، پەن ئالىملىرى، پەي-
لاسوپلىرى، يازغۇچى-شائىرلىرى، مىللىي قەھرىمانلىرى، گېنېرال-
لىرى، ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان ۋە چىن دىلىدىن ئەگىشىدى-
غان داھىلىرى بولغان مىللەت ئىكەنلىكى بىلەن قوشۇپ قارىغاندا،
بۇ نېمىدېگەن كەمتەرلىك، نېمىدېگەن پاك، ئېسىل كۆڭۈل-
ھە؟!...

بىر-ئىككى كۈندىن بۇيان خۇڭ يەنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان بۇ
خىياللارنىڭ ئەتىسىگەن تەرەپتە گەزەرمە ئىشىكىنىڭ "غاچ" قىلىپ
ئېچىلىشى بىلەن يىپى ئۈزۈلدى. ئۇ بىر پۈتىنى كارىۋاتنىڭ قىرىغا
ئېلىپ، خۇرۇم شىبلىتىنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ-توزاننى پۈرۈچ بىلەن
سۈرتۈۋاتاتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك تەرەپكە قارىشى بىلەن تەڭ
كۆز ئالدىدا قەمىردىن پەيدا بولدى. قەمىردىن ياقىسىدا ياقا
بەلگىسى بار ماش رەڭ ھەربىي ئىشتان-چاپان، بېشىغا بەشيۇلتۇزلۇق
قىزىل بەلگىسى بار شەپكە كىيگەن بولۇپ، يىللىق تەبەسسۇم قىلى-

شىدىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۇرما كىيىمى كىيگەنلىكىگە چىن دىلىدىن تەنتەنە قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ــ ئو...هوي، مۇبارەك بولسۇن، ــ خۇڭ يەن پۇتىنى كارىۋاتتىن ئېلىپ قەددىنى رۇسلىدى، ــ قاراڭ، نېمىدېگەن ياراشقان ــ هە، مانا ئەمدى ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر قوشۇن بولدۇق.

بۇ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا يېڭى هەربىي فورما تارقىتىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىكى ئىش ئىدى.

ــ شۇنداق، ئاجايىپ ياراشتى، ئەينەككە قارىسام، ئۆزەمنىڭمۇ مەسلىكىم كېلىدۇ، ــ دېدى قەمەردىن گەپنى تەنتەنىلىك قىلىپ، ــ ياتاقتا ئولتۇرالماي قالدىم، بۈگۈن يەكشەنبە، بىزنىڭ يېزىنى ئايلىنىپ كېلىمىز، ئىلگىرى بىز كىچىك ئېقىن ئىدۇق، مۇنۇ ئىشتان ــ چاپاننى كىيىپ دەرياغا، دېڭىزغا ئايلانغانلىقىمىزنى خەلقىئالەم كۆرسۇن...

يەكشەنبە هاۋا ئىلگىرىكىدەكلا ئوچۇق ئىدى، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئېدىرلار يارقىن كۆز ئاپتىپىدا ئەينەكتەك يالتىراپ كۆرۈنەتتى، ئۇلار گەزەرمىدىن چىقىپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، قاش دەرياسىدىن بۆلۈنۈپ، بىپايان مۇنبەت ئېتىزلارغا هاياتلىق بېغىشلاپ شارقىراپ ئېقىۋاتقان "ئاقئۆستەڭ" بويىغا يېتىپ كەلدى.

قەمەردىن بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى ئادىتىنى داۋام قىلىپ، يېڭى دوستىغا ئاقئۆستەڭنىڭ چېپىلغان ۋاقتى، ئەينى چاغدىكى جاپا ــ لىق ئەمگەك شارائىتى، چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم، تەڭسىزلىكلەرنى، ئۇچتۇرپان "جىگدە يېغىلىقى"دىن كېيىن ئالتە شەهەرنىڭ جاي ــ جايلىرىدىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كېلىنگەن سەككىز مىڭ ئۆيلۈك

ئۇيغۇر دېھقان بىلەن ھېكىم چورۇقنىڭ گۇڭتۇلۇقىدا ئۆستەڭ قېزىشقا قاتناشقان ھاشارچىغا ئوخشاش ئىدى، تەپسىلىي تونۇشتۇردى، تارىختىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كارى بولماي ئۆستەڭنىڭ كۆپ جايلىرىغا لاتقا تىنىپ كەتكەنلىكى، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھەر ئاھالىسى، ئىدارە-جەمئىيەت كادىرلىرى، ئوقۇغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپىنى رېمونت قىلغانلىقى، سۈيى مول قاش دەرياسى بىلەن بىپايان كەڭ ئېدىرلارنىڭ ھېلىھەم بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىپ تۇرغانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتتى.

مۇشۇ گەپ-سۆزلەردىن كېيىن، خۇڭ يەن مەنگەن ئۆستەڭگە توپا تاشلاپ ئاددىي قىلىپ ياسالغان ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئۆستىگە چىقتى، كۆۋرۈك ئاستىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇنىڭ ئېتىك ئېقىنىغا، مازغاپتەك ئاپئاق كۆپۈك چىقىرىپ ئېقىشىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن بىرپەس قاراپ تۇردى. گەزەرمىدىن چىققاندا يىراقتىن يالتىراپ كۆرۈنگەن ئۆستەڭ سۈيىدە كۆزلۈك توك ياتقۇزۇلۇۋاتقان ئېتىزلار ئىكەنلىكىنى، ئۆستەڭنى كېڭەيتىپ، ئۇزارتىپ چېپىپ سۈيىنى ئۇلغايتسا، يەنە نۇرغۇن يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغانلىقى، نى-نى ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ ھەتتا ھاياجانلاندى.

— ئىلى ھەقىقەتەن ياخشى جاي ئىكەن، — دېدى خۇڭ يەن كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ يولنى داۋام قىلغاندا، — بۇ يەردە گومىنداڭ تازىلىنىپلا قالماستىن، مەرىپەتلىك گۈزەل شەھەر، ھەممە يەرنى تەكشى قاپلىغان باغۇ-بوستان، بىپايان مۇنبەت ئېتىز، سۈيى مول ئېرىق-ئۆستەڭلەر، كەڭ يايلاق، سان-ساناقسىز چارۋا مال ئاپىرىدە قىلىنغان، مانا بۇلار ئىلى خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي

كۆرشىنىڭ مېۋىسى، ئەلۋەتتە. ئىسلى خەلقى ئۆزى تۇرۇۋاتقان زېمىندىمۇ ياخشى خەلق ئىكەن.

— خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئارمىنى تېخى كۆپ، — دېدى قەمردىن خۇلك يەننىڭ ئىسلى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، — بىز كۆپ ئىشلارنى قىلىپ ئۈلگۈرەلمىدۇق.

— ھازىر جۇڭگو خەلقى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ، مىسلىسىز قۇدرەت تاپتى. سىلەر ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلارنى بىز بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز.

— ئوھوي، قەمەردىن ئاكامغۇ بۇ، غارالڭ-غۇرۇڭ گەپلىشىپ كېلىۋاتساڭلار نەنىڭ خەنزۇلىرىكىن دەپتىمەن.

ھەر ئىككىيلەن گەپتىن توختاپ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ئىككى يېنىغا قارىدى. يولىنىڭ سول تەرىپىدىكى قوناق ئېتىزىدا 8-9 ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا تۇمشۇقىدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ مىنىۋال-غان قاشقا توپاقنىڭ ئۈستىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. بالا يېزىدا قەمەردىنلەرگە قوشنا ئىدى. يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى قەمردىن-نىڭ ئۈستىبېشىغا، شەپكىسىدىن بۇ چاقىچە كۆرۈپ باقمىغان شەپكە بەلگىسى، چاپىنىنىڭ ياقىسىدىكى ياقا بەلگىسىگە ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلەپ، بىر قېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىلجاراپ كۈلۈپ قارىدى.

— بۇ كىم؟ — بالا قەمەردىنگە ئوخشاش كىيىنگەن خۇلك يەنگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ سورىدى.

— جيېفاڭجۈن، — قەمەردىن تېخىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ دېدى، — يۇرتىمىزغا ئازادلىق ئېلىپ كەلگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى.

— ئو...ھوي، نېمىدېگەن ياخشى ئىش، — بالا ئۈنتىك كەينىگە بۇرۇلدى-دە يولنىڭ توپىسىنى توزۇتۇپ مەھەللىگە يۈگۈردى — يۇرتقا يەتكۈزىمەن، جېيفاڭجۈن كېلىۋاتىدۇ، دەپ سۆيۈنچە ئالىمەن...

ئۇلار يېزىغا يېتىپ كېلىشتى.

قەمىردىننىڭ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى خۇڭ يەننى باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى قويچى بالا ئاللىقاچان يۇرتقا يېيىۋەتكەنىدى. كىشىلەر مەھەللىنىڭ ئېغىزىغا توپلىنىپ خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىنى كۈتۈۋالغاندەك قىزغىن قارشى ئېلىشتى.

شۇ كۈنلەردە ئىلى يېزىلىرىدا دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەسلى ئۆتۈپ كەتكەنىدى، بىر يىللىق ئەمگەك ئەجرى تولۇق يىغىۋېلىنغان، مال سەمىرگەن چاغ بولۇپ، ھەممە ئۆيلەردىن دېگۈدەك مەمۇرچىلىك يېغىپ تۇراتتى. ئىككى جەڭچى ئاممىۋى سورۇندا كۆپچىلىككە سۆز قىلىپ، قەمىردىنلەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىرپەس ئارام ئېلىپ، ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە يۇرت چوڭلىرى، پېشقەدەم دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى بىر باشتىن پەتە قىلغاندا، دېھقانلار خۇڭ يەننى ئەڭ ئېسىل نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلدى. بەزىلەر قايماقلىق ئەتكەن چاي ئەتتى، بەزىلەر قايماق مىجىپ ھورنان، يەنە بەزىلەر سېمىز قوي گۆشىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئۇششاق توغراپ كاۋا مانتىسى پىشۇرۇپ ئۈلگۈردى، تەخسە-تەخسىلەردە تىزىلغان ئالما، ئۈزۈم، نەشپۈتىنىڭ كۆپلۈكىدىن جوزىنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

— مەن قىزغىن داغدۇغىلا ئەمەس، مۇھىمى خەلقنىڭ قەلبىنى كۆردۈم، — دېدى خۇڭ يەن بىر ئۆيدىن چىقىپ يەنە بىر ئۆيگە

پەتە قىلىپ كېتىۋاتقاندا، غۇلجىدىكى بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى ئالامەتنى ئەسلەپ، — چېگرا بويىدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە زور ئۈمىد باغلىغان، بىز چوقۇم ياخشى ئىشلەپ خەلققە بەخت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

قەمبەردىن قويچى بالا ئېگىزدىن چاڭىلداپ يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۈزۈپ قويغان گېپىنى خىيالىغا كەلتۈردى-دە، ۋىزمىن ئاۋازدا دېدى:

— بىز مۇشۇ مەقسەت بىلەن گومىنداڭنى ئاغدۇرغان، لېكىن كۆپ ئىشلارنى ئىشلەپ ئۈلگۈرەلمىدۇق، مەسىلەن، دېھقانلار فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيىدىن ئازاد بولمىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېرىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن، كۆڭۈلگە پۈككەن ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى، بىپايان ئېلى ۋادىسىدا خاتىرجەم بەختىيار ھايات يارىتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

كەچتە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەجلىسخانىسىدا خۇڭ يەنىنىڭ شەرىپىگە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلدى. مەشرەپنىڭ تۈن تەڭ يېرىمى بولغىچە داۋام قىلغانلىقى، دېھقانلار خۇڭ يەنىنى ئۇسۇلغا تارتىپ بېقىشىپ ئويناپ ئازادلىقنى بىرلىكتە تەنتەنە قىلغانلىقىغا دائىر تەسىرلىك ئىشلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئەسلى گېپىمىزگە قايتىپ كېلەيلى.

"ئالغا"دا ھەرىكەت چوڭقۇرلاشقاندىن بېرى، خۇڭ يەن 1949-يىلى ئېلىغا كىرگەن چاغدىكى تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىشلارنى ئىختىيارسىز ئەسلەيدىغان بولدى. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" دەپ ئاتالغان زوراۋانلىق ھەرىكەتتە، ئازادلىقتىن كېيىن ئېلى رايونىدا بارلىققا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ناھايىتى ئاز قالدى. خەلق ئۆز ئارزۇسىنىڭ

ئەكسىچە ئېغىر بالايى-ئاپەت ئوتىدا كۆيمەكتە. ئىككى تاغ ئوتتۇرىسى-دىكى بىپايان مۇنبەت گۈزەل زېمىن بىگۇناھ كىشىلەرنى ئازابلايدىغان تۈرمىگە ئايلاندى... خەلق بىزنى نېمە ئۈچۈن قارشى ئالغان، ئۇلارنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئارزۇ-ئارمانلىرى قېنى؟!

خۇڭ يەن ئەنە شۇلارنى ئويلاپ قاتتىق ئازاپلىناتتى...

## 3. ئەلۋىدا جاپاكەش ئاتا!

خۇڭ يەن قەمىردىن بىلەن تونۇشۇپ كىچىككىنە پىچىرلاشقاندىن كېيىن، ئاستا كەينىگە يېنىپ ياتىقىغا قايتىپ چىقتى. قەمىردىننىڭ يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ تەلپۈنۈپ كېلى-ۋاتقانلىقىنى ئەتەي كۆرمەسكە سالدى. پىچىرلاشقانلىقىنى تەشۋىقات دۈيى ئاڭلىغۇدەك بولسا، خۇڭ يەن ئۈچۈن ياخشى ئاقىۋەت يوق ئىدى، ئەلۋەتتە.

لېكىن ئۇ، چېگرا رايوندا تۇنجى قېتىم تېپىشقان دوستىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەدىن قاتتىق داغدا قالغانىدى. ياتاقتا قەمىردىن بىلەن بولغان دوستلۇق خاتىرىلىرىنى ئىختىيارسىز ئەس-لەيتتى. شۇ ئەسنادا ۋاڭ دۈيجاڭ ياتاققا بوراندەك بۆسۈپ كىرىپ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— خۇڭ يەن، نېمىگە شۇنچىلا شۈك ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز، ئورنىڭىزدىن چاقىقان تۇرۇڭ، چاتاق چىقتى، — دېدى ئۇ گەپنى ئالدىراپ ئىتتىك-ئىتتىك قىلىپ.

— خودۇققىدەك زادى نېمە ئىش بولدى، — دېدى خۇڭ يەن تەمكىنلىكىنى بۇزماي، — بۇ، باشلىققا يارىشىدىغان مىجەز ئەمەس،

ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ، قاراڭ بۇرنىگىزنىڭ ئۇچىغىچە تەرلەپ كېتىپتۇ.

ئەمما بۇ گەپ ـ سۆز ۋاڭ دۈيجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەندەك ئەمەس ئىدى.

ـــ بۈگۈن سەھەر روزى باپكار دېرىزىدىن قېچىپتۇ، ھەي مۇشۇ خەقنىزە ...، ـــ دېدى دۈيجاڭ ئىختىيارسىز تىپىرلاپ، ـــ ئەزمىلىك قىلماي تېز بولۇڭ دەيمەن، كۆڭلۈمگە ئاللا قانداق ئىشلار كېلىۋاتىدۇ.

خۇڭ يەن دۈيجاڭنىڭ ئالا ئۆپكىلىكىدىن تولىمۇ بىزار بولسىمۇ، جاھانغا قاراپ ئىش تۇتۇشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن، چاندۇرماسلىققا تىرىشتى. ئۇ، ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ كەينىدىنلا ئىشىكتىن چىقتى. سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان تۇرسۇن بوران ۋە بىرنەچچە خەلق ئەسكىرى بىلەن بىللە "مەھبۇسلار" ئۆيىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى.

تەشۋىقات دۈيى "مەھبۇسلار"نىڭ تىل بىرىكتۈرۈشىدىن قورقۇپ ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم يەرلەرگە جايلاشتۇرغانىدى. بۇ قېتىم سۆز نەزىرىدە مەجەزى يۇقۇشمايدىغانلارنى جۈپلەپ قامىغاندا، روزى باپكار بىلەن ھېۋىز كۆزەتچىنى تەڭشەپ بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويغانىدى. روزى باپكارنىڭ نەزەربەند ئۆيىدىن تۇيۇقسىز يوقىلىشى كۆزەتچىنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ئۇ، ھەتتا خەۋپلەندى. نەزەر-بەندكە ئېلىنغاندىن كېيىن ساقال ـ بۇرۇتى ئۆسۈپ، ھەتتا چېچىمۇ گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بۇ ئادەم نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، شىگىلىسىنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ۋاڭ دۈيجاڭ بوسۇغا تۈۋىدە ئەيمىنىپ يۈرىكىنى تىڭشاپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى. غۇلجىدا ئۇرۇش پارتلاشتىن بىر ـ ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇ ھەرەمباغ ھەربىي گەزەرمىسىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئەنە شۇنداق ساقال ـ

بۇرۇتى ئۆسكەن دەرۋىش قىياپىتىدىكى بىر ئادەمگە يولۇققانىدى. ئۇلار بىر-بىرىگە زۇۋان سۈرمەي يولدا خېلى ئۇزاققىچە بىرگە مېڭىشتى. سومكىدىكى نەرسە-كېرەكلەر سالمىقىدىن دولىسى تالدى ئېھتىمالىم، بىرپەستە دۈيجاك يېنىدا كېتىۋاتقان ئادەمگە كۆتۈرۈۋې-لىشىنى ئېيتتى. دۈيجاڭنىڭ دەرۋىش قىياپىتىدىكى ئادەمنىڭ قورالغا ھېرىس قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشنى پەملەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. سومكىنى ئالغان بولۇپ ساغرىسىدا پۇلاڭلاپ تۇرغان ناگانغا چىڭگىدە ئېسىلىۋالدى. ئەمدى ئۇنىڭ قورال ئىش-لىتەرمىكىن دېگەن ئەندىشىسىمۇ تۈگىگەنىدى، قورالنى بۇلىۋال-غاندىن كېيىن، "تارس" قىلىپ بىر تەستەك سېلىپ كەينىگە ئۇچۇرۇۋېتىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. ھازىر شىگىلىنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان مۇنۇ ئادەمنىڭمۇ كۈرۈك توخۇدەك ئېتىلىدىغان ئەلپازى بار ئىدى.

تۇرسۇن بوران دۈيجاڭنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەننى دەرھال ھېس قىلدى-دە، بىرىنچى بولۇپ ئۆيگە كىردى. كۆزەتچىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يالاپ تۇردى. ۋاڭ دۈيجاڭ خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، "كاپ" قىلىپ ساقىلىدىن ئالدى.

— ھازىرلا جاۋاب بېرىسەن، ئېيتە قېنى، روزى باپكارنى نېمە مەقسەت بىلەن قەيەرگە خەۋەرلىشىشكە ئەۋەتتىڭ، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

كۈتمىگەن بۇ ھادىسىنىڭ يەنە بىر بالا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھېۋىز كۆزەتچى دەرھال چۈشەندى.

— روزى باپكارنىڭ قەيەرگە بېرىپ سېيىپ كېلىشىنى مەن بەلگە-

لىمەيمەن، — دېدى ھېۋىز كۆزەتچى سۆزىنى ئەتەي "سىيىش" سۆزىگە بۇراپ، — مەنمۇ بىر مەھبۇس، ئويلاپ قارىسام، مېنىڭدىن سورىمايمۇ سىيىۋېرىدىكەن.

ھېۋىز كۆزەتچى بۇ گەپنى خۇپسەنلىككە ئېلىپ دېگەنىدى، لېكىن دۇيجاڭ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھېس قىلمىدى. خەلق ئەسكەرلىرى بولسا دۇيجاڭنىڭ شۇ مىنۇتتىكى ئەلپازىدىن قورقۇپ قاتتىق كولۇۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران-ئاران بېسىۋالدى.

— جاھىللىق قىلما، بىكار ھېلى تاياقتىن ئۆلىسەن، — دېدى دۇيجاڭ كۆزەتچىنىڭ ئېڭىكىدىن سىلىكىپ تۇرۇپ، — ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىل، روزى باپكارنى نەگە يوشۇردۇڭ دەيمەن.

ئۇ، ئەمدى كۆزەتچىنى تامغا يۆلەپ ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ نىقتاشقا باشلىدى، كۆزەتچى خۇددى خادۇك ھارۋىنىڭ ئىچ ئېتىغا ئوخشاش بېشىنى كۆتۈرۈپ قاڭتۇرۇلۇپ تۇراتتى.

— مېنىڭ ئادەم يوشۇرىدىغان يېرىم يوق، — دېدى كۆزەتچى ئاسمانغا قاراپ خىرقىرىغان ئاۋازدا، — گۇمانىڭ ئېڭىكىمنىڭ ئاستىدا بولسا ساقىلىمنى موچۇن بىلەن بىر تالدىن يۇلۇۋېلىپ ئۆزەڭ ئىزدەپ تېپىۋال...

ھېۋىز كۆزەتچى ئەنە شۇنداق "ئاسمان ئۆرۈلسە تېگىدە مانتا يەيدىغان" تەبىئىتىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشقا سېلىپ، تېنىنى تەشمەي قېنىنى شوراپ، ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ جېنىنى ئېلىۋاتقان چاغدا، بۇ ئاقىۋەتنىڭ سەۋەبكارى روزى باپكار نەزەر بەند ئۆيىدىن بىر ئۆن يېتىم يەرگىچە ئۇزاپ بېرىپ، پۆپەك چىقىرىشقا باشلىغان قوناقلىقنىڭ ئىچىدە زەي يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ ھالسىز ياتاتتى.

"دەرد-ئەلەمنى ئەسلەش، راھەت-پاراغەتنىڭ قەدرىگە يېتىش"

يىغىندا روزى باپكار ئالىم توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىدى. بۇ ھال ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ جېنىغا تاشتەك پاتتى. ئۇ، روزى باپكارنى ئىشقا سېلىپ ئالىمنى ئىندەككە كەلتۈرۈش خىيالىنىڭ يوققا چىققانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. توختا، نائۇمىد شەيتاننىڭ ئىشى، يەنە بىر سۆزلە-شىپ باقاي دەپ يىغىندىن كېيىن ئىز بېسىپ ئۆيىگە كەلگەندە، روزى باپكار گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسام، گۇناھ بالىدا ئەمەس، سىياسەتتە، ئىشىمىزغا غەلىتە بىر سىياسەت ئارىلىشىۋالدى، ئازادلىق-مىزنىڭ تامىتىقنى قويمىدىڭلار دەپ ئوچۇق قارشى تۇردى.

— ۋۇي. دوزاخ بەندىسى، شور پېشانە، قۇتقۇزۇپ قالاي دەپ شۇنچە ھەرىكەت قىلسام، ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنمىدىڭلار، — دېدى دۇيجاڭ غەزەپتىن چالۋاقاپ سۆزلەپ، — ئالىمنىڭ جىنايىتى ئىنتايىن ئېغىر، ئۆزەڭ بېرىسپ ئېيت، ئاخىرقى قېتىم مۆھلەت بېرىمەن، ئوغلۇڭ بىر ھەپتە ئىچىدە گۇرۇھنى پاش قىلىپ تاپشۇرمىسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

كۈن تېرەك بويى ئۆرلەپ، ئوچۇق روجەكتىن ئۆيىنىڭ ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنداپ تۇرغان ياۋۇزلۇقنى كۆرۈپ، روزى باپكارنىڭ كۆز ئالدىغا قاراڭغۇلۇق تىقىل-دى. ئوغلۇڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئاھ، نېمىدېگەن دەھشەت گەپ بۇ!؟

ئۇ، تۇرغان ئورنىغا، ئۆيىنىڭ تاپىسىغا تىرىڭگىدە ئۇچۇپ چۈشتى. ھاشىخان ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ، ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئېلىپ چىقىپ ياتقۇزۇپ قويدى، روزى باپكار بىر پەس ئۆلۈك ئادەمدەك بىھوش يېتىپ، ھوشىغا كەلگەندە، كۆز ئالدىغا يەنە ۋاڭ دۇيجاڭ پەيدا بولدى، دۇيجاڭنىڭ تەلەتى شۇ قەدەر يىرگىنىشلىك، كۆزلىرىگە قان

قويۇلغان، گويا ھېلىلا يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان قىياپەتتە خىرىس قىلىپ تۇرغان ئاچ ئالجىر ئىت سىياقىنى ئەسلىتەتتى.

روزى باپكار قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى، كۆڭ تىككىدە ئۆرلەپ تۇراتتى، جۇمە ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى، تەرەت ئېلىپ، ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، نىمكەش مەللە پەشمىتىنى ئۇچىسىغا سېپىپ ئاسايىشلىق تىلەپ جۇمە نامىزى ئوقۇش ئۇچۇن مەسچىتكە باردى.

يۇرت ئىچىدىكى پاجىئە خۇداغا بولغان سېغىنىشىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغانلىقتىن، جۇمە نامىزىدا مەسچىتكە بارىدىغانلار ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ، جۇمە نامىزى ئوقۇلىدىغان كۈنى مەسچىتكە ئادەم سىغماي قالاتتى.

نامازنىڭ ئاخىرىدا روزى باپكارنىڭ يەنە پىغانى ئۆرلىدى، ئۇ، مېھرابنىڭ ئۇدۇلىدا، سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى (بىر ئۇچىنى) مەيدىسىگىچە چۇشۇرۇپ، قولىنى بۇرۇتىسىنىڭ ئۇستىدە جۇپلەپ تۇتۇپ، خۇددى سۇنىڭ ئۇستىدىكى دولقۇندەك گەۋدىسىنى يېنىك تەۋرىتىپ دۇئاغا ئولتۇرغانىدى.

ئېھ خۇدا، بېشىمغا ھەرقانچە مۇشكۇللۇك كەلسىمۇ، ساھابىلارغا ئوخشاش ئۆزەڭگە — ئاللانىڭ بىرلىكىگە شەك كەلتۇرگەن ئەمەسمەن، — دەيتتى ئۇ، توپا يېغىپ تۇرغان كاداڭ يۇزلىرىنى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇپ، — ھەرقانداق ئىشتا ئالدى بىلەن ئۆزەڭگە سېغىندىم. بەش ۋاخ نامازنى ھەممىشە پەرىز تۇتۇپ، قازا قىلماي تولۇق ئوقۇپ كەلدىم. ئۆشرە-زاكات، خەير-ساخاۋەتتىن زارلانغان يېرىم يوق. ئەمما نېمە ئۇچۇندۇ، دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بېرى دەرد-ئەلەمدىن باشقىنى بىلمىدىم، بەخت-سائادەت ماڭا

ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشتىن قاچتى، ياخشى كۆڭۈللىرىم سۇنىڭ ئۇس-تىدىكى كۆپۈككە ئايلاندى، ئۆز يۇرتۇم، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرت چاشقان تۆشكى بولدى. يۈرەكنىڭ ساق يېرى قالغىنى يوق، ئىچ-قارنىم زەردابقا تولدى، ئىھ خۇدا، كۆپۈرلۈك بولسمۇ يېتىپ-يېنىپ سورايمەنكى، مېنىڭ زۇگۇلام زادى قانداق ئۇزۇلگەن؟ مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ جەبىر-زۇلۇم، خورلۇق، ئاياغ ئاستى بولۇش، موھتاجلىق پېشانەمگە مىخ بىلەن قېقىلغانمۇ؟!...

شۇ ئەسنادا مەسچىت ئەتراپىدا ئەنسىزلىك پەيدا بولدى. قولدا كۆسەيدەك ئادەتتىكى مىلتىق تۇتقان بىر تۈركۈم لۈكچەكلەر — خەلق ئەسكەرلىرى ئۇۋچىنىڭ ئىتتەك تىمسقىلاپ يىسىپ مەسچىتنى قورشاپ كېلىۋاتاتتى. "يامان ئادەم"لەرگە دائىر كۆرگەزمە پەيدا قىلغان قارا تۇتەك ئاستىدا كەڭ تۇتقۇن قىلىشنىڭ ئاخىرى جۇمە نامىزىغا ئۇلاش-قانلىقىدىن، مەسچىتتىكىلەرنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. جامائەت مەسچىتتىن چىقىش بىلەنلا تۇتقۇن قىلىش، ئۇرۇش، يالاپ ئاپىرىش سولاش باشلاندى. مىنۇت ئالدىدىكى جىمجىتلىق يەر-جاھاننى تىترەتكۈدەك نالە-پەرياد بىلەن ئالماشتى...

روزى باپكار جۇمە نامىزىدا تۇتقۇن قىلىندى.

ئاخىرقى بىر سوراقتا، "ئىقرار"غا كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ۋاڭ دۈيجاڭ روزى باپكارغا ئاتا-بالا، ھەر ئىككىيلەننىڭ پوزىتسى-يىسى قەبىھ، بىر ھەپتىلىك مۆھلەتنىڭ بۈگۈن ئاخىرقى كۈنى، ئەته ئالىم ئېتىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن ئايرىم سۆزلىشى-مەن، — دېدى. ئۇ، تاياقتىن گاڭگىراپ كەتكەنىدى، ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ بۇ گەپىنى ھەيۋە قىلىپ ئېيتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمىدى، كەچتە ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ ھېچقىز كۆزەتچى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۆيگە

ئاپىرىپ قاماپ قويدى. ئۇنىڭ "مەھبۇسلار"نى نەزەربەند ئۆيگە باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن، مۇشۇنداق ئۆزگىرىش قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ھېچقىز كۆزەتچىنىڭ كەينىمگە سېلىپ قويدىمۇ نېمە، دەپ گەپ قىلماي، گۇمانلىق نەزەر بىلەن يەر تېگىدىن سىنچىلاپ قارىشىنى چۈشىنەلمەي، ھېچىزاخۇن مېنى كۆرسە قالتىس ئېچىلىپ كېتەتتى، ئەجەب بۇگۈن...ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ نېمە... دەپ ئۆزىدىن ئۆركۈشكە باشلىدى.

ئۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قارارىغا كەلدى، ئۆلمىسە ئەتە ئالىمنىڭ ئېتىلىشىغا، "گۇم"قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دوم چۈشۈپ قانغا مىلىنىپ يېتىشىغا، قىينىلىپ جان بېرىشىگە قاراپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. "ئىقرار"غا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، "جىنايەتچى"نى "شېرىكلىرى"بىللە يالاپ ئېلىپ چىقىپ ئوچۇق سوت قىلىش روزى باپكارنىڭ خىيالىدىن ئۆتكەنىدى. يۈرەك - باغرىڭنى يېرىپ چىققان پەرزەنتنىڭ كۆز ئالدىڭدا بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ئۆلگىرى ئۆزەڭنىڭ ئۆلۈۋالغىنى ئەلۋەتتە مىڭ ھەسسە ياخشى!

نەزەربەند ئۆيدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇدەك نەرسە يوق ئىدى. تەشۋىقات دۈيى ئۆلۈۋېلىشقا ۋاستە بولغۇدەكلا نەرسىنى، ھەتتا "مەھبۇسلار"نىڭ ئىشتانباغلىرىغىچە ئېلىۋالغان، روزى باپكار دەريادا ئۆلۈۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تاڭغا يېقىن ھېچىز كۆزەتچى شېرىن ئۇيىقۇدا ياتقان پەيتتە، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن بېسىپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى، بىراق دېرىزىدىكى سىم توساقنى كېرىپ سىرتقا چىققىچە كۈن يورۇپ قالدى، بىرپەستە شۇ ئەتراپتا ئادەم پەيدا بولدى، روزى باپكار ئۆمىلەپ قېچىپ قوناقلىقتا يوشۇرۇنۇشقا ئارانلا ئۈلگۈردى.

كىشىلەر ياخشى ئارزۇ-ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، شۇ يول-دا پەيداكارلىق كۆرسىتىپ، ئاخىردا يۈرەكنى لەختە-لەختە قان قىلىدىغان ئاقىۋەتكە قالغان ئىشلار بۇ دۇنيادا ئازمۇ؟ روزى باپكارنىڭ تۇرلۇك قىيىنچىلىق ۋە ئەندىشىلەرنى يېڭىپ، ئۇزۇن يول بېسىپ، رىيازەت چېكىپ، ئىلىغا كېلىپ ياخشى كۈنلەرگە تېخى يۈرىكى قانغۇدەك بولمايلا جاھاندىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇشى ئەنە شۇ ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

روزى باپكار مۇز داۋاننىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ئۆتكەندە، داۋاندىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپىنىڭ، داۋان ئۈستىدىكى قاتتىق سوغۇقنىڭ ئازاۋىنى گويا بىر مىنۇت ئىچىدە ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى رىۋايەتلەردىكىدەك تەڭداشسىز گۈزەل مەنزىرە، — مەخمەلدەك يېشىل تاغلار، خىلمۇخىل نەپىس تاغ گۈللىرى، شوخ ئاۋازدا سايراپ تۇرغان قۇشلار ۋە پەس تەرەپتە موزات دەرياسى خادا تاشلار ئۈستىدىن سىيرىلىپ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان موڭغۇلكۈرە تۈزلەڭلىكى قۇچاق ئېچىپ ياتاتتى. بۇ مەنزىرىنىڭ يانتاق، سۆكسۆكتىن باشقا نەرسە ئۈنمەيدىغان تەكلىماكان چۆللۈكى بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىسى روزى باپكارنىڭ تەشنا قەلبىدە نەقەدەر شېرىن ئارزۇ-ئارمانلارنى پەيدا قىلغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم، ئۇ، ھەتتا ئىلى ۋادىسى بىلەن باغاشلىشىدىغاندەك قوللىرىنى كېرىپ، چوڭقۇر ھاياجاندىن ياماق يەكتەك ئىچىدىكى ئاجىز گەۋدىسىنى تىترىتىپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

روزى باپكار مۇنداق خىيالىي زېمىندا يامان كۈندە قالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەندى. دەرۋەقە، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كارخانىسىغا

ئوروۇنلىشىپ، باپكارچىلىقنى قايتا قولغا ئالغانــدىن كېيىن ئىش تېزلا ئېقىپ كەتتى. كارخانا ئۇنى نۇرغۇنلىــغان شاگىــرت ئىشچــى بىلەن تەمىن ئەتتى. باپكارچىلىق دۇكىنىدىن ئۇزۇلمەي توقۇلۇپ چىقىدىغان مىشكاپ، تاغار، سەرگەز، خام-ماتا كارخانىــنىڭ يەنە بىر بايــلىق مەنبەسى بولۇپ قالدى.

بۇ هــال ئۆز نــۆۋىتىــدە روزى باپكارنىڭ تۇرمۇشــىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

— روزاخۇنكا، خاتىرجەم بولۇپ قالدىــڭىــزمۇ، قانــداق، مېنى ئىزدىمەيدىــغان بولدىڭىــزغۇ؟ دەپ بىركــۈنى كەچ مەيــدان باشلىقى قەمىردىن هال سوراپ ئۆيىگە كىردى.

روزى باپكار ساقال-بۇرۇتىنى چىرايــلىق چــەكــتۇرۇپ، بېشىغا بادام دۇپپا، ئۇستىــگە يازدا سالقىــن بولــدۇ، دەپ ئاق چۇچۇنچە تۇجۇركا كىــيىــۋالــغانــدى. ئۇ، ئۆيــىنىڭ بۇلۇڭىدا بالىلىرى بىلەن جەم بولۇپ رادىئو تىڭــشاۋاتاتتى. قەمىردىننى كۆرۈپ قارشى ئېلىپ دەرهال ئورنىدىن تۇردى.

— چاڭجاڭ، خۇدا ئىلىنى ئاپىرىدە قىلىشتا كەڭ قورساقلىق قىلىپ ئاپىرىدە قىلغاندىن كېيىن، باشقىلاردىــن هەسەت قىلغانمىكىن دەي-مەن، — دېــدى قەمــىردىــن گــىــلەم ئۇســتىــگە باداشــقان قۇرۇپ ئولتۇرغاندا.

— قانداق دەيسىز؟

— ئىلىنىڭ ئىككى تەرىپــىنى تاغ بىلەن توساپ قويغىــنىغا قاراپ شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمەنغۇ!

قەمىردىن روزى باپكارنىڭ خىيالىدىن كەچكەننى دەرهال هېــس قىلدى ۋە مۇددىــئانى ئېپادىلەشتىــكى خۇپسەنــلىكــگە مەززە قىلىپ

قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ گەپچە بولغانـدا، روزاخـۇنـكا، ئـسلى بەك ياقـقان ئوخشىمامدۇ؟

— ياقمامدىغان،— روزى باپكار ھازىر جاۋابلىق بىلەن دېدى، — ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ مۇشۇنداق دىيارغا ماكانلاشقانلىقىمدىن خۇشالمەن. يېرى مۇنبەت، مەنزىرىسى سۈرەت، تۇرمۇشى باياشات، ئادەملىرى خۇش پېئىل، قەدىردان، نېمىشـقىدۇ ئۇلىغا ھېچ قانماي-مەن، ئەجەل يەتسە كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ دېسىلە!

لېكىن ئۇ ھازىر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى.

ئۇ، زەي يەردىن مەيدىسىنى كۆتۈردى. نامازدىگەرگىچە ھېچنېمە يۇتـمىغانـلىقـتىن ھالـسىزلانغانـدى، ئەتراپـتا ئادەم تىۋىشـىنىڭ بېسىلغانلىقىنى قىياس قىلىپ قوناقلىقنىڭ ئىچى بىلەن دەرياغا قاراپ ئۆمىلەشنى داۋام قىلدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت بىر ”ئۆلۈۋېلىش“لا بار ئىدى. كىيىملىرىنىڭ چاتقالغا ئىلىنىپ يىرتىلغانلىقى، تىزى، جەينىكى قانىغانلىقى، سىرقىراپ ئاغرىۋاتـقانلىقـى خىيالغا كىرىـپ چىقمايتتى. قوناقلىقنىڭ چېتىگە يېقىنلاشـقانـدا، قارشى تەرەپـتىكى ئالملىق باغقا قاراپ يەنە بىرپەس يوشۇرۇنۇپ تۇردى.

بىر چېتى دەرياغا ئۇلىشىپ كېتىدىغان بۇ باغ دېـھقانـچىلىق مەيدانـىدا مەشـھۇر سەيلىـگاھ ئورنـىدا خىزمەت قىـلاتـتى. روزى باپكارمۇ بىرنەچچە قېتىم سەيلـىدە بولغان، باغ ”مەدەنـىيەت ئىنقى-لابى“دىن بېرى تۈزۈكرەك سۇغىرىلمىغانلىقـتىن قاغجىرىغان، شاخ-لىرى يېرىلغانىدى. دەرۋەقە، ھەممە نەرسە قاغجىـراپ كېـتىۋاتىدۇ، تاتىشقۇدەك بۇ دۇنيادا زادى نېمە قالدى؟!

روزى باپكار ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، قوناقلىقتىن

ئىرغىپ چىقىپ دەرياغا قاراپ يۈگۈردى.

ۋاڭ دۇيجاڭ نەزەربەنىد ئۆيىدە ھېچ بىر كۆزەتچىنىڭ ساقلىمىدىن قاملا تۇتۇپ، سوراق قىلىپ نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن، خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ روزى باپكارنى ئىزدەشكە كىرىشكەنىدى. چۈشكىچە ئىزدەپ تاپالمىدى، ئۇنىڭ ئەندىشىسى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقانىدى. چۈشتە دېھقانچىلىق مەيدانىدا تاماق يەپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يەنە مۇشۇ ئەتراپقا كەلدى.

ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ سىپى كېڭەيمەكتە ئىدى. روزى باپكار قوناقلىقتىن ئېتىلىپ چىققاندا، "شىلدىر" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كىمدۇ بىرى "چاڭ" قىلىپ تاپانچىدىن ئوق ئۈزدى. ھاشىخان ئانا چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ، بىر بالىسىنى يېتىلەپ، ئىزدىگۈچىلەر كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرەتتى. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئوق ئۈزۈپ قاقشال ئالما شاخلىرى ئارىسىدىن روزى باپكارنى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى ـ دە، ئاچچىق چىرقىراپ كەينىدىن يۈگۈردى.

دىگەر ۋاقتى، دەريا سۈيى كەچكى شەپەق نۇرىدا قىپقىزىل قان رەڭگىگە كىرگەنىدى، ئۇنىڭ قانلىق ئۆركەشلىرى دىگەر غۇۋالىقى ئىچىدە بىر توپ ئادەمنى ئۆز باغرىغا تارتىپ، يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك تەسىرات پەيدا قىلاتتى.

## 4. ھەققانىي شىكايەت

كېچە، "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانى گويا روزى باپكارنىڭ

جىنازا نامىزى ئوقۇلۇۋاتقاندەك قاتتىق سۈكۈت ئىچىدە ياتاتتى. ئاي غۇۋا، كىچىككىنە يورۇتقاندىن كېيىن ئاسمان يۈزىگە پەردە تارتىپ پارچە-پارچە لەيلەپ تۇرغان قارا بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى. ئاۋغۇست ئايلىرىدا كۆز قاماشتۇرغۇدەك چاراسلاپ يېنىپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلار بۇ كېچە ئايغا ھەمراھ بولۇپ، بۇلۇتلار كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. خۇڭ يەننىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلمىگەن، ياتىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاسمىنى دۈم كۆمتۈرۈلگەن قازاننى ئەسلىتىپ قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى.

خۇڭ يەن چىراغىنى يورۇتۇپ قويۇپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جوزىغا ئېگىشىپ خەت يازماقتا ئىدى. بۇ يېقىندىن بۇيان "ئالغا"دا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئۆزىنى چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەمىمىي دوستى ھېسابلايدىغان پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. ئۇ، ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن بۇ ھەقتە كۆپ زاكۇنلاشتى، لېكىن گېپىنى ئاقتۇرالمىدى، ئۆزى ماقۇل كۆرمەيدىغان ئىشلارنىڭ بارغانسېرى كۆپلەپ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا چىدىماي، پارتىيە ئەزالىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، توپتوغرا مەركەزگە خەت يېزىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئۇنىڭ نەزىرىدە "ئالغا"دىكى سىياسىي ئەھۋال خۇددى شۇ تاپتىكى كېچىگە ئوخشاش قاراڭغۇ ئىدى. مەسىلىنى زادى قانداق قويۇش كېرەك؟ خۇڭ يەن ئەنە شۇنى ئويلىدى-دە، قولىدىكى تاماكىنى قاتتىق شوراپ چەكتى، تاماكىنىڭ چېكىلىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە بىرنى تۇتاشتۇردى، لېكىن نېمە دەپ يېزىش ۋە مەسىلىنى قانداق قويۇش ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي قىينالدى.

ئۇ، قەلەمنى قەغەزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئورنىدىن تۇردى،

ئۆينىڭ ئىچى ئۈزمەي چەككەن تاماكا ئىسىغا تولغانىدى، بۇ ئىس چىراغ نۇرىدا ئاپئاق مانانغا ئوخشاپ لەيلەپ يۈرەتتى، ئۆزىنى كىچىككىنە سەگىتىش ئۈچۈن دېرىزە تۈۋىگە كەلدى-دە، ئىككى قولى بىلەن كىشەكنىڭ يان ياغىچىغا تايىنىپ بىرپەس سىرتقا قاراپ تۇرغاندا، كۆڭلى نېمىدىندۇ يورۇغاندەك بولدى. يىراقتا دولقۇن ياساپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشنى يېشىپ قەھر-غەزەپ بىلەن سۆزلەپ تۇراتتى:

— نېمە ئۈچۈن چېگرا بويىدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە ئەينى يىللاردا گىتلېر ياۋروپالىقلارغا ھۇجۇم قىلغاندەك ھۇجۇم قىلىمىز؟

— نېمە ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى پېشقەدەم كادىرلار، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتلار، ئازادلىقتىن كېيىن قەد كۆتۈرگەن دېھقان-چارۋىچىلارنى زەربە بېرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىمىز؟

— نېمە ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەنئەنىلىك ئۆرپ-ئادەت بويىچە ياشاش ھوقۇقىنى ئاياغ ئاستى قىلىمىز؟

— نېمە ئۈچۈن دىنىي قائىدە-يوسۇن، مەسچىتكە يىغىلىپ ناماز ئوقۇشتىن ئەندىشە قىلىمىز، ئۆلگۈدەك قورقىمىز؟

— نېمە ئۈچۈن...

قايسى كۈنى روزى باپكار قوغلىغۇچىلارغا يەتكۈزمەي ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، مەرھۇمنىڭ ئائىلە تەۋەسى دەريا بويىغا توپلىنىپ يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالە-پەرياد قىلدى. سەۋر قىلىش، قايتىپ كېتىش توغرىسىدىكى نەسىھەتلەر تەسىر قىلمىدى. قايتا ۋەقە يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ،

ھازىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ خۇڭ يەن دەريا بويىدا بىر كېچە تۈنىدى.

ئەتىسى ئۇلار ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، دەريا ياقىلاپ جەسەتنى ئىزدىلىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا قالايمىقان كېسىلىپ، دەريا ياقىسىدىكى توقايلاردىن يالداما سۇپىتىدە قاغجىرىغان قۇرۇق چىغان شاخلىرىلا قالغانىدى. ئۇلار چىغان شاخلىرى ئارىسىدىن مېڭىپ سۇغا ئارغامچا بويى ئىچكىرىلەپ كىرگەن ئارالنىڭ ئۇدۇلىدىن چىقتى. ئارالنىڭ بويىدا يوغان بىرنېمە ئۆلگەن ئادەمنى ئەسلىتىپ بىر تەرىپى سۇغا چىلىشىپ تۇراتتى. خۇڭ يەن بۇنىڭ روزى باپكارنىڭ جەستى ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمىدى. ئۇ، ئادەم سۇدا جان ئۈزگەندە جەسەت سۇنىڭ ئۈستىگە خەشەكتەك لەيلەپ چىقىدىغانلىقى، دولقۇنلار جەسەتنى قىرغاقتا چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئىتتىك بېسىپ قارا كۆرۈنگەن نەرسىنىڭ يېنىغا باردى. روزى باپكارنىڭ جەستى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆتۈرۈپ قىرغاققا ئېلىپ كەلدى.

ھاشخان ئانا ۋە باللىرى روزى باپكارنىڭ جەستىنى كۆرۈپ دەريا شاۋقۇنى ئۈستىدىن بېسىپ يەنە قاتتىق نالە قىلىپ يىغلىدى.

— ئاھ، كۆڭلى سۇ ئىچمەي ئالەمدىن كۆزى ئوچۇق كەتكەن دوستۇم، — دەپ ھاشخان ئانا جەسەتنىڭ يېنىدا تىزلاندى، — مېنى ياقا يۇرتلارغا تاشلاپ كەتكەن دوستۇم، مېنى دەردى يوق دېگەنمىدىڭ دوستۇم، دەردىمنى ئەمدى كىمگە ئېيتاي دوستۇم...

— قېرىنداشلار، بولدى سەۋر قىلىڭلار، — دېدى خۇڭ يەن ھازىدارلارنىڭ نالىسىدىن يۈرىكى قان بولۇپ، — ئۆزەڭلارنى ئاسراڭلار، كۆز يېشى ھېچكىمگە شىپالىق دورا بولغان ئەمەس،

يىغلىماڭلار.

شۇ كۈنى قىرغاقتا جەسەت ئىگىلىرى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا جەسەت تالىشىپ بىر مەيدان ئېلىشىش بولدى. جەسەت ئىگىلىرى جەسەتنى ئۆرپ-ئادەت بويىچە يۇيۇپ-تاراپ، كېپەنگە ئېلىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئۆز قولى بىلەن قويۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق خەلق ئەسكەرلىرى بۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى. ئۇلارنىڭ غەرىزى ئېنىق. ئەگەر جەسەت خەلقنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ بېرىلسا، خەلق بىگۇناھ بۇ مۇساپىرنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسىدىن قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، روزى باپكارنىڭ گۇناھسىز بىچارە ئادەم ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. تەشۋىقات دۇيى جەزمەن لەنەت-نەپرەت ئىچىدە قالىدۇ.

— بۇ دېگەن نەق ئەكسىلئىنقىلابچى، ئىنقىلاب بىلەن قارشىلىشىپ ئۆلۈۋالغان خائىنىن، — دېدى بىر خەلق ئەسكىرى ھەيۋە قىلىپ، — كاللاڭ بىلەن ئويلاپ ئىش قىلىشقىن، سەنلەر كىم ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىشىۋاتىسەن.

خۇڭ يەننىڭ ئاچچىقى كېلىپ كۆزى جىيەكلىرىگىچە قىزىپ كەتتى. ئۇ، جەسەت ئۈستىدىكى ئۆكتەملىكنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى رېژىسسورى ۋاڭ دۇيجاڭ دەپ بىلىپ، قارشى تۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزىگە چەك قويمىغان بولسا ھازىدارلارغا بولۇشۇپ ئېلىشقان بولاتتى.

ۋاڭ دۇيجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسىدە خۇڭ يەن مەسئۇل بولغان لىيەننىڭ بوغالتىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىچ-قارنى خەلققە قارشى زەھەر، سۇيىقەست، ھىيلە-مىكىر بىلەن تولغانلىقىنى خۇڭ يەن "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا لىيەننىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىلا چۈشەندى.

ئۇ، ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى، بىر-ئىككى يىل ئۆتتۈپ ئوزۇقلۇق ئاشلىقتا يۇقىرىغا يۆلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەندە، خۇڭ يەن لىيەندىكى بۇزغۇنچىلىقلارغا قارشى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

خۇڭ يەننىڭ ئىنقىلابىي تارىخى، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشتىكى ئىش-ئىزلىرى، يۇكسەك ئىناۋىتى ۋاڭ دۈيجاڭغا ئۇنى بىرىيوللا ئۇجۇقتۇرۇش ئىمكانىيىتى بەرمەيتتى. يەرلىككە ياردەملىشىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ۋەزىيىتى يۇكلەنگەندە، دۈيجاڭ خۇڭ يەننى تەشۋىقات دۈيىگە ئەتەي قىستۇرۇۋالدى، ئۇ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا خۇڭ يەننى ئەل قىلىمەن دەپ ئويلىغانىدى.

بىراق خۇڭ يەن ئاسان ئەل بولىدىغانلاردىن ئەمەس ئىكەن. "ئالغا"دا "كالا تۇككىدىنمۇ كۆپ" دېگەن سەپسەتىسىگە بىرىنچى بولۇپ قارشى چىققان يەنە خۇڭ يەن ئىدى.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ گەپ قىلىڭ، — دېدى دۈيجاڭ بۇ مۇنازىرىدە خۇڭ يەنگە خاپا بولۇپ، — "ئالغا" يامان ئادەملەرنىڭ قارا ئۇۋۇسى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ بۇ يېڭى ۋەزىيىتىنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ تارازىسىدا ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.

خۇڭ يەن قولىدىكى تاماكىنى قاتتىق بىر شورىۋېلىپ ۋەزمىن ئاۋازدا دېدى:

— شۇنداق، ئادىل بىر تارازا بولماق لازىم. مېنىڭچە پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا قاراتقان سىياسىتىدىن ئارتۇق ئادىل تارازا يوق. مىللىي سىياسەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشىلىقىغا

ئىشىنىشنى مىزان قىلدۇ.

ۋاڭ دۈيجاڭ "مەھبۇسلار" ئۈيىدە قارشىلىقتا ئۇچراپ دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، ئىشخانىسىغا خۇڭ يەن بىللە قايتتى. خۇڭ يەن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە دۈيجاڭغا ھەمراھ بولۇپ سوراقتىن خاتىرە يېزىشقا بارغانىدى.

— قاراڭ پوزىتسىيىسىنىڭ قەبىھلىكىنى، — دېدى دۈيجاڭ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىر پەس شۇك ماڭغاندىن كېيىن، — توۋا قىلىش نىيىتى يوق، مۇشۇ ياۋۇزلارغا ياخشى دەپ ئىشىنىش كېرەكمۇ؟!

خۇڭ يەن قاپىقىنى سېلىپ (تۇتۇلۇپ) يېنىدا كېتىۋاتقان دۈيجاڭنىڭ قايسى كۈنى مۇنازىرە ئۈستىدىكى پىكرىگە خۇپسيانە رەددىيە بېرىۋاتقانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى:

— بىز ھازىر ھەممىنىلا قارا-قويۇق بىر تاياقتا ھەيدەۋاتىمىز، — دېدى خۇڭ يەن كەسكىن پىكىر قىلىپ، — راستىنىلا گۇناھسىز بولسا، پوزىتسىيىسى قەبىھ دېگىلى بولمايدۇ.

— سىزنىڭچە ئۇلار گۇناھسىزمۇ؟

مەن سانسىمايلا سەككىز دېيىش ئادىتىنى يامان كۆرىمەن، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئاندىن بىرنېمە دېيىش كېرەك.

ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ يەنە سەپراسى ئۆرلىدى، ئەگەر قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلانمىغان بولسا، خۇڭ يەن ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ بۇ سۆزىگە ئاچچىقى كېلىپ بوغۇلۇپ، ئىككى كۆزى لازا قويغاندەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرگەن بولاتتى.

— سېنىڭ كىم ئۈچۈن ياقا يىرتىۋاتقانلىقىڭ، بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى چۈشىنىشلىك، — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ بىردىن پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسەبىيلىك بىلەن، — كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان

هوقۇقدار بىلەن يامان ئادەملەرنىڭ ماھىيىتى بىر. مىللەت پەرقى بۇ يەردە ئەھمىيەتلىك ئەمەس. لېكىن بۇ سۆز بىلەن بىزنى قايمۇقتۇرۇپ كېتەلمەن دەپ ئويلىما، ئۆزەمنى ئالسام، ئالىلقاچان بەلنى چىڭ باغلاپ قويدۇم. ئىككى پۇتۇڭلارنى بىر ئۆتتۈككە تىقمىغىچە "ئالغا"دىن كەتمەيمەن.

خۇڭ يەن دېرىزىنىڭ كېشىكىگە ئىككى قولى بىلەن تايىنىپ، دەريا شاۋقۇنىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە بولمىغان قاراڭغۇغا قاراپ ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ، تەشۋىقات دۇيىنىڭ "ئالغا"دىكى ئىشلىرىدىن يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ خەۋىرى يوق، خەۋىرى بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاپ-ئوقۇبەت گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويغان بۇ قىلىقلا ھەرگىز يول قويمىغان بولاتتى، دەپ ئويلىدى. بۇ پىكىر ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇلىرىغا ئىلھام بەردى-دە، قەتئىي پاش قىلىش نىيىتىگە كەلدى، سەككەنىدەك قىلغاندىن كېيىن جوزا تۈۋىگە قايتىپ كېلىپ يېزىشنى داۋام قىلدى.

مەركىزى مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىغا:

قەدىرلىك باشلىقلار!

پارتىيەمىزنىڭ نىزامنامىسىگە "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، يۇقىرىغا ئەھۋال ئىنكاس قىلىش پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نورمال دېموكراتىك ھوقۇقى دېگەن بەلگىلىمىگە تېگىلگىنى يوق. مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە، غەربىي شىمالدىكى جەڭ مەيدانىدا بىر تامچە قېنىم قالغىچە پارتىيە پرىنسىپلىرىغا سادىق بولىمەن دەپ قەسەم ئىچىپ كىرگەن. ئىلى رايونىنىڭ "ئالغا" دېھقانچىلىق

مەيداندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەتتە پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا قاراتقان سىياسىتىگە خىلاپ ئېغىر خاتالىقلارنى ئىنكاس قىلىشنى ئۆزەمنىڭ پارتىيە ئەزالىق بۇرۇچۇم دەپ قارىدىم. خاتالىق ئېھتىمال "ئالغا" بىلەنلا چەكلەنمەسە كېرەك.

خاتالىقنىڭ خاراكتېرلىك تەرىپى ھەر مىللەت خەلقىغە ئىشەنمەسلىك، ئۇلارغا پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمنىڭ دۈشمىنى دەپ قاراشتىن ئىبارەت. بۇ ئىللەت "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ بىرىنچى كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىنتايىن شەرمەندىلىك بىلەن باش كۆتۈرگەنىدى. "بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش" ھەرىكىتىگە ئۇلاشقاندا، ھەر مىللەت خەلقىغە رەھىمسىزلىك بىلەن زۇلۇم سالىدىغان فاشىستلىق دىكتاتۇرىنىڭ ئورنىغا ئۆتتى. ھازىر "ئالغا"دا يەرلىك يولداشلاردىن بىر-ئىككىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى ئىشەنچسىزگە چىقىرىۋېتىلدى. ئۇلار ئەكسىلئىنقىلابچى، يامان ئادەم، مەلۇم مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبا قىلىپ قويۇلدى. ھەرىكەتنى ئاساسەن بىز خەنزۇ كادىرلار ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، ھوقۇق بىزدە، مەن بۇنى پارتىيىمىزنىڭ ئەنئەنىلىك مىللىي سىياسىتى بىلەن سىغىشتۇرالمىدىم.

قەدىرلىك باشلىقلار!

ماۋجۇشى شىنجاڭغا بارىدىغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە خەنزۇ كادىرلارغا شىنجاڭغا بارغاندا ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ھەمدە تارىختا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئەزگەن خەنزۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار ھېسابىغا قەرز تۆلەش روھى بىلەن خىزمەت قىلىش توغرىسىدا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ تەلىم بەرگەنىدى. مەسىلىگە ئوبيېكتىپ قارىغاندا، شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن ماۋجۇشىنىڭ تەلىمىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا غايەت زور نەتىجىلەرنى

ياراتتۇق. بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ھەر مىللەت خەلقى ئالقىشلىغانىدى. بىز بىرىنچىدىن قەرز تۆلىدۇق، ئىككىنچىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭ تارىخىدا ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن ئىناق مىللىي دوستلۇق ئورناتتۇق. ھازىر بۇ نەتىجىلەردىن ھېچنېمە قالمىدى. خەلق ئەكسىيەتچىلەر دەۋرى-دىكىگە ئوخشاش ئېغىر بوھتانغا ئۇچرىدى. نەزەربەند قىلىندى، تۈرمىگە قامالدى، سوراقتا تارتىلدى، ئۆلتۈرۈلدى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئائىلىسى ۋەيران قىلىنىپ، ئىسسىق ئۆيلىرىدىن يۆتكىلىپ، ئەمگەك مەيدانى-لىرىغا قوغلىنىپ، ئانا-بالا، ئەر-خوتۇن بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ، مىسلىسىز ئېغىر پاجىئەلەر پەيدا قىلىندى. قىسقىسى، تەشۋىقات دۇيى كىشىلەرگە زۇلۇم سېلىشتا ئىلگىرىكى قەرزدارلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشتى، يېڭى قان قەرز پەيدا قىلدى، بىز خەلققە سىلەرگە ئازادلىق ئېلىپ كەلدۇق دەپ ئېيتقۇدەك ھېچنېمە قويمىدى.

قەدىرلىك باشلىقلار!

مەن شىنجاڭغا، ئىلى رايونىغا ئازادلىق بىلەن تەڭ كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەڭچىسى بولىمەن. شۇ چاغدا ئىلى خەلقى بىزنى ئازادلىق ئەلچىلىرى دەپ بىلىپ قىزغىن كۈتۈۋالغانىدى. خەلقنىڭ سەپ تارتىپ قارشى ئېلىپ ئالدىمىزغا چىققانلىقى، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تەنتەنە قىلغانلىقى، بىزنى ئۆيىگە باشلىغانلىقى، ئىسسىق ئۆيلىرىنى بوشىتىپ بەرگەنلىكىنى خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئەسلەيمەن. "ئالغا" دىكى پاجىئەلەرنى مۇشۇ كۈتۈۋېلىشنىڭ جاۋابى دەپ ئېيتىمىزمۇ؟! يىللىق چىراي بىلەن زەھەرلىك ھومىيىش، خۇشاللىق تەنتەنىسى بىلەن ئاق تېررورلۇق، مەشرەپ بىلەن قىرغىنچىلىق ئوتتۇرىسىغا باراۋەرلىك بەلگىسى قويۇش كىمنىڭ ئادىتى ئىدى؟!

مېنى ئازابلايدىغان يەنە بىر ئىش گەپ-سۆزدىكى بىمەنىلىك. بىز "ئالغا" دا ھەممىنى ئوتقا تىقىپ قويۇپ، جاھان ئۆزگەرسە يامان كۈندە قالىسەن، كاللاڭ كېتىدۇ دەپ تەشۋىق قىلىۋاتىمىز، ئالدىغا كېپەك ئۇمىچىنى ئىتتىرىپ قويۇپ، بۈگۈنكى راھەت-پاراغەتنىڭ قەدرىگە يەت، ئورنىڭدىن

سەھەر تۇرۇپ ناماز ئوقۇش ئورنىغا ئۇسۇل ئويناپ خۇشاللىق تەنتەنىسى قىل، دېدۇق، بىز بۇ گەپ ـ سۆزلەرگە ئىشىنىدۇ دەپ قارىساق، بۇ چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئەخمەق كۆرگەنلىكىمىز بولمامدۇ؟ باشتا ئېيتقىنىمدەك، مەن چېگرا رايونغا ھەممىدىن بۇرۇن بارغان، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ بىز بېرىشتىن بۇرۇن قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاق بىلەن قارىنى پەرق قىلالايدىغانلىقىنى، ئەخمەق ئەمەسلىكىنى كۆرگەن. شۇڭا بىز يۇقىرىقىدەك گەپ ـ سۆزلەرگە ئىشىنىدۇ دېگەندىن كۆرە، ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ ئەخمەقلىقىنى سازايى قىلىش دەپ ئېيتىش ئەقىلغە ئەڭ مۇۋاپىق!

ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ھەقىقەت روھىغا ئىگە ۋىجدانلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئېغىر ئازاب ۋە خورلۇق ھېس قىلماقتا. ئۆزەمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن "ئالغا"دا ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەس بولۇپ قالدىم. خەلقنىڭ يۈزىگە قارىيالمايۋاتىمەن. مەسىلە شۇ قەدەر ئېغىركى، بىزنىڭ يۈزىمىزنى قويمىدى. ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

ھۆرمەت بىلەن:

خۇڭ يەن

1970 ـ يىل ...ئاي...كۈنى.

# ئالتىنچى باب

## 1. نەزەربەند ئۆيىدىكى سېھىرگەرلىك

جۇماقنىڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، نەزەربەندتىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە بەل باغلىغانلىقىدىن قەمەردىننىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. شۇڭا سوراق ئۇستىدىكى تەن جازاسىدىن كۆرە، جۇماقنىڭ توقسان گىرادۇس ئۆزگىرىپ، ئۆزىنى ماڭا شۇ قەدەر يېقىن تۇتۇشقا يوشۇرۇنغان سىر نېمىدۇ؟ دېگەن سوئال ئۇنى قاتتىقراق ئازابلايدىغان بولدى. جۇماق ”مەدەنىيەت ئىنقىلابى“نىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپ مەن بىلەن ئىنچىل دۈشمەنلىشىپ كەلگەن، دەپ ئويلايتتى ئۇ تورۇسقا قاراپ يېتىپ.

”مەھبۇس“لار نەزەربەند ئۆيىگە قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا، قەمەردىن ئوتتۇرىسى كونا پەنەركە بىلەن ئايرىلغان بىر ئۆيگە يۆتكەپ كېلىندى. بۇ زەي ئۆيدىن دىماقنى يارغۇدەك قاڭسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. قەمەردىن ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلىپ، نېرۋا ئاجىزلاشقانلىقتىن بولسا كېرەك، دەسلەپ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە تېنى شۈركۈنگەندەك بولدى. پات-پات ئويغىنىپ كېتەتتى، كېيىن پەنەركىنىڭ كەينىدە ئادەم بارلىقىنى سېزىپ ئەندىشىگە چۈشتى، بەلكى پايلاقچى ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك، نېمىشقا دىققەت قىلمىغان بولغىيدىم، كېچىدە ئويقۇلۇقتا بىرنېمە دەپ

جۆيلۇپ قويغان بولسام... دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋۇي، بۇ مېنىڭ قەمەردىن ئاكام ئىكەنغۇ، — قەمەردىن راستتىنلا چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېچ ئويلىمىغان بىر ۋاقىتتا يىغلامسىراپ جۇماق كىرىپ كېلىۋاتاتتى، — كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ نېمە جۇمۇ، بىر-ئىككى كۈندىن بېرى تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ياتقاندەك بولۇۋېدىم، جېنىم ئاكا، دېھقانچىلىق مەيدانىمىزغا ئاتا بولغان ئادەمسەن، — دېدى جۇماق يىغلاپ تۇرۇپ، — قېنى، ئېيتقىنا، نېمە كۈن بۇ، گۇناھىمىز نېمە؟!

قەمەردىن تېخىلا تېڭىرقاش كەيپىياتىدا ئىدى.

— ئاۋۋال ئۆزەڭ ئېيتقىنا، — دېدى قەمەردىن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قارىغاندىن كېيىن، — ھېچ ئىشەنگىم كەلمەيدۇ، قىزىل ھاكىمىيەتتە مۇستەھكەم تۇۋرۈك ئىدىڭ، ساڭا نېمە بولدى جۇماق؟

— نېمە بولغانلىقىنى قويۇپ تۇر، ھازىرقى گەپكە كېلەيلى، بۇ پانى دوزاختىن قۇتۇلۇشنىڭ راستتىنلا ئامالى قالمىدىمۇ؟

— ئاۋۋال مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەر، — دېدى قەمەردىن كۈتمىگەن بۇ ھادىسىنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولغاندەك، جۇماقنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە سىنچى نەزىرى بىلەن قاراپ، — سېنى نېمە ئۈچۈن سولايدىكەن، قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭ؟

جۇماق ئۆزىنى توختىتىپ، بېشىنى تەمكىنلىك بىلەن كۆتۈردى، ئۇنىڭ تېخى بايىلا قەمەردىن جۇماققا قارىغاندەك سىنچى نەزىرى بىلەن قارىشىدىن خىزمەت كۆرستىش سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن گەپنى نەدىن باشلىسام بولاركىن دەپ دەڭسەپ كۆرۈۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن ئىدى.

— ھەي جېنىم ئاكا، يۈرەككە سوغۇق تېگىدىغان گەپنى

قويساڭچۇ، ــ دېدى جۇماق بېشىنى تۆۋەن سىلىپ. دولقۇنلانغان ئاۋازدا، ــ مېنى بىلمەيدىغانلىقىڭغا ئىشەنمەيمەن، سەن بار يەردە مەنمۇ بار، دۇرۇس ئىككىمىز ئوچۇق پاراڭلاشقان ئەمەس، بىز قەلبداش ئىدۇق.

جۇماقنىڭ گەپ-سۆزىدىن زەي ئۆيدىكىگە ئوخشاش يۇرەككە تەگكۈدەك قاڭسىق ھىد چىقىۋاتقان بولسىمۇ، قەمىردىن بىلمەسكە سالدى. قىزىل ئىسيانچىنىڭ ئۆزىنى رەقىبى بىلەن قەلبداش سانىغانلىقى ھەقىقەتەن كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ئىش!

ــ خوش، ئەمدى نېمە قىلسام دەيسەن؟

ــ سەن بالىدۇر تۇتۇلۇپ كەتكەن، سىرتتىكى ئەھۋالنى بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن، ــ قەمىردىننىڭ چېكىش مەنىدىكى سوئالى ئىلھام بولدى ئېھتىمالىم، جۇماق ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئىشەنچ بىلەن داۋام قىلدى، ــ بەلكى بىزنىڭ گۇرۇھتىكىلەرنى تۇتۇپ بولدى، دەپ ئويلايدىغانسەن، ئۇنداق ئەمەس، تېخى بۇرۇتمىز تەۋرەنمىدى. مۇھىمى تەشۋىقات دۇيىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقى ئەڭ چوڭ سەپەرۋەرلىك بولدى. سەنلا بىرنېمە دېسەڭ، مەن غاچچىدە قېچىپ چىقىپ يەتكۈزىمەن، ھەممىلا ئادەم چىشىنى بىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ.

مۇشۇ گەپ-سۆز بولۇپ بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن، بىركۈنى ئاش ۋاقتىلار بىلەن ئىككى خەلق ئەسكىرى قەمىردىننىڭ كۆزىنى تېڭىپ، ئىككى يېنىدىن يالاپ تۇتۇپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. نەگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئالاھازەل يېرىم سائەتتىن كېيىن قەمىردىن ئۆزگىچىرەك جازا مەيدانىغا كېلىپ توختىغانلىقىنى، ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى ۋە كۈننىڭ قىزىق تەپتى قايتمىغانلىقىغا قارىماي، بەدىنىنىڭ سوغۇق ھاۋادىن شۈركۈنۈۋاتقانلىقىنى ھېس

قىلدى.

ئۇنى يوشۇرۇن داتاڭغا — يەر ئاستى جازا مەيدانىغا ئېلىپ كەلگەندى.

— بۇگۈن سېنىڭ ئۈستىڭدىكى ئاخىرقى سوراق، — قەمەردىننىڭ قۇلاق تۈۋىدە ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ تونۇش ئاۋازى پەيدا بولدى، — جاھىللىق قىلساڭ، جەھەننەمگە كېتىسەن، گۇرۇھىڭنى تاپشۇرامسەن، يوق؟!

گۇرۇھىڭنى تاپشۇر، بۇ، قەمەردىنگە نەقەدەر تونۇش ۋە نەقەدەر بىزار قىلىدىغان سوئال - ھە؟!

قەمەردىننىڭ جاۋابىمۇ ناھايىتى ئېنىق: "ئۆلۈمدىن خەۋىرىم باركى، گۇرۇھتىن خەۋىرىم يوق"، ئۇ بويىنىغا كۆتۈرگۈسىز ئېغىر تاختاينى ئېسىپ ئوتتۇرىدا توختىتىپ كۆرەش قىلىنغاندا، ئەنە شۇنداق دېگەن، ئوتتۇز مېتىر ئېگىزلىكتە دار ياساپ ئاسقاندىمۇ، يانتاق تىكەننىڭ ئۈستىگە يالىڭاچ دوملاتقاندىمۇ، تۆمۈرنى قىزىتىپ بېجىرىم بەدىنىگە ياققاندىمۇ ئەنە شۇنداق دېگەن.

— گۇرۇھ دەمسىنا، — قەمەردىن ئىلگىرىكى جاۋابىنى قىلدى، — ئۆلۈمدىن خەۋىرىم باركى، گۇرۇھتىن خەۋىرىم يوق.

— تەقدىرىڭ بىلەن ئوينىشىما، — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ، — بۇگۈن ئاخىرقى سوراق، تەكرار ئېيتىمەنكى، جاھىللىق قىلساڭ...

— جانىڭ ئارامنى تىلەپ، ۋىجدانسىزلىق بىلەن يالغان گەپ قىلىپ، كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈشتىن ئۆلۈم مىڭ ھەسسە ياخشى!

ئادەتتە سوراق ئۈستىدە قەمەردىن ئەنە شۇنداق جاۋاب بەرگەندە، قارشى تەرەپ چىچاڭشىپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ھۇجۇمغا

ئۆتەتتى. بەزىدە ئۇرۇپ، چالا ئۆلۈك قىلىپ ياتقۇزۇۋېتەتتى.

بۇ سەپەر ھېچقانداق ئىنكاستا بولمىدى.

— خوپ ماقۇل، بىز ساڭا تۆھمەت قىلغانمۇ بولايلى، — قەمىر-دىنىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ ئاۋازى پەيدا بولدى، — ئەمدى مۇنۇ ئادەمنىڭ — ئۆز شېرىكىڭنىڭ گېپىگە نېمە دەيسەن، بۇمۇ تۆھمەتمۇ؟

شۇ ئەسنادا كىمدۇ بىرى يېنىدىن ئۆتۈپ، قەمىردىنىنىڭ كۆزىدىكى تېڭىقنى ئېلىۋەتتى. ئالدى تەرەپتە سىمغا تارتىلغان پەردە شىرىلداپ ئېچىلدى-دە، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن قاتتىق ئىڭرىغان ئاۋاز كەلدى، بىرئازدىن كېيىن ئاستى تەرىپىگە غالتەكلىك چاق بېكىتىلگەن تاختاي ئۈستىدە ئىككى كۆزىدىن ئېلىپكىتىر چىرىغىغا ئوخشاش نۇر چاقنىتىپ ئادەم شەكلىدە قارا گەۋدە پەيدا بولدى، بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىڭرىغان ھېلىقى گەۋدە ئىدى. قارا گەۋدە قەمىردىنىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ قاتتىق بىر چىقىرىدى-دە، ئاندىن مەس ئادەمدەك ئالسجوقا سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

مەن ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھقا قاتناشقان، "ئالغا"دا بىزنىڭ باشلىقىمىز قەمىردىن، ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيىدە ئىلگىرىكى شەنجاڭ، شۇجىلاردىن تەركىب تاپقان ئۈچكىلىك تېغىغا ئوخشاش قۇدرەتلىك يۈلەنچۈكىمىز — قوماندانلىق شتابىمىز بار. بىز تەشۋىقات دۈيىدىن بۇرۇنراق ئىش باشلاش ئۈچۈن، ئالمىنىڭ ئاتلىرى تۇرىدىغان لاپاسقا ئوت قويغان، ماگىزىندىن دورا-دەرمەك، داكا ئوغرىلىغان، تەييارلىقىمىزنىڭ پۈتكەنلىكىدىن قوماندانلىق شتابىغا شەپە بېرىپ، كېچىدە ساليۇت ئاتقان...

قەمىردىن كۆز ئالدىدىكى ئادەمنىڭ غالتەك ھارۋىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان توكتا قاتتىق ئازابلىنىپ، خۇدىنى بىلمەي سۆزلە-ۋاتقانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى، ئۇنىڭ جۆيلۈشىدىن كۆرە شۇ مىنۇتتىكى پاجىئەلىك كۆرۈنۈش قەمىردىننىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلىدى. غالتەك ئۈستىدىكى ئادەم بىردە قىينىلىپ جان بېرىۋاتقاندەك قىلسا، بىردە ئاللىقاچان تۈگىشىپ، ئەت-گۆشلىرى سېزىلگەن پاسىق سۆڭەكنى ئەسلىتەتتى. قەمىردىن تېخىمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى. تۇتقۇن قىلىنغاندىن بېرىقى ئېغىر قىسمەتلەر قەمىردىننىڭ يۈرەك-باغرىنى غاجاپ نىمجان قىلىپ قويغانىدى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن زورلۇق پاجىئەلىرىگە تاقەت قىلغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

— فاشىست، سېپى ئۆزىدىن بولغان كەم-كۈتىسىز فاشىستلار، ئوتتۇرا ئەسىر مۇستەبىتچىلىكىنىڭ زامانىمىزدىكى مەلئۇنلىرى...!

قەمىردىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئەنە شۇنداق دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى، ئىستېرىيىسى كوچەيگەن مۇنداق چاغلاردا، ئۇ خۇددى ئېغىر ئەمگەك قىلغان ئادەمگە ئوخشاش چىلىق-چىلىق تەرلەپ كېتەتتى. يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ (شۇك بولۇپ) گۇپ قىلىپ تۇرغان ئورنىغا يىقىلدى...

ئوتتۇرىسى پەنەركە بىلەن ئايرىلغان نەزەربەند ئۆيدە ئۇ بىرنەچچە كۈننى ئۆزىنى سەزمەي، ھەتتا تۇزۇككىنە بىرنېمە يېمەي ئۆتكۈزدى.

— جېنىم ئاكا، توۋا قىل، ئۇقۇشماي شىلتىڭ ئېتىپ قويۇپتۇق، گېپىگە كىرمىسەك، ئۆلتۈرۈشىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇششاق بالىلىرىڭنى ئويلا!

قەمەردىن بېشىنى ئىككى قولىنىڭ پەنجىسىگە ئېلىپ، ھالسىزلانغان ھالدا تورۇسقا قاراپ سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۇشتۇمتۇت بۇ گەپتىن كېيىن گەۋدىسىنى ئاران ئۆرە قىلدى، جۇماق پەنەركىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، خۇددى ئوچاقنىڭ مورىسىدىن قېچىپ چىققان ئوغرى مۈشۈكتەك قارىيىپ، يىغلامسىراپ ئالدىدا تۇراتتى.

— جۇماق، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ توۋا قىل دەيسەنا؟ مەن نېمىگە توۋا قىلىمەن؟

جۇماق تىلى كېسىلگەندەك بىرپەس شۈك تۇرغاندىن كېيىن دۇدۇقلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

— جېنىم ئاكا، ئىلگىرى مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئىدىم، يەردىن زۇۋان چىقسا چىقتىكى، مېنىڭدىن گەپ چىقمىغان، بىراق... بىراق، ئەمدى ياخشى ئاقىۋەت يوق، سىر پاش بولۇپ قالدى.

— جۇماق ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە، — قەمەردىن سەگەكلىشىپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قارىدى، — چۈشەنمىدىم، گېپىڭنى ئوچۇق قىل، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟!

— دۇرۇس، ئىككىمىز ئىلگىرى ئوچۇق سۆزلەشمىگەن ئىدۇق، ئەمدى گەپنى ئوچۇق قىلاي، — دېدى جۇماق بېشىنى يەردىن ئالماي تىترىگەن ئاۋازدا، — "ئالغا"دا سەن باشچىلىق قىلىدىغان مەخپىي گۇرۇھتا مەنمۇ بار، مېنى سەن ئەمەس، ھېۋىز كۆزەتچى تونۇشتۇرۇپ ئەكىرگەن، بىز مۇناسىۋەتنى ئۈچ كىشى بىلەن چەكلەيمىز، بولمىسا پاش بولۇپ قالىدۇ، دەپ سەن بىلەن سۆزلىشىشكە يول قويمىغان، ئاقىۋەتتىدىن سەل ئەندىشە قىلىۋىدىم، ھېۋىز كۆزەتچى كۆڭلۈڭنى توق تۇت ئۇكا، بۇ ۋۇلى چىڭ ئىش، سېپىمىزدە ناھىيىدىكى ئىلگىرىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىسى بار، ئارقا

تىرىكىمىزمۇ كۈچلۈك، دەپ كۆڭلۈمنى تىندۇردى. ھەرىكەت پىلانى بىلەن تونۇشقۇدەك بولسام، دەرۋەقە شۇنداق، مەسىلەن، بىز بۇ يەردە تەشكىللىنىپ گەپنى پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قارا بۇرا كېمىسى بىلەن ئاۋۋال كونەسكە، ئاندىن ۋۇتۇ سېيى ئارقىلىق ئىلقىغا — پارتىزانلارنىڭ مۇقەددەس ماكانى ئاقتۆبە ئورمانلىقىغا بارىدىكەنمىز. ئۇ يەردە بىزنى ئىلگىرىكى "ئالتە ئوغرى"نىڭ ۋارىسلىرى كۈتۈۋالىدىكەن، ھەممىمىز جەم بولۇپ شۇنداق قۇدرەت تاپىدىكەنمىزكى، بىر ئۇخلاپ قوپۇپلا ئۆزىمىزنى قەدىمقى دوتەي يامۇلىنىڭ ئۇستىلىدە كۆرىدىكەنمىز... مەن ئىشەندىمكى، تارىختا شۇنداق ئىشلار بولغان، يەنە شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا، بىرەر ئەمەل تېگەمدىكىن دەپ پوق يەپتىمەن...

قەمىردىن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان، ئورۇقلاپ قورايغا ئايلانغان جۇماق قورساق سالغان، ئېڭەك گۆشلىرى ساڭگىلىغان، يۈزلىرى مايلىشىپ پارقىراپ تۇرغان سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇماققا ئوخشىمايتتى. جۇماق سۆزلەۋېتىپ گەپ ئارىلىقىدا قەمىردىنگە لاپ قىلىپ قارىدى-دە، كېيىن ئىتتىك بېشىنى سىلىۋالدى، قارىغاندا كۆز قارىچۇقىسىنىڭ يالتىرىشى قەمىردىنگە يەر ئاستى جازا مەيدانىدىكى قورقۇنچلۇق رەزىل گەۋدىنى ئەسلەتتى. يەر ئاستى جازا مەيدانىدىكى مەنزىرىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇش قەمىردىن ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس ئىش، ئۇنىڭ يۈرەك ئاجىزلىقى مۇنداق خىياللارغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ بۇ خىيالدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.

— دېمەك سەن پوق يېگەن ئىكەنسەن، — دېدى قەمىردىن،

ئۇ، ئەمدى ئىلگىرىكى تەمكىنلىكىنى يوقاتقان ئىدى، — پوق يېگەن ئاغزىڭنى يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ بىزنىڭ ئىسسىق قېنىمىز بىلەن چايقىماقچى بولۇۋېتىپسەن-دە!

— ئۇنداق دېسەڭ ماڭا ئۇۋال بولىدۇ، ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك ئىش قىلىسەن.

ئەمىسە نېمە گەپ بۇ؟

— جېنىم ئاكا، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا مېنى قاشاڭ پىچاقتا بوغۇزلايدىغانسەن، — جۇماق ئۆزىنى بىچارە قىياپەتكە ئېلىپ يىغلامسىرىدى، — مەن مۇسۇلمان بالىسى، ئىچكەن قەسەمگە مۇناپىقلىق قىلغان ئادەمنىڭ قىيامەتتە ئورنىدىن يۈزى يوق قوپىدىغانلىقىنى بىلىمەن. مەن گۇرۇھقا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ قاتناشقان، ھېۋىزكام خائىنلىق قىلمىغان بولسا... ھېۋىزكام سېنىمۇ، مېنىمۇ پاش قىلدى، ۋاقتىدا باش ئەگمىسەك ئىش چاتاق.

قەمىردىن يۈرىكىنىڭ قاتتىق ئىچىشىۋاتقانلىقىغا قارىماي، يەنە يەر ئاستى جازا مەيدانىدىكى مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. جۇماقنىڭ يىغلامسىرىغاندا ئاۋازىنى قىسىپ چىقىرىشى توك غالتىكى ئۈستىدىكى پاسىق سۆڭەكنىڭ ئىڭرىشىغا ئوخشايتتى.

— يەر ئاستىدا توكقا بېسىپ سوراق قىلغاندا، "ئالغا"دا گۇرۇھ بار دەپ بىرگە يالا چاپلاپ سۆزلىگەن سەنمۇ، — دېدى قەمىردىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — تۇخۇمغا تۈك ئۈندۈرۈش ئادىتىڭنى تېخىچىلا ئۆزەڭگە ھەمراھ قىلىپ يۈرۈپسەن-دە.

— جېنىم ئاكا، ھەممىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ، مېنى شۇ ئەھۋالغا قويغانمۇ ھېۋىزكام، ئېيتىپ قويدى-دە، قالغىنىنى ئۆزەم ئېيتمىسام ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

— ھەي مۇناپىق، ئاغزى كۆيمىسە دوزاخنى يۇتىدىغان مۇتتەھەم، قارا يۈز توھمەتخور، — قەمىردىن غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ، جۇماقنىڭ ئالدىدا توختىدى، سەن بۇ گەپنى نېمە غەرەز بىلەن ئېيتىۋاتىسەن؟ بىز ئوت بىلەن سۇغا ئوخشاش چىقىشالمايدىغانلاردىن، سەن بىلەن بۇنداق ئىشلاردا باش قوشالىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ ھوي بەزگەك، تىترىمەي جاۋاب بەر. كىمنىڭ ئەقلى بىلەن يەنە قانداق ئويۇن چىقارماقچى بولۇۋاتىسەن!

جۇماق لاسىدە سولتايدى، ئەمما قەمىردىن قەھر-غەزەپتىن خۇددى گۈلخاندەك يېنىپ كەتكەنىدى. ئۈستى-ئۈستىلەپ قىيناپ سوراق قىلىش، ئازابلاش ناھايىتى تەمكىن، ئېغىر-بېسىق بۇ رەھبەرنى ئاسان تېرىكىدىغان، ئەسەبىيلىشىدىغان، ئەسەبىيلەشكەندە ئۆزىنى باسالمايدىغان قىلىپ قويدى. جۇماقنىڭ بۇ قېتىمقى ئويۇندا يەنە باش رول ئالغانلىقى، پەنەركىنىڭ كەينىدە كارىۋات تېگىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاپپاراتنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئويۇن رېژىسسورلىرىنىڭ ھەممىنى تىڭشاپ تۇرغانلىقىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. غەزىپىگە ھاي بېرەلمەي كوپ قىلىپ كېكىردەكتىن بوغدى-دە، ئاستىغا باستى:

— ساڭا بۇ شۇمپەنلىكنى كىم ئۆگەتتى. قىلغان-ئەتكەنلىرىڭ ئازمىدى، يەنە قانداق بالا-قازاغا تىقماقچى-ھە؟! دەپ ۋارقىرىدى.

چىڭقى چۇش مەزگىلى ئىدى. گۇندىپايلار ئىشخانىسىدا بۇ ئىككى ئوتتۇرىدىكى سۆزلىشىشنى تىڭشاپ تۇرغۇچىلار ئۇپۇر-توپۇر بولۇشتى. ئۇلار قەمىردىننىڭ جۇماقنى قاتتىق ئۇرۇۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىشتى. ۋە نېمە قىلىشنى بىلمىگەندەك بىرپەس تېپچەكلەپ، ئاندىن ئىشخانىسىدىن چىقىپ نەزەربەند ئۆيىگە يۈگۈرۈشتى.

ئۇلار يوگوروشوپ كېلىشتى ـ دە، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قولىرىنى كېرىپ ئوڭدا ياتقان جۇماقنىڭ گەۋدىسىگە قاراپ بوسۇغىدا ھاڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. قەمەردىن ئۇنى مۇشت بىلەنلا ھالسىزلاندۇرغاندى. ئىككىنچى مۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھالسىزلاندى. ناھايىتى تەمبەل، قاۋۇل بۇ ئادەم مەھبۇسلۇق ھاياتىدا ئاجىزلاپ جىسمانىي قۇدرەتتىن مەھرۇم بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەن، شۇڭا كىچىككىنە ئېلىشقاندىن كېيىن جۇماقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ گېلىدىن بوغۇپ، يەنە بىر قولىنى بۇرنىنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈپ ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئاستى تەرەپتە جۇماقنىڭ بۇرۇنىدىن ئاققان قان لۆمۇلدەپ يېيىلىپ ياتاتتى...

## 2. يېڭى سۇيىقەست

جۇماقنىڭ "گورۇھ ئىچىدىن چىقىپ قېلىشى" "ئالغا"نى بىرمەزگىل زىلزىلىگە كەلتۈردى.

تەشۋىقات دۇيى ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ "پاش" قىلىشىدىن كېيىن، ئەھۋالنى ئىزاھلاش ئۈچۈن، مەخسۇس كادىرلار يىغىنى ئاچتى.

ــ بۇ مەسىلىنىڭ ھەيران قالارلىق يېرى يوق. سىنىپىي كۈرەش بىزنىڭ ئىرادىمىزغا باغلىق ئەمەس. يامان ئادەملەر بىزنىڭ يىلتىزدىمىزنى قىرقىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىكەن، ئارىمىزدىن گۇماشتا ئىزدەيدۇ، قورغاننى ئىچىدىن يىمىرىش ھەممىدىن ئاسان، ــ دېدى چوتكىباش جورېن يىغىندا قىلغان سۆزىدە.

ــ جۇماق ۋەقەسى بىزنى يېتەرلىك ساۋاقتا ئىگە قىلدى، ــ دېدى ۋاڭ دۇيجاڭ چوتكىباش جورېندىن كېيىن سۆز ئېلىپ، ــ

ئەمدى ھەرگىز قايمۇقۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. قىزىلبايراقنى كۆتۈرۈپ قىزىلبايراققا قارشى تۇرۇش سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى!

تۇرسۇن بوران گەپنى ماگىزىنغا ئوغرى چۈشۈش ۋەقەسىدىن باشلىدى. ئۇ، رەقىبىنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، سودا ئىدارىسى ئوڭچە قالغاندەك خۇشال بولۇپ تاپىتاقشىپ كەتكەندى. جۇماقىنىڭ جىنايەتلىرىنى تەھلىل قىلىشقا ئۆتكەندە، "ئۇزۇل-كېسىل تازىلاش"، "كۈرەش قىلىپ سېسىتىش"، "مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش" دېگەنگە ئوخشاش تولا چاينىلىپ تەمى قالمىغان يالتىراق جۈملىلەرنىڭ بىرىنى قويماي ئىشلەتتى.

كەچتە، چەكلىك كادىرلار بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا جۇماقىنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىمۇ كېڭەش بولدى ۋە ئۇنى ۋاقتىنچە مەخپىي تۇتۇش لازىم دەپ تەكىتلەشتى.

بىراق "ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك" دېگەن گەپ بار، بىسگىزنى قاپتا ساقلىغىلى بولمىغاندەك، جۇماقىنىڭ خوتۇنى رابىگۈل بىركۈنى بازاردىن كۆكتات ئېلىپ كېلىۋېتىپ مەخپىيەتلىكنىڭ تىنۋىشىنى سېزىپ قالدى.

رابىگۈل بەختلىك كۈنلىرىگە زاۋال يەتكەنلىكىنى جۇماق نەزەربەندگە ئېلىنىپ بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ قاتار چېپىدا ھېس قىلغان، ئۇ، لەنلەننى دېمىگەندە، چايغا بارمىغانمۇ بولاتتى. بارغان بىلەن ئىلگىرىكىدەك ئىچىلمىي، ئەكسىچە ئۆزىنى بۇ قاتارغا قىستىلىپ كىرىۋالغان ئارتۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلىپ تۇتۇلۇپ ئولتۇردى، ئۇ، چايغا ئادەتتىكىدەكلا كىيىنىپ بارغانىدى.

ئايال ساھىبخان، — خۇددى مېھمانلارغا ئوخشاش چىرايلىق

كيينئۋالغان ياش چوكان رابىگۈلدىكى سوغۇقچىلىقىنى كۆتۈرۈۋەت-
مەكچى بولۇپ:

— هوي خېنىم، مەن ئاتا-بوۋامىنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرات-
مىدىم. ئۆيۈمنى گۈلگە تولدۇرۇپ چاي ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.

بۇ باغدا پىشىپ قاپتۇ ئالما بىلەن ئۆرۈك،
بۈگۈن ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى خۇش،
سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن قاپىقىڭىز تۈرۈك.

دەپ چاقچاق قىلدى. ئاياللار قاتتىق كۈلۈشتى. رابىگۈل بېشى
يەنچىلگەن يىلاندەك ئاچچىق بىر تولغاندى. جۇماقىنىڭ بەختسىزلىكى
كۆڭلىگە مۇزدەك تېگىپ تۇرمىغان بولسا، ساھىبخانىنى بىيىت بىلەن
كۆمۈۋەتكەن، ئارقىدىن چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب بېرىپ
ھەممىنى ئۈچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈرگەن بولاتتى.

— چىرايلىق سىڭلىم، نېمىشقا ئۇنداق يېرىم كۆڭۈللۈك
قىلىسىز، — ياز چىقىقانلىقىغا قارىماي كالتە يەڭ ئۇزۇن كۆڭلەك
كىيگەن لەنلەن خېنىم قالغاچ سۈرەتلىك قەغەز يەلپۈگۈچ بىلەن
يۈزىنى يەلپۈپ، رابىگۈلنىڭ يېنىغا ئۆتتى، — مەن بۇ يەرگە
سىلەرنى دەپ كەلگەن، بۈگۈن ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ
بەرمەمسىز؟

— رابىگۈلنىڭ بۈگۈن ئۇسسۇل ئوينىغىدەك ھالى يوق، — دېدى
ئارىدىن بىرى.

— نېمىشقا؟

— جۇماق قاماققا چۈشۈپ قاپتۇ.

— ھىم، مۇنداق دەڭ، — لەنلەننىڭ مىنۇت ۋاقىت ئىلگىرىكى
ئوچۇق چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى، — بەتنىيەتىنىڭ خوتۇنىنى چايغا

نېمدەپ قىستۇرۇۋالدىڭلار، لېۋ خېڭجى ئۆيگە قايتمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپىماپتىمەنكەن ـ دە...

ــ لەنلەن جېنىم ھەدە، ھەرگىز ئىشەنمەڭ. مېنىڭ ئېرىم ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس، بۇ يەردە چوڭ سۇيىقەست بار، بۇ تۇرسۇن بوراننىڭ ئويۇنى.

رابىگۈل كوچىدا، بازاردىن نەرسە-كېرەك ئېلىپ ئۆيگە كېتىۋېتىپ، بولغان ئىشلار جېنىغا تەگكەنلىكتىن، ئۆزىچە ئۇنلۇك سۆزلەپ ماڭدى.

ــ ۋۇي رابىگۈلدە، كۆزىڭىزگە قاراپ مېڭىڭ، مەن تۇرسۇن بوران ئەمەس، كېرىمجان تېخنىك، كوچىدا نېمە دەپ تۇرسۇن بوراننى ئېغىزغا ئېلىپ، ئالىجوقا سۆزلەپ يۈرىسىز، ماڭا ئۇسمىگەن ئەمدى سىز قالغانمىدىڭىز!

رابىگۈل ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ خىيال بىلەن بولۇپ كوچىدا قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان كېرىمجان تېخنىكقا دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلدى.

ۋىيەي، كېرىمجانمۇسەن، خېلىدىن بېرى بىر كۆرۈشۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرەتتىم، بۈگۈن بىزنى خىزىر ئۇچراشتۇردى. ئالدى بىلەن بىر گەپنى سوراۋالاي، ھېلى مېنىڭ ئاغزىمدىن تۇرسۇن بوراننىڭ ئېتى چىقتىمۇ؟

ــ مەن سىزگە يالغان ئېيتىمەنمۇ؟ ئۆزەمنىڭ دەردى يېتىپ ئاشىدۇ، تۇرسۇن بورانغا پىكىرىڭىز بولسا، تەشكىلگە كىرىپ ئېيتىڭ، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتۋال دېگەندەك، كوچىدا مېنىڭ ئالدىمدا نېمىشقا "بۇ يەردە چوڭ سۇيىقەست بار، بۇ تۇرسۇن بوراننىڭ ئويۇنى" دەپ يۈرىسىز؟

رابىگۈل كېرىمجان تېخىنكىغا قاراپ سوغۇققىنا ئىلجاراپ كۆلدى-دە، ئۆز خىيالى بىلەن بەند بولۇپ بىرپەس شۈك تۇرۇپ قالدى. جۇماق بىلەن تەقدىرداش بۇ خوتۇننىڭ خېلىدىن بېرى باشقا-باشقا تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىماي، جۇماقنىڭ "خىزمەت كۆرسىتىپ" نەزەربەندتىن قۇتۇلۇپ كېتىش خىيالىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ، بۇ ھەقتە جۇماقتىن چاندۇرماي ماتېرىيال توپلاش ھەققىدە يوليورۇق ئالغانىدى، جۇماقنى يوقلاپ تاماق ئاپارغاندا، ئۆيدە چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ يىققان پىتنە-پاساتلىرىدىن ماتېرىيال يېزىپ خۇپىيانە تاپشۇرغان چاغلىرىمۇ بولدى.

ئەر-خوتۇن "ئالغا"لىقلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىپ يېڭى بىر سۈيىقەستكە قەسەم ئىچىشكەنىدى. كېرىمجان تېخىنىك تەشۋىقات دۆيىنىڭ نەزىرىدە يات ئادەم. ئەسلەش-سېلىشتۇرۇش يىغىنىدا كېپەك ئۇمىچى ئىچىشكە قارشى تۇرغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، قەمىردىن بىلەن بىر جاڭگالنىڭ بۆرىسى بولۇپ چىقىشچۇ...

تۇرسۇن بوراننى تىللىغان بولسام، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭدىكى گەپنى قىلىپتىمەن، — دېدى رابىگۈل يۇقىرىقىلارنى خىيالىدىن ئۆت-كۈزگەندىن كېيىن گەپنى مەقسەتكە توغرىلاپ.

— مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپ بولسا، مەغپىرەتكە پوخۇرلۇق قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىسىڭىز كېرەك.

— ھەببەللى، سەنمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ ئېيتتىڭ، — رابىگۈل ئاپتاپتەك لاپ قىلىپ ئېچىلدى، — سېنى يولۇقتۇرسام، مۇشۇ گەپنى ئېيتماقچى ئىدىم. پەمىمچە، تۇرسۇن بوران ساق قويمىدى، يامان پاسكىنا زىناخور بۇ، ساڭا جېنىم ئېچىشىدۇ، بوز يىگىت تۇرۇپ مەغپىرەتنى قانداقمۇ نىكاھىڭغا ئالارسەن؟

— شۇنداق، تۇرسۇن بورانىڭ مەغىرەتكە قېرى خورازدەك قانات سۆردىشى مېنىڭمۇ سەپرايىمغا تېگدۇ.

— جۇماخۇنكاڭ بار ۋاقتىدا ئېھتىيات قىلاتتى، كىشى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئىش ئەمەسكەن، ھازىر ئۆزىنىڭلا قىلىۋالىدىمىكىن دەيمەن.

رابىگۈلنىڭ غەرەزلىك ئېچىنىشى تەسىر كۆرسەتتى ئېھتىمالىم، كېرىمجان راستىنلا شۇنداق ئىش يۈز بەرگەندەك ئىختىيارسىز تولغىنىپ غەزەپ بىلەن:

— ھەدە، بولدى، يۈرەكنى ئەزمىسىڭىزا، تۇرسۇن بوران تەشۋىقات دۈيى مېنىڭ ئارقا تىرىكىم دەپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ، "سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ". بېشىم ئامان بولسا، تۇرسۇن بوران دېگەن بۇزۇققا بىر تېپتىيمەن.

كېرىمجان ئىندەككە كەلدى دەپ ئويلىدى ئېھتىمالىم، رابىگۈلنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— بارىكاللا، مانا ئەمدى ئەقلىڭگە كەلدىڭ، — ئۇ، گەپنى غاچچىدە ئەسلى مۇددىئاغا بۇرىدى، — توغرىسى تەشۋىقات دۈيىگە، تەشۋىقات دۈيىدىكى ئەبلەخلەرگە تېتىش كېرەك. ئۇكام ئويلاپ قارا، بۇ ئالەمگە بىز شۇنداق ئەبلەخلەرنى باققىلى تۆرەلگەنمۇ، باشقىنى قويۇپ ليۇ جۈرېننىڭ خوتۇنى لەنلەننى ئالايلى، زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ تاپقىنىمىزنى جوزىغا تىزىپ قاتار چاي ئويناۋاتىمىز، ئۆزەمنى ئالسام، تاپقىنىمنى گېلىگە نىقتاپ تۇردۇم، قايسى كۈنى خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدا جۇماخۇنكاڭ توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپ شۇنداق سەت ئۆڭمەسمۇ، ئەنە شۇنى خىيال قىلىپ كوچىدا ساڭا ئۇچراشقىنىمنى سەزمەپتىمەن. تۇۋا،

ئاجايىپ تايىپە، ھەرقانچە قىلساڭمۇ، ھازىرلا يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلارغا ئېتىمىغىچە، تۇرسۇن بوراندەكلەرگە ئېتىغلىق بولمايدۇ.

— رابىگۈلدە، بىز ھازىر كوچىدا، — كېرىمجان ئېخىنىڭ خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى، — ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسىز؟!

— توغرا، قېنىم قىزىپ قالسا كېرەك، بىخەستەلىك قىلىپتىمەن، ئەمما ئەقلىم-ھوشۇم جايىدا، ھەقىقەتنى، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتىۋاتىمەن، — رابىگۈل ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن كۆزىنىڭ ياختىسىنى چىقىرىپ تۆت ئەتراپنى كۆزەتتى. كېرىمجان ئېخىنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ تارتتى، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ توختىغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا داۋام قىلىپ دېدى، — سىلەر ھازىر بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈۋاتىسىلەر، باشلىقىمىز قەمبەردىننى تۇتۇپ كەتتى. دەپ قورقۇپ كەتتىڭلارمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، قەمبەردىننىڭمۇ، جۇماخۇنىكاڭنىڭمۇ بىسى قايرىلغىنى يوق. ئۇلار يېقىندا نەزەربەند ئۆيىدىن سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىدۇ.

— مەن سىزنى ئايىنىپ قالدىمىكىن دەيمەن، بۇ ئەپسانىنى نەدىن ئويلاپ تېپىۋاتىسىز؟

— بولدى ئۇكا، ئۆزەڭنى مېنىڭدىن يوشۇرۇپ ئاۋارە بولما، بىز ئائىلە بويىچە سىلەر بىلەن بىر ئېقىمدىكى ئادەم، — دېدى رابىگۈل شۇنداق بىر ئىش باردەك ئىشەنچلىك سۆزلەپ، — بىزنىڭ باشلىقىمىز قەمبەردىن، مېنى ئايال كۆرۈپ سەل ئىشەنمىگەندەك قىلغاندا، ئاشپەزلىكىڭلارغا يارايمەن، دەپ قەسەم ئىچىپ كىرگەن. خوتۇن كىشى بولسامۇ لەۋزىمدە چىڭ تۇرۇپ، نەزەربەند ئۆيىگە كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تاماق توشۇپ، گۇرۇھىمىزدىكىلەرنى بېقىپ

كېلىۋاتىمەن. ئىلگىرى جۇماخۇنكاڭ ھېۋىز كۆزەتچى بىلەن بىر ئۆيدە ئىدى. ھازىر قەمىردىن بىلەن بىللە تۇرىدۇ، مەن يولىيورۇقنى قەمىردىندىن بىۋاسىتە ئېلىپ سىرتتىكىلەرگە يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتىمەن. قەمىردىننىڭ قارىشى ئېنىق، مەيدانى مۇستەھكەم، ئۇ، بىرنەچچە قېتىم: قورقماڭلار. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم زور ئويغىتىش رولىنى ئوينىدى، بىز جەزمەن غەلىبە قىلىمىز، يەنە بىر جەھەتتىن خەلقئارا شەرت-شارائىت، بىز قىرىقىنچى يىللاردا گومىنداڭنى ئاغدۇرغان چاغدىكىگە ئوخشايدۇ، سىرتتىكىلەر ئىلگىرىكى پىلان بويىچە جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ تۇرسۇن دېدى، مەن بۇ گەپلەرنى باشقىسىغا يەتكۈزدۈم، پەقەت سېنىلا ئۇچراتالماي يۈرەتتىم، نېمە، كۆزۈڭ چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دىدىغۇ، ئىشەنمەيۋاتامسەنا؟ — رابىگۈل گەپ بىلەن بولۇپ ياغلىقىنىڭ بېشىدىن چۇشۇپ بوينىغىلا ئىلىنىپ تۇرغانلىقىنى سەزمىگەنىدى، قايتىدىن تاڭغاندىن كېيىن، كېرىمجان تېخنىكىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ قويۇپ، داۋام قىلىپ دېدى، — قەمىردىن ھازىر نەزەربەندتە، مىختەك قادىلىپ كۆزىتىپ تۇرىدۇ، قانداق گەپلىشەلەيسەن، ھەممىسى يالغان دەپ ئويلىشىڭ مۇمكىن. توغرا، ئىلگىرى ئالاقىلىشىش قىيىن ئىدى. ھەر قېتىم تاماق ئاپارسام گۇندىپايلا كىرىش-چىقىشتا يېنىپ-يېنىپ ئاختۇراتتى. كېيىن ئاسان بىر يول تاپتىم. تاماق سۇنغان بولۇپ قولىدىن خەتنى شارتتىدە ئالىمەن-دە، لىپەكنى كۆتۈرۈپ ئىشتاننىڭ ئىچىگە سېلىۋالىمەن. ئىشتاننىڭ ئىچىگە قول سېلىپ ئاختۇرارمىكىن دەپ غەم قىلمايمەن. مەن بۇ ئىشنى ئۇلۇغۋار ئىستەك، ئالىي مەقسەت يولدا قىلىمەن. جۇماخۇنكاڭ ھەمىشە ماڭا: ئادەم كۆڭلىگە ئۇلۇغ مەقسەت

پۈككەنىكەن، ئار-نومۇسنى يوقىتىپ قويۇشىدىن قايغۇرماسلىقى كېرەك. مەقسەت ئەمەلگە ئاشسا ئار-نومۇس بىللە كېلىدۇ، دەيدىغان. ئەمما قانسىراپ تۇرغان جاللاتمۇ بىر باشتىن ئاختۇرۇپ قولى لىپەكتىن تۆۋەن چۈشۈش بىلەنلا ھودۇقۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىكەن. بەزىدە شولگىينى ئېقىتىپ يانپىشىمنى سىلايدۇ. "ئاختۇرۇش" كاللىسىدا نېمە ئىش قىلسۇن، مەن ئۆزەمدە شۇ قەدەر غالىپ كۈچ بارلىقنى بىلمەيدىكەنمەن...

كېرىمجان تېخنىك بىلەن مەغپىرەت مۇھەببەتتە ئورتاق تىل تاپقان بىلەن، نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئەھۋال توغرىسىدا باشقا-باشقا قاراشتا ئىدى. ئۇ، "يامان ئادەم دېھقانچىلىق مەيدانىنى قاپلاپ كەتتى" دېگەنگە قوشۇلمايتتى. رابىگۈلنىڭ باياتىن بېرىقى جوراشلىرى ئەسلىدىكى قارىشىغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن بولسا كېرەك، رابىگۈلنىڭ گەپلىرىنى دەرھال تەشۋىقات دۇيىگە ئىنكاس قىلدىغانلىقنى ئېيتتى.

— ھەي مۇناپىق، مىللىي خائىن، — رابىگۈل بىردىنلا پەيلىنى ئۆزگەرتىپ، قاتتىق تەگكىلى تۇردى، — ئۆزەڭنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭنى ئاز دەپ، بىزنىڭ سەپداشلىرىمىزنىڭ قېنىنى تۆكمەكچىمۇسەن!

— قورۇق بىلجىرلىما، بۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

— ھازىرقى ئەھۋالدا پايدىسىز بولسىمۇ مەن ساڭا بىر ئىشنى ئەسلىتىپ قوياي، — دېدى رابىگۈل كېرىمجان تېخنىكنىڭ كۆزىگە قادىلىپ، — يېقىندا دەريا بويىدىكى توقايلىقتا بىر مىللىي مۇناپىققا يوشۇرۇن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ، يوق؟ ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش يۈزسىزلىك قىلغانىدى. يولداشلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئالداپ ئېلىپ چىقىپ، دەريا بويىدا ئاتتۇق.

خالىساڭ بۇنىمۇ ئىنكاس قىل، ئەمما ئاقىۋىتىنى ئويلا. ھەرقانداق شارائىتتا سېنى باپلىيالايمىز، بىزدە ھازىر يوشۇرۇن گۇرۇھلا ئەمەس، يوشۇرۇن سوتمۇ بار!

كېرىمجان تېخىنىڭ گاڭگىراپ قالدى، ئۇ بۇنداق گەپلەرنى سۆيگىنى مەغپىرەتتىن ئاڭلىغان، رابىگۈل بولسا ياخشىلىقچىمۇ، يامانلىقچىمۇ ئىشەنچلىك گەپ قىلىپ، ساددا قەلبىدە گۇمان پەيدا قىلدى.

كېرىمجاننى ئىككىلەندۈرۈپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى غەلىبە قىلغان ئادەمگە ئوخشاش، رابىگۈلنىڭ يۈزلىرى تەبەسسۇمدىن يورۇپ كەتتى.

ئەمما شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ ئېرى جۇماق نەزەربەند ئۆيىدە ئىككى پۈكلىنىپ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ غەم يۇتۇپ ئولتۇراتتى.

قەمىردىن بىلەن تاسادىپىي تۇتۇشۇپ قالغاندىن كېيىن جۇماق: مەن تېخى ياش، ئۆلۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەيمەن، باشقا ئۆيگە يۆتكەپ قويساڭلار، جىنايىتىمنى خىزمەت كۆرسىتىپ يۇيىمەن دەپ يېغلاپ تۇرۇۋالغاندى. تەشۋىقات دۆيى ئۇنىڭ تەلىۋىنى ماقۇل كۆردى، بىر-ئىككى كۈن ئۆتۈپ (كېچىككىنە ئوڭشالغاندىن كېيىن) خەلق ئەسكىرى قوراللىق يالاپ ۋاڭ دۆيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقتى.

ئىشخانىدا ۋاڭ دۆيجاڭ بىلەن چوتكىباش جۇرېن گۈللۈك داستىخان سېلىنغان جوزىدا ماجاڭ ئويناپ ئولتۇراتتى.

— جۇماق ياخشى ئويلاپ كۆر، تەشۋىقات دۆيى سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى، — دېدى ۋاڭ دۆيجاڭ داستىخان ئۇستىگە ماجاڭنى تىزىپ تۇرۇپ، — "جىنايىتىمنى خىزمەت كۆرسىتىپ يۇيىمەن" دېگەن

ۋەدەڭدە تۇرامسەن، يوق؟

دۆيجاڭنىڭ تەلەپپۇزىدىكى "يىللىقلىق"نى سېزىپ، جۇماقنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— مەن ئۇلار بىلەن بىر كىچىككە كىرىپ قالغانلىقىمدىن سەسەكەندىم، ئۇيلىغىنىڭلاردىن ئارتۇق خىزمەت قىلاي.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دۆيجاڭ چوتكىباش جۇرىنىنىڭ ماجاڭ ئۇرۇقىدىن بىرنى ئېلىپ جوزىغا قويۇشنى كۆزەتكەچ داۋام قىلىپ دېدى، — سەن قىزىل ھاكىمىيەتكە تېگىشلىك ھەسسە قوشقان ئادەم، بىز تېخى سەندىن پۈتۈنلەي قول ئۈزمىدۇق، بىز تەرەپكە تېز قايتىپ كېلىشنى ئۈمىد قىلىشىڭ كېرەك.

ھازىر شۇ مىنۇتتا جۇماقنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغان نەرسە قانداق قىلىپ "تېز قايتىپ كېلىش" توغرىسىدىكى خىيال ئىدى.

نەزەربەندكە ئېلىنغاندىن كېيىن سوراق قىلىش، قىيناش، ئۇرۇش جۇماققا تەسىر كۆرسەتكەن. توكقا باسقاندا، جۆيلۈپ دېمىگەن گېپى قالمىغان، لېكىن ھېچقايسىسى ۋاڭ دۆيجاڭ ئېيتقان "تېز قايتىپ كېلىش" توغرىسىدىكى پەند-نەسىھەتتەك كۆڭلىنى ئېرىتمىگەنىدى.

تېز قايتقاندا، ئۇ ھازىرقىدەك ئازار يېمەيدۇ، سودا ئىدارىسىگە داۋاملىق باشلىق بولۇپ قېلىشمۇ مۇمكىن. ئۇ، بۇ ئەمەلنى ئاز چاپا، ئاز ھىيلە بىلەن قولغا كىرگۈزگەن ئەمەس، باشلىقلىق ئورنى ئۆزگەرمىسىلا تۇرسۇن بورانىنىڭ ئالدىدا سارغىيىپ قالمايدۇ. ئۇھ، نېمىدېگەن "ياخشى قايتىش"-ھە!

جۇماق ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

شۇ ئەسنادا ئىشىك تۇۋىدىلا گۈدۈڭشىغان ئاۋاز چىقتى. جۇماق چۆچۈپ كەتتى، غاچ قىلىپ ئىشىك ئېچىلغاندا تەمتىرەپ، تېزىغا

قويۇپ يېزىۋاتقان خەتنى ئالدىراپ يېڭىنىڭ ئىچىگە يوشۇردى.

ئۆيگە چۈشلۈك ئېلىپ رابىگۈل كىرىپ كەلگەنىدى. بىر چاڭگا ئاچقۇچ كۆتۈرگەن گۈندىپاي ئىز بېسىپ كىرىپ ئەر-خوتۇننىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ بوسۇغىدا قاراپ تۇراتتى. جۇماقىنىڭ يېڭىلا ئورنىغا چۈشكەن يۈرىگى يەنە ئويناپ كەتتى. يەڭنىڭ ئىچىدىكى خەتنى قانداق قىلىپ چاندۇرماي رابىگۈلنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈۋېتىش كېرەك؟

بۇ ئىشتا رابىگۈل ئۈستۈن كەلدى. بىرنەچچە قېتىم خەت ئالماشتۇرۇپ پىشىپ كەتكەن ئايال قاچىنى ئاستىدىن تۇتۇپ جۇماقىنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى-دە، خەتنى ئالغاندىن كېيىن، بىرنېمىنى ئىزدىگەن بولۇپ ئېگىشىپ ئىشتاننىڭ ئىچىگە سېلىۋالدى.

رابىگۈل ئۆيگە كېلىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېلىپ قويۇپ، خەتنى پۇچقاق تەرەپتىن چىقىرىپ، ھاياجان ئىچىدە ئوقۇشقا كىرىشتى:

— رابىگۈل!

بۈگۈن كەچ تاماق ئەكىلمەن دەپ ئۆزەڭنى ئاۋارە قىلما، مۇھىم بىر ۋەزىپە تاپشۇردىمەن. بۈگۈن ئاخشام بىر ئۇخلاپ قوپۇپ (سىرتتا چىراغ تولۇق ئۆچكەن بولۇشى كېرەك) ماشىنىدا ئاق بايراق تىكىپ، بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سەل يۇقىرىراق يېرىگە زەڭگەر مولىندىن ئوغاق شەكلىدە يېرىم ئاي ۋە يۇلتۇز كەچتىلەنسۇن. ئاندىن ئۇنى سۇلياۋغا ئوراپ، قەغەز كورۇپكىچىلىك بىرنېمىگە سېلىپ ھويلىدىكى قېرى نەشپۈت دەرىخىنىڭ تۈۋىگە بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆمسەن، ۋەزىپىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە چاندۇرماي ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇپ ئورۇنلىشىڭ كېرەك.

بەشىنچى كۈنى، ئەتىگەن تەرەپتە تەشۋىقات دۈيىدىكىلەر

قەمىردىننى ئالدىغا سېلىپ، نەشپۈت دەرىخىنىڭ تۈۋىنى ئۈنىڭ ئۆزىگە كولاتتى. ئۇلارغا بىر-ئىككى قوراللىق ساقچى ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. بايراقنى توپىدىن چىقىرىپلا ئالدىغا يايدى، قەمىردىن ئەمدى باش چايقاپ بولمايدىغان پاكىتقا دۇچ كەلگەنىدى. ساقچىلار پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىپ، چىرقىراپ ماڭىدىغان كىچىك ماشىنا بىلەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىگە ئېلىپ كەتتى.

## 3. ئېھ، گۈزەل ياشلىق!

زىيالى قىز مەغپىرەتنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، "ئالغا"لىقلار "ئېھ، گۈزەل ياشلىق!" دەپ يېرىم-ياتا كۈلۈشۈپ قوياتتى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدۇ؟ بۇ، مەغپىرەتنىڭ گۈزەل ياشلىقى مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئېچىنغانلىقمۇ؟

گەپنى مەغپىرەتنىڭ ئۆزىدىن باشلايلى.

"يامان ئادەملەر"نى تازىلاش باشلانغاندىن بۇيان، مەغپىرەت يىغىنلاردا ھامان مۇنۇ گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولدى: مەن "ئىككىدىن يۈز ئۆرۈش"ۋە "ئىككىگە قايتىپ كېلىش" جەريانىنى باشتىن كەچۈردۈم. بىرىنچى، ھېچقانداق كۆزەتچى بىلەن ئورناتقان ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋىتىمدىن يۈز ئۆرۈپ، دېھقانچىلىق مەيدانىمىزدا تۇرسۇن مۇدىر ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنقىلابىي لۇشيەنگە قايتىپ كەلدىم؛ ئىككىنچى، ئەيش-ئىشرەتنى ئاساس قىلىدىغان شيۇجىيەنجۇيىلىق مۇھەببەت قارىشىدىن يۈز ئۆرۈپ، پرولېتارىياتچە مۇھەببەت قارىشىغا قايتىپ كەلدىم.

مەغپىرەت ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشقاندا، كىچىككىنە بىر قىز ئىدى. بىر-ئىككى يىل ئۆتۈپ، بويى لەڭگىدە كۆتۈرۈلگەندە، مەيدان ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىگە كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇشى ھەممىدىن بۇرۇن دىلئارام چوڭنامىنىڭ ئىچىنى ئېگىردەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

بۇ قىزنى نېمىدىن رەنجىتكەن بولغىدۇق، خويمۇ ئىچىكىشىپ قاپتىكەنمەن، — دەيتتى دىلئارام چوڭنام ئاچچىق تولغىنىپ، — "بېقىۋالمىغىچە كالا بولماس، تۇغۇۋالمىغىچە بالا" دەپ ئىلگىرىكىلەر تېپىپ ئېيتقانىكەن-دە.

مەغپىرەتنى كۆچۈرۈپ كېتىش تۇرسۇن بورانىنىڭ ئويۇنى بولسىمۇ، ھېۋىز كۆزەتچى بۇ توغرىدا سەزگەنلىرىنى ئايالىغا چاندۇرماسلىققا تىرىشتى.

— بولدى، كۆڭلىڭنى بۇزما خوتۇن، بايىنىڭ قورۇسىدىكى كۈنلىرىمىزگە قارىغاندا مىڭ قېتىم شۈكۈر قىلساق بولىدۇ، غېرىب-سىناڭ قوشنىلارنىڭ باللىرىنى ئەمەك قىلارسەن.

مەغپىرەت كۆچۈپ كېتىدىغان كۈنى ھېۋىز كۆزەتچى مەغپىرەتنىڭ شەكلىسىنى يۈدۈپ ئىنقىلابىي كومىتېت بىناسىغا ئاپىرىپ بەردى.

— قىزىم، ئىككى يىل بىر قازاننىڭ تۈزىنى يېدۇق، نېمە بولدى، نېمىگە كۆچۈپ كېتىسىز؟ كۆڭلىڭىزدىكى گەپنى دەۋېتىپ كېتىڭا، — دېدى كۆزەتچى خۇپسەنلىك بىلەن قىزنىڭ ئالدىدا دۇڭقاسلاپ كېتىۋېتىپ، — قولۇم-قوشنىلار قارىغۇجاڭ كۆرۈنمەيدىغۇ، نەگە كەتتى؟ دېسە، قارىغۇجا دەپ باقسام، بۆدۈنە چىقىپ قالدى، بۆدۈنىنىڭ ئۆيى يوق، "ۋېتۋالداق-ۋېتۋالداق" دەپ خالىغان يېرىگە كېتىۋېرىدۇ، دەپ ئېيتايمۇ، ياكى قىز بالا ئەمەسمۇ، بۇرۇنغا

جىگدە پۇراپ قالسا كېرەك، بەلكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەندۇ، بولدى، مېنى خىجالەت قىلماڭلار دەيمۇ؟ نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ بىرنېمە دېسەڭىزا قىزىم.

مەغپىرەت بۇ ئائىلىدىن ئۇرۇشۇپ چىققاندەك، قاش-قاپاقلىرىنى سۈزۈپ كېتىۋاتاتتى، "بۇرنىغا جىگدە پۇراپ قالسا كېرەك" دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ پەسكەندە كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋالدى.

— جىگدە پۇراشقا تېخى بالدۇر، — دېدى قىز ئۆزىنى سالماق تۇتۇشقا تىرىشىپ، — جىگدە پۇرىغۇدەك ۋاقتىمۇ يوق، قولۇم-قوشنىلار سورىسا، ئىنقىلاپ قىلغىلى كەتتى، دەڭلار، — دېدى.

بىراق چوڭ بولۇپ قالغان قىزغا جىگدە پۇرىماي ئۇتۇش قىيىن. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ "ئالغا"غا تەقسىم قىلىنغان كېرىمجان تېخىنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ جىگدە پۇرىماي ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى.

مەغپىرەت ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىدا ئادەتتىكى خادىم سۈپىتىدە كادىرلار ئىشىغا ياردەملىشەتتى. ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاشخانىغا تونۇشتۇرۇش، ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن خوجىلىق بۆلۈمى بىلەن سۆزلىشىپ داس-چېلەك ھەل قىلىپ بېرىش جەريانىدا كېرىمجان بىلەن تونۇشتى، مۇڭ-داشتى. كېرىمجاننىڭ ئاگرونوملۇقنى كەسىپ قىلغانلىقى، بەلكى غايىسى، ئىرادىسى، ياشلىقى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان قىزغا تەسىر كۆرسەتتى. بىر چاغلاردا مەغپىرەتمۇ ئەنە شۇنداق ئارزۇ-ھەۋەستە بولغان، جۇشقۇن ھېسسىياتلار ئىچىدە گۈلخان بولۇپ يانغان. دادىسى ئېشەك ھارۋىسىدا كىراكەشلىك قىلىدىغان، شەھەر كەمبەغەلنىڭ قىزىغا ئۇ چاغدا ئوقۇشنى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى

يىللىقى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش يىرگىنىشلىك ئىش ھېسابلىناتتى.

ئەمما ئۇنىڭ ياشلىقى ھازىر ئەنە شۇنداق يىرگىنىشلىك ئىچىدە ئۆتمەكتە.

قىزدىكى ئۆزگىرىش كېرىمجاننىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ مەغپىرەتنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇچراشقاندا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقى، ھودۇقۇۋاتقانلىقى، يۈزلىرى لاپىدە ئوت ئېلىپ، ئاۋازىنىڭ تىترەپ دولقۇنلىنىپ چىقىۋاتقانلىقىنى سەزدى. كېرىمجان بىلەن مەغپىرەت ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىقمۇ، كېلىشەلمەسلىكمۇ بار ئىدى. ئورتاقلىق بىر-ئىككى قېتىملىق سۆھبەت بىلەنلا قىزنىڭ قەلبىدە يانغان ياشلىق ھەۋىسى؛ كېلىشەلمەسلىك قىزدىكى سولچىللىق خاھىشى ئىدى.

كېرىمجان ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، بىركۈنى سۆھبەتكە مەھلىيا قىلىپ قىزنى دەريا بويىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ سايىسىغا ئېلىپ كەلدى ۋە يوپۇرماقتەك دىرىلداپ تۇرغان ۋاقتىنى پەملەپ تۇرۇپ "چوك" قىلىپ يۈزىگە سۆيۈۋالدى.

— ۋىيەي نېمە قىلىق بۇ، سەت ئەمەسمۇ؟

— بەگباشلىق قىلىپ قويدۇم، كەچۈرۈڭ، ئۆزەمنىڭ ئىختىيارى ئەمەس.

— ئەسكى!

قىز ھاياجاندىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى، ئىزا-تارتتى ئېھتىمالىم، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى قولى بىلەن توسۇپ، كېرىمجانغا تاشلىنىپ كۆكسىگە يۈزىنى يېقىپ تۇرۇۋالدى، بىرپەستە قولىنى كۆينەكنىڭ ئىچىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كېرىمجاننىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ سىلاشقا باشلىدى.

ــ شۇنداق مەغپىرەت، مۇھەببەت ئاجايىپ تاتلىق، شېرىن
نەرسە، ــ دېدى كېرىمجان ئۆزىگە سالجىدەك چاپلىشۋالغان قىزنىڭ
دولىسىدىن تۇمشۇقىنى چىقىرىپ تۇرۇپ، ــ سىز ئىلگىرى ياشلىقىمنى
سېرىق چاپان، كۆك ئىشتان ئىچىدە خاتىرجەم ئۆتكۈزىمەن دەپ
خاتا مۆلچەر قىلدىڭىز، تاتلىق دېسەم، پەقەت مۇشۇلىمىكىن دەپ
قالماڭ، ــ ئۇ قىزنىڭ بېشىنى قايرىپ لېۋىگە بىرنى سۆيدى ـ دە
كالپۇكىنى تامشىپ تۇرۇپ دېدى، ــ ”ئىنقىلاب“تىن باشقا بۇ دۇنـ
يادا يەنە نۇرغۇن ئېسىل ئىشلار بار جۇمۇڭ!

ئىككى ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنى بايقاپ، تۇرسۇن بوران ھەسەتـ
خورلۇق بىلەن تولغىنىپ يۈرەتتى. مەغپىرەت دەريا بويىدىن كېرىمـ
جان بىلەن بىللە قايتقان كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى قىزنىڭ ياتىقىغا
بۆسۈپ كىردى ۋە تېرىكتى:

ــ سىز كېرىمجان تېخنىكنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەمـ
سىز؟ ــ دېدى ئۇ ھەسەتخورلۇقىنى ئىنقىلابىي ئىشلارغا نىقاپلاپ، ــ
بۇغداي، قوناق مەستانىسى، ئاق مۇتەخەسسىسلىك يولىنى تاللىۋالغان
سېسىق كاللىغا نېمانچە مەستانە بولۇپ كەتتىڭىز؟ ئوتتۇرىڭلاردا
نېمە گەپ بار، ئىنقىلاب قىلامسىز، يوق؟

ــ ۋىيەي ما ئادەم، نېمانچە ئۆكىمدىغاندۇ، ــ مەغپىرەت ئېتىراز
قىلدى، ــ كېرىمجان تېخنىك ماڭا ئوخشاش قىزىل بايراق ئاستىدا
چوڭ بولغان، ئائىلە كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل ئىكەن، ”توخۇ
داڭگال چۇشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال“، ئاگرونوم بولغانلىقى ئۈچۈن
بۇغداي، قوناقنىڭ گېپىنى قىلىدۇ ـ دە، بۇ يەرنىڭ تۇپراق شارا-
ئىتى، ئۇغۇت مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۈلگۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان، غەيرەت قىلغاندا

بىرلىك مەھسۇلاتنى بىر ھەسسە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ يۈرىدۇ. "ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام"، ئاش-نان يېمەي ئىنقىلاب قىلغىلى بولامدۇ، قېنى ئېيتقا، كاللىسىنىڭ قەيېرى سېسىق ئىكەن.

بۇ، مەغپىرەتنىڭ كېرىمجاننى پەقەت ئۆز كەسپىنىڭ ئاشىقى دەپ بىلىدىغان چاغدىكى قارىشى، گەپ-سۆزى ئىدى. كېرىمجان ئەسلەش-سېلىشتۇرۇش يىغىنىدا تەشۋىقات دۇيىگە قارشى چىققاندا، ئۇنىڭ يەنە ئۆزگىچە سىياسىي قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، تۇرسۇن بورانغا ئېيتقان گەپلىرىنى خىيالىغا كەلتۈردى-دە، گويا بېشىغا توقماق تەگكەندەك ئۇجۇقۇپ كەتتى. مەغپىرەت يىغىندىن خاتىرە يېزىشقا مەسئۇل ئىدى. كېرىمجاننىڭ قارشىلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، قەغەز-قەلىمىنى جوزىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى-دە، يىغىننىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتمەيلا ياتىقىغا قايتىپ چىقتى. كارىۋاتنىڭ بېشىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ پىغانى ئۆرلەپ يىغلىۋەتتى.

كەچ تەرەپتە ياتاققا كېرىمجان تېخنىك كىرىپ كەلدى. ئۇ، چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغان بولۇپ، شۇ كۈنى مۇنازىرىدىن ئىچى پۇشقانلىقىنىمۇ دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كىرگەنىدى، مەغپىرەتنىڭ قىزارغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ، ئىتتىك يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— كۆزلىرىڭىز ياشقۇ، نېمە بولدىڭىز جېنىم، — قىزنىڭ روھىي ھالىتىدىن بىخەۋەر يىگىت سەيلىگە چىققاندەك ئويناپ دولىسىغا قول سالدى، — دۇرۇس، كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى بولدى، مۇنۇ بىرنېمىلەر (تەشۋىقات دۇيىنى دېمەكچى) يىغىننى تولا ئېچىپ... سىزنى زېرىكتۈرۈۋېتىپتۇ-دە...

— بولدى، ماڭا يېقىن كەلمەڭ، قولىڭىزنى نېرى ئاپىرىڭ، —

مەغپىرەت ئورنىدىن قوزغىلىپ دومسىيىپ ئولتۇردى.

قىز - يىگىت ياتاقتا ھازىرقىدەك يالغۇز ئۇچراشقاندا، ناھايىتى ئوچۇق - يورۇق گەپلىشەتتى، چېقىشاتتى، ئوينىشاتتى، كۈتمىگەن بۇ سوغۇقچىلىق كېرىمجاننى گاڭگىرىتىپ قويدى.

— ھېچ چۈشەنمىدىم، سىزگە نېمە بولدى مەغپىرەت، ئالا كۆڭۈللىرىڭىز كېلىپ قاپتۇغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دولامغا قول سالماي تۇرۇپ قىلىق قىلىڭ، ھازىر ئىنقىلاب ۋاقتى، بۇرژۇئاچە مۇھەببەتكە ئەمدى ئەسىر بولمايمەن.

— قىزلارنىڭ دولىسىغا قول سېلىش بۇرژۇئاچە مۇھەببەتمۇ؟ بۇ قانداق مەنتىقە؟ دۆلىتىمىزنىڭ ئاھالىسى بىر مىلياردقا يېقىنلاشتى، بىز جۇڭگولۇقلار بىر - بىرىمىزنىڭ دولىسىغا قول سالمايلا شۇنداق كۆپىيىپ كەتكەنمۇ؟!

قىز داۋلىدىن يېڭىلگەندى، لېكىن چاقىقانلىق قىلىپ — گەپ سىزنىڭ ئىدىيىڭىزدە، ئىدىيە توغرا بولمىغانلىقتىن قول سېلىشمۇ بۇرژۇئاچە بولىدۇ.

— قېنى ئەگىتمەي گەپنى ئوچۇق ئېيتىڭا، سىز رەنجىگىدەك نېمە ئىش قىلدىم، ئىدىيىنىڭ قەيېرى دوناي ئىكەن؟

— قايسى كۈنى يىغىندا نېمە دەپ جۆيلۈدىڭىز، — دېدى مەغپىرەت بىردىن ھاياجانلىنىپ، — بۇغداي، قوناق مەستانىسى، سىزگە ئىنقىلاب كېرەك ئەمەس، ئاشۇنداق گەپتىن يەنە بىر - ئىككىنى قىلىڭا قېنى، ھەممە ئادەم سىزگە قاراپ ھاۋشۇيدۇ، ئىنقىلاب پاراۋۇزىنىڭ تۆمۈر تاپىنىدا يەنچىلىسىز.

كېرىمجان مۇشۇ گەپ - سۆزنى ئاڭلىغاندا، مەغپىرەتنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن سوغۇق قارشى ئالغانلىقى، قوپاللىق قىلىپ قولىنى

دولىسىدىن سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ رەنجىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنىڭدا گەپ يوق، ئەمما بىر قىلىقىڭىز كۆڭلۈمگە سوغۇق تېگىدۇ، — كېرىمجان مەغپىرەتكە سوئال نەزىرىدە قاراپ دېدى، — ئەخمەقلەرنىڭ كەينىدىن نېمانچە پالاقلايدىغانسىز؟

— بۇ ئىنقىلاب پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدىكى ئىنقىلاب، ئاغزىڭىزنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلىڭ، ھەرگىز پالاقلاش ئەمەس!

— ئادەم ئۆلتۈرىدىغان، كاللا يارىدىغان، قان ئاققۇزىدىغان ئىنقىلابتا مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلغان. ئەمدىكى ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش، سىياسىي جەھەتتىكى ئازادلىقنى ماددىي پاراۋانلىق مەزمۇنى بىلەن بېيىتىش، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇغداي، قوناق مەھسۇلاتىدا يېڭى رېكورت يارىتىش.

— ئۇنداقتا تىرىلىشكە قارشى تۇرمايدىكەنىمىز-دە، تەشۋىقات دۆيى بىھۇدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ-دە؟

— تەشۋىقات دۆيىگە كەلسەك، — دېدى كېرىمجان بىرئاز سالماقلىنىپ، — ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ پەيلى يامان، بۇ ھەقتە گەپ قىلسام، تېجىمەل كېپەن تاپسا ئۆلۈۋەپتۇ، دېگەندەك ئىش بولار، ئاپتونوم ئوبلاستقا، ئاپتونوم رايونغا، ھەتتا مەركەزگىچە كىشىلەر ئەرز يېزىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشتى. خەلق نېمە ئۈچۈن گۇرۇھ ئويۇشتۇرىدىكەن، ئۆزىنى ئازاد قىلغان، ئۆزى قۇرغان ھاكىمىيەتكە ئۆزى قارشى چىقىپ بېشى تۆرەپ قاپتىمۇ؟ يۇقىرى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تەشۋىقات دۆيىنىڭ سىقىپ سۆيىنى چىقىرىۋېتىدۇ، دەيمەنغۇ!

ئۇلار كېلىشەلمىدى، مۇناسىۋىتىمۇ يىرىكلىشىپ يىراقلاشتى، لېكىن، بۇنىڭ تۇرسۇن بورانىنىڭ مەغپىرەتكە يوخۇرلۇق قىلىشىغا ئىمكان بولۇپ بەرگەنلىكىنى كېرىمجان ئويلىمىغانىدى. بىركۈنى ئۇ، تۇرسۇن بورانىنىڭ مەغپىرەتكە تېتىقسىز قىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۈستىدىن چۈشتى، سۆيگىنىنى باشقا بىرىنىڭ بەتنىيەت بىلەن ئويۇنچۇق قىلىۋېلىشىغا قاراپ تۇرۇشنى ئۇنىڭ يىگىتلىك غورۇرى كۆتۈرمەيتتى، دېرىزىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ تۇرسۇن بوران-نىڭ كانىيىدىن ئالدى-دە، ئاغزى-بۇرنىنى قانغا بويىدى.

ئەگەر كىتابخان ئۇنتۇپ قالمىغان بولسا، بۇ كۆرگەزمە پەيدا قىلغان تۈتەك پەردە ئاستىدا تۇتقۇن قىلىش داۋام قىلىۋاتقان پەيت ئىدى. تۇرسۇن بوران بىرنەچچە كۈن ئۆيىدىن چىقماي، يۈزىگە چۈشكەن كۆك ۋە جاراھەت ئىزلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن كېرىمجانىنىمۇ "نەق ھەرىكەت ئۈستىدە" قولغا چۈشكەن يامان ئادەم سۈپىتىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ناھىيىدىكى تۈرمىسىگە يوللىدى، ئارقىدىنلا قەمىردىن باشچىلىقىدىكى "گۇرۇھ" نىڭ غوللۇق ئەزاسى ئىكەن، تۈرمىدە ئىقرار قىلدى، دېگەن گەپ تارقاتتى.

— كېرىمجان تېخنىكىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلگەنسىز، — دېدى تۇرسۇن بوران مەغپىرەتكە كۈلىسىپ، — ئاغ-زىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشكىچە جورىسامىمۇ ئىلىك ئالمىدىڭىز، ئاينىغان ئۇنسۇر، كىملەر بىلەن ئېغىز بۇرۇن يالىشىپ ئوتتىڭىز-ھە!

— نېمە دېسىڭىز ھەق، راست، كەچۈرۈڭ، مەندىن ئۆتۈپتۇ.

كەچۈرۈشىڭىزمۇ چېكى بولىدۇ، كۆپ كۈتتۇق، لېكىن ئىنقىلاب تەرەپكە كۆز قىرىڭىزنى سېلىشنى خالىمىدىڭىز، پەيمانىڭىز توشتى،

سىزنى... ئېھتىمال قانۇن تۈزەيدۇ.

بۇ تۇرسۇن بوراننىڭ يېڭىباشتىن پوخورلۇق قىلىشقا يول ھازىرلىشى ئىدى، دەرۋەقە، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ، ناھايىتى يۇمشاپ كەتتى، مەغپىرەت ئىنتايىن ھەيران بولدى. تۇرسۇن بوراننىڭ مۇئامىلىسى، گەپ-سۆزى، قىلىقلىرىدىن قانۇنغا تاپشۇرۇپ جازالىتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— راستىنى ئېيتقاندا، يانپاشقا چىققان ئىدىڭىز، بىرىيولىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى، ئەمما، بىلمىدىم، نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنداق قىلىشقا كۆڭلۈم تاتمىدى، بولمىسا ماڭا قىلغانلىرىڭىز ئاز ئەمەس، بىر يامان ئادەمچىلىك كۆرمىدىڭىز، تايىقىڭىزنى يېدىم، يېمىگەن مانتىغا پۇل تۆلىدىم. "جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتمەس" دەپتىكەن، ئۆتكەنگە سالاۋات. ئەمدى جەزمەن دەردىمگە شىپالىق يەتكۈزۈشىڭىز كېرەك، يەنە بويۇن تولغايدىغان بولسىڭىز، — تۇرسۇن بوران مەغپىرەتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ قولىنىڭ ئۈچىدىن تارتتى، — قىيامەتتە سىزگە ياخشى كۈن يوق، ئۇۋالىمغا قالىسىز!

مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، تۇرسۇن بورانغا، ئىككى نىكاھلىق بولغان، شەھۋەتپەرەسكە ئويۇنچۇق بولۇش مەغپىرەتنىڭ خاھىشى ئەمەس ئىدى، بىراق قىز ئىلاجسىز قالدى. كېرىمجان ئەمدى ئۇنى ھىمايە قىلالمايدۇ، سىياسىي زىيانكەشلىك تۈپەيلىدىن بىر ئۆزىنىلا تىڭشاپ قالغان "ئالغا"لىقلارنىڭ مەغپىرەتتىن خەۋەر ئالغۇدەك ھالى يوق. قانۇنغا تاپشۇرۇپ جازالىتىش ئېھتىمالى تۇرسۇن بوران ئۈستىدىن ئەرز قىلىش يولىنى توسۇپ قويغان.

مەغپىرەت ئۆتكەن ياشلىقىنى، ياشلىقتىكى ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى ئەسلەيدىغان بولدى. شەھەر كەمبەغەلى ئائىلىسى، ئۇ بەش بالىنىڭ

تۇنجىسى ئىدى. چوڭ بولغاندا قانداق ياتلىق قىلىشنى ئانىسى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان، چوڭ توي قىلىپ، يۇرتقا داستىخان سېلىپ "بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم" قىلىدىغانلىقىنى مەغپىرەتكە پۇراتقانىدى. بىراق مەغپىرەت "ياتلىق" بولۇپ بولدى، ئۇنىڭ ئاق سېرىق يۈزىدە قىزلىق لاتاپىتىدىن ئىز قالمىغانىدى، ئورۇقداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان كۆڭلىگە چوڭقۇر ئەندىشە سېلىپ، قورسىقىنىڭ بىر يېرىدە بىرنېمە مىدىرلايدىغان بولۇپ قالدى.

مەغپىرەت كەچ تەرەپتە، بىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، چەت-ياقا بىلەن مېڭىپ دىلئارام چوڭنامنىڭكىگە كەلدى، يالغۇزلۇق، مىسكىنلىك ھېس قىلىپ يۈرگەن چوڭنامغا مەغپىرەتنىڭ كېلىشى خۇشاللىق بولسىمۇ، ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن تەشۋىشلەندى. دىلئارام چوڭنامنىڭ نەزىرىدە، مەغپىرەت ياداپ قورايغا ئوخشاپ تۇراتتى.

— ئاپئاق قىزىم، نېمە دەردكە قالدىڭ، نېمانچە ياداپ كەتكەنسەن؟

مەغپىرەت قونۇپ قالدى، بۇ ئائىلىدىن "چەك-چېگرا" ئاجرىتىپ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى، تۇرسۇن بورانىنىڭ رەزىللىكلىرىنى سۆزلەپ كۆز يېشى قىلدى. بۇ گەپ-سۆز دىلئارام چوڭنام ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس، مەغپىرەتنى كۆچۈرۈپ كېتىش تۇرسۇن بورانىنىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى، قورسىقىدىكى جىنىنى، مەغپىرەتنى داغدا قويىدىغانلىقىنى ھېۋىز كۆزەتچى ئېيتقان، دىلئارام چوڭنام قىزنىڭ قورسىقىدا سازاڭ-دەك مىدىر قىلغان نەرسىگە قىزىقتى ۋە يېنىغا ئۆتۈپ، تۇتۇپ تەكشۈرۈپ، بالا ئىكەنلىكىنى، تۆت ئايلىق بولغانلىقىنى تەخمىن قىلدى. مەغپىرەتنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

— ھېۋىز كاكىنى باۋخۇاكېپەي دېگىنى "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ



بىشىدىكى گەپ. ئۇ چاغدا سەن بۇ يەردە يوق ئىدىڭ، تۇرسۇن بورانىنىڭ بۇ ئىشنى ساڭا يەتكۈزۈشتە غەرىزى بار. ئۇ، مۇشۇ ئەسكىلىكىگە پۇرسەت يارىتىش ئۈچۈن سىنى بىزدىن بۆلۈپ كەتكەن. بىراق سەن قىز، يۈزى ئېچىلمىغان ئىپپەتلىك قىز. "توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرىدۇ، ئادەمنى نومۇس"، خەلقىئالەم ئالدىدا قورسىقىڭنى تومپايتىپ قانداق يۈرىسەن، بىر ئىلاج قىلىپ بالىنى چۈشۈرگۈزۈۋېتەي، ئۆز پەرزەنتىمىز بولۇپ قالغان ئىدىڭ، بىزگىمۇ سەت!

— ئۆزەڭنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ؟

— مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، چۈشۈرىدىغانلارنى تاپقىلى بولىدۇ.

مەغپىرەت قاق سەھەردە، دىلئارام چوڭنام ئوخانغىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدىن كېتىپ قالدى. تويىسىز، نىكاھسىز بىر بالىلىق بولۇش قىز بالا ئۈچۈن ئېغىر ئىش، ئەلۋەتتە. ئۇ، تونىمىغان يەنە بىرىنىڭ ئالدىدا بالا چۈشۈرىمەن دەپ ئۆزىنى سازايى قىلىشنى، كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىنى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر كۆردى. قىز تەركىدۇنيا بولۇشقا قاراپ ماڭدى. بىرىسىنىڭ قارىسى كۆرۈنىگۈدەك بولسا، ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئىشكنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ مۈكىلىنىپ، ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇش، زەپىرەڭ يۈزىنى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇشتىن ئارام تاپالماي، قانداقتۇر بىر خىيالدىن ئەسەبىيلىشىپ ئورنىدىن تۇردى، ياتاقنىڭ بۇلۇڭىدا، ياغاچ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرغان چامادانغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى...

ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا ئىشكنى مۇجۇغىدىن قومۇرۇپ، مەغپىرەتنىڭ جەسىتىنى ياتاقتىن ئېلىپ چىقتى.

# يەتتىنچى باب

## 1. سۈيىقەستلىك جاۋاب

قۇرۇق ئىسسىق، شامال بىلەن گىرەلەشكەن ياز ئايلىرى ئۆتۈپ كەتتى. ئۆچكىلىك ئۈستىدىكى ئاق قار ئېتەك يېپىپ پەسكە چۈشكەندەك، ئۆكتەبىرنىڭ بىرىنچى ئونىدىن كېيىن ئېتىز-قىرلاردا ئاخشىمى-ئەتىسى سوغۇق شامال كېزىدىغان بولدى. دەريا سۈيى ئىلگىرىكىدىن خوپلا سوغۇلغانىدى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كۆن ئارغامچا بويى ئۆرلەپ، قىرغاقتىكى نېپىز مۇزلار ئۈستىدە يالتىراپ ئەكس ئەتكەندە، لەشكەردەك قاتار تىزىلغان قاقىرلار كېلەڭسىز قاناتلىرىنى لەپەڭشىتىپ، "ئالغا"نىڭ ئېتىز-قىرلىرى ئۈستىدىن ئىسسىق بەلباغلارغا قاراپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى.

"ئالغا"دا ھەرىكەت باشلانغاندىن بېرى، تەبىئەت بىر-ئىككى قېتىم پەسىل ئالماشتۇردى. لېكىن تەشۋىقات دۈيىنىڭ ئاۋام خەلق ئۈستىدىكى فاشىستلىق ئاق تېررورلۇقى ئالمىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ھەر كۈنى يېڭى سۈيىقەست، ھەر كۈنى تۇتقۇن قىلىش، رەھىمسىز سوراق قىلىپ قىيناش، ئۇرۇش، پەپەن قىلىش داۋام قىلىۋەردى!

خۇڭ يەنىنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى كۈچىيىشكە باشلىدى، ئۇ، ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن زاكونلىشىپمۇ، يۇقىرىغا خەت يېزىپ ئەھۋال ئىنكاس

قىلىپمۇ تەشۋىقات دۇيىنى خاتا يولدىن توسۇپ قالالمىدى. ئۇ، تەشۋىقات دۇيى بىلەن بىللە ۋەزىپە ئۆتەشتىن باش تارتتى، تەشۋىقات دۇيى بىلەن بىللە ۋەزىپە ئۆتەش ئۇنىڭ نەزىرىدە فاشىستلىق دىكتاتورىغا دوس تارتىپ، تارىختا ئۆتكەن ئەزگۈچى ئەمەلدارلارغا ئوخشاش قانلىق قەرزگە بوغۇلۇش بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئۇ، بۇ يەردە بىكارچى ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى، تەشۋىقات دۇيىمۇ خۇددى ئۇنىڭ بىلەن كېلىشۋالغاندەك "مەھبۇس"لارنىڭ "جىنايى پاكىتى" دەپ ئاتالغان بىر دۆۋە قەغەزنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا كىرمەيدىغان، يۇقىرىغا دوكلات يېزىشقا قىستىمايدىغان، چالا ساۋات ۋاڭ دۇيجاڭ داڭقانپۇتى گەپلەرنى قىلىپ ئوبلاستقا تىلىگىرامما يوللا دەپ بېشىدا قادىلىپ تۇرمايدىغان بولدى. ئۇ، ئۆزىنى پىنھان تۇتۇشنى، پىنھان يەرلەردە خىيال سۈرۈپ ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. بىراق ھامان خاتىرجەم بولالمايتتى، ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ ياتاقتىن چىقىپ كېتىش، كونا قىسقا پاختىلىق چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ، كىشىلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىگەندەك، شەپكىسىنى قېشىغىچە چۈكۈرۈپ ئېتىز ئارىلاش، ئۈستىگە سايە تاشلاپ ئاسماندا ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قاقىرلارغا قاراپ تۇرۇش، قىرغاق بويلاپ دەريا ئېقىنىنى سەيلە قىلىش كۆڭلىدىكى غەشلىكنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ياردەم بېرەلمەيدىغان بولدى.

خۇڭ يەنىڭ بالىلىق، ياشلىق چاغلىرى شىمالىي شەنشىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىلەن ئۆتكەنىدى. خۇڭ يەن دۇنياغا كۆز ئېچىپ، قىرقى چىققاندا، ئانىسى — تەمبەل، قىرقىم چاچلىق ياش چوكان پۈتۈن كەنتنىڭ تەقدىرى يىپىنى قولىدا چىرماپ تۇتۇپ تۇرغان پومېشچىكنىڭ بوسۇغىسىغا بەند بولۇپ قالدى.

شۇ يىلى تاغلىق رايونلاردىكى ھۆلچىلىك ئاپىتى نامرات دېھقانلارغا ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. دادىسى يەر ئاستى كەپىسى ئۈشتۈمتۈت گۈمۈرلۈپ چۈشۈش ۋەقەسىدە توپىنىڭ ئاستىدا قېلىپ، ھاردۇق ئۇيقۇسىدىن كۆز ئاچمايلا ئالەمدىن ئۆتتى.

ياشاش ئارزۇسى ۋە ئاتىدىن بىر ياشتا يېتىم قالغان خۇڭ يەننى قاتارغا قوشۇش ئېھتىياجى ياش تۇل ئايالنى پومىشچىك ئائىلىسىدىكى خورلۇقنى سەزمەسكە، ئېغىر ئەمگەككە پەسەنت قىلماسلىققا مەجبۇر قىلدى. ئانا كېتىمەن دېسمۇ، كۆچىگە چۈشىنىۋالغان پومىشچىك يول قويمىغان بولاتتى. خۇڭ يەن ئون ياشلارغا كىرگەندە، پومىش-چىك ئون ياشقا كىرگىچە "بىكار يېگەن ئاش-تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلەش"كە مەجبۇر قىلدى. ئۇ، دەسلەپ ھويلا سۈپۈردى، سۇ توشىدى، چوشقىغا جىرىس ئۈن، قوناق يامىسىدىن ئۇماچ قايناتتى، موپاڭدا گۈرۈچ ئاقلاش يالغۇز ئۆزىنىڭ يەلكىسىگە چۈشكەندە، خۇڭ يەن ئون ئالتە-ئون يەتتە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، بۇرۇتى خەت تارتقان، بەدەنلىرى ئېغىر ئەمگەكتىن تارمۇشتەك قاتقان زەردىلىك يىگىت بولۇپ يېتىلگەندى.

زەردىلىك يىگىت بولۇپ يېتىلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، زورلۇق-زومبۇلۇققا ياتىدىغان كىچىككىنە ئىشقا دۇچ كەلسە، ئۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايتتى.

بىركۈنى كەچقۇرۇنلۇقى، ئانا ئېھتىمال چوشقا يېمىنى ۋاقتىدا بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا كېرەك، قارا مىلەڭزىنى قايرىپ ئىسسىق ئۈيدىن چىققان كىچىك پۇت بىر تەتەي تايتاڭلاپ كېلىپ قولىدىكى ھاسا بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا بىرنى سالدى، ئانا ھور چىقىپ تۇرغان يوغان داسنى باغرىغا باسقان پېتى تۇرغان ئورنىغا تىك چۈشتى.

داستىكى چوشقا يېمى — قاينىتىلغان قوناق يامىسى يەرگە تۆكۈلدى، قوناق يامىسىغا ئىچى سىيرىلگەن بولسا كېرەك، پومپىشچىك ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، پۇتىدىكى قېلىن چەملىك قارا چەبەرقۇت خەي بىلەن ئانىنىڭ توك يەردە ياتقان پاخما چاچلىق بېشىغا بىرنەچچىنى دەسسىۋەتتى.

خۇك يەن بۇ سەپەر ئۆزىنى زادى باسالماي قالدى. ئۇ، موپاڭدا ئىككى كۆزى ئېتىپ قويۇلغان سېمىز بىر قارا قېچىردىن ئاپئاق مازغاپ چىقىرىپ تاش چۆگىلىتىپ گۇرۇچ ئاقلاۋاتاتتى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆكتەملىكنى ھەر كۈنى دېگۈدەك باشتىن كەچۈرۈۋاتقان-لىقىنى خىيالىدىن تىزىپ ئۆتكۈزدى-دە، زەردىسى قايناپ كەتتى. موپاڭدىن ئېتىلىپ يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى "قارس" قىلىپ بىر تەس-تەك سېلىپ تەتەيىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، شۇ ئەسنادا تاياق كۆتۈرۈپ ئالچاڭلاپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان پومپىشچىككە كۆزى چۈشۈپ قالدى، پومپىشچىكنىڭ گېلىدىن بوغدى-دە، ھاسىراپ تۆگمىدەك ئورنىغا چۆككەندە، ئۈستىگە چىقىپ يۈرىكىنىڭ ئۈستىدىن زەردە بىلەن بىر نەچچىنى دەسسىۋەتتى...

بۇ، قارلار ئېرىپ، ئېتىز-قىرلار ئالا-بۆلا بولۇشقا باشلىغان باش ئەتىياز ۋاقتى ئىدى. كەچقۇرۇن تاغ تەرەپتىن چىققان سوغۇق شامال كىچىك پۇت تەتەينىڭ ھاسىغا تايىنىپ ئىڭراپ يىغلىغان ئاۋازى بىلەن پومپىشچىكنىڭ غەزەپلىك چۇقان سېلىشىنى كوچىغا ئېلىپ چىقتى. قولۇم-قوشنىلار، ئەلە-مەلە، ھەتتا كەنت باۋجاڭى، ئامانلىقنى ساقلاش دۈيى دەپ ئاتالغان قوراللىق لۈكچەكلەر دۈپۈر-لىشىپ ھويلىغا بوسۇپ كىرىشتى. ۋەقەنى ئۇقۇپ ھەيران بولۇشتى. بەزىلەر خۇك يەننىڭ "نۇچى"لىقىدىن غەزەپلىنىپ ئەنت ئېلىش

ئۇچۇن سىپىلغا ئوخشاش ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان قورۇنى تىمسىقلاپ ئاقتۇرۇشقا كىرىشتى...

شۇ كۈنلەردە گومىنداڭنىڭ شەنشىدىكى ھۆكۈمرانلىقى لىڭشىپ قالغان، خۇ زۇڭنەن باندىتلىرى يەنئەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە خەلق ئازادلىق كۈچلىرىنىڭ قايتۇرما زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولۇپ پىتىراشقا باشلىغان، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت بىلەن تەقدىرداش بولغان پومېشچىك، باۋجاڭلارنىڭ پېيى سىرقىراپ قالغانىدى. كۈتمىگەن بۇ ھادىسە ۋە خۇڭ يەننىڭ ھويلا ئىچىدىن تېپىلمىغانلىقى بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە سالدى. شۇ ئەسنادا كىمدۇ بىرى مۇشۇ ئەندىشىچىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ۋايجان قېچىر يوق، قېچىر مىنىپ قاچقانمۇ نېمە دەپ ھولۇلۇپلۇق قىلىپ موپاڭدىن ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

قېچىر مىنىپ قېچىپتۇ، پاھ، نېمىدېگەن دەھشەت خەۋەر بۇ-ھە؟ كوممۇنىست قوشۇنلار بۇ ئەتراپقا يېقىنلاپ قالغان، يېقىنلاپ قالغانلىقىنى سەزمىگەن بولسا خۇڭ يەن قول ياندۇرۇشقا، قېچىر مىنىپ قېچىشقا جۈرئەت قىلالايتتىمۇ؟!

ھەممىنىڭ كۆڭلىدىن ئەنە شۇ خىيال كەزدى، ھويلىنىڭ ئىچى بىرپەس تىمتاس بولۇپ قالدى، ئەگەر پومېشچىكنىڭ قولىدىكى پانۇس ھويلىنى كۈندۈزدەك تەكشى يورۇتقان بولسا، كىشىلەر پومېشچىكنىڭ پانۇسنى كۆتۈرگەن پېتى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى، كۆز قارىچۇقىنىڭ چەكچىيىپ كەتكەنلىكىنى، گويا قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك، كىچىك پۇت تەتەينىڭ بېشىنى بىر ياق دولىسىغا سىڭايان قىلىپ سۇپىغا يۆلەنگەن پېتى قېتىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى ئوچۇق كۆرگەن بولاتتى.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، خۇ زۇگنەنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى خۇددى ئاچ بۆرىدەك تىمىسقىلاپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ تاغلىق كەنتكە بېسىپ كىردى. كوممۇنىست قوشۇنلارنىڭ يولىغا قارىغان، قاياشنى قىلغان، ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىنى قىلغان كىشىگە باندىتلار رەھىم قىلمايتتى. خۇڭ يەنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ كەنتكە كىرگەن كۈنى كەچتە ئۇنىڭ ئانىسىنى جادۇدا تۇغرىدى، ئەتىسى كۈن يورۇش بىلەن تەك كەنتىكلەر بۇ مەسۇم ئايالنىڭ بېشىنى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خادا ياغاچنىڭ ئۈستىدە كۆردى.

خۇڭ يەن ئەر-خوتۇن پومېشچىكنىڭ ئەدىبىنى بەرگەن ئاخشىمى قېچىرنى ياۋىداق مىنىپ مەھەللىدىن قېچىپ چىقىپ، يەنئەن دەرياسى بويىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئانىسىنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسىنى خۇ زۇگنەنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ تەك كېلەلمەي قېچىپ چىققان كەنتىكلەردىن ئاڭلىدى. ئۇ، ھەربىي يۈرۈش ئۈستىدە، چۈشلۈك تاماق تەييار بولغىچە، ئارىلىقتىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقنىڭ زاتورىنى چۇۋۇپ تازىلاۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالغان يۇرتدىشى ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، يېنىغا چۆكۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن كەنتتىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇرۇش ئۈستىدە ئائىلە غېمى، ئاتا-ئانا غېمى، شەخسىي تۇرمۇش — خوتۇن غېمى جەڭچى ئۈچۈن ئىنتىزامغا توغرا كەلمەيدىغان يات ئىش، ئەمما ئانىسىنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسى، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆز نۇرى ئۆچكەن ھالەتتە خادا ئۈستىدە تۇرغان كاللا خۇڭ يەنىڭ كۆز ئالدىدا، خۇددى كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرغاندەك

گەۋدىلىنىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ، ئاۋاز چىقارماي، چىشنى-چىشىغا بېسىپ،
ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ يىغلىدى، چۈشلۈك تاماق گېلىدىن
ئۆتمىدى، ئۆتكىنى تېتىمىدى، كەچتە كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچتى.

ئانىنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسى خۇددى سېھىرلىك قولدەك، خۇڭ يەن
ئېسىنى تاپقاندىن بېرىقى دەرد-پىغانىنى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك
كۈچ قىلىپ يۇغۇرۇپ چىقتى. جەڭگىلەردە خادا ئۈستىدىكى كاللا
جەۋلان قىلىپ تۇرغان غەلىبە بايرىقىدەك ئۇنى قورقۇمسىزلىق بىلەن
ئالغا ئىلگىرىلەشكە، ئەڭ خەۋپلىك جېندىلارغا ھۇررا توۋلاپ
بۆسۈپ كىرىشكە، دۈشمەن جېندىلىرىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇشقا
چاقىردى. ئاددىي دېھقان بالىسى غەربىي شىمالىنى ئازاد قىلىپ،
يۈيمېندىن ئۆتۈپ، ۋەتىنىنىڭ چېگرا رايونىغا يۈرۈش قىلغىچە بولغان
قىسقىغىنا ئارىلىقتا، ئۇرۇش قەھرىمانى بولۇپ، كۆكرىكى ئوردېن
بىلەن تولغان ياش ئوفىتسېر بولۇپ يېتىلىشكە ئەنە شۇ پاجىئە پەيدا
قىلغان كۈچنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولدى.

ئۇ، شىنجاڭغا، ئىلى رايونىغا كەلدى، شىمالىي شەنشىنىڭ تاغلىق
رايونىدىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى، ئانىنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسى كۆكسى-
دىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. خىيالىدا ھامان خادا ئۈستىدىكى
كاللا، شامالدا تارىلىپ تۇرغان دانا-دانا چاچلار يۈزىدىكى قان
داغلىرىدىن رەڭ ئېلىپ قىزىل مولۇن يىپقا ئايلانغاندەك، قىزىل
رەخت، قىزىل بايراق بولۇپ توقۇلغاندەك، ئۆچكەن بىر جۈپ كۆز
بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئوتتۇرىدىن سەل يۇقىرىراق جايىدا جاۋە
قىلىپ تۇرغان يۇلتۇزغا ئايلانغاندەك، ئۇنى ھامان كۆرەشكە
ئۈندەيتتى.

لېكىن بىزنىڭ ئەنە شۇنداق سانسىزلىغان قۇربانلار بەدىلىگە

ئېرىشكەن غەلىبىمىز، ئازادلىقىمىز، كېلەڭسىز قاناتلىرىنى لەپەڭشىتىپ
ئىسسىق بەلباغلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاقىرلارغا ئوخشاش كۆزد-
مىزدىن تېزلا ئۇچۇپ كېتىۋاتمامدۇ، ئازاد بولۇپ چارەك ئەسىرگە
يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن نېمە ئۈچۈن خۇ زۇڭنەن باندىتلىرىغا ئوخ-
شاش، بىگۇناھ خەلق ئۈستىدە فاشىستلىق دىكتاتۇرا يۈرگۈزىمىز...؟!

خۇڭ يەن ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، ئىككى قولى
بىلەن بېلىنى قاماپ تۇتۇپ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان
قاقىرلارغا بىرپەس قاراپ تۇردى.

ھەپتە ۋاقىت ئىلگىرى، بىركۈنى ئەتىگەن تەرەپتە خۇڭ يەن
بىلەن ۋاڭ دۈيجاڭ ئوتتۇرىسىدا "سەممىي مۇھاكىمە" بولۇپ قالدى.

— قاتىلاڭچىلىقتا سىز بىلەن دېگەندەك مەسىلىھەتلىشەلمەيۋاتى-
مەن، — دېدى دۈيجاڭ خېلىدىن بېرى خۇڭ يەن ئاڭلاپ باقمىغان
"مۇلايىم" ئاۋازدا، — بىز نېمە ئۈچۈن ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقال-
مايمىز؟ ئەلۋەتتە، سىزنىڭ پىكرىڭىز بولۇشى مۇمكىن، ئاڭلاپ باقسام
دېۋىدىم.

سوھبەت خۇڭ يەننىڭ ياتىقىدا داۋام قىلماقتا ئىدى. دۈيجاڭ-
دىكى "كەمتەرلىك"، "كىچىك پېئىللىق"نىڭ سىرى نېمىدۇ؟ دېگەن-
دەك، خۇڭ يەن گەپ قىلماي قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ياتاقنى بىر-
ئىككى قۇرۇق ئايلاندى.

— ئىشىمىز توغرىسىدا مېنىڭ قارىشىم ھەممىگە مەلۇم، بىر-
ئىككى قېتىم يىغىندا كۆپچىلىك ئالدىدا ئوچۇق سۆزلىگەنمەن، ئەمما
دۈيجاڭغا نېمە ئۈچۈن قايتا ئاڭلاش زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى
چۈشىنەلمىدىم.

— سىز ۋاڭ دۈيجاڭ ئىلۋېلىپ يانپاشقا ئالدۇ، دېگەن قاراش-

تىن ۋازكەچمەيۋاتىسىز، ئەندىشە قىلىشىڭ ھاجىتى يوق. بۇ "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ بېشىدا، ئىككىمىز ئىككى خىل قاراشتا چىڭ تۇرغان چاغدىكى ئىش ئىدى، ھازىر بىر سەپنىڭ ئادىمى بولۇپ قالدۇق. پىكىرىڭىزنى قورقماي سۆزلەۋېرىڭ.

— دۇرۇس، بىز ھازىر "بىر سەپتە"، — دېدى خۇڭ يەن كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۆزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي كارىۋاتتا ئولتۇرغان ۋاڭ دۇيجاڭغا مەنىلىك قاراپ، — لېكىن... نېمە ئۈچۈندۇ بىر قازاندا قاينىيالمايۋاتىمىز، قارىشىمىز ھېلىمۇ باشقا-باشقا.

— دېمەك، سىز...، — ھېلىمۇ ھەددىدىن بەك ئاشۇرۇۋەتتۇق، قۇرۇق پالاقلاپ يۈرىمىز دەپ قارايدىكەنسىز-دە.

— شۇنداق!

— بۇ يەردە يامان ئادەم يوقمۇ؟

— "يامان ئادەم" دېگەن بۇ گەپكە كەلسەك، — دېدى خۇڭ يەن ئاۋازىنى ئىختىيارسىز كۆتۈرۈپ، — بىرىنچىدىن، قولىمىزدا پاكىت بولۇشى، ئىككىنچىدىن، بۇ پاكىت تەكشۈرۈپ قايتا-قايتا ئىسپاتلاشتىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك. كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنگەن، تىلى چۈشىنىشلىك بولمىغان، قاپىقىنى تۈرۈپ قارىغاندەك سېزىلگەننى "يامان ئادەم" دەپ ھۇجۇم قىلىش، بۇ فاشىستلارنىڭ مەنتىقى، قىپ-يالىڭاچ جاللاتلىق!

— ھەي-ھەي، — دۇيجاڭ يەنە ئەسەبىيلەشكەنىدى، نېمە ئۈچۈندۇ ئىلگىرىكىدەك چېچىلماي ئۆزىنى بېسىپ دېدى، — ئاغزىڭىزغا ئىگە بولۇپ گەپ قىلىڭ، چۈشەنمىدىم، نېمە ئويلاپ يۈرىدىغانسىز؟

— ئويلاپ يۈرگەنلىرىمنى يوشۇرمايمەن، خۇ زۇڭنەن باندىتلىرى-

نىڭ تاغلىق رايونلاردىكى قانلىق تېررورلۇقى خىيالىمدىن كېچمىدۇ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، خادىنىڭ ئۇچىغا ئېلىپ قويغان ئانامنىڭ كاللىسى كۆزۈمگە كۆرۈنىدۇ، دۈيجاڭ، — خۇڭ يەن غەزەپتىن تىترەپ كەتكەنىدى، — قېنى ئىنساپ بىلەن گەپ قىلىڭا، بىز كىمنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدۇق؟

— بۇ گەپچە بىزنى جاللات كۆرۈپ يۈرۈپسىز-دە؟

— جاللات!

— ياخشى، ياخشى، بۇنداق قايناپ كېتىشىڭىز سەۋەبسىز بولمىسا كېرەك، سىز كىچىك ئادەم ئەمەس، بەلكى بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك مەسلىھەتتۇر، پىكىرلىرىڭىزنى بىر پارچە ماتېرىيال قىلىپ يېزىپ بەرسىڭىز، رەھبەرلىك باش قوشۇپ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرسەك.

دۈيجاڭ بايىقىغا ئوخشاشلا "مۇلايىم" ئىدى، خۇددى تەشۋىقات دۈيىنىڭ يېغىرىغا تېگىدىغان گەپ بولمىغاندەك، خۇڭ يەننىڭ ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى. خۇڭ يەن بىرىنچى قېتىم دۈچ كېلىۋاتقان بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولۇپ: ئەجەپ پىلىكتەك يۇمشاپ كېتىپتۇغۇ، مەركەز مەن ئىنكاس قىلغان ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بولسا، خەت يېزىپ ئۇچۇقداپ قويدىمۇ، قانداق؟ دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

مەركەزگە يازغان خەتنىڭ شەھەر ئايلىنىپ يوغان چوماققا ئايلىنىپ كەلگەنلىكىنى خۇڭ يەن چوتكىباش جۇرېن ئۇشتۇمتۇت چاقىرىپ سوراققا تارتقاندىلا چۈشەندى.

شۇ كۈنى خۇڭ يەن ئۆزىنى سەگىتىپ دەريا تەرەپتىن كەچرەك قايتىپ كەلگەنىدى، تەشۋىقات دۈيىدىكىلەردىن بىرى چوتكىباش

جۇرىنىنىڭ ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسىدا كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى،
جىددىي بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. دۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسى
بىز باشتا ئالمىنى سوراق قىلغان چاغدا كۆرگىنىمىزگە ئوخشاش
پاراكەندە ئىدى، خۇڭ يەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈش بىلەنلا
تورۇستا ساڭگىلاپ تۇرغان يوغان توشۇگىنى كۆرۈپ شۈركۈنۈپ
كەتتى، قارشى تەرەپتە، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستەلنىڭ ئىككى
قىرىغا جەينەگدەپ چوتكىباش جۇرىن بىلەن ۋاڭ دۇيجاڭ غەزەپلىك
ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— باشلىقلار نېمە گەپ بار ئىدى، مەن كەلدىم.

خۇڭ يەن ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆتۈپ ئەنە شۇ گەپنى
قىلدى-دە، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئەسلەشكە
ئۈلگۈرەلمىدى. چوتكىباش جۇرىن قورسىقىنى ئېشەكنىڭ ساغرىسى-
دەك لىغىرلىتىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ گېلىدىن
ئالدى، ۋاڭ دۇيجاڭ يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى "تارس" قىلىپ قول-
دىكى قامچا بىلەن باشقا سالدى، تۇرسۇن بوران دولىسىدىن تارتىپ،
تۇتقان يېرىدىن كىيىمىنى جارتىلدىتىپ يېرتىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا
سۆرەپ كەلدى، ئالمىجاننى ئاسقان ئارغامچىغا باغلاپ ئاستى، ھەممە
تەرەپ-تەرەپتىن يېپىشىپ كېلىپ ئۇرۇپ، بىر پەستىلا باش كۆزىنى،
بەدىنىنى، ئۇستىدىكى كىيىمىنى قىپ-قىزىل قانغا بويىدى.

خۇڭ يەن ئېسىقتىن چۈشۈرۈلگەندە، خۇدىنى يوقاتقانىدى، قانغا
مىلىنىپ، خۇددى ئۆلگەن ئادەمدەك ھېچنېمە سەزمەي دارنىڭ
ئاستىدا ياتاتتى. ئۇستىدىن بىر-ئىككى چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇشتى،
يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئەندىككەن قىياپەتتە كۆزىنى ئاچتى-دە،
جوزىنىڭ ئىككى گىرۋىكىدىكى رەزىل ئىككى گەۋدىنى — شۇ چاققىچە

دېمنى باسالماي قوش كالسىدەك ئاغزىنى ئېچىپ ھۆمۈدەپ-ھاسىراپ ئولتۇرغان چوتكىباش جۇرىن بىلەن ۋاڭ دۈيجاڭنى كۆردى، كۈچ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى ۋە:

— قان ئىچەر جاللاتلار، «ئالغا» لىقلارنىڭ ئىسسىق قېنى تېخى ئاش خالتاڭلارنى تولدۇرمىغانمىدى، نېمە دەپ مېنىڭ قېنىمنى تۆكىشسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇشقا، ياقىدىن ئېلىشقا، دارغا ئېسىشقا، گۇپپاڭشىتىپ ئۇرۇشقا ھېچكىمدە مادار قالمىغانىدى. ئەندى خۇڭ يەن ئۇستىدىكى رەسمىي سوراق باشلاندى.

گەپ-سۆزلەردىن ئېنىق بولدىكى، خۇڭ يەننىڭ يۇقىرىغا ئەھۋال ئىنكاس قىلغان خېتى، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن «بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ، ئوزەڭلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قايتۇردۇق، خەتنىڭ مۇئەللىپى خېلى ئۇزاقتىن باشلاپ بىزنىڭ سىياسىتىمىزنى «سول» دەپ قارايدىغان ئوخشايدۇ، خەلق گۇڭشېسى، پولات-تۆمۈر تاۋلاش، سەكرەپ ئىلگىرىلەشكە، قىسقىسى ھەممىسىگە ئەيمەنمەي تىل تەگكۈزگەن. بىز مۇئەللىپنىڭ سىياسىي سۇپىتىدىن گۇمانلاندۇق، لېكىن ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان سىياسىتىمىزنى تەكرار ئېيتىمىزكى، ئەھۋالنى پۇختا ئۆگىنىش، دەل، توغرا بولۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك» دەپ تەستىق سالغان خەت بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەنىكەن. خۇڭ يەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ قايسى كۈنى سۆھبەتلەشكەن چاغدىكى «مۇلايىم» پوزىتسىيىسى «دەل بولۇش» قا ماتېرىيال توپلاش ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمىدى.

لېكىن خۇڭ يەن ئۆزىنىڭ توغرا قىلىۋاتقانلىقىغا ھامان

ئىشىنەتتى.

— مەيلى كىم تەستىق سالغان بولسۇن، — خۇڭ يەن قولىنىڭ كەينى بىلەن جاۋغىيىدىن چىقىپ تۇرغان قاننى سۈرتۈۋېتىپ قەتئىي ئاۋازدا داۋام قىلىپ دېدى، — ھازىرقى ھەرىكىتىمىزنى پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا قاراتقان ئەنئەنىلىك سىياستى بىلەن سىغىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

— بىز تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق، ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىز بىلەن بىللە ئەمەس، قەتئىي تازىلايمىز.

— بۇ يەردە ئىككى خىل تەكشۈرۈشنىڭ بولغانلىقىنى چەتكە قاقمايمەن، — دېدى خۇڭ يەن، ئۇ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، تاياق ئازاۋىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندى، — بىرى، سېنىڭ، — ۋاڭ دۇيجاڭنى كۆرسىتىپ داۋام قىلدى، — قالدۇق ئەكسىيەتچى كۇچلەرنىڭ تەكشۈرۈشى، بىرى، بىز ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش، بىزنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىمىز سىلەرنىڭكىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ، بىز چېگرا رايوندىكى مىللەتلەر پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن قەلبداش، ۋەتەن بىرلىكىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدۇ، قوغدايدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردۇق. سەن ”كونا خامانىنى سورۇۋاتىدۇ“ دەپ ئويلىمىغىنىڭكى، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان كونا ئادىتىڭنى تاشلا، بىر لىيەندۇيدە ئەمگەك قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ياخشى بىلىمەن، سەن تارىختا بىر قېتىم خەلق تەرىپىدىن تۇتۇلۇۋېتىلگەن، دۈشمەنلىشىشنى تاشلىمىساڭ يەنە بىر قېتىم تۇتۇلۇشۇڭ ئېھتىمالغا يېقىن، بەكمۇ گىدىيىپ كەتمە، مۇنۇ دەسسەپ تۇرغان يېرىڭنى ”ئىلىخو“ دەيدۇ جۇمۇ! ئىلىخولۇقلار بوزەك خەلق ئەمەس!

— ئەبلەخ، — قورسىقىنىڭ سالمىقى ئۈستۈن كەلدى ئېھتىمالىم،

چوتكىباش جۇرىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ يەنە ئولتۇرۇپ قالدى، — گەپ قىلمىسام ۋالڭ دۆيجاڭغا نىمە دەپ ھاقارەت قىلدەسەن، قىنى يەنە قانداق گىپىڭ بار، نىمە قىلماقچىسەن؟

— گىپىم بايىقىدەك، ھەممىڭ بىر جاڭگالنىڭ بۆرىسى، ساڭمۇ جاۋاب بولالايدۇ.

خۇڭ يەنىنى دارغا ئىسىپ ئۇرۇپ جازالاش، سوراق قىلىش مەخپىي ئىلىپ بىرىلدى، "يۇقىرى قاتلام" ھىسابلىنىدىغانلارنى دىمىگەندە، تەشۋىقات دۆيىدىكىلەرمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدى. مەخپىي سوراقتا، خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا خۇڭ يەن تەشۋىقات دۆيى بىلەن باشقا-باشقا قاراشتا ئىكەنلىكىنى، بىر ئىقىمدا بولغانمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلىدى، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىق سۆزىدىكى خەتنىڭ مۇئەللىپىنى "پۇختا تەكشۈرۈپ كۆرۈش" ۋەزىپىسى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى، تەشۋىقات دۆيى بىر بۇيرۇق بىلەن خۇڭ يەننىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سىلىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىگە يوللىدى.

خەلق مەيدانىدا تۇرغان كوممۇنىست، پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە يۇقىرىغا ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ يازغان خىتىگە ئەنە شۇنداق سۈيىقەستلىك جاۋاب ئالدى.

## 2. قاراڭغۇدىكى پاراڭلار

ئۆچكىلىك ئۈستىدىكى ئاپئاق قار خۇددى پەلەك تارتقاندەك، تاغنىڭ قاپ بىلىگىچە سوزۇلۇپ چۈشتى. كۈننىڭ تەپتى بوششىپ،

ھاۋا بىردىن سوۋۇشقا باشلىدى، ئەتىسى-ئاخشىمى يالىڭاچ دالا ئۈستىدىن كېزىدىغان سوغۇق شامال تۇرمە تۈڭلۈكىنىڭ يىرتىق قەغىزىنى لەگلەگىنىڭ دارقىراتمىسىدەك گىژىلدىتىپ، "مەھبۇس"لارنىڭ تاياقتىن تىتىلىپ، قىپقىزىل قانغا بويالغان تېنىگە مۇزدەك تېگىپ شۈركۈندۈرەتتى...

تۈڭلۈكتىن قىيپاش چۈشكەن كۈن نۇرىدا ئادەم بىلەن تولغان كامىرلار خىرە يورۇپ تۇرماقتا!

ئىككى ساقچى ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئاچتى-دە، باش-كۆزى يېرىلغان ئالىمنى ئىككى قولتۇقىدىن سۆرەپ، "پاق" قىلىپ ئۆينىڭ ئىچىگە دومىلىتىۋەتتى، ئالىمنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن سوراققا ئېلىپ چىققىنىغا تېخى بىرەر سائەت بولمىغانىدى.

— ئاھ، ئالىم ئاكا، نېمە ئالامەت بۇ، جېنىڭ تېنىڭدە بارمۇ، يوق؟ — كېرىمجان ئىتتىك ئالىمنىڭ يېنىغا ئۆتتى-دە، بەدىنىدىن ئاققان قاننىڭ كىيىمىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ شىلىملىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتى، — ئاھ زورلۇق، ئاھ ئۆكتەملىك، ھېچبىر چېتى كۆرۈنەي دېمەيدۇ-ھە؟!

ئالىم خۇددى ئۆلگەن ئادەمدەك ھېچنېمە سەزمىگەن ھالدا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

ئالىم ئۈستىدىكى بۇ قېتىمقى سوراق مەغپىرەتنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى سۇيىقەست بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

مەغپىرەتنىڭ دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالغانلىقى تۇرسۇن بورانىنى پۇتى كۆيگەن توخۇنىڭ ھالىغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئۆلۈم پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سىر — قورساقتا بالا ئۈندۈرۈپ قويغانلىقى ئاشكارا بولسا، تەشۋىقات دۆيى ھەرقانچە قانات ئاستىغا ئالغان

تەقدىردىمۇ، "ئانىسى بۆشۈكتە تولا تەۋرىتىپ مېڭىسى چايقىلىپ كەتكەن دۆت"نى خەلق جېنىدىن جاق تويغۇزغان بولاتتى. تۇرسۇن بوران ئۇستاتلىق ئىشلىتىپ جىنايى جاۋابكارلىقنى "يامان ئادەملەر"گە ئارتىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ سۇيىقەستنى قاملاشتۇرالىسا بۇ تەشۋىقات دۈيىنىڭمۇ كۆڭلىدىكى ئىش بولۇپ چىققان بولاتتى. شېرىكلىرى بىلەن تىلنى بىر قىلىپ، ئەل بىر ئۇخلىغاندىن كېيىن مەغپىرەتنىڭ جەسىتىنى ئالىملار ھەر كۈنى سەھەرلىكى ئىشكىتىن چىقىپ سۇ ئالىدىغان يانىك گىرۋىكىدىكى ئازگاللىغا ئاپىرىپ قويدى.

ئۇنىغانىغا يونىغاندەك، ئەتىسى سەھەردە ئالىم بىرىنچى بولۇپ چېلەك كۆتۈرۈپ يا تەرەپكە كېلىۋېتىپ، جەسەتنى كۆرۈپ قالدى، يېقىن كېلىپ ئۇ يەر-بۇ يېرىگە سىنچىلاپ قويدى، مەغپىرەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ تەشۋىقات دۈيىگە ئىنكاس قىلماقچى بولدى. شۇ كۈنلەردىكى سىياسى چاڭ-توزاندىن ئېيتقاندا، بىراق بۇ ئالىم ئۈچۈن قىيىن ئىش ئىدى. سۇنى ئېلىپ، ھېچنېمە كۆرمىگەن كىشى بولۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇنى يىراقتىن تۇرسۇن بوراننىڭ ئادەملىرى يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇراتتى، ئالىم سۇنى ئېلىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، دەرھال جەسەتنىڭ دائىرىسىنى كارانتىن قىلدى، چۈشتىن كېيىن ناھىيىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ساقچى-كادىرلىرى، قانۇن دوختۇرلىرى كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈشتى، جەسەت ئەتراپىدىكى ئاياغ ئىزلىرى مەغپىرەتنى "يامان" ئادەملەر سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرگەن، دېمەك ئۇلار ھازىرغىچە كۈچ سىناشماقتا دېگەن "خۇلاسە"نى تەستىقلاتتى.

ئەل بىر ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىرىپ ئالىمنى قولغا ئېلىشتى.

— جېنىم ئاكا، ياش جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مەن ئۆلتۈردۈم دەپ بوينىڭغا ئېلىپ تۇرساڭ بولمىدىمۇ، — دېدى كېرىمجان تېخىنىڭ ئالىم كۆزىنى ئاچقاندا، — راست گەپ ئاقىدىغاندەك ئەمەس، بىكار ئۆلۈپ كېتىسەن.

ئالىم قولىنىڭ كەينى بىلەن جاۋغىيىدىكى قاننى سۈرتۈۋېتىپ، كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ پەس ئاۋازدا سۆزگە كىرىشتى:

— يالغاندىن ئىقرار قىلسام، ئىش مېنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، "گۇرۇھ" بار دېگەن تۆھمەتنى ئاساسقا ئىگە قىلىپ قويىمەن، تەشۋىقات دۈيى "ئالغا"لىقلارنىڭ بېشىدا ياغاق چاقىدۇ، شەخسىي ئامانلىق كىچىك ئىش ئۇكا، مېنى خەلق تەربىيىلىگەن، قۇربان بېرىش ھېسابىغا بولسىمۇ خەلقنى ئاسرىشىم كېرەك!

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ، باش-كۆزى يېرىلغان يەنە بىر "مەھبۇس" ئىتتىرىپ كىرگۈزۈلدى، كامېردىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇپۇر-توپۇر بولۇشتى، ئۆزلىرى بىلەن تەقدىرداش بىچارىگە غەمخورلۇق قىلىشتى، ئورۇن بوشىتىشتى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي "مەھبۇس"نىڭ تەشۋىقات دۈيىنىڭ كاتىپى خۇڭ يەن ئىكەنلىكىنى تونۇپ، سەممىي قارشى ئالغانلىقىدىن پۇشايمان قىلغاندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ، ھەتتا بەزىلەر: بۇ قانداق مۇمكىن، تەشۋىقات دۈيىنىڭ خۇڭ يەننىڭ بېشىنى يېرىپ ئارىمىزغا كىرگۈزۈشتە بىرەر سىر بارمۇ، نېمە، دەپ ئويلاپ قېلىشتى.

رابىگۈلنىڭ سۈيىقەستلىك قايمۇقتۇرۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان

كېرىمجاندا بۇ خىيال ھەممىدىن كۈچلۈك ئەكس ئەتتى.

— ئاناڭىنى، تەشۋىقات دۆيىنىڭ ئۆيۈنى ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ، — دېدى ئۇ قايناپ تۇرۇپ، — ئاغىنىلەر ئىشەنمەڭلار، مۇنۇ گۆي تۇماق بىزنىڭ زۇۋانىمىزنى بىلىدۇ، ناھايىتى لولى، سىر ئېلىش ئۈچۈن چاڭچىلىكەشتەك بوياپ ئارىمىزغا كىرگۈزگەن بۇ ھەرگىز بىزگە ئوخشاش "مەھبۇس" ئەمەس، قۇۋزاق قۇرۇتى، دەرەخنىڭ پوستىغا كىرىپ غولىنى غاجاپ چىرىتىدىغان يۇمشاق قۇرۇت!

كېرىمجان تېخنىك ھەتتا غەزەپلەندى، ئالىم مىڭبىر تەسلىكتە گەۋدىسىنى ئۆرە قىلىپ توسىمىغان بولسا ئېغىر ئەھۋالدا تۇرغان خۇڭ يەننى كۆپچىلىك يېڭىلا بوشىتىپ بەرگەن ئورنىدىن قوزغىۋەتكەن بولاتتى.

— ئۇكا، سەن ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان ئوخشايسەن، — دېدى ئالىم گەپنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ قىلىپ، — يولداش خۇڭ يەن پارتىيەمىزنىڭ ياخشى كادىرى، چېگرا رايوندىكى بىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەممىي دوستى، بىز بىلەن تەقدىرداش، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تارتىۋاتقان كۈننى تارتىۋاتىدۇ.

— ياق، بۇ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن، تەشۋىقات دۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، — دېدى كېرىمجان تېخنىك، تەتۈرلۈك قىلىپ.

— كېرىمجان، بالىلىق قىلما، بېشىمىزدىكى كۈلپەتنىڭ ماھىيىتى ھەرگىز سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، ئىنتايىن چەتىنەپ كېتىۋاتىسەن، — دېدى ئالىم غەيرەت قىلىپ سۆزلەپ.

ئالىم داۋلى سۆزلەپ كېرىمجاننى بېسىپ چۈشكەندىن كېيىن،

تۈرمىنىڭ ئىچى بىرپەس جىمجىتلىققا چۆكتى، باياتىن بېرى گەپ قىلماي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ شۈك ئولتۇرغان خۇڭ يەنىگە بۇ جىمجىتلىق گويا تاشتەك قاتتىق تېگىشكە باشلىدى. كېرىمجان تېخىنىڭ ئورۇنلۇق قايىنايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسىغا ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ يازغان خېتىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، — بۇ قېتىمقى ھەركەت پارتىيىمىزنىڭ چېگرا رايوندىكى خىزمىتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، مىڭبىر جاپا-مۇشەققەت بىلەن تۇرغۇزغان، ئورتاق كۈرەش قىلىپ مۇستەھكەملىگەن ئىناق مىللىي مۇناسىۋەتنى ئاياغ ئاستى قىلدى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا ئىشەنمەسلىك ئۇرۇقى چاچتى...

لېكىن تۈرمە ھاياتى — ئورتاق سەرگۈزەشت ئورتاق تىل پەيدا قىلدى، خۇڭ يەن مەغپىرەتنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسىنىڭ ھەقىقىي سىرىنى — تۇرسۇن بورانىنىڭ رەزىللىكى ۋە ئويۇنىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئاشكارىلىدى. تەشۋىقات دۈيى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان بۇ ئادەم ئاستىرتىن خۇپىيانە كۆزىتىپ ھەممىنى ئۇدۇللۇق ئىگەللەپ تۇرغانىدى، تۈرمە ئىچى بىرمەھەل قاتتىق زىلزىلىگە كەلدى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن سوراقتا مەغپىرەتنى "يوشۇرۇن ئۆلتۈردۈك" دېگەن قىلتاققا يېقىن يولىمىدىم، — دېدى ئالىم ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، — كېرىمجان ئۇكا، سەن مېنى ئىقرار قىل دەيسەنا، قارا، نېمىنى ئىقرار قىلىمەن، ھازىر ھەممە نەرسە روشەن بولدى، تەشۋىقات دۈيىنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى سۇيىقەست. ئۇلار كۆرگەزمىنىمۇ سۇيىقەستلىك يول بىلەن ئويۇشتۇرغان، غەرىزى ئىنتايىن قەبىھ!

كېرىمجان تېخىنىڭ ئىپادە بىلدۈرمىدى، ئۇ، تېخىچىلا تۈرمىدە

خۇڭ يەن بىلەن ئۇچراشقان بىرىنچى مىنۇتتىكى روھىي ھالەتكە ئەسىر ئىدى. سۆيگىنى مەغپىرەتنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر، تۇرسۇن بوراننىڭ ھىيلە-نەيرىڭى مۇنداق قارىماققا كېرىمجاندا تەسىرات پەيدا قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، قاپىقىنى تۈرۈپ، ئىشىكنى قىيا ئېچىپ (گۇندىپايلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ) سىرتقا چىقىپ كەتتى.

قامالغان "مەھبۇس"لار ھەددى-ھېسابسىز كۆپ بولغانلىقتىن، مۇھىم دەپ قارالمىغانلىرى يۈرۈش-تۇرۇشى بىلەن تۇرمە ئەمەلدارلىرىنىڭ كارى يوق ئىدى. كېرىمجان تېخنىك ھويلىغا چىقتى، سېپىلنىڭ ئۈستىدە گىدىيىپ مېڭىپ يۈرگەن قوراللىق ساقچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، سېپىلنىڭ تۈۋىگە ئۆتۈپ، سوغۇق كۈچىيىش بىلەن يالاڭلىق قىلىپ قالغان كالتە چاپىنىنىڭ ئىچىگە تۈگۈلۈپ، مەغپىرەتنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، دەرتكە چىدىماي ئىچ-ئىچىدىن ئېسەدەپ يىغلايتتى.

ئۇ، مەغپىرەتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى بىرىنچى قېتىم ئالىمدىن ئاڭلىغاندا، مۇشۇ يەردە ھازىرقىدەك تۈگۈلۈپ، تا سېپىل ئۈستىدىكى ساقچى پەسكە چۈشۈپ، دولىسىدىن تارتىپ سۆرەپ كامېرغا كىرگۈزۈۋەتكىچە كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ ئولتۇرغانىدى.

يېزا ئىگىلىك تېخنىكۇمىنى تۆت يىل جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئوقۇپ ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەن كېرىمجان تېخنىكقا ئاسان چۈشمىگەنىدى. يېزىلار ئېغىر ئىقتىسادىي يېمىرىلىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇش مەزگىلىدە، ئۇ دېھقان ئائىلىسىدىن ئىقتىسادىي مەدەت ئالالمىدى، مەكتەپتە بولسا تۇرمۇش

ئىنتايىن قىيىن ئىدى. لېكىن كېرىمجانغا تەسىر قىلغىنى ئوقۇشنى توختىتىدىغان يىلى "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ باشلىنىپ جاھاننىڭ مالىماتاڭلىشىپ كەتكەنلىكى، "ئالغا"دا ئۇنىڭ ئىشى، بىلىمى، ئارزۇسى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغانلىقى، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئاق مۇتەخەس-سىسلىك دەپ قارىلىنىۋاتقانلىقى بولدى. ئۇ ئىنتايىن رومانتىك، شۇنداقلا تەسىرگە تېز بېرىلىدىغان، سېزىمچانلىقى كۈچلۈك يىگىت ئىدى. مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرىگە سۆيگۈنى مەغپىرەتنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسى قوشۇلۇپ، يۈرىكىنى قوقاستەك ئۆرتەپ تۇرغان دەرد-پىغاننى ئۇلغايتىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ئۆزگەردى. ئۇنىڭغا خۇڭ يەننىڭ تۇرمىداشلار ئالدىدا بالايىئاپەت مەركەزدىن تارتىپ ھوقۇق ئىگەللىۋالغان بىر ئوچۇم يامان ئادەملەر ۋە ئۇلار يۈرگۈزۈ-ۋاتقان "سول" لۇشيەندىن كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئېيتقان گەپلىرى ئەمەس، رابىگۈلنىڭ يامان غەرەزلىك قايمۇقتۇرۇشلىرى تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدا "ئالغا" باشتىن كەچۈرۈۋاتقان پاجىئەلىك ھاياتنى خەنزۇلارنىڭ چېگرا رايوندىكى ئاھالىلەرنى بۆزەك قىلغانلىقى دەيدىغان خاتا مۆلچەر ئۈستۈنلۈككە ئۆتتى. ئۇ "گۇرۇھ" بار دېگەنگە راستىنلا ئىشىنىپ قالدى. لېكىن يامان دەپ ئاتاشنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيتتى. — نېمىشقا يامان بولىدىكەن، — دەيتتى ئۇ، ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ، — ياخشى ئادەملەر، زۇلۇمغا قارشى ئاتلىنىپ چىققان جەڭچىلەر، ئادالەتپەرۋەرلەر، ھەقىقىي ئىنقىلابچىلار قاراڭلار نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ-ھە، بىر بۇردا ناننىڭ قۇلى بولماسلىق، بىر پارچە ناننى قەيەرگە چۆرىسە شۇ

يەرگە ئۆمىلەپ بېرىپ يەيدىغان ئىتتىن پەرق قىلساڭ، جەزمەن ئورنىڭدىن دەس تۇرۇشۇڭ كېرەك، مەن ئۇلارنى ئىزدەپ تاپىمەن، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە بولۇش ئەڭ غايىلىك ئىش!

ئۇ ئوغرىلىقچە كامىر ئارىلاپ "ئىنقىلابچى"لارنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

— ئۇكا، سەن بىزنىڭ يېنىمىزغا كىرىپ قۇرۇق گەپ قىلما، بىز ئۇنداق ئىشتا يوق، قۇرۇق تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ زەي ئۆيدە سېسىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز.

— بىلىمەن، سىلەر مېنى كىچىك كۆرۈۋاتىسىلەر، — دەيتتى كېرىمجان پەس ئاۋازدا، — قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم، سەپتىن چۈشۈپ قالماي جەزمەن ئاخىرغىچە ئېلىشىمەن.

بەزى كامېرلاردا، ئۇ قاتتىق سىلكىشكە ئۇچرىدى.

— كۆزۈمدىن يوقال ئىپلاس، مېنى يەنە ئوتقا تىقماقچىمۇسەن، نېمە غەرەز بىلەن دەسمى توپلاپ يۈرگەنلىكىڭنى كىم بىلمەيدۇ!

يەرگە قاراڭغۇ چۈشۈپ، تاغ تەرەپتىن چىقىۋاتقان سوغۇق شامال كۈچەيدى. مۇزدەك مىلتىقنى مەيدىسىگە بېسىپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ سېپىل ئۈستىدە گىدىيىپ ئايلىنىپ يۈرگەن ساقچى پوتەي ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كېرىمجان تېخىنىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئۈستى بىلەن ئۆمىلەپ مېڭىپ، قەمىردىن ياتقان كامېر تۆڭلۈكىنىڭ يېنىدا توختىدى. رابىگۈلنىڭ قەمىردىن يەر ئاستى "گۇرۇھ"نىڭ تەشكىلاتچىسى دېگەن سۆزىگە كېرىمجاندا ئەمدى قىلچە گۇمان قالمىغانىدى. كېرىمجاننىڭ نەزىرىدە قەمىردىن ئىنقىلابىي ئۇرۇشلارنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرگەن، چېنىققان، قورقۇمسىز باشلىق، ئۇنىڭ ھازىرقى ناھەقچىلىقنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ يەتكەنلىكىدە گەپ يوق، بۇنداق

خەتەرلىك ئىشقا قەمىردىندەك پىشقەدەم كادىرلارلا رەھبەرلىك قىلالىشى مۇمكىن. ئۇ ھەرگىز توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ، خەتەرلىك پەيتتە ئۆزىنى قوللىغۇچىلاردىن قېچىپ يۈرمەيدۇ.

نەشپۈت دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن "گۇرۇھ" بايرىقى قېزىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن باش جىنايەتچى سۈپىتىدە قەمىردىن ئايرىم كامېرغا قامالغانىدى، ئىشىك ھالقىسىدىكى قۇلۇپمۇ شۇ قەدەر يوغان بولۇپ، كامېرنىڭ تورۇسىدا ئەتىگەندىن بېرى ئېسىپ سوراق قىلىشتا ئىشلەتكەن بىر تال توشۇڭ بىر ئۇچى يەرگە تەگكەن ھالدا ساڭگىلاپ تۇراتتى، كېرىمجان تېخىنىڭ ئاۋۋال ئىككى يېنىغا ئەندىشىلىك كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاندىن تۆشۈكتىن بېشىنى تىقىپ ئۆيىنىڭ ئىچىنى كۆزەتتى. لېكىن ھېچنىمىنى پەرق قىلىپ بولمايتتى. شۇ ئەسنادا ئۆتكۈر پىچاقتەك قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ، ئۈپۈق ئۈستىدىن قول چىراغ نۇرى يورۇتۇپ ئۆتتى، كېرىمجان ساقچىنىڭ پوتەي ئىچىدە تۇرۇپ كۆزىتىۋاتقانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، بىرئاز جىددىيلەشتى.

تۈگۈلۈكنىڭ ئاغزىدىن سىيرىلىپ، بىر پۈتىنى توشۇڭغا يۆگەپ دەسسەپ ئېسىلىپ تۇردى.

— قەمىردىن ئاكا، قورقۇپ كەتمە، مەن كېرىمجان تېخىنىك، "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانىدىن، ئۆز ئادىمىڭ بولىمەن، — دەپ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى.

قەمىردىن ئۇخلاپ قالغانىدى، قۇلاق پەردىسىنى دىرىلدەتكەن ئاۋازدىن كۆزىنى ئېچىپ بېشىنى كۆتۈردى، ئارغامچىغا ئېسىلىپ تۇرغان قارا گەۋدىگە كۆزى چۈشۈپ، تېنى شۈركۈنگەندەك بولدى، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، بىر-ئىككى قەدەم يېقىنلاشقاندا، تۇمشۇغىنى سوزۇپ قارىغان كېرىمجان تېخنىكنى كۆرۈپ، ھاڭ-تاڭ

بولۇپ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— ۋۇي، كېرىمجانغۇسەن، چۈشەنمىدىم ئۇكا، بۇ نېمە هادىسە؟!

كېرىمجاننىڭ قولى تالدى ئېھتىمالىم، چىشنى چىشىغا بېسىپ، توشۇكنى ئۈستى تەرىپىدىن قولىنىڭ بېغىشىغا ياندۇرۇپ بىر-ئىككىنى ئۇرۇۋالدى.

— سەن ماڭا ئىشەنگىن، قېنى قانداق قىلىمىز، ئەقىل كۆرسەت، خەلقنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، سىرتقا قېچىپ دېگىنىڭنى جەزمەن بەجا كەلتۈرىمەن.

قەمىردىن تېخىمۇ ھەيران بولدى، ئۇ نەزەربەندىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، توزاقتا دەسسىتىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ پايلاقچىلار قويۇلدى، "كۆيۈنگۈچى"لەر، "مەسلەكداش"لار ئۇرۇپ كىرگۈزۈلدى، كېرىمجان تېخىنكىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىنمۇ قانداق؟

— ياق، مەن ئۇنى خېلىدىن بېرى چۈشىنىمەن، — قەمىردىن ئۆز خىيالىغا ئۆزى قارشى چىقتى — كېرىمجان ئاق كۆڭۈل، سەممىي ھالال يىگىت، بىراۋنىڭ پوستىغا كىرىۋېلىپ ھىيلە ئىشلىتىش "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دىكى ئىپادىسى بىلەن سىغىشمايدۇ، ئېھتىمال كېرىمجاننىمۇ پاجىئەلىك قىيىنغاندۇ، دىلى سوۋۇغان بولسا...

— ئۇكا، سەندىن بۇنداق گەپنى كۈتمىگەنىدىم، — قەمىردىن كېرىمجان تېخىنكىنى ئارغامچىدىن چۈشۈرۈۋالماقچى بولغاندەك ئىككى قولىنى كېرىپ يەنە بىر قەدەم سىلجىپ تۇرۇپ دېدى، — سېنىمۇ ئۇردىمۇ، قانداق، ئايىنىپ قالغاندىن ساقمۇسەن؟

— ئاكا، ئەقلى-ھوشۇم جايىدا، ناھەقچىلىقتا چىدىمىدىم، يۈرەكتىن ئاجىزلاشتىم، سەن تەشكىللىگەن گۇرۇھقا كىرىپ ئىنتىقام

ئالىمەن.

— ھەي، بىزدە ئۇنداق ئىش يوق، راستىنلا ئايىنىپ قالدىڭمۇ نېمە؟

— بولدى، مەندىن يوشۇرۇپ ئۆزەڭنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمە، بىلىپ بولدۇم. بىزدە يوشۇرۇن گۇرۇھلا ئەمەس، يوشۇرۇن سوتمۇ بار ئىكەن، كاللاڭلار جايىدا ئىشلىگەن، جېنىم ئاكا، غەزىپىم ئىچىمگە پاتمىدى، سەۋر قاچام يېرىلدى، مېنىمۇ ئاراڭلارغا قىستۇرۇۋالساڭلار.

— ھەي، قۇرۇق گەپ قىلما دەيمەن، — قەمەردىن ئىختىيارسىز ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى، — مېنى بالاغا تىقىدىغان بولدۇڭ، قايتىپ كەت، مەن سېنى كۆرمىدىم.

— ئىشەنمەيۋاتىسەن - ھە، خائىنلىق قىلسام يوشۇرۇن سوت ئۈستۈمدىن ھۆكۈم چىقارسۇن، دەريا بويىدا توقايلىقنىڭ ئىچىدە ئىتىۋەتسەڭلارمۇ مەيلى.

قەمەردىن راستىنلا خاۋاتىرلىنىشكە باشلىدى، ئۇ بىرنەچچە قېتىم دۈچ كەلگەن توھمەتلىك ئىشلارنى كېرىمجان بىر باشتىن، خۇددى ئۆزى كۆرگەن ئادەمدەك ئىشەنچلىك سۆزلەۋاتاتتى، قوللىرىنى سوزۇپ ئارغامچىغا ئېسىلىپ تۇرغان كېرىمجاننى ئاۋايلاپ يەرگە چۈشۈرۈۋالدى، زەي بۇلۇڭغا تىقىلىۋېلىپ پەس ئاۋازدا بىرپەس مۇڭداشقاندىن كېيىن، جۇماقىنىڭ دەججال خوتۇنى رابىگۈل تەرىپىدىن ئېزىقتۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتى، غەزەپتىن بەدەنلىرى تىكەنلەشتى.

— سەن راستىنلا قايمۇققۇپسەن، — قەمەردىن ئىختىيارسىز ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ زەردە بىلەن سۆزلىدى، — بۇنىڭ ھەممىسى

سۇيىقەست، ھازىر شۇنداق ۋەزىيەت شەكىللەندىكى، بەزىلەر ۋىجدان ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى چۈشىنىپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتسا، بەزىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئادەم جەسىتىدىن شوتا ياساپ يۇقىرىغا ئۆرلىمەكتە، بىر ئادەمنى چۈشىنىشنىڭ ئۈچۈن بىر تاغار تۇزنى بىللە ئىچىشنىڭ كېرەك دېگەن گەپ بولىدىغان، "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" چوڭ دەرسلىك بولدى، بىز بىر قوشۇق تۇزنى بىللە يالىمايلا تونۇغۇنلىغان ئادەملەرنى چۈشەندۇق، قارا نىيەتلەرنى، سۇيىقەستچىلەرنى، تۆھمەتخورلارنى، راھەت-ئابروي، ئەمەل ئۈچۈن ئانىسىنى بوغۇزلاشقا قولى بارىدىغان شەخسىيەتچى ۋىجدانسىزلارنى كۆرۈۋالدۇق. جۇماق ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەنە شۇنداقلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. جۇماق "گۇرۇھ" بار دېگەننى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم ئىچتى، ماڭا يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ تۆھمەت قىلدى، ھويلىسىدىن "گۇرۇھ" بايرىقى دېگەننى چىقاردى، ئوتىنىڭ ئۈستىگە كىرسىن چاچقاندەك، شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز بېشىدا يېنىۋاتقان بالايىئاپەت ئوتى ئۇلغايدى. جۇماقتا غەرەز بار، لېكىن چۆچۈرىسىنى خام سانايدۇ، تارىخ ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى، جۇماقنى كۆتۈپ تۇرغىنى پايدا، مەنپەئەت، ئەمەل ئەمەس، جەزمەن شەرمەندە ئاقىۋەت بولۇپ چىقىدۇ!

كامىرنىڭ ئىچى شۇ قەدەر قاراڭغۇ ئىدىكى، قازانىنىڭ كۆيىسىنى ئەسلىتەتتى. قەمىردىن تىترىگەن قولى بىلەن ئۆمەلەپ تۇتۇپ گېزىت قەغىزىگە تاماكا يۆگىدى، سەرەڭگە ياققاندا، كېرىمجان ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ يۈزىنىڭ چىملىق-چىملىق تەرلەپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

— ماقۇل "گۇرۇھ"نى يوق دەپ تۇرايلى، — دېدى كېرىمجان

ئۆز گېپىگە قايتىپ كېلىپ، — ھازىرقى ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك؟ بىز شۇ قەدەر بوزەك خەلقمۇ، نېمە ئۈچۈن تەقدىرگە تەن بېرىپ، قان - يىرىڭ يۇتۇپ ئولتۇرىدىكەنمىز؟

— توغرا، بۇ گېپىڭ توغرا، قەتئىي تاقابىل تۇرۇش كېرەك، — دېدى قەمىردىن تاماكىنى پات - پات شوراپ تۇرۇپ، — بىراق ئوتتۇرىغا چىقىشقا تېخى بالدۇر، ئۇنداق قىلساق، تەشۋىقات دۆلىتىنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشىدۇ، قاراڭلار بىز نېمىدېگەنسىدۇق، ئەنە... دەپ چۇقان كۆتۈرىدۇ، ئىپلاسلىقلىرىنى ئاساسقا ئىگە قىلىپلا قالماي، خەلققە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ زۇلۇم سالىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، تەشۋىقات دۆلىتىنىڭ خەلققە قارشى ماھىيىتى تولۇق پاش بولغىنى يوق. ئۇلار خەلق ئىچىدىكى ۋەتەن بىرلىكىگە بولغان ساداقەتتىن ھېلىھەم پايدىلانماقتا. مېنىڭچە، — قەمىردىن تۇمشۇقىدىن ئۇت چاچرىتىپ تاماكىنى ئىچى ئىسقا توشقىچە شورىدى، — بىرىنچىدىن، بىزدە ئۇنداق ئىش يوق دېگەندە چىڭ تۇرۇشىمىز، يامان ئادەملەرگە ئالدىنىپ قۇيرۇق تۇتقۇزۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز، ئىككىنچىدىن، قەتئىي رەت قىلىش، ئىنكار قىلىش يولى بىلەن تەشۋىقات دۆلىتىنى ئامالسىز قالدۇرۇشىمىز لازىم. مەن ھېچبىر كامىنىڭ "ئىقرار" قىلىشىغا، جۇماقىنى قوشۇۋالغانلىقىغا قوشۇلمايمەن. توغرا، ئۇ ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇپتۇ، تاھارەتكە چىققاندا، بىرەيلەندىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزەتچىنىڭ قىزىقچىلىقلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. لېكىن يەنىلا توغرا ئەمەس، بىز تارىختا بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ئىسسىق قېنىمىز بىلەن ھەسسە قوشقان، ھازىر ئاز - تولا قۇربان بەرسەك مەيلى، ۋەتەن بىرلىكىگە سادىقلىقىمىزنى ئىسسىق قېنىمىز بىلەن ئىسپاتلايمىز

ئەمەسمۇ، بىز چىلىك تۇرساق، ئالدانمىساق، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتنى پاش قىلساق، تەشۋىقات دۆيى قۇرۇق پالاقلاپ قالىدۇ، ئەكسىيەتچى ماھىيىتى پاش بولىدۇ، خەلق چەك-چېگرا ئاجرىتىدۇ، شۇ چاغدا قەمىردىنىڭ سەن دېگەن ئىشقا بەل باغلايدۇ، ئۇ كا، بىز بۇ ئىشنىڭ مۇرەككەپ تەرىپىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك!

ئۇلارنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەنىدى، شۇ ئەسنادا تۈگۈلۈكنىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇقتا ۋال-ۋۇل قىلغان چىراغ يورۇقى كۆرۈندى-دە، ھەر ئىككىيلەن چۆچۈپ ئورنىدىن تورۇشتى.

— ماڭا يەنە ئېيتىدىغان گېپىڭ بارمۇ؟ — دېدى كېرىمجان ئارغامچىغا يامىشىپ تۈگۈلۈككە يېقىن بارغاندا كەينىگە قايرىلىپ.

كېرىمجاننىڭ كۆز قارىچۇقى قاراڭغۇدا گويا يېڭىلا لىپ قىلىپ ئۆچكەن چىراغ نۇرىدەك ۋال-ۋۇل قىلىپ كۆرۈندى.

— ھەممە گەپنى ئېيتىشقا ۋاقىت يار بەرمەيدىغاندەك، — دېدى قەمىردىن تۈگۈلۈك تەرەپكە بوينىنى سوزۇپ قاراپ، — يەنە بىر ئېيتىپ قوياي، يامان ئادەملەرگە ئالدىنىپ ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويماڭلار، ھازىرقى ئەھۋال ۋاقىتلىق، بىز چوقۇم يورۇقلۇققا چىقىمىز.

ئۇچەيدەك سوزۇلغان تار كارىدوردىن كىمدۇ بىرى يۆتەلدى، ئارقىدىنلا ئاياغ تىۋىشى كەلدى، كېرىمجان تۈگۈلۈكتىن چىقىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتكەنىدى، قەمىردىن ئورنىغا ئاستا بېرىپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى.

## 3. قايمۇقاندا قايرىلغان يول

رازىخاننىڭ كەچۈرمىشلىرى ئەرگە تېگىپ دۇنيانىڭ خورلۇقىنى

كۆرمىدىم دېگەن خەلق ئېچىدىكى تەمسىلنى ئەسلەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇھەببەتكە سادىق كۆڭلى ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك، ئالىمنىڭ دەردىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، بىھۇدە گەپ قىلىشنى راۋا كۆرمەيتتى.

دەرۋەقە، رازىخاننىڭ بېشىغا كەلگەن ئىش ئاز ئەمەس ئىدى. ئالىم تۈن يېرىمىدا ئۇشتۇمتۇت تۇتقۇن قىلىنغانلىق پاجىئەسى ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئېغىر تۇيۇلدى.

شۇ كۈنى ئەر-خوتۇن: مەغپىرەتنىڭ ئۆلۈمى بىزنىڭ خەۋىرىدىمىزدە يوق ئىش ئىكەن، دەپ كەسكىن جاۋاپ بېرىپ، نامازشام ۋاقتى بىلەن سوراقخانىدىن يېنىپ چىقىشتى. ئەتراپنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ ئاسماندىن ئۇششاق قار چۈشۈۋاتاتتى. ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كېلىپ، كىيىمى بىلەنلا كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە قىڭغىيىپ ئۇخلاپ قالغان دىلدارنى ئويغىتىپ، بىرپەس ئىشىك تۈۋىدە كۈتۈپ تۇرۇشتى ۋە قىزنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن:

— دىلدار، ئىشىكنى ئېچىپ بېرىڭ قىزىم، بىز قايتىپ كەلدۇق، — دېدى ئۇلار بوش ئاۋازدا.

دىلدار چۆچۈپ ئويغاندى. خۇددى رىۋاتلەردىكىگە ئوخشاش قاشلىرى قەلەم، كۆزلىرى قۇندۇز، چاچلىرى سۇمبۇل، ئاھۇ كۆز ۋە بۇرنى ئىگىپ چۈشكەندەك يارىشىملىق بۇ قىز بەكمۇ چېچەن چوڭ بولغانلىقتىن سەككىز-توققۇز ياشلارغا كىرگىنىگە قارىماي "ئالغا"دا روي بېرىۋاتقان ئىشلارنى چۈشىنەتتى. كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن دەرپەردە ئىشىكنىڭ ئەينىكىگە يۈزىنى چاپلاپ قاراپ تۇرغان ئانىسىنى كۆردى، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

ئۇلارنىڭ تېخى كەچلىك تاماق يېمىگەنلىكى دىلدارنىڭ يادىدا ئىدى.

— ئەمدى سىلەرنى چاقىرىشمايدىغاندۇ، — دېدى قىز چەينەكتىكى مۇزلاپ قالغان چاينى ئىككى چىنىگە تەڭشەپ قويۇپ، — يالغۇز قالساق كەچتە قورقىدىكەنمىز.

— ئەمدى ھېچ يەرگە بارمايمىز قىزىم، — دېدى رازىخان.

— سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىلا بىر ئادەم ۋارقىراپ يىغلاپ ئۆتتى. دېرىزىنىڭ تۆۋىگە كېلىپ قارىدىم، كوچا قاراڭغۇ، تونۇيالمىدىم، ئىككى ئادەم: ئۇنىڭنى چىقارما ئەبلەخ، بىكار ئۆلسەن دەپ قولىدىكى تاياق بىلەن نۆۋەتلىشىپ گۇپ-گۇپ ئۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، نېمىشقا ئۇنداق ئىشلار بولۇۋېرىدۇ؟ قورقۇپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. دادا، سىلەرنى ئۇرمىغاندۇ؟

ئالىم نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمىگەندەك قېتىپ، تاراقلاپ تۇرغان قاتتىق ناننى سوغۇق چايغا چىلاپ ئېرىنچەكلىك بىلەن چايناپ گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى.

قىزنىڭ سوئالى ھەقىقەتەن كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى، مۇشۇ بىر گەپتىنلا "ئالغا"دا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم ئەمەسمۇ؟ قاراڭلار، كىچىككىنە ئويۇن بالىلىرىمۇ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن-ھە؟!

خاتىرجەم بولۇڭ قىزىم، بىزنى ئۇرمىدى، — دېدى ئالىم ئاغزىدىكى ناننى زورىغا يۇتقاندىن كېيىن، — ئۇرغۇدەك ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدۇق.

— دادا مەن قورقىدىكەنمەن. ئاپام ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇن سېلىپ ياتاي.

شۇنداق قىلىڭ قىزىم، مېنىڭ قوينۇمدا ئۇخلاڭ، مەنمۇ بالا مېھرىگە قېنىۋالاي!

لېكىن ئاتا-بالا بىر-بىرىنىڭ مېھرىگە قانمىدى، ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ شۇ كۈنى كەچ ياتقانىدى، كۆزى ئەمدىلا يۇمۇلۇپ تۇرۇشىغا لۈكچەكلەر جاھاننى بېشىغا كىيىپ ئەنسىز ۋارقىراپ ئۇشتۇمتۇت ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. ئالىم تۇتقۇن قىلىندى.

كىتابخانىلىرىمىزغا مەلۇم بولغاندەك، مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن دىلدار ئەقلىدىن ئادىشىپ قالدى. تۇمۇچۇۋقتەك چىرايلىق، چېچەن قىزنىڭ ئادىشىپ قېلىشى ئەلە-مەلىنىڭ ئىچىنى سىيرىۋەتتى. دادىسى تۇتقۇن قىلىنغان قىزنى ئۇ چاغلاردا "ئالغا"دا دوختۇرلار داۋالىمايتتى. داخان-موللىلار، شۆلگىيىنى چاچرىتىپ دەم سېلىپ، شىپالىق دورا ئورنىدا ئىشلىتىدىغان تەقۋادار يوغان سەللىلىك ئىمام، مەزىنلەر، ئادراسمان پۈرىتىپ "جىن قوغلايدىغان" بۈۋدەلەرنىڭ "پەرىشتەلىكى" ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ قالغان، ئۇلار كىسەل كۆرۈشتىن قاچىدۇ!

رازىخانىغا دىلدارنى چاتىرىغا قىستۇرۇپ، ئىككى دولىسىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇپ، قىزىنىڭ خېلىدىن بېرى تاغاق تەگمىگەن پاخما، چېچىگىش چاچلىرىنى تاراپ، چاچلىرى ئۇستىگە كۆز يېشىنى ئېقىتىپ، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ئاچچىق خىيالىدا پۇچۇلۇنۇپ ئولتۇرۇشتىن ئۆزگە ئامال قالمىغانىدى.

رازىخان بالىلىق، ياشلىق دەۋرىدىن تارتىپ تولىمۇ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشتا ئۆتۈپ كەلدى، ئانىسى ياش تۇل قالدى، ئۇكىلىرى ئۇششاق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مەكتەپ يۈزى كۆرمىدى، ئىلىم-مەرىپەت شەرۋىتىدىن تېتىش شان-شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالمىدى،

ئەمما جاپاكەش، ئەمگەكچان بۇ قىز ئەمگەكچىلەرنىڭ پەرزەنتىگە ئوخشاش نامرات ئانىسىغا قانات-قۇيرۇق بولغانلىقىغا، ئېغىرنى يېنىكلەشتۈرەلىگەنلىكىگە خۇشال ئىدى.

رازىخاننىڭ غېمى جۇڭغار دالىسىدا ھاياتلىق ئۈمىدىنى يالغۇز سىيىرنىڭ سۈت-قايمىقىغا باغلاپ ئاران-ئاران ئۆتۈۋاتقان ئانىسىدا ئىدى، ئۇ ئىلىغا كەلگەن دەسلەپكى چاغدا، بۇ يەردىكى تۆكمىچىلىكنى كۆرۈپ، ئانىسىنى ئالدۇرۇۋېلىش كويىدا بولدى. شىخودىن ئايرىلىش ۋاقتىدا بۇ ئىش ئۈستىدە گەپ-سۆز بولغان. ئانا ماشىنىنىڭ كەينىدىن كۆز يېشى قىلىپ ئۈزىتىپ تاشيول بويىغا كەلگەندە، ئالىم بىلەن رازىخان چىدىماي سەكرەپ چۈشۈپ يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ خوشلاشقان. كۆڭلۈڭنى توق تۇت، سەن تولىمۇ جاپاكەش ئانا، بىز سېنى مەڭگۈگە تاشلاپ كېتىۋاتقىنىمىز يوق، ئىلى بىز ئويلىغاندەك ياخشى جاي بولۇپ چىقسا، ئۈكىلىرىمىز بىلەن قوشۇپ جەزمەن ئالدۇرۇۋالىمىز دەپ تەسەللى بېرىشكەنىدى، "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" دېگەن ھەرىكەت ھەممە ئارزۇ-ئارمانىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورىدى، رازىخاننىڭ ھازىرقى كۈنلىرى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەرلەشتى، ئانا — رابىخان قايماقىنىڭ ھالى نېچۈككىن؟ كالىنى تويدۇرالمايۋاتىمەن دەپ تۇرمۇشتىن زارلىنىپ بىر پارچە خەت يازغان بويىچە يۈتۈپ كەتتى. ئاھ، جېنىم ئانا سەن نېمە قىلىپ يۈرىدىغانسەن؟!

بۇ خىيال بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆز يېشىمۇ بۇلدۇقلاپ ئېقىپ چۈشەتتى.

ئالىم تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، تۇرسۇن بوران ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، رازىخاننى سوراق قىلىدىغان

بولۇۋالدى:

— ۋۇي ئوخشالمايدىغان شور پېشانە، — دەيتتى ئۇ دېۋەيلەپ ئالدىغا كېلىپ، — سەن بولساڭ بىر تۇل خوتۇننىڭ بالىسى، ئاناڭ كەمبەغەلچىلىكتە ئۆتكەنىكەن، بىر يامانغا خوتۇن بولغاننىڭ ئۇستىگە، كەمبەغەللەر سىنىپىغا خائىنلىق قىلىپ نېمە ئۈچۈن ئېرىڭنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى يوشۇرىسەن-ھە؟ ئالىم مەغپىرەتنى قانداق سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈردى، قېنى، تېز جاۋاب بەر!

ئەتىگەندىن بېرى توختىماي ياققان قارنىڭ سوغۇقى كەچقۇرۇن بىردىنلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. رازىخان بوران چىقىپ تۇرغان سوغۇق ئۆينىڭ سۇپىسىدا دىلدارنى پۇتىنىڭ ئارىسىغا قىسىپ شۈمشەرەپ ئولتۇراتتى، ئىشىكنى ئېچىپ تۇيۇقسىز تۇرسۇن بوران يەنە كىرىپ كەلدى.

— شور پېشانە، جاھىللىق قىلساڭ، بۈگۈن ساڭا ياخشىلىق يوق، قېنى، ئالىمنىڭ مەغپىرەتنى سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرگەن جىنايىتىنى بىر-بىرلەپ تاپشۇر.

بۇ كېچە تۇرسۇن بورانغا ھەمراھ بولۇپ بىرنەچچە خەلق ئەسكىرى تولۇق قوراللىنىپ بىللە كەلگەنىدى. بۇ يوچۇن ئادەملەرنى كۆرۈپ دىلدارنىڭ ئەستېرىيىسى قوزغىلىپ، ئاچچىق چىرقىراپ ئۆزىنى تالا تەرەپكە ئاتتى، ئانا بىتاقەت بولدى، ھېچنېمە بىلمىگەن بولۇپ قىزىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەنىدە، خەلق ئەسكىرى قولىدىكى مىلتىقىنى توغرى قىلىپ يولىنى توستى:

— مۇدىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەر، بالاڭ ئۆلمەيدۇ، نەگە قاچىسەن ئەبلەخ، — دېدى.

بالىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ چىقالمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ رازىخاننىڭ

بىرئاز ئاچچىقى كەلدى.
— بىز بۇ سوئالغا ئىلگىرى جاۋاپ بېرىپ بولغان، مەغپىرەتنىڭ ئۆلۈمى خەۋىرىسىمىز يوق ئىشكەن، — دېدى رازىخان رەللە بولۇپ.
— جەسەت ئەتراپىدىكى ئىزلاردىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەنزىسىنى بېكىتىپ بولدى، جىنايى جاۋابكارلىقنى يوشۇرالمايسەن.
— ئۇنداق بولسا...، — ئالىمنىمۇ تۇتۇپ كەتتىڭلار، مېنىڭدىن يەنە نېمىنى سورايسىلەر؟
— مەغپىرەتنى ئالىم يالغۇز ئۆزىلا ئۆلتۈرگەن ئەمەستۇ، "گورۇھ" تىكى ھەمنەپەسلەردىن يەنە كىملەر بار؟ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەردە نېمە مەسلىھەتلەر بولدى، تولۇق تاپشۇرساڭ، ئالىمغا يېنىكلىتىپ چارە كۆرۈلىدۇ.
— ھازىرقى گېپىڭلارنىڭ ھەممىسى سۈيىقەست، يالغاننى راست دېيەلمەيدىكەنمەن.
— جاھىللىق قىلما، بىكار ھېلى...پۇشايمانغا قاچا ئىزدەپ قالىسەن.
— تەھدىتكە باش ئېگىشنى بىلمەيدىكەنمەن!
— دەرھال ئەيۋەشكە كەلتۈرۈلسۇن، — دېدى تۇرسۇن بوران ئاچچىق چىرقىراپ، بۇ گەپ بىلەن تەڭ قوراللىق لۈكچەكلەر رازىخانغا ئاچ بۆرىدەك يېپىلىپ كەلدى.

. . . . . .

قەمىردىن بىلەن ئالىم شامالدىتىشقا ئېلىپ چىقىلغاندا، كۈتمىگەن بىر ۋاقىتتا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى، "مەھبۇس"لارنىڭ قاماق

شارائىستىدە ئۇچرىششى ئاسانغا توختايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى،
پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەنىدەك، ئۇلارمۇ ئالدىراپ-تېنەپ باش-
ئايىغى يوق قىسقا گەپلەرنى كۆسۈرلىشۋالدى، قاراشلىرى، ئىما-
ئىشارەتلىرى شۇ قەدەر مەنىلىك ئىدى.

ئۇچرىشىش ئالىمغا ناھايىتى چوڭ مەدەت بولدى ئېھتىمالىم،
سوراققا ئېلىپ چىققاندا:

— نېمە تۆگىمىگەن سوراق بۇ، گەپ بىر، قۇلاق ئىككى، مەغ-
پىرەتنى مەن ئۆلتۈرمىدىم، يەنە دېسەم يەنە شۇ، قانداق قىلى-
سەن؟ — دەپ گۆلەيدى.

بۇ سەپەر سوراق ئۈستىدە ئۇنى قاتتىق ئۇرۇشتى، ئۇ، ھوشىدىن
كەتكەندى، سوراقچىلار: ئۆلمىگەن بولسا ئەتە كۆرەرمىز، قارنىڭ
ئۈستىدە سوغۇق يەپ سەگىسۇن، دەپ تۆرمە سېپىلىنىڭ كەينىدىكى
ئازگالغا ئالىمنى ئىتتىرۋېتىپ، ئۆزلىرى ئىسسىق ئۆيگە كىرىپ
كېتىشتى.

بىر ھېسابتا بۇ ئالىمنىڭ دەھشەتلىك سوراق، قىيىن-قىستاقتىن
ۋاقتىنچە بولسىمۇ يىراق تۇرۇپ، جېنىنى ئارام ئالدۇرۇشىنىڭ پۇر-
ستى ئىدى. ئۇ ئازگالدا ئۇزۇن ياتتى، خۇددى ئۆلگەن ئادەمدەك
ئۆزىنى سەزمەيتتى. ئاچچىق سوغۇق تاياق زەربىسىدىن خامۇشلان-
غان بەدىنىگە تەسىر قىلغاندا، ئاستا كۆزىنى ئاچتى. لېكىن قاراڭغۇ
چۈشكەنلىكتىن ھېچنېمىنى پەرق قىلىپ بولمايتتى. ئالىم تۆرمە
تەرەپكە چەكچىيىپ بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئۆيى تەرەپكە قاراپ
ماڭدى، ئۇ دۈشمەن بازىسىغا خۇپىيانە زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى
تاپشۇرۇۋالغان جەڭچىدەك، قېلىن قار ئۈستىدە ئۆمىلەپ
كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئەمدى بايىقىدىنمۇ سەگەكلىشىپ قالغانىدى. قار ئۈستىدە بېغىرلاپ كېتىۋېتىپ خىيالىدا، ئوتتۇرىسى تارىلىپ كەتكەن كونا بورىدا ئايرىلغان ھاجەتخانىدا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ كۈسۈرلاۋاتقان قەمەردىننى كۆرگەندەك قىلدى.

ئالىمنىڭ قەمەردىنگە قانچە-قانچە گەپلەرنى ئېيتقۇسى، قىنىپ-قىنىپ سۆزلەشكۈسى بار ئىدى، ئېھتىيات قىلدى، چۈنكى ھاجەتخا-نىدىن تۆت-بەش قەدەم نېرىدا ئىككى ساقچى ئىككىسىنىڭ قايتىپ چىقىشىنى كۈتۈپ، پۇرقۇرىتىپ تاماكا چەككەچ پاراڭلىشىپ تۇراتتى.

ئەمما ھازىر سوراق ئۈستىدە گاراڭ بولۇپ كەتكەن كاللا سوغۇق-تىن بىرئاز سەگىگەندە، قەمەردىننىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېيتىپ ئۈلگۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ مۇنۇلارنى ئەسلىدى: بىز "ئالغا"لىقلار خۇددى مەسۇم بالىدەك پاك ئادەملەرمىز، قورقماي گەپ سۆزدە دادىل بولۇپ، سۇيىقەست، قۇرۇق تۆھمەت دېگەننىڭ بىسىنى قايرىۋېتىش كېرەك. ئۇرۇشتا بۇنى مۇداپىئە كۆرۈش ھۇجۇمى دەپ ئاتايدۇ، ھازىر تەشۋىقات دۇيىنىڭ ئۆپكىسى تېۋگەپ، كانىيى كۆرۈنۈپ قالدى، ئىچىدىن سوقۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، يەنە بىرمەزگىل قۇرۇق پالاقلىسىلا، مېزى چۇۋۇلىدۇ، "ئالغا"لىقلار ئۆكتەملىك ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ!

سوراق ئۈستىدە سۆزلەپ لۆكچەكلەر بىلەن تەڭ كېلىش بولمايتتى. چۈنكى ئۇلار داۋلى ئۇقمايتتى، بىرەر ئامال قىلىپ كۆزدىن يىتىش، مۇمكىن بولسا قېچىپ كېتىش ئالىمنىڭ نەزىرىدە تەشۋى-قات دۇيىنى پالاقلىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئىدى. شۇڭا سەگى-گەندە تۇرمىگە ئەمەس، ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ئايالى بىلەن تەشۋىقات دۇيىنى قۇرۇق پالاقلىتىش ھەققىدە مەسلى-

ھەتلىشىدۇ، قەمىردىننىڭ پىكرىنى مۇمكىن بولغان دەرىجىدە ئاڭلى-تىدۇ، خەلق ئىچىدە تەشۋىق قىلىدۇ.

ئۇ ئۆيىگە يېرىم كېچىلەر بىلەن يېتىپ كەلدى، يىراقتىن چىراغنىڭ يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى رازىخان تاماق ئېتىپ كۈتۈپ تۇرغاندەك، مۇزلاپ قاتقان بەدەنلىرى ييللىغاندەك بولدى. بىرئاز تېتىكلىشىپ ئۆمىلەپ ھويلىغا كىردى، ئىشىك داغدام ئوچۇق تۇراتتى، تاپسىغا ئۆتكەندە رازىخاننىڭ تورۇستا ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەندىكىپ پىغان بىلەن قاتتىق بىر ۋاقىرىدى-دە، گويا يۈرىكى "تارس" قىلىپ بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەندەك ھوشىدىن كەتتى. كۆزىنى قايتا ئاچقاندا، ئانىسىنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدا بىر قولىنى ئاغزىغا سىلىپ پەرۋاسىز شوراپ ئولتۇرغان دىلدارنى كۆردى، يۈگۈرۈپ بېرىپ رازىخاننى ئېسىقتىن چۈشۈرۈۋالدى.

رازىخان ئېسىقتىن چۈشۈرۈلۈپ بىرئاز ئېسىغا كەلگەندىن كېيىن، ئالىم تۇرسۇن بورانىنىڭ بىرنەچچە خەلق ئەسكىرىنى باش-لاپ كىرىپ ئۇنى سوراق قىلغانلىقىنى ئۇقتى. سوراقتا مەغپىرەتنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمىغاندا، رازىخاننى تورۇسقا ئېسىپ ئۇرغان ۋە شۇ پېتى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن.

"بالا كەلسە قوشلاپ كېلىدۇ، بىر-بىرىنى باشلاپ كېلىدۇ" دېگەندەك، ئۈستى-ئۈستىگە كېلىۋاتقان دەرد-ئەلەم ئەر-خوتۇن ئىككىسىنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ تەشۋىقات دۇيى پەيدا قىلغان قالايمىقانچىلىق ئوچۇق قارشى تۇرۇش ئىمكا-نىيىتىنى بەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ توزىقىدا ياۋاش مەخلۇقتا ئايلىنىپ يەم بولۇپ بېرىش كېرەكمۇ؟!

ئەر-خوتۇن ئىككىسى بالىسىنى ئېلىپ، ئۆز زامانىدا روزى باپكار بالا-چاقىسىنى ئېلىپ ئەگەشتۈرۈپ داۋان ئېشىپ ئىلىغا چىققانغا ئوخشاش، نىجاتلىق تىلەپ داۋان ئېشىپ جۇڭغار دالاسىغا، تۇل ئايال رابىخان قايماقنىڭ يېنىغا كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بىركۈنى كەچ كۆز باغلانغاندا، "ئالغا"دىن خۇپىيانە كېتىپ قالدى. ئالىم نېفىت قىدىرىش ئەترىتىدە ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، جۇغراپىيىۋى بىلىمگە ئاساسەن ئىلىنىڭ تاغ-داۋانلىرىدا يوشۇرۇنۇپ مېڭىشنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. مۇزنىڭ ئۈستى بىلەن مېڭىپ دەريادىن كۆنەس تەرەپكە ئۆتتى، دەريا ياقىسىدىكى چىغانلىق يوشۇرۇن مېڭىش ئۈچۈن ئەپلىك ئىدى. چاندۇرماي بىر كۈن يول يۈرۈپ، كۆز باغلانغاندا قاشنىڭ كۆۋرۈكىدىن سالامەت ئۆتۈۋالدى، توقاي مەھەللىسىدە ئۆزىگە ئوخشاش دەردمەننىڭ ئائىلىسىدە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى سەھەر يەنە يولغا چىقتى.

ئەر-خوتۇننىڭ يىرتىق ئۈستىبېشى، بىچارە ھالىتى، ئاينىغان دىلدارنىڭ ئەلەڭلەپ قاراپ ئاننىڭ يېنىدا پۇلاڭلاپ مېڭىشى (رازىخان ئۇنى بىر قولىنىڭ بېغىشىدىن چىڭگىدە تۇتۇۋالغانىدى) كىشىلەردە: قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەم دېگەن گۇمان پەيدا قىلمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئېھتىيات قىلىپ ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنى بېسىپ، تەلكە-ئاغزىغا كەلگىچە توپتوغرا ھەپتە ۋاقىت ئۆتتى. تەلكىدە چاقىغا زەنجىر باغلاپ داۋانغا ئاران-ئاران چىقىۋاتقان ماشىنىدىكىلەرنىڭ بىچارە قاچاققا زەڭ سالغىلى ھالى، "قېچىپ كېتىۋاتىدۇ" دەپ خەۋەر قىلىدىغان ۋاقتى يوق ئىدى. سەنتەيدىن ئۆتكەندە، ئالىمنىڭ ئۆزىمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئالىم بىلەن ئەمدى ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان-

لىقى تۇرغان گەپ. قاچاق ئىكەنلىكىنى سەزگەن تەقدىردىمۇ چار-چاپ ئاران-ئاران كېتىۋاتقان ئادەمنى قانداق قايتۇرۇپ كېتىش كېرەك؟ قىشتا چولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان ئادەمنى ماشىنىغا سېلىۋالىدىغان شوپۇر تېپىشنىڭ ئۆزى بىر گەپ-تە!

ئۇ تاشيول بويلاپ، ئارۋاڭ-سارۋاڭ بېسىپ كېتىۋاتاتتى. تۇتۇلۇپ قېلىش ئەندىشىسى يىراقلاشقاندىن كېيىن، باشتىن كەچكەننى خىيال قىلىشقا باشلىدى، كونا جەمئىيەتتە دادىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلەشتۇرۇپ ئازنا بازاردا ماتا ساتقانلىقى، ئاغرىپ قالغانلىقى، ئەلەم يۇتۇپ تېۋىپنىڭ دۇكىنىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئانىسىنىڭ قەلەندەرنىڭ ئالدىدا يانچۇقىنى تىمىسقىلاپ تۇرۇپ قالغانلىقى خىيال ئېكرانىدا ئوچۇق كۆرۈندى. ئوڭچىللىققا قارشى كۇرەشتە ياتقىغا ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىرىپ قولىغا كويزا سالغانلىقى، روزى باپكارنىڭ جەستىنى دەريادىن سۈزۈۋالغان ئۆلۈم پاجىئەسى ئارقىدىن ئۇلىنىپ ئۆتتى. ئالىم ھاياتىدا كۆپ قېتىم خۇشاللىق تەنتەنىلىرى قىلغانلىقىنى ھېلىھەم ئۇنتۇغىنى يوق، لېكىن زەردە گۆش قىلىپ جاننى ئۇپرىتىدىغان پاجىئەلىك كەچۈرمىشلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئايىغى كۆرۈنمەيدىغاندۇ-ھە؟!

ئۇلار شىخوغا ئەتىگەن سائەت ئونلاردا يېتىپ كېلىشتى، مالچىلارنىڭ يوچۇقلىرىدىن سوغۇق شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تام ئۆيدە قۇرۇق نان غاجاپ، پوتون يېتىپ، پۈتۈن قوپۇپ بېسىپ ئۆتكەن ئۈزۈن مۇساپە بەكمۇ ھاردۇرۇۋەتتى، ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئارانلا پىلدىرلاپ قالغاندى. ئۇلار كۆڭلىدىكى مۆلچەر بويىچە يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە رابىخان قايماقنىڭ ھوزۇرىدا بولىدۇ، ئانىلىق مېھرىگە قېنىپ ئىسسىق ئۆيدە ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرىدۇ،

قايماقلىق ئەتكەن چاي ئىچىدۇ، تەرلەيدۇ، چاپىنىنىڭ يىرتىق يەڭلىرى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتىدۇ.

لېكىن ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقمىدى. شىخو بازىرىغا ئەمدىلا قەدەم قويۇشىغا قارشى تەرەپتىن بىر توپ ئادەم رابىخان قايماقنى سازايى قىلىپ ئالدىغا چىقىپ قالدى. ئانىنىڭ يۈزىگە كۆيە سۈركەلگەن بولۇپ، بوينىغا ئاسقان تاختايغا "سۈت-قايماق سېتىپ كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئۇنسۇر" دېگەن خەت موبى قەلەم بىلەن يېزىلغانىدى. ئالىم چۆچۈپ، گويا ئىشەنمە-گەندەك كۆزىنى يوغان ئېچىپ قارىدى. دەرھال تونۇدى، ئانا ئالىم ياردەملىشىپ ئوت يۇدۇپ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگەن چاغدىكىدىن كۆپ ئۆزگەرگەن، ياماق چىت كۆڭلىكى يىرتىلغان، تارمۇشتەك چىلىڭ گەۋدىسى سوغۇلۇپ كىچىكلىگەن، چاچلىرى خۇددى ئۆزى سېتىپ يۈرگەن سۈتنىڭ رەڭگىدە ئاقارغانىدى.

ئۇ بوينىدىكى تاختاينىڭ سالمىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي مۆك-چىيىپ، ئاران-ئاران مۇدۇرۇپ كېلەتتى. شۇ ئەسنادا رازىخانمۇ تونۇپ قالدى-دە، پىغان بىلەن "ئانا" دەپ توۋلىدى. ئالىم دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىپ، يولنىڭ قىرىغا تارتتى، سازايىچىلار ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپ قالغۇدەكلا بولسا ئۇلارنىمۇ رابىخان قايماققا قوشۇپ ھەيدەپ ماڭغان، شىخو بازىرىنى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلغان بولاتتى، ھېلىمۇ ياخشى يول بېسىپ ھېچ ھالى قالمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئاۋازى پەس چىقىپ ئاڭلىماي قالدى.

نىشانىنى ئۆزگەرتىشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى، ئالىم يىراق يەردىن پاناھلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يولدىن قايرىلدى، بەكمۇ قايمۇ-

قوپ كەتكەنلىكتىن، قەيەرگە بېرىشىنى جەزملەشتۈرەلمىدى. بازارنىڭ تېشىغا قاراپ ماڭدى، بىر-ئىككى سائەتتىن كېيىن، ئۈستىدىن قار ئۇچقۇنداپ تۇرغان ھالدا ئۆزلىرىنى جوڭغارىيە تۈزلەڭلىكىدە كۆردى، دالادا يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن شامال ئويىنىشىپ ۋىڭىلداپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى.

ئېھ دۇنيا، ماڭا نېمە ئۈچۈن سەندە قىلچە مېھىر-شەپقەت قالمىغان، ئازاپ-ئوقۇبەت، خورلۇق ماڭا ئاتا-بوۋامدىن مىراس قالغانمۇ، مېنىڭ گۇناھىم نېمە، قارا بۇلۇتلارنى بوران ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەتكەن، ۋەتەن ئاسمىنى كۈمۈش نۇر ئىلكىدە يورۇپ كۆز چاقنىتىدىغان، گۈل-گىيالار تەبىئەتنى چىرايلىق بېزەپ تۇرغان ئارامبەخش ئالەمدىن ئېچىلىپ-يېيىلىپ نەپەس ئېلىش ماڭا نېسىپ بولغايمۇ؟! گەپ قىل ئەي ئىككى يېنىمدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈۋاتقان شامال، مېنىڭ نالە پەريادىمنى ئەرشئەلاغا ئېلىپ چىق، تەڭرىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پىچىرلا!

ئالىم پىغان بىلەن خىتاپ قىلىپ، جوڭغار دالاسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى، ئايالى دىلدارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ كەينىدىن قالماي ماڭاتتى. ھەر ئىككىيلەننىڭ يۈزلىرى زاغرا نانىدەك يېرىلغان، قاپاقلىرى ئىششىغان، كۆز نۇرى خىرەلەشكەن بولۇپ، بىر قارىماققا ئۈستىدىكى جەندىدە تىرىك جاننىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش قىيىن ئىدى.

# سەككىزىنچى باب

## 1. تارىخىي بۇرۇلۇش

جۇڭخۇا ئېلى ئۆزگىرىشچان ئەتىياز ھاۋاسىغا ئوخشاش ئۆزگە-رىشلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

1971-يىلى سېنتەبىردە لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى گۇمران بولدى. لىن بياۋنىڭ ئۆلۈمى — خەلقنىڭ تويى. لېكىن فاشىستلىق دىكتاتۇرىنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇلمىدى. كىشىلەرنىڭ يېڭى غەلىبىدىن كۆڭلى سۇ ئىچكۈدەك بولمايلا، كۆڭگىزنى پىپەن قىلىش ھەرىكىتىگە سىڭدۇرۇلگەن زەھەرلىك سۇيىقەست ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، ۋەتەن ئاسمىنىغا يەنە قارا پەردە تارتتى. خەلقنىڭ سەۋرى قاچىسى يېرىلدى. تيەنئەنمېن ۋەقەسى پارتلىدى. فاشىستلار غالجىر ئىتتەك، ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئەسەبىيلىك بىلەن سەكرەپ چىقىسمۇ، لىن بياۋ ھالاكىتىنى باشلىنىش قىلغان تارىخىي بۇرۇلۇشنى بۇرۇۋېتىشكە ئاجىزلىق قىلدى.

كەچكۈز، يامغۇر ئارىلاش ياغقان تۈنجى قار چاۋا ياغدەك ئېرىپ يەرگە سىڭىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، ئۆچكىلىك ئېتىكىدىن كىشى-نىڭ دولىسىنى قورۇپ ئاچچىق سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى، دەرەخلەر غازاڭ تۆكۈپ، قۇرۇق شاخقا ئايلاندى، ئېتىز-قىرلاردا

هەرىكەت توختىدى. كوچىلاردا ئويۇن باللىرى شالاڭلاشتى، قىش تەھتىدىدىن ۋايىم چەككەندەك، ھەتتا قۇرۇت-قوڭغۇزلارمۇ ئۇچەككە كىرىشكە باشلىدى.

ئەنە شۇ كۈنلەردە، چوتكىباش جۇرېن ئۈستىگە پاختىلىق كالتە تۇجۇركا، پۇتىغا پاختىلىق رېزىنكە ئاياغ كىيىپ، سايىدەك ئەگەشكەن بىر-ئىككى غالچىنى كەينىگە سېلىپ ناھىيىلىك تۈرمىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى.

جۇماق تۈرمە كامېرلىرىنىڭ بىرىدە سوغۇق ئۆتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، چاپىنىنىڭ ئىچىگە تۈگۈلۈۋېلىپ، مۈكچىيىپ يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان چوتكىباش جۇرېننى كۆرۈپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ساڭا بىر سوئالىم بار، — دېدى چوتكىباش جۇرېن كامېرنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، — دۆلىتىمىزدە ھازىر نېمە ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، خەۋەر تاپالىدىڭمۇ، يوق؟

چوتكىباش جۇرېن بىرئاز يادىغان، قورسىقى تارتىلىپ ئىچىگە كىرگەن بولۇپ، پومىنادەك گۆشلۈك يۈزى لاي پۇتىنىڭ ئۇچىغا يېپىشىپ تۇرغان ئۆششۈك غازاڭنى ئەسلىتىپ سارغىيىپ تۇراتتى. جۇماق نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇردى.

— قېنى بىرنېمە دېمەمسەن، نېمە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ؟ — دېدى چوتكىباش جۇرېن جۇماقنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

جۇماق قۇرۇق كالپۇكىنى تامشىپ قويۇپ زۇۋانغا كىردى.

— مەيلى قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن، سىز بىزگە ئاتا، تۈرمىدە

ئادەملەر شالاڭلاپ كېتىۋاتىدۇ، مۇنۇ كامېردا يالغۇز ئۆزەملا قالدىم، ئويلاپ ـ ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيمەن، راست، سىرتتا نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ لىيۇجۇرېن.

ـــ كامېردا يالغۇز قالغانلىقىڭنى ھېس قىلغان بولساڭ، ئۆزگىرىشتىن خەۋەرسىز ئەمەس ئىكەنسەن، ـــ لىيۇجۇرېن ئۆزىنى ۋەزمىن تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، ـــ ئۆزگىرىش سەن ھېس قىلغاندىكىدىن زور. مەسىلەن، دۆلىتىمىز لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

بۇ گەپ جۇماققا ئەكس تەسىر كۆرسەتتى.

ـــ لىيۇجۇرېن سىز ئۇلۇغ ئادەم، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزغان سىزىقىڭىزدىن بۇلجىماي، گەپلىرىڭىزنى پەرز تۇتۇپ كەلدىم، يامان ئادەملەردىن قول ئۈزۈپ ئىنقىلاب مەيدانىغا ئۆتتۇم، يۈرىكىمگە داغ تەگكۈزۈپ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئالدىمدا لىن فۇ تۇڭشۈەي ھەققىدە بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز، سىز تېخى مېنى سىناپ بولمىغانمۇ؟!

ـــ لىن بياۋ ھازىر دۈشمەن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دۈشمىنى، ئاغزىڭغا ئىگە بول، يەنە ئالجۇقسىلىق قىلساڭ بېشىڭغا چىقىسەن.

جۇماق تېخىلا "مېنى چېكىپ كۆرۈۋاتىدۇ" دېگەن خىيالغا بەند ئىدى. چوتكىباش جۇرېننىڭ "ئىخۋالىرى"نى رەت قىلىپ، كامېرنى بېشىغا كىيىپ قاتتىق ۋارقىرىدى. ئۆزىنىڭ سادىقلىقىنى نامايىش قىلىپ، گويا لىن فۇ تۇڭشۈەي ئۈستىدىكى بوھتانلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك ئىتتىك ـ ئىتتىك بېسىپ كامېرنىڭ ئىچىنى ئايلىنىشقا باشلىدى.

— ليوجۇرېن مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، — دېدى ئۇ چوتكىباش جۇرېننىڭ ئالدىدا توختاپ، — لىن فۇ تۆگشۆەينىڭ بەختە- سىزلىكىدىن خۇشال بولۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەملەردىن ئەمەسمەن. لىن فۇ تۆگشۆي بەختىمىزنىڭ سىمۋولى، لىن فۇ تۆگ- شۆەيدىن جۇدا بولۇش بىز ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئورنىنى تولدۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ئېغىر يوقىتىش. ئاغزىڭىز قىچىشقان بولسا، سىز بۇ گەپنى قەمىردىن، خوك يەن، ئالىم، ھېۋىز لالمىدەك- لەرگە بېرىپ ئېيتىڭ.

— ھازىر ئىش ئۇنداق ئەمەس.

— بەس، بولدى دەيمەن.

— ئەستاغپۇرۇللا، — جۇماق ياداپ ئۈچى چىقىپ قالغان ئېگىكىنى قاماپ تۇتۇپ ۋارقىرىدى، — باشلىق دېمىسەم، مۇنۇ ئادەمنى ھېلى...

جۇماقنىڭ غەرىزىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ لىن بياۋ ھەققىدىكى گەپ - سۆزلىرى چوتكىباش جۇرېننىڭ كۆڭلىگە ياقاتتى. نېمىشقىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. لىن بياۋنىڭ ھالاكىتى چوتكىباش جۇرېن- دەكلەر ئۈچۈن ئېغىر زەربە، ھەر ئىككىيلەن گەپتىن توختىدى، تۆگلۈكتىن قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى چوتكىباش جۇرېن- نىڭ كىرپىكلىرىنىڭ نەملەنگەنلىكىنى يورۇتقاندا جۇماق ئىختىيارسىز ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىپ:

— ليۇجۇرېن چۈشەنمىدىم، سىزگە نېمە بولدى؟ دەپ سورىدى.

ئۇدۇل كەلگەن يەردە پىغانىنى تۆكۈشنىڭ خەۋپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چوتكىباش جۇرېن چۈشىنەتتى. ئۇ خىيالىدىن كەچكەننى

چاندۇرماسلىققا تىرىشتى، ھەمراھلىرىنى باشقا كامېرلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئەھۋالنى باشقىدىن چۈشەندۈردى.

جۇماق بۇ سەپەر لىن بياۋنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنمەيمۇ تۇرالمىدى.

— ئەمدى جاھان قانداق بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز گەپ قىستۇرۇپ.

— گەپ مانا شۇنىڭدا، — دېدى چوتكىباش جۇرېن جۇماقنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقانلىقىغا خۇشال بولۇپ، — بەزىلەر لىن بياۋ ۋەقەسىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ تېلېفوندا دوكلات قىلىشىغا قارىغاندا "ئالغا"دا قەمىردىنلەر تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بىزنىڭ گۇناھىمىز نېمە؟ بىزنى نېمە ئۈچۈن قامىدىڭ؟ دەپ چاتاق چىقىرىپتۇ.

— نېمە؟ چاتاق چىقىرىپتۇ دەمسىز؟!

— شۇنداق، ھەتتا ئىنقىلابىي كومىتېتقا باستۇرۇپ كىرىپ تەتۈر ھېساب ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا چۇقان كۆتۈرگەن.

— مەن بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن.

— شۇنداق، لىن بياۋ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان بولسا، بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. بۇنىڭلىق بىلەن جاھان ھەرگىز ئۆزگىرىپ-توگىمەي بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەمما گەپ سىزنىڭدە، — چوتكىباش جۇرېن جۇماقنىڭ ھودۇقۇپ پارقىراپ تۇرغان كۆزىنىڭ ئىچىگە سىنچى نەزەر بىلەن قاراپ قويدى، — ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ توغرىسىدا پاش قىلغان ئەھۋاللارغا ئىگە بولساڭلا مەسىلە چوڭ ئەمەس، ۋاڭ دۈيجاڭ بۇ ئىشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى تېلېفوندا ئالاھىدە ئېيتتى.

— نېمە ئۈچۈن ئىگە بولمايدىكەنمەن، مەن ئىنقىلابىي مەيداندا تۇرۇپ پاش قىلدىم.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئەمما ئىش يامە-نىغا ئۆرۈلسە، سەنمۇ چەتتە قالمايسەن، ئاخىرغىچە ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك.

— خاتىرجەم بولۇڭ، گېپىم-گەپ!

بۇ تۇرمىدە، سىرتتا بولۇۋاتقان ئىشلار ئاشۇ قاراڭغۇ كامېرغا ئوخشاش جۇماققا قاراڭغۇ سېزىلىپ تۇرغان چاغدىكى گەپ-سۆز ئىدى.

جۇماق تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. ئۆيىگە يېنىپ چىققاندا، ئۇ جاھاندا راستىنلا چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، "گۇرۇھ" توغرىسىدا پاش قىلغانلىرىغا ئىگە بولۇشنى چوتكىباش جۇرېنىنىڭ ئالدىنئالا ئەسكەرتىشىنىڭ سەۋەبسىز ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساياق خوتۇن رابىگۈل ھەر كۈنى كوچىدىن يېڭى بىر گەپ كۆتۈرۈپ ئۇنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويىدى.

— مەركەزدە ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن بارغان ئەرز-شىكايەتلەرنى كۆرۈپ توغرا تېپىپتۇ، ئۇۋال قىلىنغانلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خىزمىتىگە قويغۇدەك.

— لىيۇ جۇرېن توغرا قىلدىم دەپ گېپىدە چىڭ تۇرغانىكەن، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن بىر باشلىق گەپكە قوناق بەرمىگەن ئاغزىغا بىر كاچات ساپتۇ.

— يائاللا، خۇدا ئۆزى پاناھ بەرسۇن، خەقنىڭ پەيلى بەك يامان، — رابىگۈل سۆسەر ياقىلىق كالتە جۇۋىسىنىڭ پېشىنى پۇلاڭ-لاتقان پېتى ئۆيگە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىردى، — ئىنقىلابىي كومە-

تېتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، قارىغۇدەك بولسام، كومى-
تېت ھويلىسىدا لىققىدە ئادەم، تۇرسۇن بوران ئالدىمىزغا چىقىپ
گۇناھىمىزنى ئېيتىپ بەرسۇن، بولمىسا تەختىگە ئوت قويىمىز، دەپ
گۈر-گۈر ۋارقىرايدۇ، گەپ يەيدىغاندەك ئەمەس، قورقۇپ يۈرىكىم
چاك كەتكىلى تاس قالدى.

جۇماقنىڭ بېشى يەنە تۆۋەن چۈشتى. "ئالغا"دا رويى بېرىۋاتقان
ئىشلار تەشۋىقات دۈيىگە قارشىلىق قىلغان "يامان ئادەملەر"دىن
بۆلۈنۈپ چىققان بۇ "ئىنقىلابچى"نىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىنى تېخىمۇ
كۈچەيتىۋەتتى. ئۇنىڭغا ھەشەمەتلىك مۇشۇ ئۆي چاشقان تۆشۈكىدەك
كۆرۈنەتتى. ئاستىغا ئېيىق تېرىسى سېلىپ، ئۆپكىسىگە سوغۇق تەك-
كەن ئادەمدەك يالغاندىن كېسەل بولۇۋېلىپ، تاش كۆمۈردە قىزدۇ-
رۇلغان مەشنىڭ تۈۋىدىن قوپماي كۈننى كەچ قىلىش ئارام بېرەل-
مەيدىغان بولدى. جۇماق شۇنى ياخشى چۈشىنەتتىكى، يالغان-
دىن يامان ئادەم بولۇۋېلىپ، "ئوت قويدى"، "ماگىزىنغا ئوغرىلىققا
چۈشتى"، "كېچىدە ساليۇت ئېتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي ئالاقە باغ-
لىدى" دېگەن ئىقرارى. نەشپۈت دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن چىقارغان
"گۇرۇھ بايرىقى" ئۇنى كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغا-
نىدى. بۇنىڭ سۈيىقەست ئىكەنلىكى پاش بولىدىغان بولسا، كۈننىڭ
قارىسىنى كۆرىدىغانلىقىدا گەپ يوق. لېكىن ئىشنىڭ بىريولىلا
خېمىغا يېيىلىپ كەتكەنلىكى قانچىلىك راست. كوچىغا چىقىپ ئېنىقلى-
ماي بولمايدۇ. ليۇ جۇرېن "لىن بياۋ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان
بولسا، بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، بۇنىڭلىق بىلەن جاھان ئۆكتەي-توكتەي
بولۇپ كەتمەيدۇ" دېگەن ئەمەسمىدى؟ رابىگۈل سويۇق خوتۇن، سۇنى
كۆرمەي ئۆتۈك سېلىپ، كىشىنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرگەن بولمىسۇن

يەنە!

ئۇ كوچىغا چىقتى. ھېچ ئويلىمىغان ۋاقىتتا كوچىدا ھېۋىز كۆزەتچى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

جۇماقىنىڭ يالغان پاش قىلىشى "ئالغا"دا يېنىۋاتقان ئوتىنىڭ ئۇستىگە كىرسىن چاچقاندەك رول ئوينىغانلىقىدىن ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ جۇماقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى.

— ئو...ھوي جۇماقىمۇسەن، — لېكىن كۆزەتچى ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى چاندۇرماي، ئادىتى بويىچە ياپتا يول بىلەن گەپ باشلىدى، — ئەگەر سەن ئۆزەڭنى قاچۇرمىغان، كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشۈپ مەن يېنىپ قارىمىغان بولسام، تونىماي ئۆتۈپ كېتىدىكەنمەن، سەنمۇ تۈرمىدىن يېنىپ چىقىپسەن-دە، ئەھۋالىڭنى سوراپ قوياي، ئازار يېدىڭمۇ، قانداق، نېمە بولدۇڭ، ئىچى ئۆتكەن ئېشەككە ئوخشاش ئۆزەڭنى شالاققىدە قويۇۋېتىپسەنغۇ؟

— سەن سورىما، مەن ئېيتماي، تۈرمىدىكى قىيناشلارنى خىيالغا كەلتۈرۈشتىن قورقىمەن، جىنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدى.

— بىلەكچىلا بولۇپ قاپسەن، — كۆزەتچى مۇغەمبەرلىك بىلەن كۆزىنى ئوينىتىپ، جۇماقىنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ قويدى، — شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ بىلەن بىز قەسەم ئىچىپ يەك تۇرۇپ چىققانىمىز، "يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال" دېگەن گەپ بار، بۇرۇنقى ئەپتىڭدىن ئەسەر قالمىسىمۇ، جېنىڭ بار ئوخشايدۇ، بايراق سېنىڭ ئۆيۈڭدە، ھويلاڭدىكى قېرى نەشپۈت دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈكلۈك ئىدى، قېنى ئەمدى بايراقنى چىقىرىپ، ئەلەم چۆرۈپ نىلقىغا — ۋۇتۇ بىلەن ئوتۇپ پارتىزانلارنىڭ ماكانىغا يېتىۋالايلى، ئۇ يەردە بىزنى

نۇرغۇن كىشىلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ، شۇ يەرگە يېتىۋالساقلا، ئابرالغا چىقىپ جاھان بىزنىڭ بولىدۇ.

بۇ جۇماقنىڭ يەر ئاستى جازا مەيدانىدا قەمىردىنگە تۆھمەت قىلىپ ئېيتقان گەپلىرى ئىدى. كۆزەتچىنىڭ غەرەزلىك ھالدا يۈزىگە سىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، جۇماق ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئاغرىق، بىچارە كۆرسىتىپ ئۇستىگە جۇۋا، بېشىغا قۇلاقچا كىيىپ، ھاسىغا تايىنىۋالغانىدى، تېنىگە بىردىن تىترەك ئولۇشۇپ:

— ھېۋىزكا ساڭا نېمە بولدى، غەلىتە گەپلەرنى قىلىسەنغۇ، — دېدى.

— مەنغۇ ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ، كۆتۈرۈلۈش پەيتىنى كۆزلەپ يۈرىمەن، دۇدۇقلاپ قاپسەنغۇ، ئۆزەڭگە نېمە بولدى؟

— ئەمدى، ئەمدى...قۇرۇق گېپىڭنى قويساڭا!

— چەتكە چىقىۋېلىشنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپسەن-دە، — دېدى كۆزەتچى خۇپسەنلىك بىلەن تەھدىت سېلىپ، — بۇ مۇمكىن ئەمەس، بىزدە يوشۇرۇن سوتمۇ بار، ”گۇرۇھ“قا خائىنلىق قىلىدىغان بولساڭ، ئۇستۇڭدىن ھۆكۈم چىقىرىپ، دەريا بويىدا، توقايلىقنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ ئاتىمىز.

— ھېۋىزكا...!

شۇ ئەسنادا بازار تەرەپتىن بىر توپ ئادەم جۇماققا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئۇلار ھەرىكەت جەريانىدا ئېغىر ئازاپ چەككەن، سالامەتلىكىدىن ئايرىلغان، بەدىنى جاراھەت ئىزلىرىغا، يۈرىكى زەرداپقا تولغان دەردمەنلەر ئىدى. لىن بياۋنىڭ يوقىلىشى ئۇلارغا تۈرمىدىن، نەزەربەندتىن، قىيىن-قىستاقتىن ئازاد بولۇشتىن ئۆزگە ھېچقانداق يېڭىلىق ئېلىپ كەلمىدى، بەزىلىرى يەنىلا قولغا

ئېلىنىش ۋاقتىدىكى گۇمانلىق قاراش ئىچىدە چەتكە قېقىلىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇلار دەۋالىشىپ بىرنەچچە كۈن ئۇدا مەيدان ئىنقىلابىي كومىتېتىغا باستۇرۇپ كىردى، نە ۋاڭ دۈيجاڭنى، نە تۇرسۇن بورانىنى ئۇچرىتالمىدى، ئەمدى ئۇلار جۇماق بىلەن زاكونلاشماقچى، جۇماقنىڭ يالغان ئىقرارى ئۇلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان، بىر ھېسابتا جۇماق ھەممە پاجىئەنىڭ سەۋەبچىسى!

— ھەي مۇناپىق، قارا يۈز كاززاپ، — گاڭزىغا بېسىپ سوراق قىلغاندا، ئوڭ پۇتى ناكا بولغان بىر ئادەم دوڭغاسلاپ مېڭىپ توپنىڭ ئالدىغا چىقتى، — سېنىڭ راست دېسە نېمانچە ھەددىڭدىن ئاشسەن، ئېيتە، بىزنىڭ گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرغانلىقىمىزنى قاچان كۆردۈڭ؟

— ئىسىيان كۆتۈرمەكچى دېگەن گەپنى قانداق ئويلاپ تاپتىڭ؟ — دېدى. يەنە بىرسى:

— بايراق كۆمگەن ئادەمنى ھازىر تېپىپ بېرسەن، بولمىسا چالما - كېسەك قىلىمىز.

جۇماق زۇۋان سۈرمەي بەزگەكتەك تىترەپ تۇراتتى، توپتىن بىرى ئېتىلىپ چىقىپ ياقىسىدىن ئالدى، ھەممەيلەن تەڭلا ياماشتى.

— ئۇر، ئۆلتە، كۆزىمىز ئىككىنچى كۆرمەيدىغان بولسۇن بۇ كاززاپنى.

— يالغان گەپ قىلغان ئاغزىغا سال، چىشلىرىنى تۆكۈۋەت.

— كۆپچىلىك، سەۋر قىلىڭلار، ھازىر ئۆلتۈرۈشكە بالدۇرلۇق قىلىدۇ، — دېدى ھېۋىز كۆزەتچى جۇماقنى ئۇرۇشتىن توسۇپ، — بۇ مەخلۇق تېخى بىزگە لازىم، نېمىشقا دېسەڭلار تەشۋىقات دۈيى ئۇۋال ئەنزە پەيدا قىلىشتا جۇماقتىن پايدىلانغان، بۇ ئىشلارنىڭ

ئۆردىكى بىلەن غىزنى ئايرىشتا جۇماق بولمىسا بولمايدۇ.

كۆپچىلىك پەيلىدىن يانىدى، كۆزەتچى ئورۇنلۇق گەپ قىلغانىدى، جۇماق ساق قالغىنىغا خۇشال بولغاندەك، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، قۇلاقچىسى بىلەن ھاسىنى يىقىلغان يەردە قالدۇرۇپ، ئىتتىك ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

ئۇ ئېيىق تېرىسىنىڭ ئۇستىدە، ئىسسىق مەشنىڭ تۈۋىدە ئۇششۇك تەگكەندەك، دۈگدەرەپ ئولتۇراتتى، ئىككى قولى بىلەن ئىتتىك ئىككى لېپىگىدىن چىڭڭىدە تۇتۇپ كوچىدىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ رابىگۇل كىردى.

— نېمە بالا تەگدى ھەي دەججال، — دېدى جۇماق تېرىكىپ.

جۇماقنىڭ سەپراسىغا تېگىپ قويىغانلىقىنى كۆرۈپ، رابىگۇل يىغىدىن چىپپىدە توختىدى.

رابىگۇل كۆيدۈرگۈلۈكتە ئېرىدىن قېلىشمايدىغان خوتۇنىدى، "قەمەردىننىڭ بۇرۇتى تەۋرىمىدى، مەيدانى مۇستەھكەم، مەن ھەر قېتىم تۇرمىگە تاماق ئېلىپ بارغاندا، ئىككىلىك قەغەزگە خەت يېزىپ يولىيورۇق بېرىپ تۇرىدۇ" دېگەن ئىغۋا چىققان كامار رابىگۇلنىڭ شۇم ئاغزى ئىدى.

كېرىمجان تېخنىك بۇ گەپكە ئىشىنىپ، قەمەردىن ياتقان كامېرغا كېچىدە خۇپىيانە ھالدا تۈگۈلۈكتىن چۈشمىگەن، تۈگۈلۈكتىن چۈشكەنلىكى سېزىلمىگەن بولسا، ئېھتىمال تۇرمىدە ئۇ قەدەر قىيىن-قىستاققا ئېلىنمىغان بولاتتى.

بۇ كۈنى ئۇلار خۇددى ھېۋىز كۆزەتچى بىلەن جۇماق كوچىدا ئۇچراشقاندەك تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. كېرىمجان تېخنىك رابىگۇل پەيدا قىلغان ئىغۋا ۋە بۇ ئىغۋا "ئالغا"دا پەيدا قىلغان

پاراكەندىچىلىكنى ئېسىگە ئالدى-دە، غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي قالدى.

— ھەئە، يەر ئاستى گۇرۇھىنىڭ ئاشپىزى، — كېرىمجان رابىگۈلنى كۆرۈپ، يىراقتىنلا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەلدى، — كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، جاھان خېلىلا ئۆزگەردى، "گۇرۇھ" باشلىقى قەمىردىن نېمە خىياللارنى قىلىپ يۈردۇ، يولىيورۇقنى چىقار، ئىشتانىنىڭ ئۇچىدە ساقلاپ يۈرۈۋېرەمسەن؟!

— كېرىمجان، مەن سىزگە ئۇنداق گەپ قىلمىدىم، — رابىگۈل گويا ئۈستىدىكى دوخاۋا تاشلىق جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنماقچى بولغاندەك دۈگدەردى.

— سەن مېنى ناھىيە تۈرمىسىنىڭ گۇندىپايى كۆرمىگىن، — كېرىمجان ئېتىلىپ كېلىپ، رابىگۈلنىڭ ئىشتىنىنىڭ لېپىزىدىن ئالدى، — يوتىلىرىڭنى سىلىغاندا ھودۇقۇپ ئاغزىدىن شۆلگەي ئاقىدىغانلار مەن ئەمەس، ياخشىلىقچە خەتنى ئۆزەڭ چىقار، چىقارمىساڭ قول سالىمەن.

ئۇلار تۇتۇشۇپ قالدى، رابىگۈل ئالدىغا ئېگىشىپ قاتتىق بىر تولغاندى-دە، لېپىزىنى بوشۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئىتتىك يولنىڭ ياقىسىغا ئالدى، شۇ مىنۇتتا كېرىمجاننىڭ غەزىپى يەنىمۇ ئۆرلىگەندى، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ "چاڭ" قىلىپ بىر تەستەك سىلىپ، ئاندىن يەنە لېپىزىگە چاڭ سېلىپ: — خەتنى چىقارغىن، بىكار شەرمەندە قىلىۋېتىمەن، ئالۋاستى، — دەپ ۋارقىرىدى. ئۈستىلەپ كېلىپ قالغان بىر-ئىككى ئادەم ئارىغا چۈشمىگەن بولسا، قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا تۇرغان شەرمەندىلىكتىن رابىگۈل قۇتۇلالمىغان بولاتتى.

— مەن ھەممە ئىشنى سىزنىڭ يوليورۇقىڭىز بىلەن قىلغان، —

دېدى ئايال يۇقىرىقىلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، — گۇمانلىق ئادەملەردىن گەپ ئېلىپ تۇرمىگە كىرگۈزۈشنىمۇ سىز ئېيتقان، مانا ئەمدى...

جۇماق كالىدەك ئېغىر پۇشۇلداپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ ئالدىدا كېرىمجان تېخنىك بىلەن جېدەللەشكەندە جۇۋىسى بىلەن بېشىدىكى ياغلىقىنى كوچىدا قالدۇرۇپ، كېرىمجان تېخنىكنىڭ قولىدىن قۇتۇلغانلىقىغا خۇشال بولۇپ ئۆيىگە قېچىپ كەلگەن رابىگۈل چۇۋۇق چاچلىرىنى پاخپايتىپ، سەل ئېگىشىپ ئىشتىنىنىڭ لېپىزىنى تۇتقان پېتى يىغلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا رەڭگى ئۆچۈپ، سەل تارتىلغاندەك كۆرۈنگەن چوتكىباش جۇرېن ۋە ئۇنىڭ تۇرمىدىن چىقىش ئالدىدا ئەنسىزلىك بىلەن ئېيتقان گەپ-سۆزلىرى كەلدى. جۇماقنىڭ نەزىرىدە كىشىلەر تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا، "ئالغا" نىڭ خوجايىنى بولۇشقا بەل باغلاپ تەشۋىقات دۆيىگە ئەگەشكەن، ئىچى قارىلىق بىلەن ماسلاشقانلارنىڭ قىيامەتلىك كۈنلىرى ماراپ تۇرغاندەك سېزىلدى.

ئۇ ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. مەشىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ بەدىنىگە پۈتىنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ تىترەك ئولۇشۇپ كېلىۋاتاتتى. بىرپەستە قۇلاق تۈۋىدە ئاچچىق تەسرات قالدۇرۇپ، هويلىدىكى يالغاچ دەرەخ شاخلىرىنىڭ سوغۇق شامال بىلەن ئوينىشىپ ۋىڭىلدىغان ئاۋازى پەيدا بولدى.

## 2. تۇنجى زەربە

"ئالغا"غا تەشۋىقات دۆيى قەدەم قويغاندىن كېيىنكى ئۇچىنچى

قىش باشلاندى. بۇ يىلى قىش بالدۇر كەلدى. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، ئۆچكىلىك چوقىسىدىكى قار ـ مۇزلار پەسكە قاراپ كېڭەيدى. نويابىر ئاي بېشى بىلەن باشلىنىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قار ياغدى. دەريا ساھىلىدىكى ئېدىرلار، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بازىرى، مەھەللىلىرى ئاق خەسىدىن تون كىيگەندەك، قېلىن قار ئاستىدا قالدى.

قارنىڭ سوغۇقى بولۇپمۇ كېچىسى قاتتىق داۋام قىلماقتا ئىدى. ھاشىخان ئانا ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئاتىدىن مەزگىلسىز ئايرىلغان بېتەلەي ئىككى يېتىمنى مۇزلاتماسلىق ئۈچۈن، كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ مورىسىنىڭ تۆۋىگىلا قويۇلغان ساندۇق مەشكە ھېلىدىن ھېلى ئوتۇن سېلىپ قىزدۇراتتى.

روزى باپكار دەريادا ئېقىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھاشىخان ئانىنىڭ تۇرمۇشى كونا جەمئىيەتتە، قەشقەردە ماتاچىلىق قىلغان چاغدىكىدىنمۇ ناچارلاشتى. ھاشىخان ئانىغا، بولۇپمۇ كېچىدە قىزىنىڭ مەشىنىڭ تۆۋىدە مۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندا ئېغىر تۇيۇلىدىغىنى روزى بابكارنىڭ پاجىئەسى ۋە ئوغلى ئالىمنىڭ بالا ـ چاقىسى بىلەن يىتىپ كېتىشى ئىدى.

مەيدان ئىنقىلابىي كومىتېتىغا باستۇرۇپ كىرىپ، دەۋالىشىپ يۈرگەن كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە، كۆپچىلىك ئالىم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئىنژېنېرنىڭ گېپىنى ئەلۋەتتە بىرىنچى بولۇپ قەمىردىن قىلغانىدى.

— بىز ئاساسسىز دەۋالىشىۋاتقىنىمىز يوق، — دېدى قەمىردىن تەرتىپ ساقلاپ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان كىشىلەرگە، — مەسىلەن، ئالىم قېنى، مەن ئۇنىڭ ناھىيە تۈرمىسىگە سولانغانلىقىنى، قاتتىق

ئۇرۇپ سوراق قىلىنغانلىقىنى بىلەتتىم، ئالىمنىڭ تۇيۇقسىز يوقىلىشىدا جەزمەن سىر بار، ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ تەشۋىقات دۇيىنىڭ جىنايەت پاكىتلىرىنى تولۇق توپلىشىمىز كېرەك.

ــ توغرا، دانالىق بىلەن ئېيتىلغان گەپ، ــ دەپ كۆپچىلىك تەڭلا چۇرقىراشتى.

كۆپچىلىك ئالىمنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۇچۇن كېرىمجان تېخنىك- نى ئاجراتتى. كېرىمجاننىڭ يېتەرلىك پۇل، ئاشلىق بېرىلتى، رەخت بېرىلتى ئېلىپ ئالىمنى ئىزدەپ "ئالغا"دىن چىقىپ كەتكىنىگە بىر ئاي بولدى، ئەمما خەۋەر يوق ئىدى. "بالام ئەمدى تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن" دەپ ئويلايتتى هاشىخان ئانا مەشىنىڭ ئىچىگە ياغاچ ئوتۇن سېلىۋېتىپ، ــ لىن بياۋ گۆرگە كىرگەندىن بېرى خەقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، كۆكسى ـ قارنىدىكى گەپنى يوشۇرماي ئېيتالايدىغان بولدى. بەلكى بىر ياخشىنىڭ پاناھىدا بولسا، ئۇكا، ئەمدى كەلگەن يېرىڭگە كەت، جاھاندا ئاجايىپ يېڭىلىقلار بولۇۋاتىدۇ، ئۆز توپىڭغا قوشۇلۇپ كۆرەش سېپىدىن ئورۇن ئال، ئىچىڭنى دەردتىن خالاس قىل، دەپ يولغا سېلىشىمۇ مۇمكىن. ئىلاھىم، بالام تېزرەك كەلسىدى، كۆزىگە قول تىقىپ تۇرۇپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالساق...

هاشىخان ئانا ئالدىنقى كۈنى كەچتە، ھەرىكەت داۋامىدا ئۇۋال قىلىنغانلار ۋەكىللىرى بىلەن ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى. ئانا خۇشال بولدى. كۆزىگە قول تىقىش، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋېلىش پۇرسى- تىگە ئىگە بولغانىدى. كېچىچە مەشىنىڭ تۆۋىدە ئولتۇرۇپ دەيدىغان گەپلىرىنى پىشىلدۇردى ـ دە، ئەتىسى قەشقەر ئادىتى بويىچە بېشىغا

ئوراپ تاڭغان جىگەررەڭ يىپ روملىنىڭ ئۈستىدىن مويى قىرقىلغان كونا قاما تۇماق كىيىپ ئېشەك ھارۋىسىدا يولغا چىقتى.

ھارۋىنى يېنىدا قالغان ئىككى يېتىمنىڭ چوڭى ھەيدىگەنىدى، ئارىلىقتىكى ئۆزۈكتە كېتىۋاتقاندا تاپىنىدىن ئۆتكەن سوغۇق پىغانىنى قوزغىدى ئېھتىمالىم، بالا شوتىدىن ئىرغىپ چۈشتى-دە، "خىت-چۇ" دەپ ئېشەكنى يانداپ كېتىۋېتىپ:

— ئانا، قەشقەردىكى چاغدا ئىلىنىڭ گېپىنى قىلساڭلار، ھەر كۈنى بەتتە پولۇنى بىكارغا بېرىدىغان شەھەرمىكىن دەپتىمەن، مەنغۇ كېكەدىم، سەنمۇ ئىلىغا تويغانسەن، — دېدى.

ئانا ئوغلىنىڭ خىيالىدىن كەچكەننى دەرھال ھېس قىلدى.

— سەن كىچىك، بىلمەيسەن ئوغلۇم، بىز تاغ ئاتلاپ يېڭى چىققاندا، ئىلى بەلەن يۇرت ئىدى. جاھاننى تۈتەك باسقاندىن كېيىن... قاغا-قۇزغۇنلار تازىلانسا يەتتە ئىقلىمدا ئىلىغا يېتىدىغان يۇرت يوق.

— دادام رەھمەتى "ئاينىڭ ئون بېشى يورۇق، ئون بېشى قاراڭغۇ، بۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىدۇ"، دەيدىغان، ئاينىڭ يورۇقى كۆرۈنمەيلا يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتتى. سەن قاغا-قۇزغۇنلار تازىلانسا دەيسەن، ئۇلارنى تازىلىغىلى بولارمۇ ئانا؟

— تازىلىغىلى بولىدۇ، — ئانا سوغۇقتىن قورۇلۇپ كېلىۋاتقان دولىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى. — جاھانغا نەزەر سال ئوغلۇم، خەلق قوزغالدى، پىغانى تۈتتى، دۇنيادا خەلقتىن قۇدرەتلىك كۈچ يوق، خەلق قوزغالسا جەزمەن تازىلىنىدۇ.

يېغىنغا ناھىيە بويىچە ئۇۋال قىلىنغانلارنىڭ ۋەكىللىرى تەكلىپ قىلىنغانىدى. خۇڭ يەن ئەرز قىلىش ئۈچۈن تۇرمىدىن چىقىپلا

بېيجىڭغا، كېرىمجان تېخىنىڭ ئالىمنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ قىشنىڭ سوغۇقىغا قارىماي سىرتقا كەتكەنلىكتىن يىغىنغا قاتنىشالماي قالدى. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سابىق باشلىقى قەمەردىن، ھېۋىز كۆزەتچى، كۆرگەزمىدىكى ساختىپەزلىكنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن نەق مەيداندا تۇتقۇن قىلىنىپ ئاتالمىش يامان ئادەملەر بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەلگەن چارۋىچىلىق دۆيى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئوگاربايى ھاشىخان ئاندىن بۇرۇنراق يېتىپ كېلىپ، تەشۋىقات دۆيىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقى ئۈستىدە غەزەپ بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى.

ھاشىخان ئانا يىغىن ئورنىغا كىرىپ كەلگەندە، كۆپچىلىك ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ئايالنىڭ سەرگۈزەشتى پۈتۈن ناھىيىگە مەلۇم ئىدى. بىر-بىرلەپ ئالدىغا بېرىپ ھال سوراشتى.

— شۇنداق، دەرد تارتقان بىر ھاشىخان ئانىلا ئەمەس، پۈتۈن ناھىيە، پۈتۈن ئىلى خەلقى، جۇملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تارىختا كۆرۈلمىگەن مىسلىسىز بالايىئاپەتكە يولۇقتى، — دېدى قەمەردىن ئەھۋاللىشىش توختىغاندىن كېيىن، ئۈزۈلۈپ قالغان گېپىنى داۋام قىلىپ، — شۇڭا بۈگۈن چوڭ تۇرۇپ سۆزلەشىشىمىز كېرەك. بىز خەلقنىڭ ۋەكىلى، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، فاشىستلىق دېكتاتۇرىنىڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا قارىتىلغان مىللىي سىياسەتكە قىلىنغان بۇزغۇنچىلىقنىڭ ماھىيىتىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلىشىمىز كېرەك!

قەمەردىننىڭ سۆزى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن توپلىنىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— ئۇكا، ئىسمىڭنى بۇرۇن ئاڭلىغان، خېلىلىگىڭ بار كۆرۈنسەن، قېنى، مېنىڭ مۇنۇ سوئالىمغا بىرنېمە دېگىنە، — كونا جۇۋىنىڭ ئىچىدىن پوتا بىلەن بىر قولىنى ئېسىۋالغان ياشانغان بىر دېھقان ساق قولى بىلەن تۆپىسىنى تۇزەشتۇرۇپ، قەمىردىنىگە يېقىنلاپ كەلدى، — بىزنىڭ بۇ يەردە راستىنلا يامان ئادەملەر بارمۇ، گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇلغانمۇ؟ مەن ئۇنداق ئىشتا يوق، قىينىماڭلار دېسەم، قولىقىغا گەپ كىرەمدىغان، تۇرۇسقا ئېسىپ ئۇرۇپ قولۇمنى چىقىۋەتتى. توۋا، ئادەم بالىسىنىڭ بېشىغىمۇ شۇنداق ئىشلار كېلىدىكەن، قېنى جاۋاپ بەرگىنە، ھۆكۈمەتنى سىلەر ئەنسىرىتىپ، دەردىنى ماڭا ئوخشاشلا تارتىپ يۈرىمىزمۇيە؟

كىشىلەر گويا دەردىنى باسماقچى بولغاندەك، ئۆزمەي پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى، ئۈستىدە بىر قەۋەت ئىس بۇلۇتتەك لەيلەپ تۇرغان مەجلىسخانا بىر قولى سۇنۇق قېرىنىڭ سوئالىدىن كېيىن بىرپەس تىمتاس بولۇپ قالدى.

— جۇغراپىيىلىك ئورنىمىز ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئېيتقاندا، — دېدى قەمىردىن قېرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە قاراپ، — غەيرىي نىيەتتە ھەرىكەت قىلغۇچىلارنى يوق دەپ ئېيتالمايمەن. ئەكسىيەتچىلەر ئۆز مەنتىقىغە خىلاپلىق قىلمايدۇ. تارىختا شۇنداق قىلغۇچىلار بولغان. كەلگۈسىدە ھەم بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ھازىرقى مەسىلە پارىخورلۇق ۋە ئەيش-ئىشرەتتە چىرىكلەشكەن كونا روسىيىدىكى دوماخانىۋىسكى شەھرىنىڭ ھاكىمى ئانتون ئانتونوۋىچ سكۋۇزنىكنىڭ پېتربۇرگدىن رېۋىزور (مۇپەتتىش) كېلىدىكەن دېسە ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، شەھەر مېھمانخانىسىغا چۈشكەن كەمبەغەل، بىچارە يولۇچى خىلىستا-

كوۋنى رىۋىزۇر كۆرۈپ مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش بىر ئىش، ئانتونوۋىچ سكۋۇزنىكنىڭ ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكىدىن شۇنداق قىلغان. ليۇ خېگېجى (چوتكىباش جۇربىن) باشقا گەپ، كەڭ ئاممىغا بىر ئوچۇم يامان ئادەملەر ئورنىدا مۇئامىلە قىلىشنى ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى تەبىئىتى بەلگىلىگەن.

— نېمە گەپلەرنى قىلىۋاتىسەنوي، — ھېلىقى ئادەم كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ سورىدى، — ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم قالتىس بولىدۇ-ھە، ئانتونوۋىچ سكۋۇزنىك، رىۋىزور، خلىستاكوۋ دېگەنلەرنىڭ كىم ئۇ؟

يىغىننىڭ باشلىنىشىغا خېلى ۋاقىت بار ئىدى. ناھىيەدىكى ئاتارمەن-چاپارمەنلەرنىڭ يېتىپ كەلمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، قەمبەردىن ئۇلۇغ دېموكراتىك يازغۇچى گوگولنىڭ كونا روسىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىكىنى كۆچلۈك مەسخىرە قىلىدىغان كومېدىيىسى «رىۋىزور»دىن گەپ باشلىدى. قەمبەردىننىڭ سۆزىنى كۆپچىلىك بېرىلىپ، دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. تەشۋىقات دۆيىدىكىلەردىكى ھودۇقۇش، تەمتىرەشنى ۋە ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئەسەبىيلىك بىلەن ئۇسۇشنى دوماخانۇۋسكى شەھىرىنىڭ چىرىك ئەمەلدارىغا تەقلىد قىلىشقا بولاتتى. گەپ كومېدىيىنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ بارغاندا، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتى قولاقچىسىنى ئالدىدىكى جوزىغا چۆرۈپ قويۇپ ئولتۇرغان ھېۋىز كۆزەتچىگە بۇرالدى، ساقال-بۇرۇتىنى چىرايلىق چەكتۇرۇپ، خۇددى مەشرەپتىكىدەك جۇشقۇن كەيپىياتتا ئولتۇرغان بۇ ئادەمنىڭ قورۇق چۈشكەن يۈزىگە كۈلكە يامىشىپ، چېقىر كۆزلىرى كىمدۇ بىرىنىڭ ئۈستىدىن مەسخىرە قىلىپ كۈلگەندەك تىنىمسىز غىلدىرلاپ تۇراتتى.

— ئۇكا، نېمىدېگەن ئېسىل گەپ بۇ، قېنى يەنە بىر ئېيتقىنا، — دېدى كۆزەتچى ئاپئاق بۇرۇتىنىڭ ئاستىدىن چىشىنىڭ ئۇچىنى كۆرسىتىپ، — يولۇچى خىلىستاكوۋ ئاخىرىدا شەھەر ھاكىمى ئانتونوۋىچنىڭ ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قاقتى دەمسىنا؟

— شۇنداق، — قەمىر دىنمۇ جانلىنىپ كەتكەنىدى، — خىلىستاكوۋ ئۇنىڭ مىڭ سوم پۇل ۋە نەرسە-كېرەكلىرىنى ئالداپ ئېلىۋالغاندىن باشقا، خوتۇنى بىلەن قىزىنى قولغا چۈشۈرۈپ پۇخادىن چىققۇچە ئوينايدۇ.

— توغرا، پۈتۈنلەي ئىشىنىشكە بولىدىغان گەپ، — كۆزەتچى كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كۆپچىلىككە مۇغەمبىرانە قاراپ قويدى، — چوتكىباش دۈشمەن بىلەن دوستىنى پەرق قىلمىدى. ئۇ، ھېلىقى چىرىك ئەمەلدارغا ئوخشاش ئادەم، پۈتۈنلەي ئوخشاش. خوتۇنى لەنلەن خېنىم بېيجىڭدا بىر قېتىم ئويناپتىكەن.

كوپچىلىك ئويۇنى بېشىغا كىيىپ قاتتىق كۈلۈشتى.

— دۇرۇس، دۇرۇس، راسا بابىلىنىڭ ھېۋىزكا،

مەجلىسخانىغا چوتكىباش جۇرېن يۇقىرىدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەرقايسى تەشۋىقات دۈيىنىڭ، جايلاردىكى ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ مەسئۇللىرى بار ئىدى. يىغىن باشلاندى. چوتكىباش جۇرېن ئاستىدىكى ئورۇندۇقنى جوزىغا يېقىن سۈرۈپ گەپ باشلىدى:

— قېرىنداشلار، يېقىندىن بۇيان ناھىيىمىزدە سوتسىيالىستىك يېڭى شەيئى ئىنقىلابىي كومىتېتلارغا قارشى ئىنتايىن زەھەرلىك چۇقان كۆتۈرۈلمەكتە، تەشۋىقات دۈيلىرى ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ خىزمەت قىلالمايدىغان شارائىتقا چۈشۈپ قالدى، ۋەزىيەتنىڭ

بىرمەھەل ئەكس تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا بىزنىڭ سەۋەنلە-
كىمىز سەۋەب بولغان ئىشلارمۇ بار. مەسىلەن، كاللىمىز بەك قىزىپ
كەتتى، زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ قويدۇق...

چوتكىباش جۇرېنىنىڭ سەپسەتىلىرى ھاشىخان ئانىنىڭ سەپ-
راسىغا تەگدى، ئانا يولدا مۇزلىغانلىقتىن ئىشىكتىن كىرگەنلا
يەردە، مەشكە قاقلىنىپ ئولتۇراتتى.

— ھەي ئىپلاس، كاللاڭنى سىلكىۋېتىپ گەپ قىل، — ئانا
ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، ئالدىدىكى ئادەملەرنى ئىتتىرىپ
يول ئېچىپ چوتكىباش جۇرېنغا قاراپ ماڭدى، ئانىنىڭ چىشلىرى
كىرىشكەن بولۇپ، گويا بارلىق دەرد-ئەلەمى كۆزىگە يىغىلىپ
گۈلخان بولۇپ يېنىپ تۇراتتى. ھېچ ئويلىمىغان بىر ۋاقىتتا چوت-
كىباش جۇرېنغا يېقىنلاپ كېلىپ "تارس" قىلىپ بىر تەستەك
سالدى، — مېنىڭ جاپاكەش روزاخۇنۇم قېنى؟ — ئانا غەزەپ بىلەن
داۋام قىلىپ دېدى، — ئالىم بالامنى نەگە سەرسان قىلدىڭ؟ بىز
پارتىيە رەھبەرلىكىدە يېڭى ھاياتقا ئىگە بولغان ئەمەسمىدۇق،
ۋەزىيەتنى ئەكس تەرەپكە بۇراپ، جاھاننى دوزاخقا ئايلاندۇرغان
كىم؟ ساختا گەپ بىلەن يەنە كىمنى كولدۇرلاتماقچى
بولىسەن؟!

كىشىلەر ھەتتا بەش بارماق چوڭقۇر ئىز سالغان گۆشلۈك يۈزىنى
ئالقىنى بىلەن سىلاپ ئولتۇرغان چوتكىباش جۇرېنغىمۇ ھاشىخان
ئانىنىڭ شۇ قەدەر قاتتىق قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.
چوتكىباش جۇرېن ئاخىرى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتتى. دەردمەنلەر
جەم بولغان يەردە گەدەنكەشلىك ئاقمايدۇ، پەسكويىغا چۈشۈپ
گەپنى يورغىلىتىپ ئاندا-مۇندا تەكشۈرۈپ ئۆتۈش كېرەك، دېگەن

يەرگە كەلدى، بىراق بۇ ھىيلىمۇ ئاقمىدى.

— قۇرۇق گېپىڭىنى قويۇپ ئالدى بىلەن ئۆزەڭنى سۆزلە، — دېدى قولى سۇنغان ھېلىقى ئادەم گەپنىڭ شېخىغا قېقىپ، — جۇڭخۇا مىللىتى ساڭا ئوخشاش قارا يۈرەكنى كۆرگەن ئەمەس، بىزنىڭ بۇ يۇرتىقا نەدىن پەيدا بولدۇڭ، سەن كىم بولىسەن؟

— سىلەر مېنى تونىمايسىلەر، مەن ئېچكى ئۆلكىدە تۇغۇلۇپ، ئېچكى ئۆلكىدە چوڭ بولغان، سىلەرگە ئوخشاش جۇڭگولۇق.

— ئىشەنمەيمىز، ئىشەنمەيمىز، — كۆپچىلىك چۇرقىراشتى، — ئېچكى ئۆلكىدىن بىزنىڭ رايونىمىزغا كېلىپ ئىشلەۋاتقان قېرىنداشلارغا ئوخشىمايسەن.

چوتكىباش جۇرېن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ تۇرغاندا، ھېۋىز كۆزەتچى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ قىزىقلا سوئال سورىدى.

— لىيۇجۇرېن، مېنى كەچۈرۈڭ، كۆڭلۈمگە غەلىتە بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، ئانىڭىز قانداق خوتۇن بولغىدىكىن؟

— بۇ ئىشنىڭ نېمە لازىمى بار، ئانامنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟

كىشىلەرنىڭ مەسخىرە نەزەردە قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ چوتكىباش جۇرېن خاپا بولدى.

— مېنىڭ بىلىشىمچە سىزنىڭ ئانىڭىز غىدىغى بار خوتۇن بولۇشى كېرەك، — كۆزەتچى ھېچنىمە سەزمىگەندەك تامىقىنى قىرىپ قويۇپ ۋەزمىن داۋام قىلىپ دېدى، — ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ئېچكى ئۆلكىلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ئانىڭىزغا كۆزى چۈشكەن، ئېھتىمال ئانىڭىز بىلەن ھە-پە دېيىشكەن، بولمىسا نېمانچە ياۋۇزلۇق بۇ، يۈرىكى لەختە-لەختە قان بولمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى، بىز

جۇڭگولۇقلار ئۆز پۇشتىمىزدىن سىزگە ئوخشاش يىرتقۇچ تۆرىلىدۇ، دىگەنگە ئىشەنمەيمىز.

يىغىندىكىلەر گويا ھىلىلا كۇلۇۋىتىدىغانىدەك جانلىنىپ كەتتى. چوتكىباش جۇرىن غەزەپلەندى. جۇشەن توغرىسىدا ھەرىكەتنىڭ بىشىدا ۋاڭ دۇيجاڭ بىلەن دىيىشكەن گەپتىن خەۋىرى بارمۇ، نىمە؟ دىگەندەك ئالىيىپ كۆزەتچىگە قارىدى، كۆزەتچى ئالقىنى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ يەرگە قاراپ خۇپسەنلىك بىلەن كۇلۇپ ئولتۇراتتى.

— باشلىق، تىرىكمەڭ، — دەپ شۇ ئەسنادا ئوڭتارباي چوتكىباش جۇرىننىڭ غەزىپىنى بىسىپ چۇشكۇدەك كۇچلۇك ئاۋاز بىلەن گەپ باشلىدى، — مەسلەن، سىز ماڭا نىمە قىلمىدىڭىز؟ لىللا ئىككى ئىغىز گەپ قىلغانلىقىم ئۇچۇن ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىۋەتتىڭىز، پۇتۇن ئائىلە بويىچە ۋەيران بولدۇق، چارۋىچىلىقىمىز ئىغىر زىيانغا ئۇچرىدى... باياتىن بىرى ماھىيىتىڭىزنى ئىچىپ بىرەلمەي قىينالغانىدىڭىز، ھىۋىز ئاغاي سىزگە ياردەم قىلدى، دەيدىغان گىپىڭىزنى ئاغزىڭىزغا سىلىپ قويىدى. ئەجنەبىي ئالۋاستىلاردىن تۆرەلمىگەن بولسىڭىز ئۆز خەلقىڭىزغە بۇ قەدەر زۇلۇم سالاتتىڭىزمۇ؟

يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوڭتارباينى تونۇمايتتى. ئۇ، تەشۋىقات دۇيى ئۇستىدىن دەرد تۆكۇشكە باشلىغاندا، كۆپچىلىك دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇپۇر-توپۇر بولۇشتى، كوپچىلىكنىڭ گويا مەلئۇنلارنىڭ سىقىپ سۇيىنى چىقىرىۋىتىدىغان ئەلپازى بار ئىدى، چوتكىباش جۇرىن دىمى ئىچىگە چۇشۇپ، بەزگەكتەك تىترەپ شۇك ئولتۇرۇپ قالدى.

## 3. ئەسەبىيلىك ۋە ساراسىملىق

بۇ يىل قىش جۇدۇنلۇق كەلدى، بەزىدە كېچىسى لەپىلدەپ قار ياغسا، ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ ئۆچكىلىك قويىندىن بوران ئۇچۇپ شۇرىغان پەيدا قىلاتتى-دە، جاھاننى بېشىغا كىيىپ، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالغۇدەك ئەندىشىلىك تەبىئەت باش كۆتۈرەتتى.

چوتكىباش جۇرېنى دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە ئىككى قولى بىلەن تايىنىپ شۇرىغانىنىڭ چىل بۆرىدەك ھۇۋلىشى، قار توزىڭى ۋە ئاپئاق مانان ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان دەرەخ شاخلىرىنىڭ قارسىلداپ ئىككى يانغا تاشلىنىشىنى كۆزىتىپ كۆڭلى غەش بولۇپ تۇرۇپ قالدى. چوتكىباش جۇرېنىنىڭ نەزىرىدە بۇ يېقىندىن بۇيان ھەممە نەرسە ئۆزگەرمەكتە. كىشىلەرنىڭ خۇي-پەيلىدە، ھەتتا تەبىئەتتىمۇ جىددىي ئۆزگىرىش بولماقتا.

قايسى كۈنى ئۇۋال قىلىنغانلار ۋەكىللىرى يىغىنىدىكى قارشىلىق چوتكىباش جۇرېنىنى تەمتىرىتىپ قويدى. بولۇپمۇ ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ جايىغا كەلتۈرۈپ گەپ بىلەن باپلىشى بازغان ئۇرغاندەك تەسىر قىلدى. چوتكىباش جۇرېنىنىڭ بىرنەچچە كۈن ئۇيقۇسى قاچتى، ناۋادا خىزمەت گۇرۇپپىسى جۇماقىنىڭ "ئالغا"دىكى ئۆزگىرىشتىن قورقۇپ تەشۋىقات دۈينىڭ رەزىللىكىنى پاش قىلىپ يازغان خېتىنى تاپشۇرمىغان، تۈن يېرىمىدىن باشلاپ پۈتۈن ئىلى ۋادىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ شۇرىغان چىقمىغان بولسا، چوتكىباش جۇرېن سافادىن قوزغالماي يېتىپ، ئۇستىدە

ئۈچ دولقۇنلۇق رادىئو بار تومپۇچكىنىڭ ساندۇقىدىكى ھارافنى خاپىچىلىقتا يالغۇز ئىچىپ تۈگەتكەن بولاتتى.

جۇماق بۇ خىتىدە توقسان گرادۇس ئۆزگىرىپ تەشۋىقات دۇيىنى يالغان دېلو پەيدا قىلدى دەپ پاش قىلغاندى، چوتكىباش جۇرىن چىدىماي قالدى ۋە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا يىغىن بار دەپ تۆۋەنگە بارغان تەشۋىقات دۇيلىرىگە، ئاساسىي قاتلام ئىنقىلابىي كومىتېتلىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلدى.

"ئالغا"دىن ۋاڭ دۇيجاڭ بىلەن تۇرسۇن بوران ئەتىگەن سائەت ئونلاردا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ دېگۈدەكلا ناھىيىلىك ئۆگىنىش كۇرسىدىكىلەر، ئاندىن بارغان ئورنىنىڭ يىراق-يېقىنلىق تەرتىپى بويىچە گۇڭشې-مەيدانلاردىكى تەشۋىقات دۇيىنىڭ مەسئۇللىرى يېتىپ كېلىشتى. قىلىن كىيىنىپ قۇلاقچىسىنى چۈشۈرۈۋالغان بۇ كىشىلەر شۇرىغاندا ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇستىبېشى ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەنىدى.

يىغىن باشلاندى، چوتكىباش جۇرىن خۇرما رەڭ خۇرۇم سافاغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ۋەزىيەتتە داۋالغۇش بولۇۋاتقانلىقى كۆپچىلىككە مەلۇم، بەزىلەر قايتۇرما ھۇجۇمغا دۇچ كېلىۋاتىسىلەر. قاتتىق شۇرىغاندا يىغىنغا چاقىرغىنىمدىن ئەندىشە قىلغانلار بارمۇ، يوق؟ دېدى.

— بىز سىنىپىي كۈرەشنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا چېنىققان، داۋالغۇش بىزنى ھەرگىز قورقۇتالمايدۇ، — دېيىشتى ئۇلار.

— شۇنداق، بىز ھېچنىمىدىن قورقماسلىقىمىز كېرەك، — دېدى چوتكىباش جۇرىن گەپنى سالماقلىق قىلىشقا تىرىشىپ، — سىنىپىي كۈرەش تەبىئەت ھادىسىگە ئوخشايدۇ، مەسىلەن، تۈنۈگۈن ھاۋا

ئوچۇق ئىدى، ھەممىلا يەر ئاپئاق قار ئاستىدا، كىشىنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك يالتىراپ ياتاتتى. كېچىدىن بېرى شۇۋىرغان چىقىپ، قايسى كۈنى يامان ئادەملەر "ئالغا"دا ئىنقىلابىي كومىتېتقا باستۇرۇپ كىرگەنگە ئوخشاش، جاھاننى مالىماتاڭچىلىق قاپلىدى. ئەمما يامان ئادەملەرنىڭ غوۋغاسىمۇ، شۇۋىرغانمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، قۇياش، ئاي جامالىنى كۆرسىتىدۇ، قارلار ئېرىيدۇ، باھار كېلىدۇ، تەبىئەت توز قانىتىدەك چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ...

چوتكىباش جۇرېن گېپىنىڭ ئاخىرىدا باھار، گۈزەللىك ھەققىدە سۆزلىدى، ئەمما تەلەتىدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. ئۇ يانچۇقىدىن دەپتەرچىلىك قېلىنلىقتا قەغەز چىقارغاندا، قولىنىڭ تىترىگەنلىكىنى يىغىندىكىلەر ئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇشتى ۋە نېمە ئالامەت بۇ دېگەندەك بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى.

— بۈگۈن سىلەرنى جىددىي بىر ۋەقەدىن خەۋەردار قىلماقچىمەن، — چوتكىباش جۇرېن قەغەزنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يەنە سالماق نەزەر بىلەن گەپ باشلىدى، — ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك، "ئالغا"غا بارغان تەشۋىقات دۈيىنىڭ كاتىپى خۇڭ يەن ئىنقىلاپتىن يۈز ئۆرۈپ بىزگە قارشى چىققانىدى. ئاڭلىسام، ھازىر بېيجىڭغا قېچىپ بېرىپ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئەرز قىلىپ يۈرۈپتۇ ئىمىش. مەن بۇ ئىشقا ھەيران بولمىدىم. خۇڭ يەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار، مېنى چۆچۈتكىنى جۇماق. ئۇ بىزنىڭ "ئالغا"دىكى ئىشلىرىمىزنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا پاش قىلىش خېتى يېزىپتۇ. دىققەت قىلىڭلار، جۇماقنىڭ پاش قىلىش خېتىنى ئوقۇپ بېرىمەن.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، چوتكىباش جۇرېن تىزىدىكى قەغەزنى

قولىغا ئالدى، قوللىرى بايىقىدىنمۇ قاتتىقراق تىترەپ تۇراتتى.

— تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا، قەدىرلىك باشلىقلار...

خەت ئوقۇش ئۈزۈلۈپ قالدى. پاش قىلىش خېتىنىڭ بىرىنچى قۇردىن باشلاپلا تەشۋىقات دۈينىڭ تىلىغا تېگىدىغان گەپ-سۆزلەر يېزىلغانىدى، يىغىندىكىلەر ئەنسىزلىك ئىچىدە چۇرقىرىشىپ چوت-كىباش جۇرېنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتماي قويدى. شۇ ئەسنادا شۋىرغان چىرقىراپ يوغان بىر كاللەك قارنى مامكاپتەك توزۇتۇپ دېرىزىگە ئۇردى. پورتۇچكا "تاق" قىلىپ ئېچىلغاندا، ھەممىنىڭ بەدىنىنى شۈركۈندۈرۈپ، سوغۇق شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

چوتكىباش جۇرېن ئالچاڭلاپ مېڭىپ پورتۇچكىنى ئەتكەندىن كېيىن، ئورنىغا قايتىپ كەلدى ۋە سەل كايىغان ئاۋازدا:

— داۋالغۇشتىن قورقمايمىز دېگىنىڭلار يالغان، پاش قىلىشنىڭ بىر ئۇچىنى كۆرمەيلا ئەرۋاھىڭلار ئەرشكە چىقىۋالدى، مانا بۇ قورققانلىق، بولمىسا نېمىشقا تەخىر قىلىپ خەتنى ئاخىرغىچە ئاڭلىمايسىلەر؟ — دېدى

— لىيۇجۇرېن، جۇماقنى مەن چۈشىنىمەن، — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ بىتاقەت بولۇپ، — شامالغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان مىجەزىنىمۇ بىلىمەن، لىن بياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن جۇماقتىن خاتىرجەم بولالماي سىزگە تېلېفون بەرگەن، ئويلىغان يېرىمدىن چىقتى. ۋاقىتنى ئالماي گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ بېرىڭا، بۇ سېرىق قۇشقاچ يەنە نېمىلەرنى دەپ ۋىچىرلىدىكىن.

— ئۇ بىر-ئىككى قېتىم ھوجۇمغا ئۇچرىغان، بەچچىغەر قورقۇپ ئىشتانىغا چىقىرىۋەتكەنىكەن-دە؟...

— ئەزەلدىن شۇنداق نېمە ئۇ.
— ئاغىنىلەر، بولدى، ئەمدى گەپنى لىۇجۇرېنغا بېرەيلى، — دېدى تۇرسۇن بوران ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — بۇنداق قىلساڭلار يىغىن ھازىر تۈگىمەيدۇ، بىزنى كېچىگە قويىسىلەر، ئاخىرىدا مۇزاكىرىمىزمۇ باردۇ تېخى.
دەرۋەقە، خەت ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ھەممىنى ئوقۇغاندا، كۆپچىلىك ئەنسىرىگەندەك كېچىدە قېلىش تۇرغان گەپ ئىدى. ئەمما شۇ مىنۇتتا چوتكىباش جۇرېننى ئەنسىرىتىدىغىنى خەتتىكى گەپ - سۆزنى قانداق يەتكۈزۈش. جۇماق ھەممىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئىككى يۈزلىمە رەزىل شەخس پاش قىلىش ماتېرىيالىنى ئۆز بېشىدىن قورقۇپ ئۆز مۇددىئاسى بويىچە يازدى، لېكىن بىر مەسىلىنى — تەشۇىقات دويىنىڭ سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، ئۆزى ئىقرار قىلغان، ئىسپاتلاش ئۇچۇن تىرىشقان ھەممە نەرسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى، "گورۇھ" بايرىقى دېگەننى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ياساپ كۆمۈپ قويغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئوت قويۇش، ماگىزىنغا ئوغرىلىققا چۈشۈش، كېچىدە ساليۇت ئېتىپ ئالاقە باغلاش دېگەنگە ئوخشاش ئويۇننى پاش قىلغاندا، بۇنى تۇرسۇن بورانغا چاتتى. ساليۇت ئېتىش "ئالغا" ئۇچۇن سىرلىق تېخنىكا، بۇنداق شۇملۇق "ئالغا"دا بىر تۇرسۇن بوراننىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، دېدى بۇ ھەقتىكى پىكرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۇرسۇن بوراننىڭ "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا ئەلەم كۆرۈشكە قاتنىشىش ئۇچۇن ئادەم تەشكىللەپ غۇلجىغا كىرگەنلىكى، "ستالىن" كوچىسىدىكى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى پارتلىتىش ۋەقەسىگە قول تىققانلىقىنىمۇ پاش

قىلدى.

يىغىن دەسلەپ تىنچ، تەرتىپلىك داۋام قىلدى، شىۋىرغاننى دېمىگەندە، چوتكىباش جۇرېنىڭ سۆزىنى بۆلگۈدەك شاۋشۇۋمۇ بولمىدى. بىراق گەپ شەخسلەرگە بېرىپ تاقالغاندا، ھەممىدىن بۇرۇن چوتكىباش جۇرېن چىدالمىدى، جۇماق خەتتە ئۇنىڭ مەنسەپ، مەنپەئەت ۋەدىسىگە ئالدىنىپ قالغانلىقىنىمۇ ئېيتقانىدى. چوتكىباش جۇرېن ئاچچىقى كەلگەندە، بىر يەردە ئولتۇرالمايدىغان ئادەم ئىدى. سافادىن پومزەكتەك قاڭقىپ، ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي، ئۆينىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ جۇماقنى تىللىدى. باشقىلار ئاچچىقى كەلسىمۇ جۇرېنىڭ شۇ مىنۇتتىكى ئەلپازىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ شۈك ئولتۇراتتى، چوتكىباش جۇرېن ئوتتۇرىغا چىقىپ سەپرا بىر ئادەمنىڭ رولىنى ئوينىۋاتقاندەك، ئۆيدىكىلەر ئارتىسنىڭ رول ئېلىشىدىكى ماھىرلىقىغا تەن بېرىپ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالغاندەك تەسىرات قالدۇراتتى. بۇ ھال بىر پەس داۋام قىلىپ، كېيىن بىردىن ئۆينىڭ تەرتىپى بۇزۇلدى، ھەممە ئورنىدىن تۇرۇپ، جۇماقنى تىللاپ ئۆينىڭ ئىچىدە پىرقىراشقا باشلىدى، گويا ساماغا ئوخشاش بىر مەنزىرە شەكىللەندى. كىمنىڭ نېمە دەپ تىللاۋاتقانلىقىنى، كىمنىڭ تىلىنى كىم ئاڭلاۋاتقانلىقىنى پەرق قىلىپ بولمايتتى.

تۇرسۇن بوران بولسا ئاچچىقىنى قەيەردىن چىقىرىشنى بىلمىگەندەك چىشىنى چىشىغا بېسىپ، پوكاندەك ئېسىلىپ شۈك ئولتۇرۇپ، ئاخىرى شىۋىرغاندەك گۈكىرەپ ئورنىدىن تۇردى:

— مەن ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئويلىغانىدىم، — دېدى ئۇ جاۋغىيىدىن كۆپۈك چىقىرىپ، — شۇڭا جۇماق مەسىلىلىرىنى

پاش قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋېتىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن، ھېچكىم قوشۇلمىدى، مانا ئەمدى...

— سىز ناھايىتى كەم ئويلايسىز، — دېدى چوتكىباش جۈرېن مېڭىشتىن توختاپ، — ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، ھازىر ئۆزى ئۆلۈۋالغانلار يۈك بولۇپ تۇرىدۇ، جۇماقنى قانداق ئۆلتۈرەلەيتتۇق.

ۋاڭ دۈيجاڭ كونا ھارۋىنىڭ چاقىدەك رەتسىز پىرقىراپ، تۇرسۇن بوراننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى ۋە:

— نېمە، سىز ئادەم ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— سىنىپىي كۈرەشتە مۇرەسسەگە زېمىن يوق، — دېدى تۇرسۇن بوران كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ، — يوچۇقنى ئېتىش كېرەك ئىكەن، جۇماقنى ھازىر ئۆلتۈرسەكمۇ كېچىككەن بولمايمىز.

— بۇ ئىنتايىن خەۋپلىك چارە، — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ تۇرسۇن بوراننىڭ كۆزىگە قادىلىپ قاراپ، — سىز كۆپ ئىشلاردا چاندۇرۇۋەتكەنسىز، مەسىلەن، لاپاسقا ئوت قويۇشتا چاندۇرۇپ قويدىڭىز، سېزىلىپ قېلىشتى. بولمىسا جۇماق بۇ ئەھۋالنى، كېچىدە ئۆزىڭىزنى چاندۇرۇپ ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلىكىڭىزنى ئۇ قەدەر ئېنىق يازمىغان بولاتتى، ئادەم ئۆلتۈرىمەن دەيسىزا تېخى، كونا پوقىڭىزنى ئادالمايلا سۈپۈرگە سالغان يەرنى بۇلغىسىڭىز قانداق بولىدۇ، تەكشۈرۈش گورۇپپىسى شىلىلىمىزگە كۆرپە سېلىپ ئولتۇرىدۇ. كونا يوچۇقلىرىڭىزغا پاخال تىقىش كويىدا بولۇڭ.

— يوچۇقتىن يا كەتسە، بۇ گەپچە ئوت قويغان مەن بولۇپ چىقىدىكەنمەن - دە؟!

— ئەلۋەتتە، بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز بىلەن بولغان ئىش، لېكىن سەرەڭگىنى سىز ياققان.

ئۇلارنىڭ تىركىشىشى يەنە بىرئاز داۋام قىلغانمۇ بولار ئىدىيۇ ئىشنىڭ شەخسىي ئاداۋەتكە ئايلىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، چوتكىباش جۇرېن بېسىپ قويدى.

— مېنىڭ مەيلىمچە بولغاندا، جۇماقنى ئېغىز چىشىمدا چەينەپ، گۆشىنى پۇركۇۋەتكەن بولاتتىم، — دېدى ئۇ غەزەپتىن دورداي كالپۇكلىرىنى ئۆمەللەپ، — بىراق ئامال قانچە، ۋاڭ دۇيجاڭ ئېيتقاندەك، ھەممە ئىش كىشىلەرنىڭ رايىچە بولمايدىكەن، لىن بياۋ ۋەقەسى خۇددى كوھىقاپنىڭ تۈۋىقىنى چېقىۋەتكەندەك بىر ئىش بولدى، قاتتىق بوران ئىچىدە قالدۇق، مەن ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، جۇماق پاش قىلغان ئىشلارنى يۇقتۇرماي ئۆتۈپ كېتىش ئۇستىدە كۆپرەك باش قاتۇرايلى.

تۇرسۇن بوراننىڭ نەزىرىدە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا يازغان پاش قىلىش ماتېرىيالىدا ئۆزىنى چوڭ ئىشلارغا چېتىپ زەربە بەرمەكچى بولغان رەقىبى جۇماققا چوتكىباش جۇرېن بىلەن ۋاڭ دۇيجاڭ رەھىمدىل پوزىتسىيە قوللىنىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ئالمىنى تۈنجى قېتىم سوراق قىلغاندا، ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ "ئاناڭ بۆشۈكتە تولا تەۋرىتىپ مېڭەڭ چايقىلىپ كەتكەن نېمە ئىكەنسەن" دەپ، "دۈشمەن" ئالدىدا قاتتىق سىلكىگەنلىكىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالدى، بۇ سىلكىش شۇ چاغدا تۇرسۇن بورانغا قاتتىق تەسىر قىلغان، ئۇ ئۆزىنىڭ لەت بولغانلىقىغا چىدىماي قېيداپ ئۆيىدە يېتىۋالغانىدى. ئەگەر چوتكىباش جۇرېن ئارىغا چۈشۈپ، كۈرەش ئۈستىدە، دۈشمەنگە غەزەپلىنىپ جىددىيلەشكەندە ئېھتىياتسىزلىقتىن چىقىپ

گەتكەن گەپ. مەسلىگە ئومۇمىيلىقتىن قاراڭ دەپ تەسەللى بەرمىگەندە، تۇرسۇن بوران يەنە بىرنەچچە ھەپتىنى توقۇمىسى قارنىغا چۈشۈرۈپ ئۆتكۈزگەن بولاتتى.

بۈگۈنكى گەپ-سۆز ئۇنىڭ قورسىقىدا يەنە گۇمان پەيدا قىلدى. ۋاڭ دۈيجاڭ ھېلىتىنلا ئوت قويۇشنى بىز مەسىلىھەتلەشكەن، ئەمما سەرەڭگىنى سىز ياققان دەۋاتىدۇ. ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە، مېنى قۇربانلىق قوي قىلامدۇ، قانداق؟

تۇرسۇن بوران ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاچچىقى كەلدى.

— گەپ-سۆزلەر بەكمۇ يۇمشاق، ئىنقىلابىي مەيدانىڭلاردا ئۆزگىرىش بولدىمۇ، قانداق؟! — دېدى.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشنى ھېسابقا ئېلىش لازىم، يەنىمۇ ئىنچىكىلىك قىلغان ياخشى.

— ھىم، چۈشەندىم، سىلەرمۇ ئاينىپ بولغان ئىكەنسىلەر، — تۇرسۇن بوراننىڭ ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى ئارقا تىرىكىگە قارايدىغان كۆزى قالمىدى، پەشنى قېقىپ، يامانلىغان خوتۇندەك دومسىيىپ تالاغا ماڭدى، — ئاغىنىلەر، گەپ-سۆز ئېنىق بولدى، ئىنقىلابىمىز ھەل قىلغۇچ پەيتتە تۇرۇپتۇ، مەن ئاينىغانلار بىلەن بىر سەپ بولالمايمەن، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ، — سوتسىيالىزم دەيدىغىنىڭ بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ كەينىمدىن ماڭ، ماركسىزمنىڭ داۋلىسى تۈمەنىڭ خىل، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق! ئىسيان كۆتۈرۈش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگۈنۈم كۆتۈرگەن.

يىغىن ئومۇمەن كۆڭۈلسىز ئېچىلدى، چوتكىباش جۇرىن

پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لىن بياۋ ۋەقەسى پەيدا قىلغان ئاقىۋەتلەردىن تىنچ ئۆتۈپ كېتىش، ئىنكار قىلىشلارنى يوققا چىقىرىش، يوچۇقلارنى ئېتىش ھەققىدە كېلىشىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، بۇ توغرىدا خېلى گەپ بولسىمۇ، لېكىن جۇماقىنىڭ پاش قىلىشى ئوچۇق تومۇرغا ئىچكەن بىر رومكا ھاراقتەك تەسىر كۆرسەتكەندىلىكتىن، ھەركىم ئۆز خىيالى بىلەن بولدى، ئوتتۇرىدىكى گەپ-سۆزلەرگە بەكمۇ زەڭ قويۇپ كەتمىدى. بەزىلەر تېخى ئۆزئارا قېپىداپ، يىغىن تارقىغاندا تۇرسۇن بورانغا ئوخشاش باتناپ ئىشىكتىن قاپىقىنى تۈرۈپ چىقىشتى.

تۇرسۇن بوران چەللىدە باغلاقلىق تۇرغان جىرەن قاشقىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يامانلىغان پېتى ئۇدۇل "ئالغا"غا قاراپ يول ئالدى. سىرتتا قاتتىق شىۋىرغان بولۇۋاتاتتى، ئۇزۇن سەنسەن جۇۋىنىڭ ياقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۈستىدىن شارپىنى ئوراپ چىگدى، جۇۋىنىڭ ئىككى پېشىدىن تارتىپ ئىككى تىزىنى يۆگەپ تېقىمىغا قىستۇردى. ئەمما كۆڭلىدىكى بىئاراملىق ئۈستىگە ئاپئاق قار توزانلىرىنى ئۇرۇپ تۇرغان شىۋىرغانغا ئوخشاش پۈتۈن بەدىنىگە مۇزدەك تېگىپ تۇراتتى.

يىغىندىكى كۆڭۈلسىزلىك "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ "ئالغا"دىكى بۇ سەردارىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن ئىشلارنى ئەسلەشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ غۇلجا شەھىرىدىن يىراق تۇرسىمۇ، ئادەم باشلاپ كىرىپ 1967-يىلى ئىلى رايونىدا "ئۈچىنچى سېنتەبىر ۋەقەسى" دەپ ئاتالغان تۈنجى ئەلەم كۆرۈشكە، شۇ يىلى يىگىرمە بەشىنچى سېنتەبىردىن باشلاپ ئون بەش كۈن داۋام قىلغان ئىلى مېھمانخانىسىدىكى ئۇرۇش، چېقىشقا، 1968-يىلى ئىيۇندا يۈز بەرگەن

ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى پارتلىتىشقا قاتناشقان. "ئۈچىنچى سىنتەبىر" ئەلەم كۆرىشىدە ئوبلاستلىق تىرە زاۋۇتىدىن بىشىغا پولات كاسكا كىيىپ چىقىپ ماشىنىغا ئۇن بىسىپ قورغاستىن كىلىۋاتقان قارشى تەرەپ تەشكىلاتىنىڭ ئادىمىنى ئۇرۇپ ئەلەم كۆرىشىدە ئۈستۈنلۈك قازىنىشتا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كاككۇكلۇقىدىن ناھايىتى چوڭ ئابروي قازىنىپ، مەيدان ئىنقىلابىي كومىتىت مۇدىرى بولدى. بىراق يىقىندىن بۇيان بۇ ئىشلار تەتۈرىگە ماگىدىغاندەك تەسىرات پەيدا قىلماقتا. ئادەملەر تۈرمىدىن چىقىرىلدى، چوتكىباش جۇرىن بىلەن ۋاڭ دۈيجاڭ بوشىتىپ كەتتى. ھەتتا نىمە ئۈچۈندۇ مۇدىرلىق راۋىقىدا ئىغىناپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەككۆشلىگەن چىرايلىق خوتۇنىمۇ ئىسسىق چىراي كۆرسەتمەيدىغان بولدى.

كۈن كەچ كىرىپ قالغانىدى. تۇرسۇن بوران ساراسىملىق ئىچىدە چىگىش خىياللار قاينىمىغا غەرق بولۇپ جىرەن قاشقىنىڭ يولدىن چىقىپ بىر تۈپ جىغانغا كەينىنى قىلىپ توختاپ قالغانلىقىنى سەزمىدى. ئات قىلىن قارغا تۇۋاقلىرىنى پاتۇرۇپ، بىشىنى تۆۋەن سىلىپ تۇراتتى. تۇرسۇن بوران بويىندىن كىرگەن سوغۇق شامالدىن ئەندىكىپ ئىسىغا كەلدى.

ئۇ، يىغىندا يىنىكلىك قىلغانلىقىغا، چوتكىباش جۇرىنىڭ گىپىچە يوچۇقىنىڭ ئاغزىنى ئىتىش ئۈستىدە پىششىق كىلىشۋالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئاتنىڭ بىشىنى چوتكىباش جۇرىنىنىڭ ئۆيىگە بۇراپ، يەنە بىردىن ئىككىلىنىپ تىزگىنىنى تارتتى. ھازىر قاش قارايغان چاغ، جۇرىنىڭ ھۇزۇرىدا بولغىچە بەلكى كۆز باغلىنار، لەنىلەن

خېنىم قالايمىقانچىلىقنى ياقتۇرمايدىغان نازۇك پېئىل ئايال، كېچىدە يوغان جۇۋا بىلەن سىبىرىيىنىڭ ئېيىقىدەك كىرىپ بارسام نېمە دەپ قالار؟! دەپ ئويلىدى.

تۇرسۇن بوران ئۆيگە چىراغ يېقىلغان چاغلاردا قايتىپ كەلدى.

— سوغۇق ئىچ-ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتتى خوتۇن، تەييار تامىقىڭ بارمۇ؟

خوتۇن ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا ئەمدىلا ئۇن ئايلىق بولغان بوۋاقنى ئېمىتىپ پەرۋاسىزلىق بىلەن بۆشۈكنى قوچاقلاپ ئولتۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭۇي، گەپ قىلساڭچۇ، قورساق ئېچىپ كەتتى دەيمەن.

— نېمە بولغانلىقىنى مېنىڭدىن نېمشقا سورايتتىڭ، — دېدى ئايال بىردىن ئەسەبىيلىشىپ، — مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئەمەس، مەغپىرەتنى تىرىلدۇرۇپ تاماق ئەتكۈزۈپ يە.

— قۇرۇق گەپكە ئىشەنمە، ھەممىسى ئىغۋا، دۈشمەننىڭ سۆزى.

— ھىم، دۈشمەننىڭ سۆزى ئىمىش، گەپ تېرىپ يۈرگەن بىر رابىگۈللا ئەمەس، ئىككى بالاڭنىڭ ئۈستىگە تەگكەنمەن، "سەندىن ئۆزگە گۈلنى تىكەن بىلىمەن" دېگەن گەپلىرىڭ قېنى، سۆيدۈك پۇراپ بەش كۈنلۈك يەرگە چاپىدىغان ھاڭگا ئېشەك، كىچىككىنە مەغپىرەتنىمۇ تىنچ قويمىغانىڭ ئۈستىگە ياش جېنىغا زامىن بوپسەن. ئىشەنمىسەڭ كوچىغا چىقىپ قۇلاق سال، ئەمدى كېلىپ ھەممە ئادەم ساڭا دۈشمەن بولدىما!

ئايال ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. نارەسىدىنىڭ ئاچچىق چىرقىراپ

يىغلىشقا پەرۋا قىلماي يۈگۈرۈپ ئالدىغا كەلدى، جۇۋىسىنى يەشمەي قىزىق مەشىنىڭ تۈۋىدە مەيدىسىنى قاقلاپ ئولتۇرغان تۇرسۇن بورانىنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. چاچلىرىنى چۇۋۇپ يىغلىدى.

تۇرسۇن بوران كۈتمىگەن زەربىدىن گاڭگىراپ ئىختىيارسىز بېشىنى تۆۋەن سالدى.

# توققۇزىنچى باب

## 1. جۇڭغار ئويمانلىقىدا

"ئالغا"دىكى پاجىئەلىك تۇرمۇش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالىمنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى كۈنلىرىنى بەكمۇ يامان دېيىشكە بولمايتتى.

رابىخان قايماقنىڭ كوچىدا سازايى قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نىشانىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، ئەر-خوتۇن چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۆزىگە ئوخشاش بىر قاچاقنىڭ ئۆيىدە پاناھلاندى. خەلق كۆزىدىن يىراقتا ياشىدى... گۈڭشىبىسدا تۇرمۇش قاششاقلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، چۆلدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بۇ دېھقان ئۆزىگە ھەمراھ تېپىلغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. غېرىبانە ئۆيىگە داستىخان ئېچىپ ئالىمنىڭ سوغۇقتىن غال-غال تىترەپ تۇرغان بالا-چاقىسىنى ئىسسىق چاي بىلەن ئوزۇقلاندۇردى. ھال-ئەھۋال سورىدى. مۇڭداشتى ۋە ئەمگەكتە قاتقان قاتما قوللىرى بىلەن چالاشقان كەكە ساقىلىنى تاراپ قويۇپ:

— كېرەك يوق، ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا، بارىغا تەڭ ئورتاق بولۇپ، قىشنى چىقىرىۋالساق بەكمۇ يامان كۈندە قالمايمىز، — دەپ تەسەللى بەردى.

دېھقاننىڭ ئادەمگەرچىلىكى ئىلى بىلەن جۇڭغارىيە ئارىلىقىدىكى تاغلىق، شېغىللىق، تاشلىق ئۇزۇن يولنى پىيادە باسقان ئالىمنىڭ

ھالسىز گەۋدىسىگە دەرمان قوشتى. ئالىم گويا ئۆزىنىڭ ئاتىسى بىلەن ئۇچراشقاندەك خۇشال بولدى، دېھقانغا كۆكسى ـ قارنىدىكىنى تۆكۈپ، كەچۇرمىشلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ، كىچىككىنە يېنىكلەۋالدى. بىر ـ بىرىنى ياخشى چۈشەنگەندىن كېيىن دېھقان ئالىمنى ئەپەندىم، ئالىم دېھقاننى "ئۇستام" دەپ ھۆرمەت سۆز بىلەن ئاتايدىغان بولۇشتى.

دېھقاننىڭ كەپىسى بالا ـ چاقىلىق ئىككى ئائىلە ئۈچۈن كىچىكلىك قىلاتتى. ياز يورۇغاندا، ئۇستام يۇلغۇن شاخلىرىدىن ۋاسا ـ چەگزە قىلىپ ئالىمغا كەپە يېپىپ بەردى ۋە:

— قېنى ئەپەندىم، يېڭى ئۆيلىرىگە مەرھەمەت قىلسىلا، "جاھاننىڭ ئىتتىكى كەڭ" دەپ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىكار ئېيتمىغان، مىسالى، مۇشۇ جۇڭغارىيىنىڭ ئۆزىدە بىر پادىشاھلىق زېمىن بار، "يەر ئالتۇن قۇزۇق — جانغا ئوزۇق"، كەڭ زېمىنغا تۆرەلگەن خەق نېمىدىن قورقاتتۇق، — دەپ ئالىمنى كەپىگە كۆچۈرۈپ قويدى.

ئالىمنىڭ غەپلەتلىك كۆزلىرى كۈلۈپ، يېرىلغان ئورۇق قاتاڭغۇ يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئەر ـ خوتۇن ئۆتكەن كۈنلەرنى، شىخونىڭ تۆت كوچا ئاغزىدا تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان ئانىسىنى ئەسلەپ كەپىنىڭ ئالدىدا پاراڭ قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇستام كەكىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ كەلدى ۋە چاقچاق بىلەن:

— ئەپەندىم، قاپقان قۇرۇپ تۇتقان كېيىك گۆشىنى سېتىپ قىشنى بىر چىرايلىق چىقىرىۋالدۇق. بۇ يەردە گۆشنىڭ داش قازىنى يوق. ئەمدى يازنى قانداق ئۆتكۈزىمىز، — دەپ گەپ باشلىدى.

— ئۇستام جۇڭغار چۆللۈكىنىڭ مەرتىۋىلىك شاگىيوسى، — دېدى

ئالىم گەپنى چاقچاق بىلەن باشلاپ، — شاڭيوم نېمە دېسە پۇقرا ئېغىز غىڭ قىلماي ئىجرا قىلىدىغان ئەمەلدارلار بىلەن ئىشلەپ كەلدى، — ...

بىپايان چۆلدە ئادەم سىغىنىپ تولىمۇ زېرىكىشلىك ئۆتىدىغان ئۇستام ئالىمنىڭ دىلكەشلىك بىلەن قىلغان چاقچىقىغا مەززە قىلىپ بىلىدىكى پوتىغا تايىنىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

— توغرا ئېيتتىلا ئەپەندىم، سىلىگە قارىغاندا مەن بۇ يەرگە كونا، چۆلدە جان بېقىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالغان، مەسىلىھەتىم مۇنداق، — ئۇستام ئادىتىچە كەكە ساقىلىغا قول ئۇزارتىپ ئاۋازىنى سوزۇپ داۋام قىلدى، — مەندە بىر ئېشەك ھارۋىسى بار، مەن مۇنۇ كەكە بىلەن يۇلغۇننىڭ يىلتىزىنى چېپىپ بېرەي، سىلى ھارۋىدا بازارغا ئوتۇن توشۇپ سۇ قىلىپ بېرەملا؟

— پۇلنىچۇ — دېدى ئالىم يەنە چاقچاق قىلىپ.

— قىشتىكىگە ئوخشاش، تەڭ ئورتاق، — ئۇستام چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى، — جۇڭغارىيىگە شاڭيو بولدۇم دەپ ھەرگىز يالغۇز ئېلىۋالمايمەن.

ئوتۇنچىلىق ئىككى ئائىلىنىڭ چاي-تۇز خىجالەتچىلىكىنى يېنىكلەشتۈردى، كونىراپ، چىرىپ تىكىشى تۇتماس بولۇپ قالغان ئەسكى چاپاننى بىرەر-يېرىم مېتر بۆز رەخت بىلەن ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىمۇ بېرەتتى. قورساق مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۇلار ئوغۇش-لۇق يول تاپتى، رازىخان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىغا بېرىپ باشاق تەردى.

لېكىن ئالىمنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم دېگىلى بولمايتتى. بىركۈنى ئۇ بازاردا ئوتۇن سودىلىشىۋېتىپ، بېيجىڭدا ھۆكۈمەتكە قارشى چوڭ ئېلىشىش بوپتۇ دېگەن مىش-مىش گەپ ئاڭلاپ قالدى. بۇ 1976 -

يىلىنىڭ 4 - ئايلىرى بولۇپ، پايتەخت خەلقىنىڭ قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمىدا بىر ئوچۇم لۆكچەكلەرگە قارشى كۆرىشى ئەۋجىگە چىققان ۋاقىت ئىدى. ئالىم ئىشەك هارۋىسىغا ئوتۇن بېسىپ هەر قېتىم شەهەرگە كىرگەندە، كۆپ يىغىلىقلارنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى مەملىكەتنىڭ، شىنجاڭنىڭ ئۆز ئورنى بولغان "ئالغا"نىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە مەركەزلەشكەنلىكتىن، بىرەر يىغىلىق ئاڭلىمىغىچە ئىشەكنىڭ بېشىنى چۆلگە قاراپ بۇرىمايتتى. مەسىلەن، لىن بياۋنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ لەهەتكە كەتكەنلىكىنى ئالىم بازاردا ئوتۇن سېتىۋېتىپ ئاڭلىغان. بېيجىڭدىكى ئېلىشىش توغرىسىدا كوسۇلداشقاندا، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىچە جۇشقۇنلۇق ئالىمنى ئويلاندۇرۇپ قويدى، بېيجىڭدا زادى نېمە ئىش بولغاندۇ، خەلق نېمانچە خۇشال - هە؟!

— بۇرادەر قۇلىقىمغا غەلىتە گەپلەر كىرىدۇ، — ئالىم ئىشەك هارۋىسىنىڭ شوتىسىنى تۇتۇپ ئوتۇن سودىلىشىپ قارشى تەرىپىدە تۇرغان خېرىدارغا ئېگىلىپ سوئال قويدى، — بېيجىڭدا زادى نېمە ئىش بوپتۇدەك؟

ياش - قۇرامى ئالىمنىڭكى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك خېرىدارنىڭ ئۈستىبېشىدىن كادىر ياكى دېهقان ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىپ بولمىغاندەك، گەپ - سۆزىدىن بېيجىڭدىكى ئىشقا قوشۇلىدىغان ياكى قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، ئۇ، ئالىمنىڭ جۇل - جۇل كىيىمىگە، ئاندىن سوئال نەزىرىدە چەكچىيىپ تۇرغان يوغان كۆزىگە قارىدى:

— شۇنچىلا، چوڭ ئىشتىن خەۋىرىڭ يوقمۇ نېمە، نەدە قالغان ئادەمسەن؟ — دېدى.

— ئۆزەم دېھقان، جاڭگال كېزىپ ئوتۇنچىلىق قىلىمەن، — دېدى ئالىم ئۆزىنى يوشۇرۇپ، — خەۋەرلىرى بار ئىش بولسا بىزگىمۇ سۆزلەپ بەرسىلە، بىر ئۇچىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ قالاي.

لېكىن شۇ ئەسنادا گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ ھارۋىنىڭ يېنىغا بىريولىلا ئىككى-ئۈچ خېرىدار كېلىپ توختىدى.

ئالىمنىڭ چوڭ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىش تەقەززالىقى بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن ئوتۇن بازىرىدا مەخپىي تارقىتىلغان تەشۋىقات ۋارىقى قولغا چۈشكەندىلا ھەل بولدى. بازاردا ئادەم كۆپ ئىدى، ئالىم ۋاراقىنىڭ باش تەرىپىدىن بىر-ئىككى قۇر ئوقۇپ ئەنسىزلىك بىلەن ئۇنى دەرھال چاپىنىنىڭ يىرتىقىغا يوشۇردى، باھا تالىشىپ تۇرماي ئوتۇننى ئېلىشقا ساتتى-دە، دەرھال جاڭگالغا قايتتى.

چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن، ئالىم تەشۋىقات ۋارىقىنى خاتىرجەم ئوقۇشقا كىرىشتى. ۋە ۋاراقتا تيەنئەنمېن ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى، جەريانى، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە بىر قىسىم رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالغان يامان ئادەملەرنىڭ پەردە ئارقىسىدا قوماندانلىق قىلىپ تيەنئەنمېن ۋەقەسىگە قاتناشقان پايتەخت ئىشچىلىرى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە شەھەر ئاھالىسىنى قانلىق باستۇرغان جىنايەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئالىم قاتتىق ھاياجانلاندى.

ۋاراقتا، كەچمىش-كەچۈرمىشلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ھەقىقەت سۆزلەنگەندى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇزاق داۋام قىلغان دۆلەت ۋە خەلققە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن سول لۇشيەندىن ھېساب ئېلىشى چاقىرىق قىلىنغانىدى.

كەچتە كەپىگە ئۇستام كىردى.

— ئەپەندىم، بۈگۈن بازاردىن بالدۇر قايتقاندەك قىلدىلا، ئىش ئوڭغا تارتقانمۇ نېمە؟ ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن، "ئىش ئوڭغا تارتسا، ئىشتان قوڭغا تارتىدۇ" دېگەن گەپ بار، ئوتتۇنچىلىق ئېقىپ، كىچىككىنە پىتلىنىپ قالساق ئەجەب ئەمەس.

— ئۇستىمىزدىكى كۆلپەتتىن قۇتۇلىدىغان كۈنلەرگە ئاز قالغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئالىم ئۇستام يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — ئاڭلىغانلىرىم راست بولسا، بەشىنچى ئايدا پاختىلىق جۇل-جۇل ئىشتان كىيىپ يۈرۈشتىن، ئۈچىمىزدىكى ئېشەك چۇمدىن، باشتىكى سالۋا تۇماقتىن قۇتۇلىمىز، يۇرتىمىزغا قايتىپ ئادەمچە ياشايدىغان بولىمىز.

— ئاغزىلىرىغا ياغ ئەپەندىم، بۈگۈنكى يېڭىلىق ئۆزگىچە ئوخشىمامدۇ؟ قېنى ئەمسە، قۇلىقىم سىلىدە.

كەپىنىڭ ئىچى جىنچىراغتا يورۇپ تۇراتتى. رازىخان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا داستىخان سالدى، لېكىن ئۇستام داستىخانغا تىزىلغان ئالىمنىڭ بازارلىقلىرىغا قىيا كۆزىنىمۇ سالماي، بۈگۈن بازاردىن ئاڭلاپ چىققىنى قانداق يېڭىلىقتۇ دېگەندەك تەقەززالىق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى.

ئالىم ئاڭلىغانلىرىنى قالدۇرماي، تەپسىلىي بايان قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرىغا ئۆزىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى قوشتى:

— ھەرقانداق شەيئى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن ئەكس تەرىپىگە قاراپ ماڭىدۇ، دۆلىتىمىزدە ئۇزاقتىن بۇيان سول لۇشيەن ئۇستۇنلۈككە چىقىۋالغانىدى، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، قارشىلىق كۆتۈرۈلدى، خاتا لۇشيەن بىتچىت بولۇپ خەلق ئازادلىق كۈنلىرىگە قايتا

ئېرىشىدۇ.

ئۇستام ئادەتتە مۇڭداشقاندا جانلىنىپ، ھېلىدىن-ھېلىغا گەپ قىستۇرۇپ ئولتۇراتتى، بۇ كۈنى ئالىم تيەنئەنمېن ۋەقەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى سۆزلەپ تۈگەتكىچە "لام" دېمەي ئاغزىنى ئېچىپ ياغاچتەك قېتىپلا قالدى. بىرپەستە گەز باغلاپ تۇرغان قۇرۇق كالپۇكلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، مىچىلداپ كۆزىگە ياش ئالدى.

ئۇستام ئەسلىدە "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانى ئورۇنلاشقان ئۆچكىلىك ئېتىكىدىكى مەلۇم بىر گۇڭشېنىڭ ئەزاسى ئىدى. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا گۇڭشېنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئۇستامنى يۇرتتىن تەزدۇرگىنى تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىلا ئەمەس، مۇزدەك سۇغا قاتتىق نان چىلاپ يېگەندىمۇ، ئۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكانىدىن سوۋۇمىغان بولاتتى. بىراق بىر يىلى ئەتىيازلىقى، ئىلىك ئۈزۈلگەن چاغدا، قەرز يىغىش گۇرۇپپىسى گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاشلىقنىڭ پۇلغا سۇندۇرۇپ جايىنى باھالاپ ئېلىۋالماقچى بولدى، جايىنى دادىسى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى سېلىپ بەرگەن، ئۇستام جېنىنى جان ئېتەلمەي ئاتا مىراسىنى گۆرۈگە قويۇشنى قاتتىق ھار ئالاتتى. ئۇ بۇ ناھەقچىلىقنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دەپ خوتۇن بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ قېچىپ چۆلگە كىرىۋالغانىدى.

— بۇنداق ئىشلار دۆلىتىمىزدە كۆپ، — دېدى ئالىم — مەسىلەن، بىز ئەسلىدە قەشقەرلىق ئىدۇق، پولات-تۆمۈر تاۋلاش يىلى دادامىمۇ سىلىگە ئوخشاش كۈنىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يۇرتىنى تاشلاپ ئىلىغا چىققان، بۇ ھەرىكەتتە ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلىۋالدى. مانا مەن جاڭگاللىغا پاناھلاندىم. ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈۋاتىمەن، لېكىن

قىيامەتلىك كۈنلەرنىڭمۇ بىر چېتى كۆرۈنۈپ قالدى، پەيت كەلدى، ئەمدى بىزمۇ تىنچ ياتماسلىقىمىز لازىم.

ئالىم بازارغا توختىماي قاتنايدىغان بولدى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇ، ئەھۋالنى تېخى مۇكەممەل ئىگەللەپ ئۈلگۈرمىسىمۇ، تيەنئەنمېن ۋەقەسى مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە تۈپتىن بۇرۇلۇش ياسايدىغانلىقىغا، لىن بياۋ گۇرۇھى تارمار قىلىنغانغا ئوخشاش كۆرۈنۈشتىكى ئۆزگىرىش بولۇپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىركۈنى رازىخان ئۇنىڭدىن:

— كۈرەش توغرىسىدا ھەر كۈنى گەپ قىلىسىز، شىخوغا ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايسىز، بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— دۇرۇس، گېپىڭدە ئاز-تولا داۋلى بار، — دېدى ئالىم چاچلىرى ئۆسۈپ پاخماللىشىپ كەتكەن بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، — قەمىردىنكام جەڭدە ھەمىشە بىر خىل ئۇسۇل قوللىنىشقا بولمايدۇ، چېكىنىشمۇ ھۇجۇم دېگەن، بىز جۇڭگارىيە چۆللۈكىدە پاناھلىنىپ سۈيىقەستچىلەرنى ئامالسىز قالدۇردۇق، مانا ئەمدى پەيت كەلدى، لېكىن جەڭ مەيدانىغا بېرىشقا يەنىلا ئالدىرىمايمەن.

نېمىشقا؟

— تەشۋىقات ۋارىقىدا ئېيتىلىشىچە، دۈشمەن ئەسەبىيلەشتى، ھەممىلا يەردە پايلاقچى بار.

— قورقىدىكەنسىز-دە؟

— چاقچاق قىلما.

— بولمىسا نېمىشقا ئالدىرىمايدىكەنسىز؟ ئاپامنىڭ يېنىغا چاققانراق يېتىۋالسام بولاتتى، تاقىتىم ئۆزۈلدى.

— ۋەزىيەتنى كۆزەتمەي ئوتتۇرىغا چىقساق، بۇ، گۆھەرنى تاشقا ئۇرغانلىق بولىدۇ، دۈشمەن ئىنتايىن ئەشەددىي، نۇرغۇنلىغان يولداشلىرىمىزنى سەپكە چىقالماس قىلىۋەتتى، كۆچنى ساقلاپ، پەيتى كەلگەندە بىرىيوللا چېكىسىنى ئوڭدا قىلىۋېتىش كېرەك.

كەپە ئىچىدە ئەر-خوتۇن شۇنداق قىزغىن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا شىخو بازىرىدا، ئالىم ئىلگىرى ئۇچاقتا ئوت قالىغان ئاشخانا ئەتراپىغا ياش بىر يولۇچى كېلىپ توختىدى. يولۇچىنىڭ چاڭقاپ، ئۈستىبېشىنى توپا بېسىپ تۇرۇشىدىن ئۇزاق يول بېسىپ كەلگەنلىكى مەلۇم ئىدى.

— ئۇكام يوجىڭ بىر ئىشىڭىز بار ئوخشىمامدۇ، نېمە، كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېدى شۇ ئەتراپتا توپلىنىپ تۇرغانلاردىن بىرى.

— شۇنداق، يوجىڭ ئىش، ياردەم قىلساڭلار ياخشى بولاتتى، — يولۇچى ھېلىقى ئادەمگە قاراپ قويۇپ دېدى، — ئىلگىرى شىخودا تۇرغان ئالىم روزى دېگەننى ئىزدەپ كېلىۋىدىم.

— ئالىم؟ بۇنداق ئىسىملىكلەر شىخودا خېلى بار، نېمە قىلىدىغان ئادەمدى؟

— ئەسلى نېفت ئىنژېنېرى ئىدى، خاتالىشىپ خىزمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شىخودا ئاشخانىدا ئىشلىگەن، رابىخان قايماق دېگەن تۇل ئايالنىڭ ئۆيىگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرگەن.

ئىزدەپ كەلگۈچى كىتابخانىغا مەلۇم بولغان ”ئالغا“دىكى كېرىمجان تېخنىك ئىدى. كېرىمجان ئالىمنى دەسلەپ غۇلجىدىن ئىزدىدى، يېغىۋېلىش ئورۇنلىرىغا، مەسچىت-مازارلارغا بېرىپ سۈرۈشتە قىلدى، يۇلتۇزنىڭ يولى بىلەن تاغ ئېشىپ قەشقەرگە باردى، كۈن كەچۈرۈشنىڭ قاتتىقلىقىدا شىخوغا بېرىپ يۆلەنچۈكسىز تۇل ئايالنىڭ

ئۆيىدە پاناھلىنىدۇ دېگەنگە ئۇ چاغدا مەيداندىكىلەردىن ھېچكىم قوشۇلمايتتى.

ئالىمنىڭ شىخودىن ئايرىلغىنىغا كۆپ ۋاقىت بولغانلىقتىن، كىشىلەر بۇ يەردىمۇ بىلمەيدىكەنمىز دېگەن بولار ئىدىيۇ، لېكىن ھەممىگە تونۇش رابىخان قايماقنىڭ ئېتى چىقىش بىلەن سەل دېلىغۇل بولۇپ قېلىشتى.

— شۇنداق ئۇكام، بۇ يەردە سۈت ساتىدىغان رابىخان قايماق دېگەن تۇل ئايال بار، ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويساق، رابىخاندىنلا سورىمامدىلا، — دېيىشتى.

— رەھمەت ئاكا، بولسا شۇنداق قىلسىلا.

قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن، رابىخان قايماق ئىلگىرىكىدىن خوپلا ئالدىراپ قالدى. تېنى سوغۇلدى، پۈت-قولىنىڭ ماغدۇرى ئازايدى. لېكىن بىر ئىش تۇل ئايالنىڭ تىرىكچىلىكىنى ئاسانلاشتۇردى. ئوچۇق ئېلىم-سېتىم مەنئى قىلىنغاندىن بېرى، خېرىدارلار ئۇنى ئاۋارە قىلمايلا خۇپىيانە كېلىپ سۈتىنى ئۆزلىرى ئېلىپ كېتەتتى. ئۇ كېرىمجان بىلەن تونۇشۇپ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، بالىلىرىدىن قاتتىق قايغۇردى، خۇداغا نالە قىلدى، ئېھ خۇدا، تارتقۇلۇق ماڭا ئوغۇز سۈتى بىلەن كىرىپ تېنىمگە سىڭىپ كەتكەنمۇ، باش قېتىمچىلىقىدىن نېمە ئۈچۈن بىر غېرىچ ئۆزاپ نېرى كېتەلمەيدىغاندىمەن دەپ يىغلىدى.

— سەۋرى قىلسىلا چوڭنا، — دېدى كېرىمجان تېخىنىڭ تۇل ئايالغا دەرد تېپىپ بەرگەنلىكىدىن خىجالەت بولغاندەك، پەس ئاۋازدا، — تارتقۇلۇق بىر سىلىنىڭلا باشلىرىغا كېلىۋاتقىنى يوق، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تارتىپ ئۆتۈۋاتىمىز، غەيرەت قىلسىلا، ياخشى

كۇنلەرگىمۇ يىراق قالمىدى.

— بۇ چاققىچە كۆپ جايا چېكىپ ئىزدەپسىز ئوغلۇم، يەنە غەيرەت قىلىڭ، قانچە گۇناھىم بولسا "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا يۇيۇلۇپ كەتكەندۇ، باللىرىم بىلەن دىدارلاشقىلى خۇدا نېسىپ قىلار.

رابىخان قايماق ئالىم توغرىسىدا بىلمەيدىغان بولۇپ چىقتى. كېرىمجان تېخنىك يەنە بۇرۇنقى ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى سورۇنغا قايتىپ كەلدى. بۇ يەر ھەمىشە ئادەم قايناپ تۇرىدىغان سورۇندى. ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىز گەپ قىستۇرۇپ، بىركۈنى ئەتىگەنلىكى كۈن نەيزە بوي ئۆرلىگەندە كېرىمجان تېخنىكنى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ بارىدىغان ئوتۇنچى ھارۋىسىنىڭ كاداڭ يولىغا سېلىپ قويدى.

كۈن چۈشتىن قىيىلغاندا، كېرىمجان تېخنىك ئالىملارنىڭ كەپەسىگە يېقىنلاپ كەلدى، تومۇز ئايلىرى ئىدى، كۈن ئېگىلىپ تەپتى قايتقانلىقىغا قارىماي، ئويمانلىق تونۇردەك قىزىپ تۇراتتى. ئارىلىق ئون قەدەمچە قالغاندا، كېرىمجان توختاپ پەس ئاۋازدا ئالىمنىڭ ئېتىنى قىچقىرىپ چاقىردى. دەرد-ئەلەمدە ئورتاق سەپداش بىلەن قايتا كۆرۈشۈش خۇشاللىقى ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇراتتى. شەپە بولمىغاندىن كېيىن، ئاستا بېسىپ كەپىگە كىردى.

كەپىدە دىلداردىن باشقا ھېچكىم يوق بولۇپ، ئەقلىدىن ئاداشقان بۇ قىز تىلىنى بىر غېرىچ ساڭگىلىتىپ، چۈشىنىكسىز بىر قىياپەتتە ئەلەڭلەپ قاراپ تۇراتتى. كېرىمجان دىلدارنى دەرھال تونۇدى ۋە كىرگەن يېرىدە توختاپ:

— ئاپئاق ئۇكام، يالغۇز ئولتۇرۇپسىزغۇ، دادىڭىز نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى.

تۇيۇقسىز ئاۋازدىن دىلدار چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. جاڭگاللىدا تاغاق كۆرمىگەن پاخما چاچلىرى ئۇنى قورقۇنچلۇق قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى، ناتونۇش چىرايدىن نېرۋىسى غىدىقلىنىپ شاش ئاتتەك ئۆزىنى تالاغا ئۇردى، پۈتلىشىپ يىقىلدى.

كېرىمجان قىزنىڭ ئاينىش جەريانىنى دەرھاللا خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن ئېچىندى.

قورقماڭ ئۇكام، مەن كېرىمجان ئاكىڭىز بولىمەن، سىلەرنى ئىزلەپ كېتىش ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى.

دىلدار قاتتىق جىددىيلەشكەنلىكتىن كەمدىن-كەم سۇ كۆرىدىغان يۈزلىرى بۇرنىنىڭ ئۇچىغىچە قوشۇلۇپ چىپ-چىپ تەرلەپ كەتكەنىدى. چاچراپ كەپىدىن چىقتى. چۈشىنىكسىز ئاۋازدا جاڭگاللىنى بېشىغا كىيىپ ئاچچىق چىقىرىدى.

بۇ ئاۋاز يېڭىلا كەپىدىن چىققان ئالىم بىلەن رازىخاننى كەينىگە قايتۇردى. ئالىم ئوتتۇن بېسىپ كېلىش ئۈچۈن ھارۋا بىلەن جاڭگالغا، رازىخان باشاق تېرىپ كېلىمەن دەپ تاغا كۆتۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىغا كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كۆز يېشى قىلىشتى، ھال-ئەھۋال سوراشتى. ئالىم شۇنى ياخشى چۈشەندىكى، كوچىدىكى مىش-مىش گەپ ۋە تەشۋىقات ۋارىقىدىكىگە قارىغاندا، جاھان كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن، "ئالغا"دا كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان تەشۋىقات دۇيگە قارشى قوزغالغانلىقى بولۇپمۇ ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى.

— ئاپىرىن-ئاپىرىن، جاھان ھەرگىز مۇشۇ قېلىپتا كېتىۋەرمەيدۇ، خەلق ئۆزىنىڭ گېپىنى ئېيتىدىغان كۈن كېلىدۇ دەپ ئويلايتتىم،

ئويلغىنىمدەك بولۇپ چىقتى، — دېدى ئالىم ھاياجانلىنىپ.

— ئەمما تەشۋىقات دۇيى ئۆزەڭگىدىن چۇشمىدى، — دېدى كېرىمجان تېخنىك گەپ قىستۇرۇپ، — ھېلىمۇ ئىنتايىن قەبىھ، بىز توغرا قىلدۇق دەپ داۋاملىق سۇيىقەست ئىشلىتىۋاتىدۇ.

— بەس ئەمدى، بەلنى چىڭ باغلاش لازىم، پىچاق سۆڭەككە يەتتى، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، فاشىستلىق دىكتاتۇرىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، تەشۋىقات دۇيىنى باش كۆتۈرتمەسلىك لازىم، — دېدى ئالىم غەزەپ بىلەن.

ئۇلار كەپىنىڭ ئالدىدا، ئۇستى يۇلغۇن، شۋاق بىلەن يېپىلغان لەمپىنىڭ سايىسىدا تۇزلانغان كېيىك گۆشى يەپ ئولتۇراتتى، ئالىمنىڭ غەزەپلەنگەنلىكى رازىخاننىڭ كۆڭلىگە بىر ئىشنى سالدى ئېھتىمالىم، ئىختىيارسىز گەپ قىستۇرۇپ:

— بۇ گەپچە يۇرت ئىچىنى دەڭسەپ كۆرمەيلا ئاپامنىڭ يېنىغا باردىكەنمىز-دە، — دېدى.

— مۇنۇ يەڭگەڭ سەن ھەرگىز قەھرىمان ئەمەس، جاڭگاللىغا يوشۇرۇنۇۋالدىڭ، خەلق بىلەن بىللە بولمىدىڭ دەپ مېنى ھەمىشە ئەيىبلەيدۇ، — ئالىم رازىخانغا مەنىلىك قاراپ قويدى، — يوشۇرۇنۇشنىڭ مەندە ئويغىتىش قىلغان پايدىلىق تەرىپىنى كۆرمەيدۇ، مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم مۇكەممەل ۋەقەلىك، تاڭلا-ئۆگۈن بىرەر يازغۇچى مېنىڭ توغرامدا قەلەم تەۋرەتمەكچى بولسا، مەن ئۇنىڭغا: دوستۇم، جۇڭغار ئويمانلىقىغا قېچىپ كىرگەنلىكىمنى يوشۇرماي يېزىڭ، تەنقىدچىلەرنىڭ بۇ قانداق قەھرىمان دەپ ئەيىبلىشىدىن قورقماڭ، ئۇلارنىڭ رامكا ئىچىدە گەپ قىلىش ئادىتىنىڭ سىزگە پايدىلىق بولۇشى ناتايىن. تارتقان دەردلىرىمىزنى، باشقا كەلگەن كۈنلەرنى

ئىككىلەنــمەي تولۇق بايان قىلىش، مۇشۇ جەريان بولمىسا، سوغۇق-تىن، ئاچلىقتىن ناھەق قىينالمىسام، يامان ئادەم دېسە ياۋاشلىشىپ، باش ئېگىپ غەپلەتتە ئۆتــكەن بولاتــتىم. بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىلگىرىكى سىياسەتنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇشقا بەل باغلىغانلىقى-مىزنىڭ سەۋەبلىرىنى خەلقىئالەم بىلىــپ قالسۇن دەپ مەسـىلھەت بېرىــمەن. بىز "ئالـغا"غا بارغاندىــمۇ، ئىشــنى مەشەدىن باشلىشىمىز كېرەك. خەلق خاتا سىياسەتتىن ئۇزۇل-كېسىل قول ئۈزىدۇ.

ئۇلار قايتىش قارارىغا كەلـدى. ئۆچكــلىك ئېتىكىــدىكى يېڭى ۋەزىيەتــنى چۈشەنــدۈرۈپ ئۇستامنىــمۇ بىللە كېتىشــكە كۆندۈردى. جاڭگالــدىن قايتــىپ چىققــان كــۈنى كۆرۈشــۈش ۋە خوشلىشــىش ئۈچۈن چىققــى چــۈش مەزگىــلىدە رابىــخان قايــماقنىڭكــگە قاراپ ماڭدى.

رابىخان قايماق كوچا ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدىــكى سۇپىدا، ئېڭىكىنى ئالقىنىــغا سىڭايان قويۇپ ئولگــدەپ قالغانــدەك ئولتۇراتتى. چاقچا ئىشىكنىڭ غاچىلــدىشــدىن چۆچــۈپ بېشىنى كۆتۈردى، كۆزلىرىــگە ئىشەنمىگەندەك قارىدى. ئۇستىدىكى جۇل-جۇل كىيىملىرىنى لەپەڭ-شىتــىپ، ئالىم بىلەن رازىخان ئۇدۇل ئۆزىــگە قاراپ كېلىۋاتاتتى، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، يۈرىكىنى تۇتۇپ كىچىككىنە توختىۋالدى، راستىنلا ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغانــدەك بىر خىل مىسكىن-لىك ئىچىدە ئۆمچەرەپ ئالىم بىلەن رازىخان كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىــدا چاچلىرى پاخپايــغان بىر قىز ئەلەڭــلەپ قاراپ كېلىۋاتاتتى. رابىــخان قايماق ئەمــدى پەرزەنتلىرى بىلەن دىــدارلىشىۋاتقانلىقىغا گۇمان قىلمىدى. يۈگۈرۈپ ئالدىغا باردى، ئانىلىق مېھرى بىلەن باغرىغا باسقاندا، ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

## 2. تەكرار ئۆلشش

ئۆلشش تەكرار داۋام قلماقتا ئدى.

ئەنە شۇ كۈنلەردە خۇڭ يەن سەپداشلرىغا مەدەت بىرىپ بىيە-جىڭدىن ئۆزمەي خەت يېزىپ تۇردى، بىرىنچى خېتىدە بېيجىڭغا يېنىپ كېلىپ ئالاقدار ئورۇنلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى، ئىككىن-چى خېتىدە بۇ يەردىمۇ ئىككى سەپ بولۇپ ئۆلششىۋاتقانلىقىنى يازدى. "ئەقلغە مۇۋاپىق گەپ" — دەپ ئويلىدى قەمىردىن خۇڭ يەندىن كەلگەن خەتنى لىپاپىنىڭ ئىچىگە قايتا سېلىۋېتىپ، — "شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ". چوتكىباش جورىن، ۋاڭ دۇيجاڭ، تۇرسۇن بورانىنىڭ ئاۋام خەلق بېشىدا شۇ قەدەر زورلۇق بىلەن قامچا ئوينىتىشى ئۆز خىيالىدىن چىققان ئىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ يۇقىرىدا — مەركەزدە ئارقا تىرىكى بار، دېمەك سۇ بېشىدىن لاي!

ئىككى سەپ توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر قەمىردىننىڭ قارشى تەرەپ بىلەن جىددىي مەيداندا سوزلىششىگە ئىلھام بولدى. ئۇ مەيدان ئىنقلابىي كومىتېتى تەرەپ بىلەن سۆزلىشىدىغان باش ۋەكىل ئىدى. "ئالغا"دا نارازىلىقلار بېسىلمىغانلىقتىن، مەيدان ئىنقى-لابىي كومىتېتى مۇشۇنداق شەكىل ئارقىلىق دەردمەن تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا قوشۇلدى.

ئاپرېل ھاۋا يىللىپ، توپىسى بالدۇرراق تاۋلانغان قىر-ئېدىرلار ئاستا-ئاستا كۆكىرىپ كېلەتتى. ئەتىگەن سائەت سەككىزلەردە ئۆزىدىن باشقا يەنە ئىككى ۋەكىلنى باشلاپ، قەمىردىن مەيدان ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مەجلىسخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇچرىشىش-

نىڭ بىر تەرىپىدە چوتكىباش جۇرىن، ۋاڭ دۇيجاڭ، تۇرسۇن بوران، يەنە بىر تەرىپىدە قەمەردىندىن باشقا ھېچبىر كۆزەتچى، چارۋىچىلىق دۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئوكاربايى بار ئىدى. ئۇچرىششقا قاتنىششىش زورۇر دەپ ھېسابلانغان نىيەت ئىنژېنېرى ئالىم بىلەن كېرىمجان تېخنىك قېرىشقاندەك، ”ئالغا“دا بولماي قالدى. كۆڭلىنىڭ بىر تەرەپكە زىكرى سوقىدىغانلىقىغا قارىماي، چوتكىباش جۇرىن ئۇچرىششتا ئۆزىنى بىتەرەپ، خالىس كۆرسىتىشكە تىرىشتى.

— ھەر كۈنى غوۋغا قىلىش مەسىلە ھەل قىلالمايدۇ، — چوتكىباش جۇرىن ”خالىس“ ئوتتۇرىغا چىققاندا، گەپنى ئەنە شۇنداق باشلىدى، — مەن ئاشۇرۇۋېتىش بولدى دېگەنگە قوشۇلمەن، قايسى كۈنى كالىلىمىز بەكمۇ قىزىپ كەتتى دەپ خاتالىقلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلغاندىم، بەزى كىشىلەر بىزنىڭ سەممىيىتىمىزدىن يوچۇق ئىزدەيدۇ، بۇ ياخشى ئەمەس، بۇگۈن ياخشىراق سۆزلىشىپ، مەسىلەرنى سىياسەت بويىچە تۈزىتىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى، قاننى قان بىلەن يۇيىمەن دېيىش ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

چوتكىباش جۇرىننىڭ گېپى چىرايلىق، غەرىزى بەكمۇ زەھەرلىك ئىدى، گەپنى يوپۇتۇپ ”ئالغا“دىكى ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى قارشى تەرەپ ۋەكىللىرى دەرھال سېزىۋېلىشتى.

— سىز بەكمۇ خاتا مۇلاھىزە قىلىسىز، — قەمەردىن گەپ ئېلىپ قەتئىي ئېتىراز بىلدۈردى، — بىز خەلق نامىدىن خەلققە دۇشمەن سىياسەت ۋە ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلىرى ئۈستىدە سۆزلەشكىلى كەلدۇق، ”ئاشۇرۇۋېتىش“ دېگەن سۆزگە بۇ يەردە زېمىن يوق.

— خەلقىقە دۈشمەن سىياسەت... بىزنى گومىنداڭ بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇۋاتامسىز قانداق؟ — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ گەپ قىستۇرۇپ.

— گومىنداڭدىن قىلچىمۇ پەرقىڭلار يوق، بۇ ماھىيەتنى ئېتىراپ قىلماي "ئاشۇرۇۋېتىش" سۆزىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

ئىككى تەرەپنىڭ كۆز قارىشى ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشالمايتتى، تالاش-تارتىش قىزىدى، تەشۋىقات دۈيى تەرەپ "ئاشۇرۇۋېتىش" بولغاندىمۇ، يەنىلا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلدۇق دېگەن يەرگىچە يەتتى.

— ھېچبىزكامغا "مۇداپىئە مىنىستىرى" دېگەن گەپنى بىز ئۆگىتىپ قويمىدۇققۇ، — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ كۆكەملىك قىلىپ.

ھېچبىر كۆزەتچى چىرايىلىق چەكتۈرۈلگەن بۇرۇتىنى بارمىقى بىلەن ئويناپ، قەمىردىنلەرنىڭ قاتارىدا گەپ قىلماي، ئوتتۇرىدىكى گەپ-سۆزلەرنى زەڭ قويۇپ تىڭشاپ شۈك ئولتۇراتتى. كۆزەتچى ياشلىقىدا غۇربەتچىلىكتىن يۈرىكى كۆيۈپ نەشە چەككەن چاغلاردا پادىشاھ، ۋەزىر بولۇشنى خىيال قىلغان، لېكىن ۋەكىل بولۇپ ئۆزلىرى بىلەن قارشى بىر تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشنى ئويلىمىغانىدى.

ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ بەزىلەرنىڭ سوراق ئۈستىدىكى ئىقرارى ئاشۇرۇۋېتىشكە سەۋەب بولدى دېگەن تەنە-تاپىسى ئۆزىنى خەلق ۋەكىلى ساناپ سۆھبەت جوزىسىدا ئولتۇرغان كۆزەتچىنىڭ سەپراسىغا تەگدى.

— نېمە، سەن مېنى مۇداپىئە مىنىستىرى دەپ ئىشنى قالايمىقانلاشتۇردى دېمەكچىمۇسەن، — دېدى كۆزەتچى بىردىن زۇۋانغا كىرىپ، — مەن ھېلىھەم "مۇداپىئە مىنىستىرى"، خاتا ئىقرار

قىلغىنىم يوق، بۇ توغرىدا باشقىچە گەپ بولغان ئەمەس ئىدىغۇ.

— ھېۋىزئاخۇن، بۇ يەر "چىم چىم ئەتتىم چىم بىلەن"گە ئۇسسۇل ئوينايدىغان مەشرەپ ئەمەس، — دېدى چوتكىباش جۇرېن كۆزەتچىنىڭ مەن ھېلىمۇ مۇداپىئە مىنىستىرى دېگەن سۆزىنى چاقچاق بىلىپ، — بۇ سىياسىي سورۇن، گەپ-سۆزدە ئەستايىدىل بولغان ياخشى.

— گېپىمنىڭ نەرى قاملاشماپتۇ، مەن چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق، — دېدى كۆزەتچى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— دېمەك خاتا ئىقرار قىلمىدىڭ، سەن راست مۇداپىئە مىنىستىرىمۇ؟!

— راست مۇداپىئە مىنىستىرى بولساڭ، — دېدى تۇرسۇن بوران چالۋاقاپ، — تەشۋىقات دۆيى سەنلەرنى باستۇرۇپ توغرا قىلغان، بۇ يەرگە يەنە نېمە دەپ دەۋا قىلىپ كەلدىڭ؟!

شۇنداق قىلىپ ئۇچرىشىش تىركىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. دەردمەنلەر ۋەكىللىرى تەشۋىقات دۆيىنىڭ "ئالغا"دا خەلققە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى، قانداقتۇر سەۋەنلىك، "ئاشۇرۇۋېتىش" ئەمەسلىكىنى، خەلقنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ قالغانلىقىنى دۇدۇقلىماي، پاكىت-دەلىللەر بىلەن ئېچىپ تاشلىدى.

— مەن "ئالغا"دا سەندەكلەرگە قارشى گۇرۇھ باشلىقى، — دېدى قەمەردىن جوزىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ، — فاشىستلىق دىكتاتۇرا يۈرگۈزگەنلىكىڭلارنى ئىقرار قىلىپ، خەلقتىن ئەپۇ سورىمىساڭلار، "گۇرۇھ"قا يېتەكچىلىك قىلىپ كۆرەش قىلىشنى توختاتمايمەن.

— بىزنىڭ بۇ "گۇرۇھ"نىڭ بېلى چىڭ، يېرىم يولدا كۆرەشنى توختىتىپ قويارمىكىن دەپ ئويلىماڭلار، — دېدى ئوڭارباي، — مەن

چارۋىچىلىق شۇجىسى، مال قولۇمىدا، "گۇرۇھ"نى گۆش بىلەن ئۇزمەي تەمىنلەپ تۇرىمەن.

— مەن "گۇرۇھ"تا مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنى ئۇستۇمگە ئالغانلىقىمنى بۇرۇنلا ئېيتقان، — كۆزەتچى خۇپسەنلىك بىلەن قارشى تەرەپ ۋەكىللىرىگە قاپىقىنىڭ ئېگىدىن قاراپ قويىدى، — خاتا قىلغانلىقىڭغا تەن بېرىشەمسەن، يوق، گەپنى ئۇچۇق قىلىڭلار، مەن ھەربىي ئادەم، مىلجىڭلىق بىلەن چىقىشالمايمەن. بويۇن تولغايدىغان بولۇشساڭ، ئارمىيەمگە — مېنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن خەلققە بۇيرۇق قىلىپ تەختى-پەختىڭنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىمەن.

ئۇچرىشىش مۇۋەپپەقىيەتسىز ئاخىرلاشتى. بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى لىن بياۋ يوقالغان بىلەن تەشۋىقات دۇيىسى بۇ ئاپەتتە ئېغىر جىنايىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ۋاقىت ئۆتۈش بىلەن ئۇلار يەنە گىدىيىشكە باشلىدى، ئەنزە ئاغدۇرغۇچىلار، سوتسىيالىستىك يېڭى شەيئىگە قارشى چىققۇچىلار دېگەن قالپاقلار بىلەن تەھدىت سېلىشتى.

ئۇستى-ئۇستىلەپ قىلىنغان بوھتاننىڭ ھار ئېلىپ قەمىردىنىنىڭ يۈرەك كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدى. ئەزەلدىن ساغلام، بېجىرىم بۇ ئادەم "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" باشلانغاندىن بېرىقى قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. شۇڭا پەسەنتىگە سىغمىغان كىچىككىنە گەپمۇ تۇگمەن تېشىدەك ئېغىر تۇيۇلاتتى. ناۋادا شۇ كۇنلەردە نېفىت ئىنژېنېرى ئالىم بالا-جاقىسىنى ئېلىپ مەيدانغا قايتىپ كەلمىگەن، خۇڭ يەن بېيجىڭدىن خەت يېزىپ يېڭى ئىستىقبالدىن دېرەك بەرمىگەن بولسا، تەشۋىقات دۇيىنىڭ يېڭى بوھتانلىرىدىن كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ

قالغان بولاتتى.

ئالىم بىلەن رازىخان قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئايىنىپ قالغان قىزى دىلدارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ قەمەردىننى يوقلاپ ئۆيىگە باردى.

— يۈرەك كېسەللى ھەرەج قىلىۋاتىدۇ، بولمىسا، مەن ئۆزەم يوقلاپ ئالدىڭغا باراتتىم، تىنىچ قايتىپ كەپسەن، قانداق، ئامان-ئېسەن تۇردۇڭمۇ؟ — دېدى قەمەردىن خۇشال بولۇپ.

— يامان ئەمەس، — دېدى ئالىم ھاياجان بىلەن، — كونىلارنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، تېخى رىسقىمىز تۈگىمىگەنىكەن، قانداق، ئۆزىڭىز سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟

— مەن سىزدىن بەك ئەنسىرەۋىدىم، — دېدى رازىخان، ئاياللارغا خاس زىل ئاۋاز بىلەن، — قايتا كۆرۈشكەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن.

ئۇلار قاتتىق ھاياجانغا چۆمگەنىدى، قەمەردىن شىپالىق تاپقاندەك ئۆزىنى يېنىك سېزەتتى. ئالىملار ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، كېرىمجان تېخىنىك يۈگۈرۈپ ئالدىغا چىقىپ، بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ، خۇددى جۇڭغار ئويمانلىقىدا كۆرۈشكەندەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. دىلدارنى باغرىغا بېسىپ چۈۋۈق چاچلىرىنى قولى بىلەن تارىدى، پېشانىسىدىن سۆيدى. لېكىن قىز، ھاياتىدا ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بىر ئۇنىڭغا، بىر بۇنىڭغا ئەلەڭلەپ قاراپ، قولىنى ئاغزىغا سېلىپ شوراپ تۇراتتى. قىزنىڭ پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ قەمەردىننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك قىلدى.

— ئاپىڭىز بىلەن كۆرۈشكەنسىز، قانداق، ياخشى تۇرۇپتىمۇ؟ —

دېدى قەمەردىن دىققىتىنى رازىخانغا بۇراپ.

— "تىرىك جاننىڭ رىسقى ئۆزى بىلەن بىللە" دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، يامان ئەمەس ئۆتۈۋېتىپتۇ.

ئاندىن رازىخان ئانىسىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى، بىراق ئېلىم-سېتىم مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن، خېرىدارلارنىڭ ئۆزلىرى خۇپىيانە كېلىپ سۈت ئېلىپ تىرىكچىلىك يولى ئاسانلاشقانلىقىنى كىمدۇر بىرىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەندەك قىزىقارلىق سۆزلىدى.

— بۇ راست گەپ، مەن چۈشىنىمەن، "نىيىتى بۇزۇقنىڭ قازىنى تۆشۈك" دېگەندەك، خاتا سىياسەت يۈرگۈزگۈچىلەر ھامان ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە نەتىجىگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ، — دېدى قەمەردىن رازىخاننىڭ گېپىنى قىزىقىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ئىلگىرى بازاردا يىگىرمە تىيىنغا بىر گىردە ئېلىپ ناشتا قىلساق چۈشكىچە قورساق "غىڭ" قىلمايتتى. ھۆكۈمەت شەخسلەرنىڭ نان سېتىشىنى مەنئى قىلدى، ئادەم نان يېمەي ئۆتۈشى مۇمكىنمۇ؟ نان سودىسىمۇ خۇپىيانىلىككە ئۆتكەندە، سېتىقچى ئايال گىردىنى ئەللىك گىرام كىچىكلىتىپ ياقىدىغان بولدى، سېنىڭ قورسىقىڭ ئاچ، تاللىماي يەيسەن-دە، ئەلۋەتتە. پايدا كىمگە بولدى؟ ئاپىڭىز ئىككى چىنە سۈتنى ئۈچ چىنە قىلىپ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كەتكەندۇ، ئانداق بولسا، ھا، ھا، ھا.

سۆھبەت بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى، ئۇلار "ئالغا"دىكى چوڭ ئىشلار ئۈستىدىمۇ گەپ ئېچىشتى. سۆھبەت داۋامىدا قەمەردىن شۇنى ھېس قىلدىكى، ئالىم دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى يېقىندىن كۆزىتىپ چوڭقۇر چۈشىنىپ ماڭغان، خاتا سىياسەتكە قارشى ئىككىلەنمەي قەتئىي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن.

— تۇرمىدىكى چېغىمدا كېرىمجان تېخىنىڭ كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇق بېرىشىمىنى ئېيتقانىدى، — دېدى قەمىردىن ئالىمنىڭ گەپلىرىدىن خۇشال بولۇپ، — مەن ئالدىرىما، ۋاقتى كەلگەندە قەمىردىنكاك ئۆزى بەل باغلايدۇ، دېگەنىدىم. مەن ئارزۇ قىلغان پەيت كەلدى، خەلق قوزغالدى، كېچىكتۇرمەي يەڭنى شىمايلاش كېرەك.

— قېنى سىز بىرنېمە دەڭ، بىز تەييار، قولگىزنى شۇنداق كۆتۈرۈپ: "ئالغا-مارش" دېسىڭىزلا بولدى، گۈلگە گۈل كەلتۈرىمىز.

— سەنچۇ، سەنمۇ بوش ئادەم ئەمەس ئالىم.

— كۈرەشنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىگە ئېلىشتا سىز ھارۋىكەشنىڭ شوتىنىڭ ئىچىگە قوشقان ئېتىغا ئوخشايسىز، مەن تاي، تاي تېپچەكلەيدۇ، ھارۋىنى ئات تارتىدۇ-دە...

ھەر ئىككىلىسى، ھەتتا ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ ئولتۇرىدىكى گەپنى تىڭشاپ ئولتۇرغان رازىخانمۇ قاتتىق كۈلۈشتى.

ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇڭدىششى ئۇلارنىڭ كۆكسى-قارنىنمۇ يورۇتۇۋەتتى. مېڭىسىنىڭ ئىشلىشىمۇ قالتىس سازلىشىپ كەتتى. "ئالغا"دا ئۆتكەن بىرمەزگىللىك كۈرەش ئەمىلىيىتىنى، ھېس قىلغان تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەسلەشتى. تەشۋىقات دۈينىڭ فاشىستلىق ئەپتى-بەشىرىسىنى تېخىمۇ ئېچىش، خەلقنى ئۇنىڭدىن يىرگەندۈرۈش ئۈچۈن روزى باپكار بىلەن مەغپىرەتنىڭ جەسىتىنى قايتىدىن ئۆرۈپ-ئادەتكە مۇۋاپىق دەپنە قىلىش قارارىغا كېلىشتى.

ئەگەر بۇ قارار ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىنسا، خەلقنى خاتا لۇشيەنگە قارشى كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلىشمۇ ئورۇنلانغان بولاتتى. شۇڭا ۋاڭ دۈيجاڭ بۇ ئىشنىڭ ئۇچىدىن خەۋەر تېپىپ، چىچاڭشىپ كەتتى.

— قەمىردىن سەن گۇرۇھ باشلىقى بولمىغان تەقدىردىمۇ، كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار، كاللاڭنى سىلكىۋېتىپ ھەرىكەت قىل، تىنچ ياتقان ئەرۋاھنى يۆتكەپ قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى بولىسەن.

دۈيجاڭنىڭ ئۆكتەملىكى قەمىردىننىڭ سەپراسىغا تەگدى، دۈيجاڭ تۇرسۇن بورانىنى كەينىگە سېلىپ كېلىپ، ئۆكتەملىكىنى قەمىردىننىڭ ئۆيىدە قىلمىغان، قەمىردىن بولۇشقا تېگىشلىك تەمكىنلىكنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى بېسىۋالمىغان بولسا، ئاچچىقىدا دۈيجاڭ بىلەن دەپ-ئېتىشىپ خېلى يەرگىچە بارغان بولاتتى.

— ۋاڭ دۈيجاڭ، خەير، ...بۇسۇغامغا كېلىپ قاپسىز، — قەمىردىن كۆكسىنى كۆپتۈرۈپ ئۇلۇغ نەپەس ئېلىپ دېدى، — بىزنىڭ ئەرۋاھنى يۆتكەشتىكى غەرىزىمىز ئېنىق، بىرىنچىدىن ئۆرپ-ئادەتكە مۇۋاپىق دەپنە قىلىپ، ھازىردارلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش، سىلەر ئۆز ۋاقتىدا بىزدىن ئوغرىلىقچە كۆمگەن ئەمەسمۇ، ئىككىنچىدىن، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش، خوش، نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشتىن تۇۋۇقڭلار سىرقىرايدۇ، غەرىزىڭلارنى بىزگە ئوخشاش ئوچۇق ئېيتالامسىلەر؟

بۇ گەپ ئۇلارغا ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك تەسىر قىلدى.

— قەمىردىن بەكمۇ ئالدىراپ خۇش بولۇپ كېتىۋاتىسەن، — دېدى تۇرسۇن بوران تۈكۈرۈكىنى چاچرىتىپ، — جەمئىيەتتىكى ھازىرقى قۇتراشلار ئۆتكۈنچە ئەھۋال، پۇشايمانغا قاچا ئىزدەپ قالىسەن.

— كېيىنكىنى ئويلىساڭ ئۆپكەڭنى باس، — دېدى قەمىردىن ئۇنىڭ سۆزىنى كەسكىن رەت قىلىپ، — پۇشايمانغا كىم قاچا ئىزدەيدۇ؟

ئۆلمىسەك ھەممىنى كۆرىمىز.

گەپ-سۆزدىن قەمىردىننىڭ بىسىنى قايرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن تۇرسۇن بوران بىر-بىرىگە زىت ئىككى خىل روھىي ھالەتتە ئۆيدىن يېنىپ چىقتى. دۈيجاڭ ئەكسىيەتچىل جەھەتتىن بولسىمۇ كاللىسى ئىشلىگەنلىكتىن خەلقنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ تېگىگە يېتىپ مەيۈسلەندى، ئۇ گويا ئىشكتىن ئەسكى چاپانىنىڭ يېڭىدەك پۇلاڭلاپ چىقىپ كەلدى، تۇرسۇن بوران بولسا قەمىردىننىڭ گەپ-سۆزىدىن غەزەپلىنىپ پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەندى.

لېكىن ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدا بىر ئورتاقلىقمۇ بار ئىدى، ۋاڭ دۈيجاڭ روزى باپكارنى ئوغرىلىقچە كىيىمى بىلەن كۆمۈۋېرىشكە بۇيرۇق قىلغان، تۇرسۇن بوران مەغپىرەتنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان، جەسەت يۆتكەلسە كونا گەپلەر تەگلىپ جۇماقنىڭ كۆڭگە قالسىمۇ، قانداق، دەپ خاتىرجەم بولالمايتتى. پۈتى كۆيگەن توخۇدەك دۈگىلاپ مېڭىپ ئالىملارنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى.

— بىز داداڭنىڭ بېشىغا سېمونتتىن مۇنارە قاتۇرۇپ بەرسەك، — دېدى ۋاڭ دۈيجاڭ كەلدى-كەتتى گەپلەردىن كېيىن، چىرايلىقچە گەپ ئېچىپ، — قەمىردىن نېمە دېسە ماقۇل دەۋەرمە، سېنىڭ خاتالىقىڭنىڭ خاراكتېرى ئېغىر، ئوڭچىللارغا قارشى كۈرەشتە دوملىغان، ئەمگەك تەربىيىسى ئالغان ئادەمسەن!

ئالىمنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى، لېكىن ئۇ قەمىردىنگە ئوخشاش ئۆزىنى ئاياپ ئولتۇرمىدى، ئۆيىنىڭ تۆرىدە، خۇددى مېھمانغا ئوخشاش باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان مەلئۇنلارغا بوسۇغىدىن ئالىيىپ قاراپ:

— سىلەر نېمە مەقسەت بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلدىڭلار؟ مەندىن يەنە ھېساب ئالماقچىمۇ؟ يە بىزگە ھېساب بېرەمسىلەر؟ — دېدى.

گەپ-سۆزدىكى كەسكىنلىك ئالىم ئىلگىرىدىن خاتالاشقان، يۈرىكى ئاجىز، بەلكى بىزنىڭ گېپىمىزنى يىرمايدۇ، دەپ خاتا مۆلچەرلەپ بىخىرامان ئولتۇرغان ئىككىيلەنگە تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك تەسىر قىلدى.

— قەمىردىنگە ئەگىشىپ ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايسەن، — دېدى ۋاڭ دۇيجاڭ بىردىن پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، — ياخشىراق ئويلىشىپ ئىش قىل، سېنىڭ بېشىڭغا ئاز ئىش كەلگىنى يوق.

— بۈگۈن ئالايتەن كېلىپ تەربىيە بېرىشىمىزمۇ بېشىڭغا كۆپ ئىش كەلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتقانلىقىمىز، — دېدى تۇرسۇن بوران دۇيجاڭنىڭ سۆزىگە ھەل بېرىپ، — تەشۋىقات دۇيى خېلىدىن بېرى ساڭا ئەنە شۇنداق قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ گەپلەر ئالىمنى يۇمشىتىشتىن يىراق ئىدى.

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، — ئالىم غەزەپ بىلەن تاپسىدىن سۇپىغا چىقتى. دۇمبىسىنى تامغا چاپلاپ ئولتۇرغان ۋاڭ دۇيجاڭ بىلەن تۇرسۇن بوراننىڭ ئالدىدا توختاپ جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، — ئۆزەڭلارنى بەكمۇ ئەقىللىق سانىماڭلار، بىز سىلەرنىڭ كىملىكىڭلارنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان، تارىخىمىزدىن يېتەرلىك ساۋاق ئالدۇق. خەلققە قارشى ئەكسىيەتچى ماھىيىتىڭلارنى ئىنقىلابىي ئىبارە بىلەن نىقاپلاپ كولدۇرلىتىشىڭلارغا ئەمدى تاقەت قىلالمايمىز، سىلەر بىزگە ھېساب بېرىشىلار كېرەك، جىنايىتىڭلارغا ئىقرار قىلىڭلار!

ئېلىشىش ئەنە شۇنداق كەسكىن داۋام قىلماقتا ئىدى، خوڭ
يەن بېيجىڭدا تۇرۇپ ماسلاشقاندەك تۇيۇقسىز بىر پارچە خەت
ئەۋەتتى. خەتنى قەمەردىننىڭ ئايالى گۈلجامال تاپشۇرۇۋالدى.
تەشۋىشات دۈيى سىرت بىلەن بولغان ئالاقىگە چەك قويغاندىن بېرى،
گۈلجامال پوچتا كېلىدىغان ۋاقىتنى مۆلچەر قىلىپ ئىشخانا ئەتراپىدا
ئايلىنىپ يۈرۈشنى خېلىدىن بېرى ئادەت قىلغانىدى، كونۋېرتلار
دۆۋىسى ئىچىدىن خوڭ يەننىڭ خېتىنى تونۇۋالدى-دە، ئالغان پېتى
ئۈدۈل ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

خوڭ يەننىڭ خېتى قەمەردىن بىلەن ئائىلىمىغا چەكسىز خۇشاللىق
بېغىشلىدى. ئۇلار ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن تۇرسۇن بوراننىڭ ئەسەبىي-
لىكى، تېپىرلاپ قالغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ، سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى.
خوڭ يەندىن خەت كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بىرپەستە ھېۋىز كۆزەتچى،
ئوڭغارباي، كېرىمجان تېخنىك، ھاشىخان ئانا ۋە باشقىلار ئۇلار
تۇرغان يەرگە يېتىپ كېلىشتى، ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن كېيىن
قەمەردىننى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ قويغان كىچىككىنە ئۆينىڭ بوسۇغى-
سىمۇ ئادەمگە تولدى.

خوڭ يەن قېرىنداش بىزگە نېمە يېڭىلىقلارنى يېزىپتۇ، بىتاقەت
قىلماي چاققانراق ئوقۇساڭلارۇي، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

قەمەردىن قىزغىن ھاياجان بىلەن خەتنى ئوقۇدى، نېمىشقىدۇ
ئۇنىڭ خەتنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى ھاياجاندىن تىترەپ تۇراتتى.
خەتتە پايتەخت خەلقىنىڭ قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمى مۇناسىۋىتى
بىلەن جۇزۇڭلىغا تەزىيە بىلدۈرۈشنى ئاساسىي ئىپادە شەكلى قىلىپ
مەركەزدە قىسمەن ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان سىياسىي لۈكچەك-
لەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى يېزىلغان. خوڭ يەن

خەتتە كۈرەشنىڭ كۆلىمى، داغدۇغىسىنى ئۈمىدۋارلىق روھى بىلەن تەسۋىرلەپ يازدى، ئۆزىنىڭ قارىشىنى، يېڭى بىر ئىستىقبالدىن دېرەك بەرمەكتە، بىز ئۇ يەردە تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەيلى دېگەن ئىشەنچىنى، ئالاھىدە ئەسكەرتتى. ئۇ ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسىدىن كۆچۈرۈپ يازغان خەتتىكى شېئىرلار كۆپچىلىككە قاتتىق تەسىر قىلدى.

بىز پىغان ھەسرەتتە، شەيتان نەغمىدە،
يىغلىساق بىز بۇندا، بۆرە بەزمىدە.
ئەسلىدۇق باتۇرنى كۆزدىن ياش تۆكۈپ،
دىل غەزەپتە، قول قىلىچنىڭ دەستىدە.

قەدىردان يولداش،
سۆيۈملۈك سەپداش،
تولا ئارتۇق قايغۇرۇۋەرمەي،
ئېگىلمەس بېشىڭنى كۆتۈر ئېگىز سەن.
ئالدىمىز بىپايان دەشت ـ چۆل دېمە،
بىلگىنكى، ئۇندىمۇ باردۇر گۈل ـ چىمەن.
شۇ يەرگە بېرىشنىڭ يولى پەقەت بىر،
ئۇ بولسىمۇ يەنە جەڭ.

يۇمشاق ـ قاتتىق ۋاستىلەرنىڭ ھېچقايسىسى كارغا كەلمىدى. "ئالغا"لىقلار فاشىستلىق ھەرىكەتنىڭ بىگۇناھ قۇربانلىرى ـــ روزى باپكار بىلەن مەغپىرەتنىڭ جەسىتىنى ئوغرىلىقچە كۆمگەن يەردىن يۆتكەپ، چوڭقۇر مۇسىبەت ئىچىدە ئۆرپ ـ ئادەتكە مۇۋاپىق باشقىدىن

دەپنە قىلدى. خەلق توپراق بېشىغا قوزغىلىپ دېگۈدەك چىقتى. خۇڭ يەن ئەۋەتكەن تيەنئەنمېن شېئىرلىرى خۇددى جەڭ سىگنالىدەك قەبرە يۆتكەشكە ماسلاشتۇرۇپ ئوقۇلۇپ تۇردى. خەلق بولۇپمۇ روزى باپكارغا ئېچىناتتى. ئېغىر قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئىلىغا چىققان مۇساپىر دەريا بويىدىن مەجبۇرىي تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، كېيىمىنىڭ ئۈستىدىن بىر كونا ئەديالغا يۆگەپ كۆمۈۋېتىلگەنىدى. توپىدىن چىقىرىپ ئەديالنى يېشىۋاتقاندا، قەمەردىن ھوشىدىن كېتىپ تۇيۇقسىز گۇپ قىلىپ تۇرغان ئورنىغا يىقىلدى. باپكار يېرىم-ياتا ئىسكىلىتقا ئايلانغان، كەكە ساقىلى، تىماق ئۆچەلىرى مومدەك قارىيىپ قېتىپ تۇراتتى، ھاياتلىقىدا پىششىق بىلىندىغان ئادەمگە قەمەردىننىڭ ئىچى سىيرىلدى.

بىرپەستە روزى باپكارنىڭ جەسىتى ئاق خەسە يېپىلغان تاۋۇت بىلەن قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىلدى، تاۋۇتنىڭ كەينىدىن گويا ئادەم دېڭىزى چايقىلىپ كېلەتتى. ھازىدارلار سۈپىتىدە تاۋۇتنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئالىم تيەنئەنمېن شېئىرلىرىدىن «ئىسسىق قانلار ناخشىسى» دېگەن شېئىرنى ئوقۇدى:

ياڭرايدۇ ئەنە ئىنتېرناتسىئونال ناخشىسى كۆكتە،
كەڭ مەيدان ئارا يالقۇنلىنىپ ئوت كۆتۈرۈلمەكتە.
"ئەي قۇللار قوزغال، قوزغال ئەي قۇللار!"
ئالدامچىلار زەنجىر-دامنى پاچاقلا-ئۆرتە.

ئۇرۇش-قىيناشنى بىز تولا كۆرگەن،
قانداق ئۆچۈرگەي،
ئاسمان قەھرىدە كۆيگەن شۇ ئوتنى ئۆچۈرگۈچ دېگەن.

"ئەكسلئىنقىلابىي ۋەقە" دېيىشى قانچىلىك گەپ ئۇ،
سالسا تۇرمىگە چاقارمىز ئۇنى بەستىمىز بىلەن.

## 3. ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز

دۇنيادا ئۆلۈمدىن قاتتىق، ئۆلۈمدىن دەھشەتلىك باشقا يەنە نېمە بار، ئاتا-ئانىدىن، قېرىنداشتىن، سۆيگەن يارىڭ ۋە ياكى قەدىناس ھەمراھىڭدىن، ياخشى نىيەت-ئۇلۇغ ئىستەكلەر قوش مېغىزدەك بىرلەشتۇرگەن جەڭگىۋار سەپداش، ياخشى سۆيەتلىك رەھبەر ۋە ياكى ئومۇم ئېتىراپ قىلىپ چىن كۆڭلىدىن ئەگەشكەن دانىشمەن داھىدىن جۇدا قىلىدىغان تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز بۇ قانۇنى كىملەرنىڭ يۈرىكىنى لەختە-لەختە قان قىلمىغان!

كۆز ئاچماي بىھوش ياتقان قەمبەردىننىڭ قېنىنى قاچىقاندەك تاتىرىپ كۆرۈنگەن يۈزىگە، ئىششىغان قاپىقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئايالى گۈلجامال ئەنە شۇنداق خىياللارغا پاتماقتا ئىدى.

قەمبەردىننىڭ يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىشىغا روزى باپكارنى قايتا دەپنە قىلىشتا ئىسكىلىتقا ئايلانغان جەستىنىڭ يۈرەك سىلكەن-گەندەك قاتتىق تەسىر قىلىشى سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتمۇقات كۆلپەتتىن زەئىپلىشىپ، ئاللىقاچان بەرداشلىق كۈچىنى يوقاتقانىدى. جەسەت ئېچىلىش بىلەن تەڭ كۆز ئالدىغا قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ گۈپ قىلىپ يىقىلدى.

ئۇ كەملەردە، مەسىلىسى بىر تەرەپ بولمىغانلارغا دوختۇرخانا ياخشى قارىمايتتى. ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەننى ئېغىزغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. قەمبەردىننى نەزەربەندتىن قويۇپ بېرىلگەندە،

تەقدىر ـ قىسمىتى ئۆزى بىلەن ئوخشاش بىر دوختۇر ئۆيىگە كېلىپ داۋالاشقا كىرىشتى. كېسەل تارىخى بىلەن پىششىق تونۇش بولۇشقا قارىماي، نېمە ئۈچۈندۇ دوختۇرنىڭ دورا ـ ئوكۇللىرى ئاستا تەسىر قىلىپ ئايالى گۇلجامالنىڭ ۋە بېشىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن پەرزەنتلىرىنىڭ گويا غايىبانە بىر قول يۈرىكىنى مۇجۇپ ئازابلىماقتا ئىدى.

كېسەلنىڭ خەۋپلىك ئەھۋالى كۆڭلىگە يەنە ئاللىقانداق خىياللارنى كەلتۈردى ئېھتىمالىم، گۇلجامال ئۇششاق سىزىقلار كۆرۈنۈپ تۇرغان زەپىرەڭ يۈزىنى نەملەپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇ، قەمىردىنىگە چىدىمايتتى...

سەھرالىق قورايىچى يىگىت بىلەن شەھەردە نام ـ ئاتىقى بار تىكۈچىنىڭ گۈزەل قىزى گۇلجامال ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق چوڭقۇر مۇھەببەتكە ئۇرۇش يىلى ھەرەمباغ ئەتراپىدىكى تاسادىپىي بىر ئەھۋال سەۋەب بولدى. گۇلجامال ئۇرۇش مەيدانىدا سانىتاركىلىق قىلاتتى. ئالتۇنلۇقتىكى چولاق تام دالدىسىدا ئۇ، پىلىموت تۇتقان ناتونۇش ياش ئوفىتسېرنى قۇتقۇزدى. دۈشمەن ئوقى ئوفىتسېرنىڭ ئوڭ تەرەپ چېكىسىنى سىزىپ ئۆتكەن بولۇپ، چېكىسىدىن ئاقىقان قان ئېگەك ئاستىغىچە سوزۇلۇپ مۇز تۇتۇپ قالغانىدى. گۇلجامال ئوفىتسېرنىڭ چېكىسىنى داكا بىلەن ئوراپ تاڭغاندىن كېيىن، ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقىپ، داۋالىنىشىنى مەسلىھەت قىلدى. لېكىن قىز ئوفىتسېرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشنى ئويلىمىغانىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىگەندە، ئالدىراش ـ چىلىقتا بوشراق چېگىلگەن داكىنىڭ چۇۋۇلۇپ لەپىلدىشى كەينىدە قاراپ قالغان گۈزەل قىزنىڭ خىيالىغا ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ سىڭىپ

قالدى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. گۈلجامال دادىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە تىكۈچىلىك قىلىپ ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندا، خىيالدا گەۋدىلەنگەن ياش ئوفىتسېرنىڭ دولىسىدا لەپىلدىگەن ئاق داكا ئۇنى ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن غۇلجىدا ماش رەڭ گىمناستۇركا ئۈستىدىن بويتاسما، مۇرىسىگە پاگون تاقىغان، گەلەپى شىم ۋە پەس پاشنىلىق خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن ياش ئوفىتسېرلارنىڭ قىزلار دۇنياسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى، گۈلجامالنىڭ رەسىدە بولۇپ كۆكسىنىڭ ئالمىدەك چىقىپ قالغانلىقى بىلەن قوشۇپ قارىغاندا، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. مانا ئۇلار ئالتۇنلۇقتا ئوق يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان چۇلاق تام تۈۋىدە قانداق تاسادىپىي ئۇچراشقان بولسا، يەنە دۇكاندا شۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى.

قەمىردىن بىتىم بويىچە ماناس بويىدىن يېڭى قايتىپ كەلگەن بولۇپ، سەھرالىق ئانىسىغا كىيىم تىكتۈرۈش ئۈچۈن ئويلىمىغان بىر ۋاقىتتا دۇكانغا كىرىپ قىزنىڭ ئالدىدا توختىدى. گۈلجامال چىرايلىق تۇم قارا كۆزلىرى بىلەن كۈلۈپ قاراپ قەمىردىننى دەرھال تونۇۋالدى. ئۇ ئۆزى ھەمىشە سېغىنىپ ئەسلەيدىغان ئوفىتسېرنىڭ ئىشىنى كېچىكتۈرمەي پۈتتۈرۈشكە تەييار ئىدى. ئىزدىشىش ئەنە شۇنىڭدىن باشلىنىپ، ئۇلار ئاخىرى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى.

ئۇلار ئازادلىقتا يېقىن توي قىلىشتى. لېكىن ئۇزۇن بىللە بولالمىدى. ھەربىي ئوركېستىرغا تانسا ئويناپ ئۆتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمىنى گۈلجامالغا شېرىن خاتىرە سۈپىتىدە قالدۇرۇپ، قەمىر-

دىن ئىلى يېزىلىرىدا زور داغدۇغا بىلەن باشلانغان ئىجتىمائىي ئىنقىلاپقا ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ غۇلجىدىن يۈرۈپ كەتتى.

گۈلجامال قەمبەردىن بىلەن ئوتتۇز يىلغا يېقىن ئۆي-ئوتاق بولدى. ياش ئوفىتسېر بىلەن قولتۇقلىشىپ كوچا سەيلىسى قىلىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. تىنچ قۇرۇلۇش مەزگىلىدىمۇ قەمبەردىن ۋە باللار بىلەن ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جوزا قويۇپ، گۇڭگۇر-مۇڭگۇر ئولتۇرۇپ شاما چايناپ چاي ئىچكەن كۈنلەرنى گۈلجامال تەستە ئېسىگە ئالاتتى. ئومۇمنىڭ ئىشى، جەڭگىۋار ۋەزىپە، ھەتتا خاتا لۇشيەننىڭ زەربىسىدىن ئېغىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ تۇرمىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، قەمبەردىننىڭ ئالدىراش ئۆتمىگەن بىرەر كۈننى ئوتتۇز يىللىق تارىخ سەھىپىسىدىن ئىزدەپ تېپىش ھەقىقەتەن قىيىن!

قەمبەردىننى يوقلاپ ئۆيگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كىشىلەر كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. دىلئارام چوڭنام قەمبەردىننىڭ ئىككى جاۋغىيىغا قايناپ چىققان ئۇششاق كۆپۈكلەرنىڭ گىزىلداۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىق تولغاندى.

— ئاھ، قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدايىم، — دېدى دىلئارام چوڭنام يىغان بىلەن نالە قىلىپ، — بىز دەكلەرنىڭ قاياشىدا بولساڭ، دىلىمىزغا سۇ يۈگۈرۈپ، شېخىمىزنىڭ كۆكىرىشىنى راۋا كۆرسەڭ قەمبەر-دىننى ئوره قىل، دەردىگە شىپالىق يەتكۈز!

يوقلاپ كەلگۈچىلەر ئۆيىنىڭ ئىچىنى لىق تولدۇرۇپ تۇراتتى. دىلئارام چوڭنامنىڭ نالىسى روزى باپكارنىڭ ئايالى ھاشىخان ئانىغا، ئۇنىڭ باللىرىغا ھەممىدىن قاتتىق تەسىر قىلدى. ھاشىخان ئانا

ياغلىقنىڭ بىر ئۇچىنى كۆزىگە يېقىن ئەكىلىپ مىچىلداپ يىغلىدى.
دوختۇر ئۆيدىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ قەمىردىننىڭ ئارام ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.
— بولدى، قەمىردىننىڭ ئارام ئېلىشىغا تەسىر يېتىدىغان ئىشنى قىلمايلى، — دېدى ھېۋىز كۆزەتچى دوختۇرنىڭ ئوپىلىغان يېرىدىن چىقىپ، — ئۆزەڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، كۆز يېشى ھېچقاچان ھېچقانداق كېسەلگە شىپالىق بولغان ئەمەس.
قەمىردىن بۇ ئۆيگە ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن كېيىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن، ئۆي سانى، سۈپىتى، كەڭ-ئازادىلىقى، ھويلا-ئارا-مى ئىلگىرىكى ئۆيىدىن كۆپ ناچار ئىدى. گۈلچامال ھەۋەسمەن ئايال بولغانلىقتىن، ئاشۇ كىچىككىنە ھويلىنىڭ يېرىمىغا دېگۈدەك گۈل ئۆستۈردى. كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بىلەن قەمىردىن گۈللۈك يېنىدىكى مېۋىلىرى رەڭ تۈزەشكە باشلىغان بىر تۈپ ئالما كۆچىتى-نىڭ سايىسىغا يۆتكەپ چىقىلدى. ھويلىدىن، يىراقتا ئالماستەك پارقىراپ تۇرغان ئۆچكىلىك چوققىسىنى ئېنىق كۆرۈشكە بولاتتى.
دوختۇر ھېلىدىن-ھېلىغا دورا-ئوكۇل يەڭگۈشلەپ داۋالاشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئەمما كىشىدە ئۆچكىلىكنىڭ ساپ ھاۋالىق شامىلى شىپالىق يەتكۈزگەندەك تەسىرات قالدۇرۇپ، ھويلىغا چىقىپ ئىككىنچى كۈنى ئاش ۋاقىتلاردا قەمىردىن كۆزىنى يېرىم ئاچتى. قۇرۇق گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ ۋە پەس ئاۋازدا گەپنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ قىلىپ:
— ئاراڭلاردا ئالىم بارمۇ؟ قايسى كۈنى يۈرىكىم تۇيۇقسىز مۇجۇپ ئاغرىپ ھېچنىمە سېزەلمىدىم، قانداق روزىكامنى دەپنە قىلىۋالدىڭلارمۇ؟ — دېدى.

يۇرىكىنىڭ سوقۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ قەمىردىنىڭ گەپىگە كىرىشكەنلىكى تەلمۈرۈپ بېشىدا قاراپ تۇرغان كىشىلەرنى جانلاندۇردى.

— قەمىردىن ئاكا، يۆتكىۋالدۇق، خاتىرجەم بولۇڭ، — ئالىم كارىۋاتقا يېقىن كەلدى، تيەنتسەننىڭ شېئىرلىرى چوڭ مەدەت بولدى، خەلق غەزەپكە كەلدى، دۈشمەن ئىغۋاگەرلىك قىلىشقا پېتىنالمىدى.

— دۇرۇس، دۇرۇس، — قەمىردىن گويا نەپىسى بۇغۇلغاندەك گەپنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ داۋام قىلاتتى، — مەن يولداش خۇڭ يەننىڭ خېتىدىن تيەنئەنمېن شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندا "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" غاجاپ ئۈپرىتىۋەتكەن يۈرىكىم قىلىپىغا كەلگەندەك ھېس قىلغانىدىم، تيەنئەنمېن شاملى چېگرا بويىغا يېتىپ كەلدى، بىز كۈچلۈك ئارقا تىرەككە ئىگە بولدۇق، دۈشمەن ئايىغىمىزغا باش قويۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

قەمىردىن گەپتىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، دوختۇرنىڭ بولدى، ھاردۇق يەتسە يۈرەك ئاغرىقى يەنە قوزغىلىدۇ، ئۆزدىگەزنى ئاسراڭ دېگەن گەپلىرى تەسىر قىلمىدى. بىرپەستە ئۈنسىمىغانغا ئۇنىماي بىر جۈپ پەي ياستۇققا يۆلىنىپ گەۋدىسىنى ئۆرە قىلىپ ئولتۇردى.

ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىدىن ئەنسىرەپ ھويلىنى تولدۇرۇپ تۇرغان كىشىلەر، تام ياقىلاپ ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەر نامايان بولدى، قارلىق چوققىلىرى يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئالماستەك پارقىراپ كۆرۈنگەن ئۆچكىلىك تېغى تېرەككىلىك كەينىدە مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— پاھ، قاراڭلار، نېمدېگەن گۈزەللىك بۇ، — قەمىردىن ئۈششغان قاپاقلىرى ئاستىدىن كۆزىنى يېرىپ قاراپ، ئۆچكىلىك ئېتىكىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن نەزەر ئاغدۇردى، نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنىڭ كۆكسى-قارنى يورۇپ قالغاندەك، يۈزلىرى يىللىقلىشىپ، تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، — ئۆچكىلىك ئېتىكى ياخشى جاي، — دېدى ئۇ قۇرۇق كالپۇكلىرىنى تىلى بىلەن يالاپ قويۇپ، — بۇ يەردە ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى، كىشىلەرگە بەخت ياراتقىلى بولىدۇ، چارەك ئەسىر ۋاقتىمنى ئۆچكىلىك ئېتىكىگە تەر تۆكۈپ، ئەمگەك سىڭدۈرۈپ ئۆتكۈزگەن تارىخىمدىن پەخىرلىنىمەن.

بۇ گەپ-سۆزنى ئاڭلاپ، بېشىدا قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— كۆڭلىڭىزگە ئەسكى ئىشلارنى كەلتۈرمەڭ، — دېدى ئالىم ئىككى كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — جەزمەن ياخشى بولۇپ كېتىسىز، زامان ئوڭشىلىشقا يۈزلەندى، غەلىبە بايراملىرىنى بىرلىكتە تەنتەنە قىلىمىز.

— شۇ چاغدا ئىنقىلابىي رەھبەرلەرگە تېڭىلغان بوھتان سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ، ئۇلۇغ تۆھپىلىرىڭىز يورۇق يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ.

— بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، ئۆچكىلىك ئېتىكىدە كوممۇنىزم تۇغىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرىمىز.

كىشىلەر قەمىردىنگە مەدەت بېرىپ ئارقا-ئارقىدىن ئەنە شۇنداق دېيىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھويلىنىڭ ئىچى يەنە بىرپەس جىمجىتلىققا چۆكتى. قەمىردىن گەپنى تولا قىلىپ زورۇقتى. ئۆگدىگەندەك

كۆزىنى يۇمۇپ، بوششىپ پەي ياستۇققا تاشلانغاندا، كارىۋات ئۇستىگە ئېگىلىپ تۇرغان ئالما شېخىغا، شاختىكى يوپۇرماققا گىرەلىشىپ ئۇچۇپ كېلىپ قونىغان بىر جۇپ چىۋىننىڭ گىژىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كوممۇنىزم ئىدىيىسى بىزنىڭ ئىلىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە، — قەمىردىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋە ئالدىدىكى كىشىلەرگە نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن تەكشى قاراپ يەنە گەپكە كىرىشتى، — شىنجاڭدا ئەكسىيەتچى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدىلا غارىپ غەبىتوپ (تاتار) قاتارلىق كىشىلەر تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن ئىلى خەلقىنى خەۋەردار قىلغان. 1918 - يىلى ئاپرېلدا غۇلجىدا مىڭدىن كۆپرەك كىشى ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزدى. بايا بىرىڭلار ئۆچكىلىك ئېتىكىدە كوممۇنىزم تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرىمىز دەپ توغرا ئېيتتىڭلار، تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىڭلار، كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ھەقىقەت ئۇرۇقىنىڭ ئىلىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا چېچىلغىنىغا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. ئىلى خەلقى بۇرۇن ئويغانغان، ئاڭلىق، ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە باتۇر خەلق، باراۋەرلىك، تەڭسىزلىك، ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ!

شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ھارغانلىقتىن لاي سۇنىڭ ئىككى تال تامچىسىنى ئەسلىتىپ غۇۋا پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزىگە كېرىمجان تېخىنىك كۆرۈندى - دە، يەنە ئۆزىگە مەدەت بېرىپ:

— ئو... ھوي، باياتىن بېرى سەنمۇ مەشەدىمىدىڭ؟ يېقىنراق كەل، ساڭا ئايرىم ئېيتىدىغان گەپلىرىم بار، — دېدى.

تۇرمىدىكى چاغدا، كېچىسى تۇگۈلۈكتىن چۈشۈپ، ھېلىقى تەتۈر يول تۇتۇپ تارىخنىڭ چاقنى كەينىگە بۇراشقا ئۇرۇنغانلارغا قارشى قوزغىلىشىنى مەسلىھەت قىلغان تېخىنىڭ قەمىردىنىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق ھاياجانلاندى.

— قەمىردىن ئاكا، بولدى ھاردۇق ئېلىڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، يولداش خوڭ يەن ئەۋەتكەن خەت، تيەنئەنمېن شېئىرلىرى مەسىلىنى يورۇتۇپ بەردى، بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى يۇقىرىدىن يولغا قويۇلۇۋاتقان خاتا سىياسەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

— تۇرمىدىكى خاتا ئوي - خىياللاردىن قول ئۈزگەن بولساڭ ياخشى بوپتۇ، مەن سەندىن ئەنسىرىگەنىدىم.

— گاڭگىراپ تۇرغاندا، ئىككى يۈزلىمە جۇماقىنىڭ خوتۇنى قايمۇقتۇرغانىكەن، پېشىمدىن تارتمىغان بولسىڭىز تاس...

— خەلقىمىز قايتا كۈلپەت تارتىۋاتقان ھازىرقى پەيتنى قىرىقىنچى يىللاردا بىز ئىلىدا قوراللىق قوزغىلاڭ قىلغان ۋاقىت بىلەن ئوخشاتقىلى بولامدۇ، دۆلەتنىڭ رەئىسى، مارشاللار، تۆھپىسى بار رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتامدۇ؟ ئۇلارنىڭ قايسى بىرى ئۇيغۇر ياكى قازاق ئىكەن؟ بۇنى قانداقمۇ مىللىي زۇلۇم، بىر مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت دېگىلى بولسۇن؟ جۇماقىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىدا غەرەز بار، ئۇ، تەشۋىقات دۇيىگە دەستەك تېپىپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. ئوڭ تەرەپتىنمۇ، سول تەرەپتىنمۇ قايمۇقتۇرۇشتىن سەگەك بولۇش كېرەك.

تولا گەپ قىلىش يەنە تەسىر كۆرسەتتى. ئېھتىمالىم، قەمىردىنىنىڭ يارىشىملىق قاڭشىرىنىڭ ئۇستىگە ئۇششاق تەر تامچىلىرى تەپچىپ چىقتى. لېكىن ئاجىز، ھالسىز يۈرىكى كېسەل ئۇستىدىن غەلىبە

قىلغانىدەك، گويا ئۇچىگە بىر جۈپ كەپتەر كىرىپ بۇقۇلداپ سايراۋاتقاندەك گەپ قىلىشتىن توختىمايتتى. ئۇ كېرىمجان تېخنىكىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ، شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى، 40-يىللاردا ئۆزلىرى ئەنە شۇنداق قىلغانلىقىنى ئاغزىغا ئالدى. يولداش ئاباسوۋ يېتەكچىلىك قىلغان قوشۇننىڭ ئاقسۇدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى، بىزنىڭ ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قالغانلىقىمىزنى شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنىتىش ئارزۇيىمىز بىلەنلا ئىزاھلاش كەملىك قىلىدۇ، مۇھىمى بىز ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە بىرلا ۋاقىتتا غەلىبە قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇق، دېدى. تەشۋىقات دۆيىدىكى تەلۋىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا، ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرىغا قاراتقان بوھتانلىرىنىڭ بىتچىت قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقى گەپىنىڭ كېسەل ئازابىدىن قىسقا ۋە ئۈزۈلۈپ چىقىۋاتقانلىقىغا قارىماي ئوچۇق نامايان بولدى.

قەمردىنىنىڭ ئەزرائىل بىلەن جان تالىشىۋاتقان قىيىن شارائىتتا، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى ئۆيدىكىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈرمەكتە ئىدى.

— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، گەپنى توختىتىڭ، — دېدى دوختۇر ئەنسىزلىك ئىچىدە كارىۋاتقا يېقىن كېلىپ، — زورۇقتىڭىز، يۈرەك ھەرىكىتى سۇسلاپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھازىرقى ئاپەت ئەلۋەتتە مىسلىسىز ئېغىر، — دېدى ئۇ دوختۇرنىڭ غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن گەپنى قىيىنىلىپ داۋام قىلىپ، — شۇڭا نىشاندىن ئاداشماسلىق، جەزمەن بېيجىڭغا تەلپۈنۈش كېرەك، بىز ئىلىدا قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بارغاندا،

قوشۇنىمىزغا كىرىۋالغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر بىزنى نىشان-دىن ئاداشتۇرۇشقا ئۇرۇندى، بىز "بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز" دېگەندە چىڭ تۇرغانىدۇق. كۆن شەرقتىن چىقىدۇ، بۇ — تارىخنىڭ يەكۈنى، مىللىتىمىزنىڭ كۈرەش تارىخىدا ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. يولداش خۇڭ يەن بېيجىڭدىن خەت يېزىپ، شەرق ئاسمىنىنىڭ يورۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئۆزگە باشقا بىر قۇتقۇزغۇچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز ئالدانماڭلار، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كۈرەش قىلىڭلار!

شۇنىڭدىن كېيىن قەمىردىن گەپنى توختىتىپ كۆزلىرىنى خۇمارلاش-تۇردى، پەي ياستۇققا تاشلىنىپ ياتتى. يۈزلىرى خۇددى قېنىنى شورىۋالغاندەك ئاپئاق تاتىرىپ تۇراتتى، ئۆيدىكىلەر ئەنسىزلىك ئىچىدە بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قوياتتى. دوختۇرنىڭ غول تومۇردىن ئۇرغان ئوكۇلنىڭ تەسىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ئەتىسى مەيداننىڭ قېرىلىرى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ مەسچىتتىن قايتقاندا قەمىردىنلەرنىڭ ئۆيىدىن يۈرەكنى تىترىتىپ يىغا ئاۋازى كەلدى.

يەنە بىر ئادەم، ئىنقىلابىي رەھبەر "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ بىگۇناھ قۇربانى سۈپىتىدە ئالەمدىن ئۆتتى. خەلق قەمىردىندىن مەزگىلسىز ئايرىلغانلىقىغا چىدىمايتتى. گويا ئۆچكىلىك تېغى كۆز يېشى قىلدى، ئېگىز چوققىلاردىكى قار-مۇزلار ئېرىپ پەسكە چۈشۈپ، دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ تاشقاندەك، ھەممىلا يەر غەزەپ كەلكۈنى ئاستىدا قالغاندەك ۋەزىيەت شەكىللەندى.

# ئونىنچى باب

## 1. زەپەر ئەلچىسى

قەمىردىن تۇگەپ كەتتى. ئۇنىڭ توغرىسىدىكى گېپىمىز تېخى تۈگىگىنى يوق. مەركەزدىن كەلگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن باشلىقىسىمان بىر ئادەم تۇرمىگە بېرىپ ئەھۋاللاشقاندا، ئۇنىڭ "ئالغا" دىكى تېررورلۇقنى كەسكىن پاش قىلغانلىقىنى مەرھۇمنى سېغىنىش ھېسسىياتىمىز بىلەن ئەسلەپ ئۆتىمىز.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ كەلگەنلىكى قەمىردىننىڭ خەۋىرى يوق ئىش ئىدى. ئۇ، قاراڭغۇ كامېر ئىچىدىن دېرىزىلىرىدىن كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرغان تۇرمە ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ چىققاندا، سافادا ئولتۇرغان باشلىقسىمان بىر ئادەم كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا، تاسادىپىي بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئۇزۇندىن بېرى زەي ئۆيدە كۈن نۇرى كۆرمەي، زەئىپلەشكەن "مەھبۇس"نىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ گەدەنگە، ساقىلى ئاتنىڭ يايلىغا ئوخشاپ كۆكسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئورۇقلاپ ئېگەك ۋە قاپاق سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان بولۇپ، شۇ مىنۇتتىكى روھىي ھالىتىدىن ئاۋارە دەرۋىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى.

تاسادىپىيلىق ھېس قىلىش ھەر ئىككى تەرەپتە بىرنەچچە مىنۇت

داۋام قىلدى، ئىشخانا ئىچى بىرپەس سۈكۈتكە چۆكتى.

— بىز تۆۋەندىن نۇرغۇن خەت ئالدۇق، — دېدى باشلىقسىمان ئادەم ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تەمكىنلىك بىلەن گەپ ئېچىپ، — مەزمۇنى پەقەت بىرلا، ھەرىكەتنىڭ توغرا بولمايۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. مەسىلەن، سىزگە كەلسەك، گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلىيالامسىز؟

قەمىردىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىرىدى، ئۇنىڭ "سىز" دەپ ئاتاشنى تۇرمىگە ئېلىنغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى.

— قېنى گەپ قىلىڭ، بىز مەخسۇسلا ئەھۋال ئۇقۇش ئۈچۈن كەلگەن.

— ئەگەر مۇمكىن بولسا مېنىڭ بىر سوئالىم بار، — دەپ قەمىردىن سەل ئەيمىنگەندەك قىياپەتتە ئېيتتى، — ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكى، نەدىن كەلگەنلىكىڭىزنى بىلىشكە بولامدىكىن؟

تۇرمىگە باشلىقسىمان ئادەمگە ھەمراھ بولۇپ چوتكىباش جۇرېن، ۋاڭ دۈيجاڭ، تۇرسۇن بوران بىللە كەلگەنىدى.

— سۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقىڭ يوق، گەپنى شاخلاتماي سوئالغا جاۋاب بەر، — دېدى تۇرسۇن بوران.

— بوپتۇ، بىر دولۇققا مەن يول قوياي، — دېدى باشلىقسىمان ئادەم، — بېيجىڭدىن كەلدىم، مەركەزدە ئىشلەيمەن.

دەرۋىش قىياپىتىدىكى "مەھبۇس" بۇ گەپنى ئاڭلاپ جانلىنىپ، خىرە كۆزلىرى گويا چىراغدەك لاپ قىلىپ ئوت ئالدى.

— بېيجىڭدىن كەلدىم دەمسىزا، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — ماۋجۇشى ھاياتمۇ، مەركىزىي كومىتېت ئىشلەۋاتامدۇ؟

”مەھبۇس“نىڭ ئۆز كويىدا بولۇپ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىپىتماي بىرىنچى بولۇپ ماۋجۇشنى ئىغىزغا ئالغانلىقى باشلىقسىمان ئادەمگە قاتتىق تەسىر قىلدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ماۋجۇشى هايات، مەركىزىي كومىتېت ئىشلەۋاتىدۇ، — دېدى هاياجان بىلەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە گەپ-سۆز سۆزلىنىپ بولغاندەك، ئىشخانا ئىچى شۇ قەدەر جىمجىتلىقتا چۆكتىكى، گويا تىرىق قىلغان ئاۋازمۇ ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. شۇ ئارىدا كىمدۇ بىرىنىڭ تىترەپ ئىغىر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى، نەپەس ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. باشلىقسىمان ئادەم بېشىنى كۆتۈردى، ئالدىدا، ئىشىكتىن كىرگەنلا يەردە ئۆرە تۇرغان ”مەھبۇس“نىڭ كۆز چاناقلىرىدىكى ياشىنى كۆرۈپ شۈركۈنۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن ”مەھبۇس“نىڭ ئىچى-قارنى گەپكە تولۇپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى.

ئۇلار ئىككىنچى قېتىم قوش راملىرى كۆنگەيگە ئېچىلغان يورۇق ئىشخانىدا، سافادا يانمۇيان ئولتۇرۇپ، يەكمۇيەك سۆزلەشتى. چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، پاكىز ۋە رەتلىك كېيىنگەن، بۇغداي ئۆڭ ئەپتىدىن قانداقتۇر بىر يىللىقلىق چىقىپ تۇرغان باشلىقسىمان بۇ ئادەمنىڭ گەپ-سۆزىدىكى سىلىقلىق ۋە مۇلايىملىق قەمىرىدىنگە تەسىر قىلدى. باشلىقسىمان ئادەم قەمىرىدىنگە تاماكا تۇتتى، سەرەڭگە يېقىپ تۇتاشتۇرۇپ بەردى.

— قايسى كۈنى مەن بىلەن بىللە كىرگەنلەر ئالدىدا قورۇنغانلىقىڭىزنى ھېس قىلدىم، — دېدى باشلىقسىمان ئادەم يەنە بىرىنچى بولۇپ گەپ باشلاپ، — ئەندىشە قىلماي ئوچۇق ئېيتىڭ، بىزگە

نۇرغۇن خەتلەر باردى، ھەقىقەتەن ئۇۋال قىلىش بولۇۋاتامدۇ؟

— شۇنداق، — دېدى قەمەردىن.

— بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ، قايسى كۈنىدىكى سوئالىمنى تەكرارلايمەن، مەسىلەن، ئۆزىڭىزگە كەلسەك، گۇناھسىز دەپ ئىسپاتلىيالامسىز؟

— گەپ مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمدە ئەمەس.

— بوپتۇ، ئالدى بىلەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلاي، — قەمەردىننىڭ قورساقتا سىغماي قالغان نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى، لېكىن بىر يولىلا ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلەپ كېتەلمىدى، ھەرىكەت باشلانغاندىن بۇيان دۈچ كەلگەن پايلاقچىلار — "كۆيۈنگۈچىلەر"، "بىر پىكىردىكىلەر" تولا گەپ ئېلىپ ئۇنى ئېھتىياتچان قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەركەزگە خەت يازمىغان، ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، يىللىق مۇئامىلە قىلىپ ئالدىدا ئولتۇرغان مۇنۇ ئادەم ئۆزىنى مەركەزدىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىلەن كەلدىم دەپ تونۇشتۇرمىغان، ئېپىنى تېپىپ پىغانىنى بىر چىقىرىۋېلىشنى خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرمىگەن بولسا، ھەرگىز سىر بەرمىگەن بولاتتى. ئۇ گەپنى تەشۋىقات دۈي "ئالغا"غا قەدەم قويۇپ تەرغىب قىلغان"يامان ئادەم كالا تۇغدىنمۇ كۆپ" دېگەن تېتىقسىزلىقتىن باشلىدى، ئاندىن ھەممە ئادەمنى سۈيىقەست رامكىسى ئىچىگە چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتى بىلەن ھېسابلاشمىغانلىقىنى ئېيتتى. مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش ۋاستىلىرىنى شۇ قەدەر غەزەپ بىلەن پاش قىلدىكى، باشلىقسىمان ئادەم گەپ قىلماي كۆزىنى پارقىرىتىپ شۈك ئولتۇرۇپ قالدى.

— قېنى، ئىنساپ بىلەن گەپ قىلىڭا، — دېدى قەمەردىن ئاخى-

رىدا غەزەپ بىلەن، — بۇ زادى قانداق مەنتىقە؟ "كالا تۈكىدىنمۇ كۆپ" بولسا، بىز چارەك ئەسىردىن بۇيان چېگرا رايوندا دۈشمەن تەربىيىلىدۇقمۇ؟ بۇ ئادەملەر سوتسىيالىستىك جۇڭگونى قانداق ئورۇنغا ئىتتەرمەكچى.

— تەشۋىقات دۈيىگە مەسىلىنى ئەنە شۇنداق كەسكىن قويىمى- دىڭلارمۇ؟

— قويدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتىمىز كىشەندىن، قولىمىز كويى- زىدىن يېغىر بولۇپ كەتتى. ھەقىقەتنى زورلۇق بىلەن يېڭىش مۇمكىن ئەمەس، داۋاملىق قويىمىز؟

باشلىقىسمان ئادەم "ئالغا"دا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى مەركەزگە دوكلات قىلىدىغانلىقى، ماۋجۇشى، مەركىزىي كومىتېتقا ئىشىنىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپ، قەمىردىن بىلەن خوشلىشىپ ئىشخانىدىن چىقتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قەمىردىنگە بولغان مۇئامىلە بوشاپ قالغاندى، لېكىن تېزلا ئۆزگەردى. گۇندىپايلار ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭغا ئىلگى- رىكىدىنمۇ قاتتىق تېگىدىغان بولدى. گېزىت-ژۇرنال يەتكۈزۈپ بېرىش چىپپىدە توختىتىلدى. سوراقتا تارتقاندا "گۇرۇھ" ئۇيۇشتۇر- غان "جىنايىتى"دىن كۆرە، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا نىمىلەرنى دېگەنلىكى كۆپرەك، قاتتىقراق سۈرۈشتە قىلىنىپ، قەمىردىن باش- ئۈچى يوق يەنە بىر خىيالغا چىگىشلىنىپ قالدى. ئۇ، تەشۋىقات دۈيى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشىدىن نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر گۇمانلىنىدۇ-ھە، دەپ ئويلاپ ھېچ تېگىگە يېتەلمەيتتى.

لېن بياۋ ھالاكىتىدىن كېيىن "مەھبۇس"لار تۈرمىدىن، نەزەر- بەندتىن قۇتۇلۇپ چىقتى. خۇڭ يەنە ئەرز-شىكايەت قىلىپ بېيجىڭغا

ماڭغاندا قەمىردىن مۇشۇ چىگىش خىيالىنى يەنە بىر قېتىم ئويلاپ قالدى.

— بۇ ئادەمنى جەزمەن ئىزدەپ تېپىڭ، — دېدى ئۇ بىر قولىنى خۇڭ يەنىڭ دولىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئىسىم فامىلىسىنى ئۇچۇق ئېيتمىدى، پەمىچە ئەللىكلەرنىڭ ئۈستىدە بولۇشى كېرەك، كەڭ گەۋدىلىك، بۇغداي ئۆڭ، قوي كۆز، بۇرنى ئېقىپ چۈشكەندەك يارىشىملىق ئادەم. ئۆزىنى يوشۇرغانلىقى، تەشۋىقات دۇيىنىڭ ئارقىسىدىن خىرىس قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزگىچە قاراشتا ئىكەنلىكىنى، هازىر سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئىككى سەپ بولۇپ ئېلىشىۋاتقانلىقى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇشۇ ئېلىشىش قايىنىمىغا تارتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ جەڭگىۋار كۈچى يىمىرىلمىدى، ھەقىقىي كوممۇنىزمچىلار بىر سەپ بولۇپ ئۇيۇشىشىمىز كېرەك.

خۇڭ يەن بېيجىڭغا كېلىپ باشلىقىسىمان بۇ ئادەم بىلەن ئاسانلا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ، مەركەزدە خەت - چەك ۋە ئەرز - شىكايەت قىلغىلى كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ئورۇننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئەرز ئېيتىپ كەلگەن كىشىلەر قاتارىدا ئۆچرەت كۈتۈپ تۇراتتى. بىرپەستە دەرۋازا ئىچىدىن خۇددى قەمىردىن سۈرەتلىگەندەك باشلىقسىمان بىر ئادەم كۆپچىلىككە يىللىق قاراپ كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كەلدى. خۇڭ يەن ئۇنىڭ بىلەپ "ئالغا"دا كۆرۈشكەنلىكى، سۆھبەتتە بولغانلىقىنى ئەسلىدى، باشلىقسىمان ئادەممۇ تونۇدى بولغاي ئېھتىمالىم، قاشلىرىنى ھىمىرىپ يىراقتىن تىكىلىپ نەزەر سالغاندىن كېيىن، خۇڭ يەنگە قاراپ ماڭدى.

— سىز شىنجاڭدىن كەلگەن بولسىڭىز كېرەك؟ — دېدى ئۇ خۇڭ

يەنىنىڭ ئالدىدا توختاپ.

— شۈنداق، ئىلى رايونىدىكى "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كېلىشىم.

— سىزنى كۆرگەندەك قىلىمەن.

— مەنمۇ شۈنداق ئەسلەيمەن.

ئۇلار تونۇشۇپ قالدى. قوبۇل ۋاقتىدىكى ئايرىم سۆھبەتتە "ئالغا"دىكى ئىشلار توغرىسىدا كۆز قارىشى ئوخشاش بولۇپ چىقتى. بۇ هال خۇڭ يەنىنىڭ بېيجىڭ سەپىرىنى يېڭىچە ئۈلەشتۈرۈش رولىنى ئوينىدى. تيەنئەنمېن ۋەقەسى پارتلىغانغا قەدەر بولغان بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە باشلىقسىمان ئادەمنىڭ ئىشخانىسى، ئائىلىسى خۇڭ يەن ھەمىشە يولۇقۇپ تۇرىدىغان، ئەرز-شىكايىتىنىڭ جاۋابىنى تىڭ تىڭشايدىغان، مەسلىھەت ئالىدىغان، مۇڭدىشىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان سورۇن بولۇپ قالدى. بەزىدە ئۇ، باشلىقسىمان ئادەمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتى.

پايتەخت ئىشچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ۋە شەھەر ئاھالىسى چوكانتال بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ روھىنى يوقلاپ، تيەنئەنمېندە پائالىيەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىغاندا، بۇ ئىككى ئوتتۇرىدىكى سۆھبەت قىزىشقا باشلىدى. باشلىقسىمان ئادەم "ئالغا"غا بارغان ياكى خۇڭ يەن بېيجىڭغا كېلىپ يىغى تېپىشقان چاغدىكىگە ئوخشاش، كۆز قارىشىنى يوشۇرمايدىغان، گەپنى ئەگىتمەي توپتوغرا ئېيتىدىغان بولدى.

— مەن سىزنىڭ ئۇ يەرگە پات-پات بېرىپ تۇرۇشىڭىزنى خالايمەن، — دەيتتى ئۇ، ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانىنى ئەسلەپ، — ئەرزىڭىزنىڭ جاۋابى ئېھتىمال تيەنئەنمېندىن چىقىدۇ.

تيەنئەنمېندىكى داغدۇغىغا خۇش يەن بېشىچە كىرىپ كەتتى.
تيەنئەنمېن شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈپ چېگرا بويىدىكى قېرىنداشلارغا
ئۇدۇللۇق ئەۋەتىپ تۇرۇش كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندى. ئۇ گويا
جەڭگىۋار بىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندەك بۇ ئىشتىن زادىلا زېرىكمەيتتى.
ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇش يەن خەلقنىڭ ھەرىكىتى
بىلەن زىتلىشىدىغان غەلىتە بىر ۋەقەگە دۇچ كەلدى. ئۆزىنى پايتەخت
مىنبىگلىرى دەپ ئاتىۋالغان بىرنەچچە لۈكچەك بىركۈنى
ئەتىگەن ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى يېنىدا كىشىلەرنىڭ
شېئىر يېزىپ چوڭ خەتلىك گېزىت قىلىپ چاپلىشىغا، يازغان شېئىر-
لىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشىغا قارشى تۇردى. كىشىلەرنىڭ
ئۇغىسى قايىندى، تىركىشىش كېلىپ چىقتى. شۇ كۈنى كەچتە پاي-
تەختنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ تيەنئەنمېندە خەلق بىلەن لۈكچەكلەر
ئوتتۇرىسىدا تارىختا كەمدىن-كەم كۆرۈلىدىغان قانلىق توقۇنۇش
يۈز بەردى.

"4-ئاپرېل" ھەرىكىتى دەپ جۇڭگو تارىخىدىن ئالتۇن ھەل
بىلەن ئورۇن ئالغان تيەنئەنمېن ۋەقەسى 1976-يىلى ئەنە شۇنداق
تىركىشىشتىن كېلىپ چىققان. بۇنىڭ خوددى "4-ماي" ھەرىكىتىگە
ئوخشاش يېڭى دەۋرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى خۇش
يەننىڭ ئويلاپ يېتىشىگە پايتەختنى قاپلىغان ئاق تېررورلۇق ئىمكا-
نىيەت بەرمىگەندى. مانا مېھمانخانىغا يېرىم كېچىدە قوراللىق خەلق
ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كىرىپ تېنتىش قىلدى. خۇش يەن ۋەزىيەتنى
چۈچەنلىك بىلەن بايقاپ ئۈلگۈردى. ئەگەر ئەرز-شىكايىتىنىڭ
كۆپىيىسىنى يوشۇرمىغان، يولۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالمىغان بولسا،
مېھمانخانىدىكى ھال ئېيتىشقا كەلگەن دەردمەنلەرگە ئوخشاش

ئۇنىمۇ يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭغان بولاتتى.

خۇڭ يەنگە "ئالىغا"غا كېتىشتىن ئۆزگە چارە قالمىغاندەك ئىدى. بىراق "ئالغا"غا نېمە ئېلىپ بېرىش كېرەك؟

ئۇ، باشلىقسىمان ئادەم بىلەن يەنە كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدى. شۇ چاغدىكى پايتەخت ۋەزىيىتىدە، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش، ئۆيىگە بېرىش گۇمان پەيدا قىلاتتى. خۇڭ يەن باشلىقسىمان ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئەل ئايىغى بېسىلغاندا، خۇپىيانە باردى ۋە ئەنسىزلىك پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئىشىك تۈۋىدە بىرپەس توختاپ يېنىك ئاۋاز چىقىرىپ چېكىپ تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن ئاستا ئېچىپ كىردى.

باشلىقسىمان ئادەم بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ كوچا تەرەپتىكى دېرىزىسىگە ئېچىدىن قارا پەردە تارتىلغان ئۆيدە، ئۈستىدە قالپىقى بار چىراغ يورۇق چۈشۈرۈپ تۇرغان ئۈستەل يېنىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

— مەن سىزدىن خەۋەر ئالالماي ئەنسىرەپ قالغاندىم، — دېدى ئۇ خۇڭ يەن ئۆيگە كىرگەندە، — تېز قايتىپ كېتىڭ، بىيجىڭدا تۇرۇش خەۋپكە ئايلاندى.

— ئەرز - شىكايەتنىڭ جاۋابىدىن دېرەك بولمىدى، "ئالىغا"غا نېمە ئېلىپ بېرىشنى بىلەلمەي ئازابلىنىپ يۈرىمەن.

باشلىقسىمان ئادەم كىتابىنى قاتلاپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، قېيىن مەسىلىگە دۈچ كەلگەن چاغدىكى ئادىتىنى قىلىپ تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، ئۆينى ئايلاندى. خىيالىدىن قاقىردەك تىزىلىپ ئۆتتۈۋاتقان ئىشلار — تيەنئەنمېن ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" قا قارشى كۈرەشنىڭ ئاشكارا باسقۇچقا كۆچكەنلىكى،

بۇنى چېگرا بويىدىكى قېرىنداشلارغا قانداق يەتكۈزۈش، "سول" لۇشيەندىن بۇرۇنلا چېگرا ئاجراتقان، مەركەزگە ئەرز قىلىش، دەۋالىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلىپ ئالدىدا ئولتۇرغان مۇنۇ ئادەمنىڭ مەخپىيەتلىكتىن ئۇستاتلىق بىلەن پايدىلىنىشىغا ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىك، سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك يېشىپ (ئالدىراپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قويۇپ) ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەش ئۇنى چوڭقۇر خىيالغا سېلىپ قويدى.

— "ئالغا"دا هازىر كىشىلەرنىڭ روهىي هالىتى قانداقتۇر، — دېدى ئۇ خۇڭ يەننىڭ ئالدىدا توختاپ.

خۇڭ يەن جوزىنىڭ بىر بۇرجىكىگە جەينىكىنى قويۇپ، لۆم-لۆم ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى.

— پەمىچە بېيجىڭدىكى بىلەن ئوخشاش.

— ئاق تېررورلۇققا نىسبەتەن ئويغىنىش بارمۇ، يوق؟

— بار، بۇنى بېيجىڭغا ماڭغان چېغىمدا قەمىردىننىڭ ئۆزىدىنىش سۆزى بىلەن ئىسپاتلايمەن، — دېدى خۇڭ يەن، — قەمىردىن، لىن بياۋ هالاكىتى مەملىكەت بويىچە ئىككى سەپ بولۇپ ئېلىشىۋاتقانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، دېگەنىدى، ئۇ هازىرقى ئەهۋالنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، ساغلام كوممۇنىستلار بىلەن سەپ تۈزۈش كېرەك دەپ ئېيتقان.

— ئانداقتا سىز "ئالغا"غا ئېلىپ بارىدىغان جاۋاب ئېنىق: ساغلام كوممۇنىستلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەملىكەت بويىچە بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇپ، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نى ئاغدۇرۇش كېرەك.

— "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"؟ ئاڭلىمىغانلا گەپنى قىلدىڭىزغۇ؟ بۇ قانداق ئاتالغۇ؟

باشلىقسىمان ئادەم ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇپ قولىدىكى تاماكىنى ئىچىگە تارتىپ ئۇزۇن شوراپ چەكتى. كۆكسىنى كېرىپ، ئۇلۇغ نەپەس ئېلىپ ئاغزىدىن، بۇرنىدىن تاماكىنىڭ ئىسىنى ياندۇرۇپ چىقاردى، بەشىنچى قەۋەتتىكى بىر ئېغىز ئۆيگە گويا دېرىزىدىن بىر پارچە بۇلۇت ئۇچۇپ كىرگەندەك، تورۇسنى بىر قەۋەت تۇتۇن قاپلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ جىياڭ چىڭ، جاڭ چۇنچياۋ، ۋاڭ خۇڭۋېن، ياۋ ۋېنيۈەندىن تەركىب تاپقان "تۆت كىشىلىك گورۇھ" ۋە ئۇنىڭ مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە، چېگرا بويلىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا پەيدا قىلغان ئېغىر ئاقىۋەتلىرى ئۈستىدە كەڭ توختالدى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىدا "تۆت كىشىلىك گورۇھ" قا قارشى كۆرەشنىڭ خېلى بۇرۇن باشلانغانلىقى، ماۋجۇشىنىڭ "گورۇھ بولۇۋالماڭلار" دەپ ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى، جىياڭ چىڭنى "ئۇنىڭدا قارا نىيەت بار، مەركىزىي كومىتېتقا رەئىس بولماقچى" دېگەنلىكىنى ئېيتتى. تيەنئەنمېن ۋەقەسى "تۆت كىشىلىك گورۇھ" قا قارشى كۆرەش سىگنالىنى چالغانلىقىنى ئېزىپ چۈشەندۇردى.

بۇ گەپ-سۆزنى ئاڭلاپ خۇڭ يەنىنىڭ ئىچى-قارنى يورۇپ قالدى.

— "تۆت كىشىلىك گورۇھ" ھېلىھەم بىر بۆلۈم ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرماقتا، — دېدى باشلىقسىمان ئادەم ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، — سىلەر ئۇ يەردە مەسىلە پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىڭلار.

— خاتىرجەم بولۇڭ، قەمىردىن كۆرەش سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئالىم زىيالىي، سەۋىيىلىك ئادەم، بىز چوقۇم غەلىبىلىك ئىش ئېلىپ بارالايمىز.

— قەمىردىن ياخشى يولداش، تۈرمىدە سۆھبەتلەشكەن چاغدىلا

مەن ئۇنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتكە سادىق ئىكەنلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەن بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقى، بېشىغا شۇنچە ئېغىر كۈن كېلىپ تۇرۇپمۇ ۋەتەن بىرلىكىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلمىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم.

— "ئالغا" دېھقانچىلىق مەيدانى ئىلىدىكى ھەر مىللەت كادىر-لىرى، خەلق ئاممىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتكە سادىق، لېكىن تەشۋىقات دۆيى دەل مۇشۇ مەسىلىدە ... شۇڭا ئاچچىقىمغا پايلىماي مەركەزگە خەت يازغانمەن.

— خېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋىرىم بار. سىز ئېيتقاندەك، چېگرا بويىدىكى قېرىنداشلار ئېغىر ئازابقا قالدى. سىز بىلەن بىزگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ بىر-ئىككى قالپىقى ئارتۇق. بۇ ئېغىر ئاقىۋەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"قا قارشى كۈرەش قىلىش. ئىلى ئىنقىلابىي رايون، ئىلى خەلقى شانلىق ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە ئۇلۇغ خەلق. فاشىستلىق دىكتاتۇرا ئۇ يەردە ھەرگىز پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. بىرلىشىپ كۈرەش قىلىپ تيەنئەنمېن روھىنى جەۋلاندۇرۇڭلار. ئىلى ۋادىسىدا غەلىبە بايرىقىنىڭ تىكلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ۋاقىت تۈن يېرىمىدىن ئاشقانىدى. خۇڭ يەن بىر ئىلاج قىلىپ، ئەتىلا ماڭىدىغان پويىزغا قىستۇرۇلۇپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلىشىپ ئۆيىدىن چىقتى. باشلىقىسىمان ئادەمنىڭ پۈتۈنلەي ئۇيقۇسى قاچتى. ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بايا قاتلاپ يېپىپ قويغان كىتابنى يەنە ئاچتى. خىيالى قېچىپ كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمەيتتى. چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىپ قالدى. خۇڭ يەن بىلەن بولغان سۆھبەت خىيالىدىن تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ كۈرەش-

نىڭ مۇرەككەپ ۋە خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، "ئالغا" نى
كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغان چاغدىكىگە ئوخشاش سالاھىيىتىنى، كىم
بولىدىغانلىقىنى يوشۇردى. ئۇ "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" توغرىسىدىكى
سۆھبەتنىڭ ۋاقتىتىن ئىلگىرى ئاشكارىلىنىپ ئۆزىگە كەلتۈرۈش
ئېھتىمالى بولغان خەۋپتىن ئەمەس، خۇڭ يەنىنىڭ ئەتىگەنلىككە
ماڭىدىغان تېز پويىزغا چىقىش-چىقالماسلىقىدىن، ئۇ يەردە غەلىبە-
لىك ئىش ئېلىپ بېرىش-بارالماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەتىسى
ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ ۋوگزالغا باردى.

خۇڭ يەن پويىزدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ئۇزۇنتىشتىن
خەۋىرى بار ئادەمدەك، دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا
قاراپ تۇراتتى. بىرپەستە ۋوگزالدا بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىغان
ئاپشارىكىلار پەيدا بولدى. پويىز سىگنال بېرىپ، گويا ۋوگزالنى
تىترىتىپ قوزغالدى. ئۇلار كۆز ئىشارىسى قىلىپ خوشلاشتى. بۇ
مەنزىلىك قاراشتىن خۇڭ يەن گويا بېيجىڭ قەلبىنى چېگرا رايونىغا
ئېلىپ كەتتى.

## 2. سۇيىقەستچىنىڭ ئاقىۋىتى

قەمىردىنىنىڭ ۋاپاتى "ئالغا"دا يېڭى جاراھەت پەيدا قىلدى.
خەلق ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. سۆيۈملۈك رەھبەر بىلەن ۋىدالىشىش
ھەسرىتى تەشۋىقات دۇيىگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى تېخىمۇ ئۆر-
لىتىۋەتتى. "ئالغا"دا خېلىدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان تىركىشىش
شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بۇ قېتىمقى تىركىشىشكە تەشۋىقات دۇيىنىڭ قەمىردىنىنىڭ يەتتە

نەزىرىگە ئارىلاشقانلىقى سەۋەب بولدى. ”ئالغا“لىقلار مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى ئوغرىلاپلا قالماستىن، ئىنسانىي تۇيغۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئورنىدا كۆپرەك ئادەم قاتناشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈشنى ئويلىشىۋاتاتتى. تەشۋىقات دۆيى ئادەم ئەۋەتىپ تۇستى.

— قەمىردىننىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكى ئاقلانغانلىقى ئەمەس، — دېدى تۇرسۇن بوران كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا كېلىپ كايىغان ئاۋازدا، — كىم ئۇچۇن داغدۇغا پەيدا قىلماقچى بولۇسىلەر؟ كىچىك-كىنە ياغ پۇرىتىپ قويساڭلار بولدى، سىياسىي كاللا بىلەن ئىش قىلىش كېرەك.

تۇرسۇن بوراننىڭ سىياسىي كاللىسى قەمىردىنگە ئۆچمەنلىك بىلەن تولغانلىقىنى ”ئالغا“لىقلار ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ تەھدىتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، چوڭ نەزىر ئۆتكۈزۈشتى.

ئەتىگەنلىكى يۇرت-جامائەت خۇددى ھېيت نامىزىغا ماڭغاندەك توپ-توپ بولۇپ قەمىردىننىڭ نەزىرىگە ماڭماقتا. بېيجىڭدا ”تيەنئەنمېن ۋەقەسى“ يۈز بەرگەندىن كېيىن، تەشۋىقات دۆيى بۇنداق پائالىيەتلەرنى چەكلىگەنىدى.

— ئاناڭنى... بۇنىڭ ھەممىسى غەرەزلىك ھەرىكەت، — ۋاڭ دۇيجاڭ ئەسەبىيلىك بىلەن شالىنى چاچرىتىپ سۆزلەشكە باش-لىدى، — ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچىلىك، تيەنئەنمېنگە دوس تارتىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىنىۋاتقانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ، قەتئىي توسۇش كېرەك.

ئۇ بۇ گەپنى دەرھال ئىشخانىسىغا جەم بولغان خەلق ئەسكەر-لىرىگە قىلدى. ئاممىغا نەزىرگە بارماسلىق، بارغاندىمۇ توپ بولۇپ ماڭماسلىق توغرىسىدا تەشۋىق قىلىش، كۆزىتىش، گەپ-

سۆزىنى خاتىرىلەش. توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى.

بۇ ھەرىكىتى بىلەن ئۇ ئۆزىگە يەنە بىر ئورا كولىغانىدى. نەزىرىدىن كېيىن "ئالغا"لىقلار ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ رەزىللىكلىرىنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز غەزەپكە كېلىشتى.

— تەشۋىقات دۇيىدە تو ۋا قىلىش نىيىتى يوق، — دېدى تېخى يېقىندىلا نەزەربەندتىن قويۇپ بېرىلگەن ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر "مەھبۇس" يىغان بىلەن.

— شۇنداق، قىلىچىنى تاشلىمىدى، — يەنە بىر ئەيلەن ئۈنىگغا ئاۋاز قوشتى، — قەمىردىنىنىڭ نەزىرىگىمۇ قارا سانىغانلىقى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ؟ بىزنى قويۇپ بېرىش — ھىيلە-نەيرەڭ، چۇۋۇلغان مېزىنى يىغىشتۇرۇش ئۇسۇلى.

— بىز زادى ئاقمۇ-قارىمۇ؟

— داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىش كېرەك.

— تىنىچ ئولتۇرسەك ئاخىر بىركۈنى بېشىمىزغا يەنە مىنىدۇ.

كىشىلەر ئورنىدىن دۈررىدە تۇرۇشتى. ئۇلار ئەتىسگەن تەرەپتە قەمىردىنىنىڭ ئايالى گۈلجامال ۋە باللىرىدىن ھال سوراپ چىققاندىن كېيىن، مەيدان بازىرىنىڭ تۆت كوچا ئاغزىدىكى بىر دوقمۇشتا توپلىنىپ ئولتۇراتتى. قەمىردىنىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان دەۋانى داۋام قىلماقچى بولۇپ ئىنقىلابىي كومىتېت تەرەپكە تەمشىلىپ تۇرغاندا، ئالىم ئىككى خىيال بولۇپ:

— ئىنقىلابىي كومىتېتقا دۈركۈرۈشۈپ بېرىش مەن كەلگىچە بىر-ئىككى قېتىم بوپتۇ. لېكىن نەتىجە چىقمىغان. ئاۋۋال گەپنى پىشۇرۇۋالايلى، ئۇ يەرگە بارغاندا، نېمە دەپ سۆزلىشىمىز، — دەپ كۆپچىلىكنى يولدىن توستى.

— قانداق سۆزلىشەتتۇق، — ئوتتۇرا ياشلىق "مەھبۇس" دەرھال گەپ قىستۇردى، — بىزنى نېمە ئۈچۈن قويۇپ بەردىڭ، قولىغا ئېلىشىڭ خاتا بولغان بولسا، تىلىڭنى چاينىماي خەلقىئالەم ئالدىدا گۇناھسىز ئىكەنلىكىمىزنى جاكا قىل، تۇخۇمغا تۈك ئۈندۈرۈپ تۆھمەت قىلغان رەزىللىكىڭنى تەكشۈر دېمەيمىزمۇ!

— يە بولمىسا ھۆكۈمەتكە قارشى گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بەر دەيمىز.

— جاھان ئۆزگىرىۋاتىدۇ، تاڭ ئارقىسى سۇزۇلۇپ قالدى. يەنە كالىكومشالىق قىلساڭ، جېنىڭنى جەھەننەمدە كۆرىسەن دەپ ئۆزدە-مىزنى تونۇتۇپ قويىمىز.

— بۇ ھەيۋە قىلىش بىلەن بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، پاكىت قويۇپ تەشۋىقات دۈينى ئامالسىز قويۇشنىڭ يولىنى قىلىش كېرەك، — دېدى ئالىم كۆپچىلىك ئالدىدا تەمكىنلىك بىلەن گەپ قىلىپ، — مەرھۇم قەمەردىن ئاكا مۇشكۇل شارائىتتىمۇ ئەنە شۇنداق ئىش قىلاتتى. بىز ئۇنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئالدى بىلەن سۆزلىشىمىزگە پاكىت توپلايلى.

قەمەردىننىڭ نامىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى پىغان قوزغىدى ئېھتىمالىم، كۆپچىلىك دېمى كېسىلگەندەك، بىرپەس شۈك بولۇپ قىلىشتى. ئالىم بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇماقنىڭ يالغان ئەنزە پەيدا قىلىشتىكى جىنايى شۇملۇقلىرىنى سۆزلىدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى شاماللىتىشقا ئېلىپ چىققاندا، ئوتتۇرىسى چوۋۇق بورا بىلەن ئايرىلغان تۇرمە ھاجەتخانىسىدا تىڭشاپ تۇرۇپ ئاڭلىۋالغانىدى. مانا بىرپەستە جۇماقنىڭ يەر ئاستى جازا مەيدانىدا قەمەردىنگە، پۈتۈن "ئالغا" غا قىلغان تۆھمىتى، تەشۋىقات دۈيىگە خىزمەت كۆرسىتىپ، بىرەر

نېمگە ئىگە بولۇش غەرىزىدە توقۇپ چىققان ئىغىۋالىرى كۆپچىلىك-نىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشقا باشلىدى.

جۇماق "ئالغا"دا يالغان ئەنزە پەيدا قىلىشتىكى يەنە بىر ئاپەت ئېغىزى ئىدى. گەپ مۇشۇ تېمىغا كۆچكەندە، ھېۋىز كۆزەتچى قوللىرىنى قاس چىقىرىپ كۆپچىلىكنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن، جۇماقنىڭ كۈرەش يىغىنىدا ئۆزىگە نېمىلەرنى دەپ تۆھمەت قىلغانلىقى، تۆھمەتكە تۆھمەت قىلىپ راسا باپلىغانلىقىنى ئېيتتى. كۆزەتچى بۇ گەپ-سۆزنى ئادەتتىكە خىلاپلىق قىلماي قىزىقچىلىق قىلىپ، جۇماقنىڭ كۈرەش يىغىنىدا ئۆرۈپ چۇشۇرۇلگەن چاغدىكى روھىي ھالىتىنى دوراپ، سۈرەتلەپ سۆزلىدى. كۆپچىلىك بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، بەزىلەر بېشىدىكى كۇلپەتنى بىر مىنۇتقا بولسىمۇ ئۇنتۇپ يىغانى چىققۇدەك قاتتىق كۇلۇشتى.

كېرىمجان تېخنىك بولسا غەزەپلىنىپ، غەزىپىنى باسالماي جالاق-جالاق تىترەپ كەتكەندى. ئۇ سورۇننىڭ بىر چېتىدە، ئۇستىدىكى كونىرىغان ئەترەڭ تۇجۇركىسىنىڭ چاپلىما ئىككى يانچۇ-قىغا ئىككى قولىنى سىلىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كۆزەتچىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ جۇماقنىڭ خوتۇنى شورتومشۇق رابىگۈلنىڭ ئۆزىنى قايمۇقتۇرغانلىقىنى، توقۇپ چىققان گەپلىرىنى، ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ يالغان سۆزلەۋاتقان چاغدىكى ياسالما ھەرىكەتلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. كېرەمجان تېخنىكقا جۇماق ئادەم سۈرەتلىك توڭگۇز، "ئالغا"نىڭ ساپ، بېجىرىم گەۋدىسىگە ئۇنگەن مەرەز بولۇپ كۆرۈندى. جۇماققا قىلچە رەھىم قىلىش نىيىتىنى كېرىمجان تېخنىكنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ھېۋىز كۆزەتچىدىن كېيىن سۆز ئالدى.

جۇماقنىڭ رەزىللىكلىرىنى پاش قىلدى، كېرىمجان تېخىنىكتىكى غەزەپ-نەپرەت يالقۇنلىنىپ كېڭەيگەندەك، بىرپەستە كۆپچىلىك تەڭلا دەرغەزەپ بولۇشتى.

— دېمەك بىز جۇماقتىن ئىبارەت بۇ كاززاپنى چىڭ تۇتۇپ يالغانچىلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك، — دېدى ئالىم كۆپچىلىكنى داۋاملىق ئىش قىلىشقا ئۈندەپ، — "گۇرۇھ بايرىقى" دېگەنىمۇ جۇماق پەيدا قىلغان. بۇ يەردە يەنە "ئوت قويدى"، "ئوغرىلىق قىلدى"، "ساليۇت ئېتىپ ئەكسىلئىنقىلابىي ئالاقە باغلىدى" دېگەن ساختىپەزلىكلەرنىڭمۇ سىرى يېشىلگىنى يوق. بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى تۆھمەتنىڭ سانى، تۈرى كۆپ. بىز "ئالغا"لىقلار ئەلمىساقتىن تارتىپ كۆرۈلمىگەن بوھتانغا ئۇچرىدۇق. ھازىر تەشۋىقات دۈينىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتى پاش بولدى، خەلق قوزغالدى. كاللىمىزنى تېخىمۇ سەگەك تۇتۇپ، ئۈستىمىزدىن توقۇپ چىققان تۆھمەتنى پاش قىلساق، ئىنقىلابىي كومىتېتقا بېرىپ سۆزلەشكەندە بىر دەمدىلا ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ قويىمىز.

ئالىم بىلىملىك، بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن ئادەمگە خاس ئورۇنلۇق پىكىر قىلغانىدى. كۆپچىلىك بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ، ئاۋۋال جۇماق بىلەن ھېساب-كىتاب قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. باياتىن بىرى كوچا دوقمۇشىدا داۋام قىلغان مۇنازىرە كوچىدىن ئۆتكۈنچىلەرنىمۇ جەلپ قىلىپ، سەپ ئىلگىرىكىدىن كېڭەيگەنىدى. غەزەپكە كەلگەن ئادەملەر توپى خۇددى تاشقۇن سۇدەك تۈرۈلۈپ، ھەشەمەتلىك بىنانىڭ كوچا ئىشىكىنى ئاچقاندا، نەزەربەندتىن يېڭى قويۇپ بېرىلگەن ئوتتۇرا بوي "مەھبۇس" ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— ھە، جۇماق ئەپەندى، "ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت" دەپ كونىلار تېپىپ ئېيتقانىكەن. سوراق قىلىش نۆۋىتى ئەمدى بىزگە كەلدى، قېنى، "گۇرۇھ" ئويۇشتۇرغان جىنايىتىمىزنى ئىسپاتلاپ بەر، يە بولمىسا تۆھمەت قىلدىم دەپ ئىقرار قىل، ئېگىلگەن كاللىنى قىلىچ كەسمەيدۇ. تىلىڭنى چايناپدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن، — دەپ ھويلىغا بۆسۈپ كىردى.

جۇماق پىشايۋاننىڭ سۇپىسىدا باھار پەسلىنىڭ سۇس ئاپتىپىغا قاقلىنىپ، خوتۇنى رابىگۈلنىڭ يېنىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ھېلىقى "مەھبۇس" ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ كەينىدە، كوچا ئىشىكىدىن قىستىلىپ كىرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ جۇماقنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

لىن بياۋ ھالاكىتىدىن كېيىن، ئەر-خوتۇن سۈيىقەستچىلەر كۆپ قېتىم زەربىگە ئۇچرىدى. ئەمما ئۇستاتلىق ئىشلىتىپ، جىنايى شۇملۇقلىرىنىڭ قېتىنى ئاچماي كەلگەنىدى. بىردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالدى، بىردە يالغاندىن گاڭگىراپ ھېچنىمە بىلمەس بولۇۋالدى. بۇ سەپەر بولسا ھىيلە-نەيرەڭلىرىنىڭ ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي غال-غال تىترەپ تۇرغاندا، كىمدۇ بىرى توپىنىڭ ئىچىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە چاڭ قىلىپ بىر كاچات سالدى.

ئۇ، ئەمدى قورقۇپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدى.

— تۇغقانلار، بولدى، ھەممىنى ئېيتاي، زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىڭلارغا ۋاستە بولۇپ بەرگىنىم راست، — دېدى.

— ئانداق بولسا، بىر-بىرلەپ جاۋاب بەر، — دېدى ئالىم

سورۇننىڭ ئالدىغا ئۆتكەندىن كېيىن بىر باشتىن سوئال قويۇپ، — يەر ئاستى جازا مەيدانىدا، "ئالغا"دا گورۇھ بار، باشلىقىمىز قەمىردىن دېگەننى نەدىن ئويلاپ چىقاردىڭ؟

— تازا ئېسىمدە يوق، — جوماق دۇدۇقلاپ قالدى، — شۇنداق دەپتىمەنما؟

ئۇ يەنە ھىيلە ئىشلىتىشكە ئۆتكەندى. سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىرى ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي، بىر مۇشت سېلىپ تىك چۈشۈردى. ئارقىدىن يەنە بىر-ئىككىسى كېلىپ دوملاپ ياتقان يېرىدە بىر-ئىككىنى تەپتى. "ئۇر، يالغان گەپ قىلغان ئاغزىنىڭ چىشىنى تۆكۈۋەت" دېگەن غەزەپلىك ئاۋاز خۇددى كۈچلۈك بوراندەك ھويلىنىڭ ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ تۇراتتى. رابىگۇل قورقۇپ ئاچچىق چىرقىرىدى. ھويلىدىكى ئاۋازنىڭ زەربىسىدىن قېچىپ سېپىلدەك ئېگىز تامنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا كۈچ ئىشلىتالماي ئارقىغا ئۇچۇپ چۈشكەن قارا ئىت قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ كاڭشىپ كاتەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئالىم كۆپچىلىكنى توسۇپ تىنجىتقاندىن كېيىن، جوماقنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، جوماقنىڭ يۈزى، ئۈستىبېشى توپىغا مىلەنگەن بولۇپ، ئېڭىكىنىڭ ئۇچىنى قولىقىنىڭ كەينىدىن ئېقىپ چۈشكەن قان قىزارتىپ تۇراتتى.

— جىنايىتىم ھەقىقەتەن ئېغىر، — جوماق يىغلامسىراپ پەس ئاۋازدا زۇۋانغا كىردى، — بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسەڭلار ھەممىنى تاپشۇراي.

— يەنە كاززاپلىق قىلامسەن، يوق؟

— خۇدا ھەققى، گېپىمگە ئىشىنىڭلار، جانىمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ،

گەپمۇ ئېغىزدىن.

— ئانداق بولسا قېنى ئېيتە، — دېدى ئالىم باشتىكى سوئالىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپ، — "گۇرۇھ بار"، باشلىقىمىز قەمىردىن دېگەننى قايسى يۈزلۈك بىلەن ئېغىزغا ئالدىڭ؟

— تازا قاملاشمىغىنى ئەنە شۇ، قورقۇپ كېتىپتىمەن.

— پەقەت قورققانلىقىڭ ئۈچۈنلىمۇ؟

جۇماق يەنە مەڭدەپ قالدى، ئالىمنىڭ سالماقلىق بىلەن بىر باشتىن ئالدىغا قويۇۋاتقان سوئالى ئىچى ھىيلە-مىكىر، قارا نىيەت بىلەن تولغان سۈيىقەستچىنىڭ ئەستىرىنى تەتۈر ئۆرۈپ كېلىۋاتاتتى.

ئۆتكەننى ئەسلىسەم، ئۈزاقتىن بېرى يامان بىر غەرەزگە ئەسىر بولۇپ، ھوش-كاللامنى سەزمەي يۈرۈپتىمەن، — جۇماق كىچىككىنە توختىۋېلىپ بېشىنى ئېگىپ زوۋانىغا كىرگەندە، بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تەر غۇژژىدە ئۆرلەپ چىقتى، — ئويلىغىنىم مەنسەپ، ئەمەل، مەنپەئەتلا بولدى. كىچىككىنە مەنپەئەتنىڭ بۇرجىكى كۆرۈنىدىغانلا بولسا، باشقىلارنىڭ ئوتتا كۆيۈپ كېتىشى بىلەن ھېسابلاشماي قولىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتىم. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ بېشىدا ھوقۇقدارلارنى ئاغدۇرايلى، جاھان بىزنىڭ بولىدۇ دېسە، دۈم چۈشۈپتىمەن. مۇنۇ ھەرىكەتتە تەشۋىقات دۈيى ئىسكەنجىگە ئېلىۋىدىلىپ، خىزمەت كۆرسەتسەڭ ئاقلىنىسەن، مەرتىۋەڭ ئۆسىدۇ دەپ يەل بەردى. نېمە لازىم بولسا شۇنى ئويلاپ چىقاردىم. "گۇرۇھ بايرىقى" دېگەن ئەسلى يوق نېمە. مەن ئۇنى تەشۋىقات دۈينىڭ مۇددىئاسى بويىچە خوتۇنۇمغا مەخپىي خەت چىقىرىپ تەييارلاتقان. بۇ ئىشتىن ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ خەۋىرى بار... قىسقىسى، مەن ئادەم سۈرەتلىك مەخلۇق، — گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، جۇماق يىغلىۋەتتى، —

مەخلۇق بولغاندىمۇ زىيانكەش مەخلۇق. زەھەرلىك يىلان. شۇڭا يېگەن تايىقىمغا رەنجىمەيمەن. جىنايىتىم ئېغىر، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسەڭلارمۇ ئەرزىيدۇ.

جۇماق ھىيلىگەر ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ سەپەر تاياقتىن قورقۇپ پەسكەشلىكلىرىنى بويىنىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

— دېگەنلىرىڭ بىرمۇ-بىر راست، — دېدى ھېۋىز كۆزەتچى جۇماقنىڭ ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئاپىرىپ يۈزلەشتۈرسەك گېپىڭدە تۇرالامسەن، يوق؟

ئىنقىلابىي كومىتېتقا بېرىش جۇماق ئۈچۈن قىيىن ئىش. ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇشتىن ئەنسىرەپ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ماتېرىيال بەرگەندىن بۇيان ھىمايىسىز قالغان بۇ مەخلۇققا ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئىنقىلابىي كومىتېتتىكىلەر بۆرە كۆرگەن ئېشەكتەك قارايتتى، ئەمما شۇنچە كۆزلەر ھەيۋە قىلىپ غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغاندا، بارمايمەن دەپ ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس!

كۆپچىلىك كۆڭلىدە جۇماقنى يالاپ ئىنقىلابىي كومىتېتقا بېرىشقا ھازىرلىنىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا كوچا ئىشىكىدىن ئالىمنىڭ ئىنىسى ئىتتىك كىرىپ كەلدى. شاكىچىكنىڭ كۆزلىرى چىراغتەك يورۇغان، كۆكسىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇرۇشىدىن قانداقتۇر بىر خۇشاللىقنىڭ ئىچىگە سىغمايۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئالىمنى ئىتتىك چەتكە تارتىپ قۇلىقىغا ئاللىنېمە دەپ پىچىرلىدى.

— گېپىڭدە چىڭ تۇرىدىغان بولساڭ، يەنە بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن ئاپىرىمىز، — دېدى ئالىم جۇماقنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، — يەنە قانداق پاش قىلىشلىرىڭ بار، ياخشىراق ئويلاپ قوي، خىزمەت كۆرسەتسەڭ چىقىش يولى تاپىسەن.

— ماقۇل، — دېدى جۇماق تىترىگەن ئاۋازدا.

كۆپچىلىك كۆڭلىدە ئويلاپ تۇرغان ئىشنىڭ مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي تېڭىرقىغاندەك بولدى. كېيىن خۇڭ يەننىڭ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. خۇڭ يەن ئۇدۇل ھاشخان ئانىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندى. خۇڭ يەن بېيجىڭغا بارغاندىن بېرى، ئۇ يەردە كۆپ ئىشلار روي بەردى. ئۇ جەزمەن يېڭى خەۋەرلەرنى، يۈرەك يېرىلغۇدەك ئېسىل گەپلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. كۆپچىلىك خۇشال ھالدا كوچا ئىشىكىدىن چىقىۋاتقاندا كۆڭلىدىن ئەنە شۇلار كەچتى.

## 3. يېڭى ئويغىنىش

ھاشخان ئانا دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئوغلى ئالىم بىلەن بىر ئۆيدە تۇراتتى. ئالىمنىڭ جۇڭغارىيەدىن قايتىپ كېلىشى روزى باپكارنىڭ ئۆلۈم ھەسرىتىنى يېنىكلىتىشكە ياردىمى بولغانغا ئوخشاش، ھاشخان ئانا رازىخانىغا پۇت-قول بولۇپ، دىلدارىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئاسانلاشتۇرغانىدى. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، ئانا ئىشىك ئالدىغا سۇپۇرگە سېلىۋېتىپ، ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا بوي، ئوتتۇرا ياش، ئۇستىبېشىغا چاڭ-توپا قونغان تەمبەل بىر ئادەمگە كۆزى چۈشتى. لېكىن كىم ئىكەنلىكىنى دەرھال پەرق ئېتەلمىدى. سۇپۇرگە تۇتقان قولىنى تىزىغا تىرەپ گەۋدىسىنى ئۆرە قىلغاندا، يۈرىكى ئىختىيارسىز جىغغىدە قىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر جۈپ قوي كۆزىدىن سېغىنىش تۇيغۇلىرىنى ئۇچقۇندىتىپ خۇڭ يەن كېلىۋاتاتتى.

— ئەسسالام، قەدىمىڭىزگە مۇبارەك، — دېدى ھاشىخان ئانا سۇپۇرگىنى يەرگە قويۇپ، ئىتتىك بېرىپ خۇڭ يەننىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى، كىچىك ئوغلىنى ئالىمغا خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. تەكلىپ بويىچە خۇڭ يەن ئۆيگە كىرىپ تۆردىكى كۆرپىنىڭ ئۈستىگە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — مەن بېيجىڭغا كەتكەنلىكىڭىزدىن كېچىكىپ خەۋەر تاپتىم، بۇ يەردىكى چاغدا ھالىمىزغا سىز يېتەتتىڭىز، قانداق؟ ئۇ تەرەپلەردە بىزنىڭ يېغىمىزنى يىغلايدىغانلار بارمىكەن؟، — دەپ سورىدى.

— پايتەخت خەلقى چېگرىدىكى قېرىنداشلارنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارغىنى يوق، — دېدى خۇڭ يەن دەردمەن ئايالدىن سەممىي ھال سورىغاندىن كېيىن، — ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى. مۇھىم مەركەزدىكى باشلىقلارنىڭ قۇلىقىغىچە يەتتى. قورقمىسىلا يەڭگە، غەيرەت قىلساق بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— "ئاينىڭ ئون بېشى قاراڭغۇ، ئون بېشى يورۇق" دەپ ئۇلۇغلىرىمىز بىكار ئېيتمىغان، ئىلاھىم تېزرەك شۇنداق بولسىكەن.

ئۆيگە ئالىم كىرىپ كەلدى. خۇڭ يەن بىلەن قايتا كۆرۈشۈشتىن ھاياجانلانغانلىقىدىنمۇ، ياكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىتتىك مېڭىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قەدىناس دوستلار ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا گىرە سېلىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقاندا، جۇماقنىڭ ئۆيىدىن يانغان دەردمەنلەر توپنى يۇزماي ئۇدۇل ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى. كۆرۈشۈش، قۇچاقلىشىش، بىر-بىرىنى سېغىنغانلىقىنى يۈرەك قېتىدىن قايناپ چىققان ئىسسىق سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىش خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. كۆرۈشۈشكە كەلگەنلەرنى ئۆيگە سىغدۇرۇپ بولمايتتى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئېيتىدىغان گەپلىرى

بار ئىدى. ھاشىخان ئانا ھويلىدىكى بىر تەرىپى تەسكەي تامغا تۇتۇشۇپ تۇرغان يازلىق سەيناغا كىگىز سالدى. "ئالىغا"دىكى كۆلپەتچىلىك كىشلەرنى تەركىدۇنيا قىلدۇەتكەنلىكىگە قارىماي، ئەمىگەكچان ئانا باھار كىرىشى بىلەن سەينانى تۈزەشتۈرۈپ قويغانىدى. كالا تېزىكىنى سىغىز لايغا ئارىلاشتۇرۇپ سەينانىڭ سۇپىسىنى سۇۋاپ چىقتى. سۇپىنى بويلاپ كەيزە ئېلىپ تۇرلۇك گۈللەرنى تېرىدى. ھەشقىپىچەك شۇگۈلرى تەمە باراڭىغا بىر مېتر ئېگىزلىكتە ياماشقان بولۇپ، كۆن نۇرى بۇرۇنراق چۈشىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، تام ئۈستىدىكى سىماب گۈللەر باھار مەنزىرىسىگە بىر ئۆلۈش ھەسسە قوشۇپ ياشىرىپ تۇراتتى.

سۆزلۈشۈش گۈگۈم چۈشكىچە داۋام قىلدى. خۇڭ يەن شۇ كۈنى ئالىملارنىڭكىدە قونۇپ قالدى. ھاشىخان ئانا قەدىناس دوستلارنىڭ بىر - بىرىگە ئېيتىدىغان گەپلىرىنىڭ تۈگىمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئايرىم ئورۇن سېلىپ بەرگەنىدى.

— مەن خۇشال بولدۇم، "ئالىغا"لىقلار بىردەك ئويغىنىپتۇ، — دېدى خۇڭ يەن ئاڭلىغانلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ.

ئالىم ياستۇققا جەينەكدەپ خۇددى مۇھىم بىر گەپ ئېيتماقچى بولۇۋاتقان ئادەمدەك بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇڭ يەنگە قاراپ تۇراتتى.

— يالغۇز "ئالىغا"دىلا ئەمەس، پۈتۈن ئېلى ۋادىسى ئويغانىدى، — ئۇ قولىدىكى تاماكىنى شوراپ قويۇپ ۋەزمىن ئاۋازدا ئېيتتى، — خەلق ئورنىدىن تۇرۇپ فاشىستلىق دىكتاتۇرىنىڭ جىنايەتلىرىدىن ھېساب ئالماقتا. يېقىندىن بۇيان موگۇلكۈردىكىلەر سوراق ئۈستىدە ئۆلتۈرۈلگەن ناھىيە باشلىقى قاينارنىڭ، تىكەسلىك

لەر ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ھاكى مۇھەممەتنىڭ، توققۇزتارالىقلار ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رەجەپ، خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىمنىڭ، نىلقى-لىقلار ناھىيە باشلىقى ئەخمەتجان ئۆمەرنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ، "نېمىگە ئۆلتۈرۈشتىڭ، نېمە جىنايەت ئۆتكۈزۈپتۇ" دەپ ئىنقىلابىي كومىتېتلارغا باستۇرۇپ كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق.

— ھازىر پايتەخت بېيجىڭدىمۇ شۇ گەپ، زۇلۇم چېكىدىن ئاش-قان، خەلق راست گەپنى ئېيتىپ پىغانىنى تۆكىدىغان ۋاقىت كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن گەپنىڭ تېمىسى تيەنئەنمېن ۋەقەسى، خۇڭ يەن ئەۋەتكەن تيەنئەنمېن شېئىرلىرىنىڭ روزى باپكارنى دەپنە قىلىشتا ئوقۇلۇپ كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانلىقى ئۈستىگە كۆچتى.

— سىز بېيجىڭدا كۆپ ئىشلارغا دۇچ كەلگەن بولۇشىڭىز مۇم-كىن، — دېدى ئالىم گەپ ئارىلىقىدا سوئال قويۇپ، — خەلق ھاكى-مىيىتى تىكلەنگەن ئۇلۇغ ئەلدە نېمە ئۈچۈن فاشىستلىق زوراۋانلىق يۈز بېرىدۇ؟

— بۇ سەۋەبسىز ئىش ئەمەس ئىكەن، ھازىرچە ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، بۈگۈن جۇماقتىن سۈرۈشتە قىلىنغىنىڭلار ياخشى بوپتۇ، بىراق ئۇسۇل توغرا بولمىغان. "قانىنى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ" دېگەن گەپ بارغۇ، نېمە ئۈچۈن ئاغزى-بۇرنىنى قىپ-قىزىل قىلىۋەتتىڭلار؟

— خەلقنى باسقىلى بولمىدى، بۇ ئاقىۋەتنىمۇ ئۇنىڭ زىيانكەش-لىكى كەلتۈرۈپ چىقاردى ئەمەسمۇ؟

— مەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دەريا بويىدا تارراق دائىرىدە

ئۇچرىششىنى مەسلىھەت قىلمەن. پۇتلىكاشاڭ پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئوبدانراق كېلىشۋالايلى.

خوش يەن ئەتىسىدىن باشلاپ "ئالغا"دىكى دوستلارنى، دەردمەنلەرنى يوقلىغاندا، بىرىنچى بولۇپ قەمىردىنلەرنىڭكىگە باردى. ئۇ ئالىملارنىڭ ئۆيىدىكى سۆھبەتتە قەمىردىنىڭ قازا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئېچىنغانىدى. گۈلجامال ئۇنى ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە يىغلاپ قارشى ئالدى.

— بولدى، سەۋرى قىلىڭ، — دېدى ئۇ گۈلجامالغا تەسەللى بېرىپ، — قەمىردىنىڭ ۋاپاتى ھەممىمىز ئۈچۈن ئېغىر يوقىتىش، ئۇ مېنىڭ چېگرا بويىدىكى بىردىنبىر ئاغىنەم ئىدى، ئىنتايىن ئېچىندىم.

— ئاغرىقى ئېغىرلاشقاندا سىزنى بەك كىنىدى، ئىشخانا تەرەپلەرنى ئايلىنىپ كەل، بەلكى يولداش خوش يەندىن خەت كەلگەندۇ، — دەپ مېنى ئولتۇرغۇزمايدىغان، خېتىڭىز كەلسە، خېتىڭىزدىن تيەنسىنىڭ قوشاقلىرىنى ئوقۇسا رەھمەتلىك قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتەتتى، — دېدى گۈلجامال ئېسەدەپ.

— قەمىردىنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشى ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مەسىلىسىلا ئەمەس، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقى، ۋەتەن بىرلىكىگە سادىق ياخشى يولداش ئىدى. بالاخور "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ياخشى يولداشلىرىمىزنى نابۇت قىلدى. مەن بېيجىڭدا مەركەزدىكى يولداشلارنىڭ بۇ ئىشتىن قايغۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم .چېگرا بويىدىكى قېرىنداشلار جەزمەن قۇتقۇزۇلىدۇ.

خوش يەن شۇنىڭدىن كېيىن كېرىمجان تېخنىكنى يوقلاپ ئۇنىڭ

ياتقىغا باردى. ياتاقنىڭ قىيا ئېچىقلىق ئىشىكىدىن كېرىمجان تېخنىكنىڭ تامدىكى رەسىمگە قاراپ، ئاينىپ قالغان ئادەمدەك ئاللا نېمىلەرنى دەپ سۆزلەۋەتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تامدىكىسى كېرىمجان تېخنىكنىڭ سۆيگىنى مەغپىرەتنىڭ سۈرىتى ئىدى. كېرىمجان تېخنىك خۇڭ يەننىڭ بوسۇغىغا كېلىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ ياتاققا باشلاپ كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا خۇڭ يەن ”مەدەنىيەت ئىنقىلابى“دىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدىكى سەممىي پاك مۇھەببەتكە زەھەرلىك ئىبلىس قولى بىلەن چاڭ سېلىپ ئۆلگۈرگەنلىكىنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى.

شۇ ئەسنادا كېرىمجان تېخنىك ئەھۋال سورىغاچ خۇڭ يەننى قىزغىنلىق بىلەن ياتاققا باشلىدى.

— ئالىمكاملارنىڭ سۇپىسىدا قىلغان گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغاندىن بېرى مەغپىرەتنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ خۇڭ يەننىڭ نەق ئۈستىدىن چۈشكەنلىكىنى سېزىپ، — پات يېقىندا باشلىنىدىغان يېڭى دەۋردە بىللە ئۆتكەن بولساق، — ھە، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن پەندىن بىرىنى تاللاپ ئۆگىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان. ئارزۇ-ئارمانلىرى مېنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى. مەغپىرەتكە چىدىمايمەن ئاكا!

ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى مۇھەببەتنىڭ نابۇت بولۇشى دەرۋەقە ئېغىر ئىش. خۇڭ يەن بىر تەرەپتىن، مەغپىرەتنى ئەسلەش ھەرىكىتىنى چاندۇرۇپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئېچىنىپ يىغا بىلەن كۈلكە ئارىسىدىكى بىر خىل روھىي ھالەتتە ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ، ئالدىدا ئۆرە تۇر-

غان ياش تېخنىكقا پىغان بىلەن نەزەر سېلىپ تۇرۇپ قالدى.
"مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ ھەممە نەرسىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلۋەتكەنلىكىنى، ئۇنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتى. شۇ كۈنلەردە نېمە ئىش قىلۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈۋېتىپ، جوزىدا ئېچىقلىق تۇرغان كىتاب ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى قول يازمىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ "ئالغا"دىكى تۇپراقشۇناسلىققا دائىر ئىلمي ئىزدىنىش ئىدى.
— پاھ، قالتىسقۇ سەن، — دېدى خۇڭ يەن گەپنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىپ، — قايسى كۈندىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىشنى باشلىۋەتتىڭمۇ نېمە؟
— ئون يىل ۋاقتىمىز قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قۇرۇق گەپ بىلەن ئۆتتى، — دېدى كېرىمجان تېخنىك سەل قورۇنغان قىياپەتتە جاۋاب بېرىپ، — بىلىم ئەقلىنىڭ چىرىغى، ۋاقىت بولسىلا كىتاب كۆرۈشنى تۈرمىدىن چىققاندىن بېرى قەتئىي داۋام قىلىپ كېلىۋاتىمەن.
— شۇنداق، بۇ كۈنلەر ئاخىر ئۆتۈپ كېتىدۇ. پات ئارىدا ئېلىمىزدە كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ ئاجايىپ زور قۇرۇلۇشلار باشلىنىدۇ، — دېدى خۇڭ يەن بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى ئالىملارنىڭ يازلىق سەيناسىدا كۆپچىلىككە قىلغان سۆزىنى تەكرارلاپ ۋە كېرىمجان تېخنىكنىڭ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ ھاياجان بىلەن داۋام قىلىپ دېدى:
— "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" يارامىلىق ناھايىتى كۆپ زىيانلارنى مىزنىڭ بېشىغا چىقتى. يەن-تېخنىكىنى ئىگەللىمەي، "ئالغا"دا يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغىلى، ئېلىمىزدە زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرغىلى بولمايدۇ. ياشلار كەلگۈسىگە ئۈمىدلىك

قاراپ ئۆزىنى ئىلىم-پەن بىلەن قوراللاندۇرۇشى لازىم.

تار دائىرىدىكى ئۇچرىشىش، خۇاڭ يەن بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەن ئىككىنچى ھەپتىگە توغرىلاندى. جۇماقنى سوراۋشىتە قىلىش ۋەقەسى تەشۋىقات دۇيىنى كىچىككىنە بىر دەستەككە ئىگە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇچرىششىنى مەخپىي ئۆتكۈزۈش پايدىلىق ئىدى. ئۇچرىشىش ئورنى دەريا بويىدىكى توقايلىق، قاتناشقۇچىلار توپلىنىپ ئەمەس، نېمىدۇ بىر ئىشنى باھانە قىلىپ، بىر-بىرلەپ باردى. ئالىم كىشىلەرگە تونۇش ئادىتى بويىچە، ھارۋىنىڭ ئاتلىرىغا ئوت ئورۇپ كەلمەكچى بولغان قىياپەتتە ئورغاق ۋە باغلىق كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. ھېچىز كۆزەتچى مەسىلىسى بىر تەرەپ قىلىنغىچە ئېتىز-ئېرىقنى كۆزىتىشكە ئالماشتۇرۇلغانىدى. ئۇ ئۆز ئىشىغا ماڭغان قىياپەتكە كىرىپ بىر ئۇچىدا مۇشتۇمدەك چومىقى بار تايىقنى كۆتۈرۈپ ئاش ۋاقتىلار بىلەن دەريا تەرەپتىكى ئېتىزغا ئۆتتى. خۇاڭ يەننىڭ قارارگاھقا بېرىشى ئانچە تەسكە توختىمايتتى.

خۇاڭ يەن بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ بىركۈنى ۋاڭ دۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە باردى.

سىنىڭ نەزىرىڭدە تەشكىل دېگەن بارمۇ، يوق، — دۇيجاڭ خۇاڭ يەننى كۆرۈپلا قايناپ كەتتى، — شۇنچىمۇ يۇتۇپ كەتكەن بارمۇ، نەلەردە لەلەگلەپ يۈردۈڭ؟

— لەلەگلەش دېگەن نېمە گەپ ئۇ، ھەق ئىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدىم، — دېدى خۇاڭ يەن زەردە بىلەن.

— ھەق ئىش دەمسىنا؟ — دۇيجاڭ پەسكويغا چۈشۈپ زەھەرلىك كىنايە قىلدى، — تيەنئەنمېن ۋەقەسىدە ھەقسەتچىلەرنىڭ ئەستىرى چۈۋۈلدى، سەن تېخى ھوشۇڭنى تاپمامسەن-دە.

ۋاڭ دۈيجاڭ مەملىكەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن ساۋاق ئالغاندەك ئەمەس ئىدى. بېيجىڭغا بېرىپ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىپ كەلگەن خۇڭ يەننىڭ مۇنداق نائەھلى بىلەن ئەپ بولۇپ ئۆتتۈشى ئەمدى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ تەشۋىقات دۈيى بىلەن يەنە تىركىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچى پۇشقان ياكى جىددىيلەشكەندە سەيلە قىلىش ئادىتى خېلىدىن بېرى كىشىلەرگە تونۇش بولغانلىقتىن، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا دەريا بويىغا يېتىپ بېرىشىدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايتتى.

ئۇچرىشىش ئەتىسىگەن سائەت ئونلاردا باشلاندى. ئۇچرىشىشقا كىتابخانلىرىمىزغا تونۇش شەخسلەردىن باشقا ئويغىنىش دەرىجىسىگە قاراپ يەنە بىرمۇنچە دەردمەنلەر قاتناشتى.

ئۇلار دەريا بويىدا بىر تەرىپى سۇغا كىرىپ تۇرغان توقايلىقنىڭ ئىچىدە ھالقىسىمان دائىرە ھاسىل قىلىپ، خۇڭ يەننىڭ بېيجىڭ سەپىرىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. خۇڭ يەن بۇ كۈنى ئېچىلىپ يېيىلىپ سۆزلىدى. ”ئالغا“غا قايتىپ كەلگەن ئىككى ھەپتە ئىچىدە خەلقنىڭ خاتا لۇشيەندىن چېگرا ئاجراتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەملىكىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان زوراۋانلىق توغرىسىدا بېيجىڭدىن ئاڭلاپ كەلگەن گەپنى يوشۇرۇشنى لايىق كۆرمىدى. مەركەزدە پارتىيىگە قارشى ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ ”پەيدا بولغانلىقىنى، لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى بىلەن تومۇرى بىر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەملىكەت بويىچە ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“قا قارشى كۈرەش قانات يايغانلىقى، شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولغان تيەنئەنمېن ۋەقەسى بۇ كۈرەشتە دەۋر بۆلگۈچ ۋەزىيەت ياراتقانلىقى، ”ئالغا“دا قانداق ماسلىشىش ئۈستىدە توختالدى.

"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" توغرىسىدىكى گەپ سۆزلەر تېخى تارقالغىنى يوق، كۈرەش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاڭلاپ كەلگەن بويىچە ئېيتىۋاتىمەن. قەتئىي مەخپىي گەپ، — دېدى خۇڭ يەن گېپىنىڭ ئاخىرىدا.

ئۇ ھەقىقەتەن زىلزىلە پەيدا قىلغۇدەك يېڭى خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدى.

— جۇڭگو تارىخىدا ئىلى چوڭ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىدا چەتتە قالغان ئەمەس، — دېدى كىمدۇ بىرى ھاياجانلىنىپ، — ئىش بېيجىڭدىن باشلىنىپتۇ، ئەمدى بىز قوزغىلىشىمىز كېرەك.

— شىنخەي ئىنقىلاۋىغا شىنجاڭدا ئىلى بىرىنچى بولۇپ ئاۋاز قوشقان. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى سادىق مۇرىتى جاھىل باۋخۇاڭپەي يۈەن داخۇا ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ يولغا چىققاندا، ئىلى ئىنقىلاپچىلىرى قومبۇلاقتا ئالدىدىن توسۇپ ۋەتۈەرىكىنى چىقارغان.

— 40 - يىللاردا ئىلى گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرەشنىڭ تايانچى پونكىتى بولۇپ قالغانىدى.

— ئىلى ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە جاي. ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"قا قارشى ئوت ئېچىشتىمۇ ئالدىدا مېڭىشىمىز كېرەك.

ئۇچرىشىش بارغانسېرى قىزىماقتا ئىدى. ئىلى تارىخىدا ئۆتكەن ۋەقەلەر، خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرىشى، قەھرىمان، باتۇرلار ئېغىزغا ئېلىندى.

— بۇرۇنقى ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق ئىكەن، — دېدى ھېۋىز كۆزەتچى سەل گاڭگىرىغان قىياپەتتە، — نەشىدىن ئەقلىمنى بۇلغاپ

يۈرگەن چاغلار بولسا كېرەك، ئەسلىيەلمىدىم، گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش بىرمۇ-بىر يادىمدا.

— ئۇ چاغدا خەلق ئۆلۈمدىن قورقماي باتۇرلۇق بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلغان، — دېدى كىمدۇ بىرى گەپ قىستۇرۇپ.

— شۇنداق، بۇنىسى ماڭا روشەن، — كۆزەتچى دەرھال ئۇلاپ خۇپسەنلىك بىلەن داۋام قىلدى، — بولۇپمۇ قەشقەرلىك ئەسكەرلەر باتۇرلۇق كۆرسەتكەن. ئۇلار جەڭگە ئايغىر مىنىپ كىرىدىغان، ئوقى تۈگەپ قالسا، گومىنداڭچىلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ قاچۇراتتى.

مۇشۇ سۆزدىن كېيىن ئۇچرىشىشنىڭ كەيپىياتى سىلىككەندەك قىلدى. ئالىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىنتىك ھېۋىز كۆزەتچىگە قارىدى. كەيپىياتتىكى ئۆزگىرىشنى سەزدى ئېھتىمالىم، كۆزەتچى بېشىدىكى ئاق مالخىينى پېشانىسىگە تارتىپ چۆكۈرۈپ كېيىپ يەرگە قارىۋالدى.

— "ئۆگەنگەن خوي ئۆلگۈچە قالماپتۇ" دېگەندەك، گەپ ئاردىلىقىدا بىر كەلتۈرۈۋالدىڭ-دە، — دېدى ئالىم ھېۋىز كۆزەتچىنىڭ چاقچىقىدىن قاتتىق كۈلۈپ، — بىراق توغرا ئەمەس، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك چاغدا مۇشۇ تارانچىلىقتىن قاچان قول ئۈزەرسەن جېنىم ئاكا!

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلى ئادىتى بويىچە بىرپەس ھەزىل، چاقچاق بولدى. ئاندىن مۇھاكىمە-مۇنازىرىگە ئۆتتى، ھېچكىم بىر پۈتۈن مىللەتنى قەشقەرلىك، تارانچى دەپ ئىككىگە ئايرىيدىغان، بىر-بىرىنى كەمسىتىدىغان، شاڭخو قىلىدىغان ئەخمىقانە قىلىقنى ماقۇل كۆرمىدى. بەزىلەر: بابا يولداش خوڭ يەن"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ بىرىنچى ئاملى خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، دەپ توغرا

ئېيتتى. مېنىڭچە مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىق-نىمۇ چىڭ تۇتۇپ تۇگىتىش كېرەك. "بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ" دېيىشتى.

— شۇنداق، بايىقى چاقچاقنى مۇشۇ ھەقىقەتنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلدىم، — دېدى ھېيىز كۆزەتچى سالماقلىنىپ تۇرۇپ، — بىرىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپنى قىلساڭ، ئۇ سەن بىلەن بىر ياقىدىن باش چىقارمايدۇ، ئايرىمىچىلىق قىلساڭ، ئارىغا دۈشمەن كىرىپ پايدىلىنىدىكەن. لىن بياۋ، جاڭ چىڭ گۇرۇھلىرىنىڭ مۇشۇ يوچۇق-تىن پايدىلىنىپ كەتكەنلىكىنى خۇڭ يەن چۈشەندۇردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇيغۇرنى قەشقەرلىك، تارانچى دەپ ئىككىگە بۆلگەن قايسى ئەخمەقنىڭ ئىشى دەپ ئويلاپ قالدىم.

— تارانچىلىق توغرىسىدا مەرھۇم قەمىردىن ئاكا ئۆز ۋاقتىدا سۆزلەپ بەرگەندى، — ئالىم ئىتتىپاقلىقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلە-گەندىن كېيىن، — بۇمۇ چىڭ ھۆكۈمەتى ئىلىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىپ ئېيتقان گەپ، مەنىسى بۇغدايچى دېگەن بولىدىكەن. ئەمما شىڭ شىسەي مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر دېگەن ساختا شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بەزىلەر "تارانچى"نى بىر مىللەت قىلىۋېلىشتى. ئاڭلىساق تەيۋەندە ھېلىمۇ "تارانچى"نى بىر مىللەت سانايدىكەن. يۇقىرىقىلار قەمىردىن ئاكىدىن ئاڭلىغانلىرىم، گەپ قوشماي ئۆز ئەينى ئېيتتىم، ئەمدى ئۆز گېپىمگە كەلسەم، — دېدى ئالىم تامىقىنى قىرىپ يۆتەلگەندىن كېيىن، — يولداشلار گەپنى گۇرۇھۋازلىقتىن باشلاپ توغرا قىلدى. بۇ ھەممەيلەننىڭ ئىتتىپاقسىزلىق، بۆلگۈنچىلىكتىن زىيان تارتقانلىقىمىزنى،

ئىتتىپاقلىقتا پايدىسىز كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ يول قويماسلىقنىڭ لازىم-لىقىنى چۈشەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كونا جەمىيەت قالدۇرۇپ كەتكەن بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدىكى تەسىرى ئېغىر. مەن ئۇلۇغ خەنزۇ خەلقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. بىر-بىرىنى چەتكە قېقىش، چۆكۈرۈش ئەنە شۇ ئىدىيىدىن كەلگەن. پايدا دۈشمەنگە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ۋە ئۇنىڭ "ئالغا"دىكى زەھەرلىرىگە قارشى كۈرەشنى سوتسىيالىستىك ئىناق مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىشىمىز لازىم.

ئالىم مەردانىلىق بىلەن قەسەم ئىچىپ ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان جەڭچىنىڭ گېپىنى قىلغانىدى.

— توغرا، كۈرەشتە ئېنىق نىشان بولۇشى كېرەك، — دېدى ئارد-دىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى پارتىيە بايرىقى ئالدىدا تۇر-غاندەك قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — پارتىيىمىزنىڭ شانلىق مىللىي سىياسىتىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

— مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق ئىدىيىلىرىگىمۇ ئورۇن قالدۇرماسلىقىمىز لازىم.

كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ يۈرەك سۆزلىرىنى ئىپادە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى پەس تەرەپتىن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا شاۋقۇنىدەك كۈچلۈك ئىدى. دەريا بويىدىكى توقايلىق بىرمەھەل خۇددى جەڭ مەيدانىدەك جانلىنىپ كەتتى.

# ئون بىرىنچى باب.

## 1. "ئەي قۇللار قوزغال، قوزغال ئەي قۇللار"

رابىخان قايماقتىن كەلگەن خەت ئالىمغا مەدەت ۋە ئىلھام بولدى. مۇئەللىم قوشنىسىغا يازدۇرغان شەھەر كەمبەغەللىنىڭ خېتىدە جاھاندىكى ئۆزگىرىشلەردىن دىرەك بىرىپ كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان مۇنداق گەپلەر بار ئىدى: شىخو چوڭ ئۆزگە-رىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە. شەھەر ئىچىدە ھەممىلا يەر تىمتاس بولۇپ قالدى. قىزىل يەڭ بەلگىسى قاداپ ئۇدۇل كەلگەنگە ئۇسۇپ زار قاقشىتىدىغان، ساتقىلى ئېلىپ چىققان توخۇ-تۇمان ھەتتا بىر باغلام سۇپۇرگە قاتارلىق نەرسە-كىرەكلىرىنى بۇلاپ يۇرگەن لۈكچەكلەر كۆزگە چىلىقماس بولدى. مەن كوچىدا ئولتۇرۇپ سۈت-قايماق ساتالايدىغان، قاتناش بىكىتىنىڭ ئالدىغا بىر چۆگۈن چاي ئېتىپ بىرىپ پۇل قىلىپ كىلەلەيدىغان بولدۇم. ئىش ئۇستىدى-كىلەرنى ئۆزىنى تىڭشاپ قالدى دەپ ئاڭلايمەن. "ئاغدۇرايلى" دىگەنگە ئوخشاش گەپ-سۆزلەر پۈتۈلگەن لوزۇنكىلار كوچا تاملىرىغا، تىرەك غوللىرىغا كىچىلىرى چاپلىنىپتۇ. سۇرۇشتۇرسەم قايماق ساتتىڭ دەپ بوينۇمغا تاختاي ئېسىپ مىنى سازايى قىلغان-لارنى ئاغدۇرغۇدەك. ئالىمجان ئوغلۇم، سىز ئاق-قارىسىنى پەرق قىلدىغان ئادەم. ئىش مۇشۇ تەرىقىدە داۋام قىلدىغان بولسا،

شىخو يامان ئەمەس جاي، ”قومۇش ئۆيۈم — كۆمۈش ئۆيۈم“ دېگەن گەپ بار، مەن ئۇلىغا كۆچۈپ بارمايمەن...

خەت كەچتە، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ھويلىدىكى يازلىق سەينادا ھەشقىپېچەك بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىغا جەم بولۇپ ئۆگرە ئىچىلۋاتقاندا ئوقۇلدى. خېلىدىن بېرى رابىخان قايماقتىن خەت ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. رازىخان ئانىسىنى ئەسلەپ كۆزىگە ياش ئالدى. دىلدارنى ئالدىغا چۆكتۈرۈپ قوشۇق بىلەن ئاغزىغا قويۇپ ئاش ئىچكۈزۈپ ئولتۇرغان ھاشىخان ئانا تېخى دىدارلاشمىغان قۇدىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

خەتنى ئوقۇپ تەرلەپ-پىشىپ ئاش ئىچىۋاتقان ئالىم بولسا كۆڭلىدە ئالەمچە خۇشاللىق ھېس قىلماقتا ئىدى. ئالىم رابىخان قايماقنىڭ خېتىدىن ئوبدان چۈشەندىكى، ھازىر مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدىگە، چېگرا بويلىرىغىمۇ تيەنئەنمېن روھى سىڭىپ كىرمەكتە. خەلق قوزغالدى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ گۇرۇھلىرىنى ئۇر-ئۇرغا قالغان كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننىڭ تەقدىرى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ...

دەريا بويىدا ئۆچرىشىش بولۇپ 10 — 15 كۈندىن كېيىن ”ئالغا“دا خۇڭ يەن تەشۋىقات دۈيى بىلەن يەنە بىر قېتىم قاتتىق تىركىشىپ قالدى. تەشۋىقات دۈيى ئۇنى ئالمىشىپ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېتىشنى، ئەرز-شىكايەتنى لىيەندۈيگە قايتىپ بارغاندا بىر تەرەپ قىلدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. خۇڭ يەن قەتئىي رەت قىلدى. مەن ”ئالغا“دا يەرلىك يولداشلار قاتارىدا ”يامان ئادەم“ ئاتالدىم. كىم يامان، كىم ياخشى بۇنى مۇشۇ يەردە بىر تەرەپ قىلىپ كېتىمەن، دېگەن گېپىدە چىڭ تۇردى. ”ئالغا“دا خەلقنىڭ قوزغىلىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشىنى تەشۋىقات دۈيى خۇڭ يەندىن كۆرۈپ يۈرەتتى.

گەپ بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدىن كېيىن ئەسەبىيلىشىپ ئۇنى قاماپ قويدى. خۇڭ يەن ئىككىنچى كۈنى كەچتە دېرىزىسىنى بۇزۇپ چىقىپ دەريا بويىدا ئالىم بىلەن يەنە بىر قېتىم خۇپىيانە ئۇچراشتى.

15 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ نۇرى لەپتە يانغۇيان ئولتۇرغان ئىككى سەپداشنىڭ سايىسىنى سۇغا چۈشۈرۈپ تۇراتتى.

— مېنىڭچە قايتىپ تۇرغىنىڭىز پايدىلىق بولارمىكىن، — دېدى ئالىم ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئويلانغان قىياپەتتە، — ئۈرۈمچىدە ئوچۇق سوت بولۇپ تيەنئەنمېن ۋەقەسىدە شۇ ئەتراپتا بولغان بىرى جازالىنىپتۇ. تەشۇىقات دۇيى غالجىرلىشىپ قالدى. سىزنى تيەنئەنمېنگە، بىزنى سىزگە چېتىپ...

— ئالماشسام تېخىمۇ گەپ تاپىدۇ، — دېدى ئۇ، — خۇڭ يەن بېيجىڭدا جىنايەت سادىر قىلىپ كەلگەن، كىمنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناپ چاتاق چىقارماقچى بولسىلەر، دەپ داقاق قىلىدۇ. يولداشلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ ئىلھام بېرىپ تۇرغىنىم ياخشى.

— ھەي، ”بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەيدۇ، پۇت قولىنى ساڭگىلىتىپ“، دېگەندەك...

— مېنى ئالماشتۇرۇۋېتىش سۇيىقەست، سۇيىقەستكە دەسسەشتىن تىك تۇرۇپ ئۆلۈشنى ئەۋزەل بىلىمەن.

ئېغىر تارىخىي سىناق ئاپەت يىللىرى تېپىشقان سەپداشلارنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا ئىدى. ئالىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ئامىمىنىڭ تەشۇىقات دۇيى ئۇستىدىكى دەۋاسىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، خۇڭ يەن خەلق ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ مەسلىھەت بېرىپ تۇرىدىغان بولدى.

شۇ كۈنلەردە مەيدان بويىچە قوزغىلىپ تەشۇىقات دۇيىدىن

ئاتالمىش "گۇرۇھ" توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش تەييارلىقى كېتىۋاتاتتى. ئالىم ئىشنى ئېچىپ بولۇپ قەمىردىنىنىڭ ئايالى گۈلجامال بىلەن مۇشۇ ھەقتە ئۇچرىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئورنىدىن تۇرغاندا ھاشىخان ئانا دەرھال:

— بالام نېمىگە شۇنچە ئالدىراش، قۇدامغا نېمە دەپ خەت يازىمەن. ئۇلىغا كەلمەيمەن دەپتۇ، خەتنىمۇ ئۆزەڭ يېزىشىڭ كېرەك ئەمەسمۇ، — دەپ يولدىن توستى.

ئالىم دەرھال باراڭ ئاستىغا قايتىپ كەلدى.

— رابىخان ئانا تۈيغۇن ئايال ئىكەن، زالىملارنىڭ يوقلىدىغان-لىقىنى ئالدىن كۆرۈپتۇ. جاھان ئوڭشالسا رازىيە ئىككىمىز ئالدىغا بېرىشىمىز مۇمكىن. بىزنى يېڭى ئىستىقبال كۈتۈپ تۇرماقتا. بەلكى يەنە نېفىت ئىنژېنېرى بولۇپ قالارمەن ئانا!

— ئاغزىڭغا قەنت، ئىلاھىم شۇنداق بولسىكەن، — ئانا ئاۋازىنى تىترىتىپ تۇرۇپ سورىدى، — باشقا چىقىدىغان قۇرۇق خىيال ئەمەستۇ، شۇنداق زامان يەنە كېلەرمۇ؟

— ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ، كۈرەش قىلىش كېرەك. مانا مەن شۇ ئىشنى مەسلىھەت قىلغىلى گۈلجامال ھەدەمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، ھالىڭ نېچۈك دېمىگەنگىمۇ خېلى بولدى.

گۈلجامالنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ھاشىخان ئانا ئالىمنى يولىدىن توسقانلىقىغا پۇشايمان قىلدى.

— ئانداقتا مەن سېنى يولدىن بىكار توسۇپتىمەن، — دېدى ئانا تولغىنىپ تۇرۇپ، — قەمىردىن ئېسىل يىگىت ئىدى، گۈلجامالغا ئۇ بىزگە خەيرخاھلىق قىلغاندەك خەيرخاھلىق قىلالمىدۇق. مەن بىلىمەن، گۈلجامال غېرىبسىنىدى، بوپتۇ بالام ھېچ بولمىغاندا

بىچارە بىلەن مۇڭدىشىپ كەل، ئەمما قۇدامغا بىر-ئىككى كۈندىن قالدۇرماي جاۋاب خەت ياز، ياخشى كۈنلەر بولىدىغانلىقىنى، ئالدىغا يەنە بىرىپ قالىدىغانلىقىنى يوشۇرما، رابىخانىمۇ ئۆز ئاناڭ، خۇشال بولۇپ قالسۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالىم يەنە باراڭدىن چىقتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلىنىپ قالغانىدى. يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بىگۇناھ قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا ئەرۋاھ يوقلاپ قايتقان ھازىچىدەك داكا ياغلىقىنى قولىدا تۇتقان، چۇۋۇق چاچلىرى ئىككى تەرەپ دولىسىغا چۈشۈپ تۇرغان ئورۇق بىر گەۋدىنىڭ يان تەرەپتىن شىپقاپ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەيمىنىپ كەتتى.

— بۇ كىم، — ئالىمنىڭ ئاۋازى ئىختىيارسىز كۆتۈرۈلۈپ چىقتى.

— مەن، مەن، تونۇمايۋاتامسىز؟ ئاھ شور پېشانەم، — ئورۇق گەۋدە تىترىگەن ئاۋازدا داۋام قىلدى، — جاھان دېگەن ئەنە شۇنچىلىك گەپ ئىكەن، تونۇمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىپتىمەن-دە.

ئۇ مەس ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپ بېسىپ چوڭ يولغا چىقتى. ئالىمنىڭ يۈرىكى خۇددى زەھەرلىك تىلىنى سانجىپ ئۆشۈشۈك ھەرىسى چاققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقان كۆز گۆھىرىنى قاراڭغۇدا خىرە چاقنىتىپ گۈلجامال پەيدا بولغانىدى.

قەمىردىنىڭ ئۆلۈمى گۈلجامالغا سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز ئېغىر دەرد بولدى. ئۇ، تەشۋىقات دۈيىدىكىلەرنى يولدا توسۇپ ياقىلاشتى. لېكىن سۆزىنى ئاقتۇرالمىدى. كۆز يېشىغا زورلىدى، ئەتىسى-ئاخشىمى قەمىردىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ يۇمشاق تۇپىنىڭ،

ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ بوزلاپ يىغلىدى، بەزىدە ئەلەمدىن خۇدىنى يوقىتىپ ئىككى قولىدا بىر سىقىمدىن ئىككى سىقىم قەبرە توپىسىنى سىقىمداپ تۇتقان پېتى شېھىتتەك قېتىپ قالاتتى. ئالىم ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە تولقۇنلىنىپ تۇرۇپ:

ـــ يەنە ئادىتىڭىزنى قىپسىز ـ دە، كۆز يېشى ياردەم بېرەلمەيدۇ، دەپ تالاي قېتىم ئېيتتۇققۇ، كۈرەش قىلىشىمىز لازىم، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلىسىز؟ ـــ دېدى.

ـــ قەبرىگە بارغىنىم يوق، بۈگۈن ئاخشام رابەك (رابىگۈلنى دېمەكچى) بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشتىم، ـــ دېدى گۈلجامال گەپنى ئۆزۈپ ـ ئۆزۈپ قىلىپ، ـــ مۇزېيىغا چۈپ ئالغىلى كەچتە ئېتىز تەرەپكە ئۆتكەنىكەن، پېيىگە چۈشۈپ يۈرگەنلىكىمدىن خەۋىرىڭىز بارغۇ، چاچتىن ئېلىپ ئېرىقنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىردىم... ئۇھ، ئەجەب ھاردىما!

ئالىم گۈلجامالنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ماقۇل كۆرمىدى.

ـــ دۇرۇس، كۆلپەتنى قورساققا سىغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ـــ دېدى ئالىم ئۆيگە كىرگەندە سەمىمىي گەپ قىلىپ، ـــ لېكىن ئاچچىق بىلەن ئىش قىلىپ بىر باشقا چىققىلى بولمايدۇ، "كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلمايدۇ" دېگەن گەپ بار، ئالدىراپ كەتكەنىدەك كۆرۈنىسىز ھەدە.

گۈلجامال چۇۋۇق چاچلىرى ئۈستىدىن قولىدىكى ئاق داكا ياغلىقنى ئوراپ تېڭىپ ئالىمنىڭ ئۇدۇلىدا مىسكىن قىياپەتتە ئولتۇراتتى.

ـــ بۈگۈن ئاخشام ئىزدەپ كېلىشىڭىز سەۋەبسىز ئەمەس كۆرۈنىدۇ، قانداق، مەن ماسلىشالمايۋاتىمەنمۇ؟ ـــ دېدى.

ئالىمغا توغرىسىدىن ـ توغرا مۇددىئادىن گەپ ئېچىش پۇرسىتى كەلگەنىدى. تەشۋىقات دۆيى بىلەن تىغمۇ ـ تىغ ئېلىشىش توغرىسىدىكى خۇپىيانە پىلان دەردمەن ئايالدا شىجائەت ئويغاتتى. ئالىم گەپنى خۇڭ يەن بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىكى يېڭىلىقتىن باشلاپ، دەريا بويىدىكى ئۇچرىشىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغىچە، گۈلجامال گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرەشتە سانىتاركىلىق قىلىپ بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار مۇساپىسىنى ئېپتىخارلىق بىلەن ئەسلەپ ئولتۇردى.

— ئاپىرىن، ئاپىرىن، ھەقىقەتەن بەلنى چىڭ باغلاپسىلەر، — دېدى گۈلجامال ھاياجانلىنىپ، — يولداش خۇڭ يەن تىنچ ياتماپتۇ، خۇڭ يەن قەمىردىن بىلەن ياخشى دوست ئىدى، نەگە كەتتى، نېمە ئۈچۈن خېلىدىن بېرى كۆرمەيمەن.

— ۋەزىيەت شۇنداق، سۈرۈشتە قىلمىسىڭىز، بىز توپلانغان كۈنى بىللە بولۇپ، پىلان بويىچە قەيسەرلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

— قەيسەرلىكمنى رابەكنىڭ چېچىنى يۇلغانلىقىمدىن بىلدىڭىزمۇ؟ خاتىرجەم بولۇڭ، لازىم بولسا قان تۆكۈشكە تەييارمەن.

ئالىم ناھايىتى كۆپ دەردمەنلەر بىلەن ئاستىرتىن ئۇچراشتى. دېھقانچىلىق مەيدانى بويىچە قوزغىلىدىغان كۈننى ھەممىگە يەتكۈزدى. شۇ كۈنى دېيىشىدىغان گەپنىڭ خىمىرىنى يۇغۇرۇپ قويدى. ئەمما تەشۋىقات دۆيىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تېگىدىغان يەنە بىر يوچۇق مەغپىرەت ۋەقەسى توغرىسىدا ئۇنىڭ دادىسى بىلەن كېلىشىۋالمىغانلىقى كۆڭلىگە سوغۇق تېگىپ تۇراتتى.

ھوشۇر ئىسمىلنىڭ ۋىجىككىنە بۇ ئادەم قىزىنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن

خەۋەر تېپىپ "ئالغا"غا تۇنجى قېتىم كەلگەندە، تەشۋىقات دۈيى دوپپىسىغا جىگدە سېلىپ قاتىلنى سولاپ قويدۇق، تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندا، ئۆزىڭىزنى چاقىرتىپ كېلىپ ئالدىڭىزدا جازالايمىز دەپ كولدۇرلاتقانىدى. هوشۇر هارۋىكەش بۇ گەپكە راستتىنلا ئىشىنىپ قالغانىدى. ئۆلۈم سىرىنىڭ بىر بۇرجىكى ئاشكارىلانغاندا، پەرزەنت دىغىدا داغلىنىپ يەنە بىر قېتىم كەلدى. ئۇنىڭ گويا ياقىلىشىدىغان ئەلپازى بار ئىدى. تۇرسۇن بوران دەرۋازا تۈۋىگە پوس قويۇپ ئىشخانىغا سۇقۇنۇۋالمىغان بولسا، دەسلەپ كەلگەندە كولدۇرلاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ قاتتىق ئۇرۇشقان بولاتتى.

هوشۇر هارۋىكەش نائىلاج ئەھۋال ئۇقۇش ئۈچۈن كېرىمجان تېخنىك تۇرىدىغان ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

— مەغپىرەت توغرىسىدا گەپ ئاۋۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ تەكەللۇپ قىلمايلا ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ياغاچ كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — زادى قانداق ئۆلگەن؟ قاتىل كىم؟ بىر ئۇچىدىن خەۋەردار قىلسىڭىزلار قالغىنىنى ئۆزەم سۈرۈشتە قىلىۋالىمەن.

كېرىمجان تېخنىك مەغپىرەتكە كۆڭۈل بەرگەن كۈندىن تارتىپ شۇ تاپتا غەزەپتىن قىزارغان پىستە كۆزلىرىنى يېرىپ قاراپ كارىۋاتتا ئولتۇرغان، يۈزىدە ئۇششاق سەپكۈنى بار بۇ ئادەمنى سىرتىدىن بىلەتتى. تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن هاڭۋېقىپ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گەپ قىلالماي شېھىتتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالىنى سىر تۇتۇپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. كېرىمجان تېخنىك ئەھۋالنى، مەغپىرەتنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان سىرنى يوشۇرماي ئوچۇق

سۆزلەشكە كىرىشتى. ئۇنىڭدا ھوشۇر ھارۋىكەش دەسلەپ ئىشكىتىن كىرگەن چاغدا تەلەتىدىكى سەپرادىن پەيدا بولغان قورقۇش ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئەھۋالنى ئۇقۇپ ھوشۇر ھارۋىكەش كەپتەردەك بۇقۇلداپ ئۇزۇن-دىن ئۇزۇن يىغلىدى.

— ئۇكام، بۇ نىجىسلاردىن ئەنت ئىلىشنىڭ ئامالى يوقمىدۇ، — دەيتتى ئۇ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ تۇرۇپ.

— بۇ مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىشىپ كېلىۋاتىمىز، — دېدى كىرىمجان تېخىنىك ۋەزمىن ئاۋازدا، — "تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى كۆرەي، قەرز بولۇپ تۆلىمىگىنىڭنى" دېگەن گەپ بار، ۋاقتى-سائىتى كەلسۇن. بىر كۈندىلا پىغاندىن خالاس بولىمىز.

تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن ھوشۇر ھارۋىكەش تۇرىدىغان مەھەللىدە "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا يۈز بەرگەن بىر ئۆلۈم ۋەقەسى سۈرۈشتە قىلىنىپ قالدى. ئۆلگۈچىنى ئاساسي قاتلامغا چۈشكەن تەشۋىقات گۇرۇپپىسى قارشىلىشىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، خائىن دەپ ئېلان قىلغانىدى. مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆزى ئېچىلغاندىن كېيىن، بۇ گەپنى بىر پەشۋا بىلەن قىققىۋەتتى. ئۆلگۈچى تىرىكچىلىكىنىڭ دەسمايىسى ئورنىدا بىساتىدا بىر تاللا كەندىر ئارغامچىسى بار ھامال ئىدى. سۈرۈشتە قىلىنىپ، سوراق ئۈستىدە تالنىڭ ئۈستىدىن تۈيۈقسىز تەگكەن بىر تېپىكتىن تىنىپ قالغانلىقى ئاشكارىلاندى. ئامما غەزەپكە كەلدى. سۈر-توقاي قىلىپ تەشۋىقات دۈيىدىكىلەرنى مەھەللىگە ئاياغ باسالماس قىلىۋەتتى.

ئەنە شۇ ئىشتىن كېيىن، ھوشۇر ھارۋىكەشنىڭ خىيالى مەغپىرەتىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى ئۈستىدە كۆپرەك چۆگىلەيتتى. مۇنداق

قارىماققا گويا ۋولقان ئېتىلغاندەك ھەممىلا يەر سىلكىنىپ قاتتىق تەۋرىمەكتە. كىشىلەر ئۇزۇن مەزگىللىك بۇرۇقتۇملۇقتىن كېيىن پىغان تۆكۈپ كوچىغا چىقماقتا ئىدى.

دەريا ئېقىنىنىڭ باش تەرىپىدىن ئورۇن ئالغان «ئالغا» بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدىكى كەڭ دالانى ئاۋغۇست ئاپتىپى سۇس قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ھوشۇر ھارۋىكەش ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، دېھقانچىلىق مەيدانىغا يەنە بىر قېتىم كەلدى. بۇ سەپەر ئايالىنىمۇ بىللە ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، ئۇزۇن يولنى ماشىنا ۋە پىيادە بېسىپ ئۆتكىچە ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشىنى ئاپئاق توپا باسقانىدى.

ئەر - خوتۇن دەردمەنلەر چۈش مەزگىلىدە ئۇدۇل كېرىمجان تېخنىكنىڭ ياتىقى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ئوھوي، شۇنداقمۇ ئوقتىسىغا كەلتۇرۇپ كەلگەن بارمۇ؟ — دېدى كېرىمجان تېخنىك ياتاقتىن خۇشال ھالدا چىقىپ، — قېنى، ھازىرلا ئالىمجىنكاملارنىڭكىگە بارايلى، چوڭ ئىلىشىشقا ئات توقۇپ قويدۇق، مەغپىرەتنىڭ دەۋاسى ئەجەللىك بىر ئوق. ئالىمجىنكام سىلەرنى يولۇقتۇرالماي تىت - تىت بولۇپ يۈرەتتى.

ھوشۇر ھارۋىكەش ئۆڭگەن قىزىل دۇخاۋا دوپپا ئۈستىدىن بېشىغا ئاچا مالخاي كىيۋالغانىدى.

— ئېتىنى ئاڭلىغاندەك قىلىمەن، — دېدى ئۇ قول ياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزىنى سۈرتۈپ كېتىۋېتىپ، — مەغپىرەتكە قەست قىلدى دېگەن تۆھمەتكە قالغان ئالىمجاندۇ، تىگى ئالتە شەھەرلىك، بۇ چاققىچە نېمىشقا كۆرمىدىم بۇ بالىنى؟

كېرىمجان تېخنىك ئارىلىقتىكى كىچىككىنە يول ئۈستىدە ئالىمنىڭ سەرگۈزەشتى، جۇڭغارىيىگە پاناھلانغان يېرىدىن ئۆزىنىڭ تېپىپ

كەلگەنلىكىنى دەپ ئۆلگۈردى.

— دۇرۇس، ھەممىمىز دەرد تارتتۇق، ئەمما سىز بىلەن بىزنىڭ دەردىمىز ئالىمجىنىكامنىڭ دەردىگە ياماقمۇ بولالمايدۇ.

— شۇنداق، چىدىغۇسىز ئىشلار ناھايىتى كۆپ، بىزنىڭ مەھەللىدىكى بىر ھامالنى ئالساق... بىرنەچچە ھۆكۈمەتكە پۇقرا بولدۇم، ئەمما بۇنداق ئەقلىدىن ئازغان سەۋدايىنى ئۇچراتمىدىم، جۇمۇڭ!

سوراق ئۈستىدە ئۆلتۈرۈلگەن ھامال توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر كېرىمجان تېخنىكنىڭ غەزىپىنى ئۆلغايتىپ قويغانىدى، شۇڭا ئەتىكى ئىشنى سىر تۇتۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بولغانلىقىغا قارىماي:

— سەۋر قاچىمىز يېرىلدى، مەيدان بويىچە جەم بولۇپ، ئەتە تەشۋىقات دۇيىنىڭ زۇۋانىنى دارغا تارتماقچىمىز، — دەۋەتتى.

— ئۇكا قولىڭىزدىن كەلگەندىن كېيىن ئىككىلىك خەت يېزىۋەتسىڭىز بولمامدۇ، — دېدى ھوشۇر ھارۋىكەش مىڭىشتىن توختاپ ۋە شۇ ئارىلىقتا دەرغەزەپتىن چېكىسىگە ئۆرلەپ چىققان تەرىنى يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتىۋېتىپ تىترىگەن ئاۋازدا داۋام قىلىپ دېدى: — شۇنداق پەيتنى يۈرىكىم قان بولغان ھالدا كۈتۈپ تۇراتتىم، ھەي ئىست، ھارۋامدا ئاغامچا ئۇلايدىغان بىر سايمان بار ئىدى، ئالغاچ چىققان بولسام، بىر چوماقتىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدىكەنمەن-دە...

— ئۇرۇشمايمىز، زاكونلىشىمىز.

قارار قىلىنغان كۈندە ھاۋا ئوچۇق بولدى. ئالىم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، ھوشۇر ھارۋىكەش ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بىللە ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقتى. ھوشۇر ھارۋىكەش ئالىم بىلەن ئۇچراش-

قان كۇنى شۇلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانىدى. بىر كېچە مۇڭدىشىپ ئەھۋال بىلەن ئۇبدان تونۇشقاننىڭ ئۈستىگە تەشۋىقات دۈيى بىلەن زاكونلاشقاندا دېيىشىدىغان گەپ-سۆزلەرنىمۇ كېلىشىۋېلىشتى.

ئۇلار مەيدان ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بازارنىڭ شىمال تەرىپى ئېغىزىدىن ئات مىنگەن بىر توپ مالچىلارنى باشلاپ ئوگارباي چىقىپ كەلدى. بىرپەستە ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئالدى، كوچا ئاغزىلىرى ئادەمگە تولدى، ئۇلار تەشۋىقات دۈيى ئالدىنىزغا چىقىپ بىزگە تېگىلغان تۆھمەتلەرنى ئىسپاتلاپ بەرسۇن، — دەپ خۇددى دەريا شاۋقۇنىغا ئوخشاش گۇر-گۇر تۇۋلايتتى.

## 2. چاشقان تۆشۈكىدىكى پاراكەندىچىلىك

ئىنقىلابىي كومىتېت دېگەن ۋىۋىسكا بىلەن "ئالغا" بازىرىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۆمۈر دەرۋازىلىق بىنا چاشقان تۆشۈكىگە ئايلانىدى. بىرمەھەل جاھاننى بېشىغا كىيگەن نوچىلار دەرۋازا ئالدىدا كۆتۈرۈلگەن كۈچلۈك چۇقاندىن مەڭدەپ قالدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گويا قاش بىلەن كىرپىك ئوتتۇرىسىدا بىر بالا-قازا ماراپ تۇراتتى. ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ كەلدى. دەرۋازىغا قۇلۇپ سالدۇردى. قورۇنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ تۇرغان ئېگىز تام ئۈستىدىكى تىكەنلىك سىملارغا توك قويۇپ بەردى.

لېكىن بۇ تەدبىرلەر ئىشخانا جوزىسى يېنىدا ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئولتۇرغان ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن تۇرسۇن بوراننى خاتىرجەم قىلىشقا ياردەم بېرەلمەيدىغاندەك ئىدى.

چوتكىباش جۇرىنىڭ "ئالغا"غا كەلگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولغان، تەشۋىقات دۇيىگە قارشى كۈنساناپ كۆچىيىۋاتقان قارشىلىق ئۇنى ئىشخانىدا ئولتۇرالماس قىلىپ قويغانىدى. ئەتىگەن تەرەپتە خەلقنىڭ ئالدى گۇركىرەپ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن چوتكىباش جۇرىن ۋاڭ دۇيجاڭ بىلەن تۇرسۇن بورانىنى دەرھال كومىتېت ئىشخانىسىدا پەيدا قىلدى. ئۇ، خەلقنى بېسىپ چۈشۈش تەدبىرلىرىنى ئويلاپ تېپىشنى، بۇ تەدبىرنىڭ ئۈچكىلىك ئېتىكىدە كۆتۈرۈلگەن قارشىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۇلگىسى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق سىرتتىكى چۇقانىنى ئاڭلاپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالغان لەنلەن خېنىم ھېلىدىن-ھېلى ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئەنسىزلىك قىلىپ، ئولتۇرۇشقا يول قويمىدى. يېقىندىن بۇيان ئۇ نېمە ئۈچۈندۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا لەنلەننى ئەگەشتۇرۇپ يۈرەتتى.

— مېنىڭ مەسلىھەتىم قەتئىي تاقابىل تۇرۇش، — دېدى چوتكىباش جۇرىن لەنلەننىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، — سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس، ئېھتىمال خۇڭ يەن قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ، سىنىڭ راست دېسەڭ بۇگۈن تىزىڭغا، ئەتە بېشىڭغا چىقىدۇ، تيەنئەنمېن ۋەقەسىمۇ سەل قاراشتىن ئۇلغايغان. لازىم بولسا خەلق ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ باستۇرۇش كېرەك. بىر-ئىككىسىنى دومىلاتساڭ ئۆزلۈكىدىن تارقايدۇ.

رادىئو كانىيى ئارقىلىق ۋەز ئېيتىش، خەلق ئەسكەرلىرىنى ھويلىغا قوراللىق چىقىرىش، جەڭ مەشقى قىلدۇرۇپ پوپوزا قىلىشمۇ دەرۋازا ئالدىغا سانجاق-سانجاق توپلىنىپ چۇقان سېلىپ تۇرغان توپقا تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

— ۋاڭ دۆيجاڭ چىقىپ بىز بىلەن كۆرۈشسۇن!
— سوئاللىرىمىزغا تۇرسۇن جۇرىن ئۆزى جاۋاب بەرسۇن!
— يامان ئادەملەرنى كۆرسىتىپ ئەيىبىنى بويىنىغا قويۇپ بەرسۇن!
— مەغپىرەتنىڭ قاتىلىنى تېپىپ بەرسۇن!
— گۇرۇھ ئۇيۇشتۇردى دېگەننى ئىسپاتلىسۇن!

دەرۋازا ئىچىدىن سادا چىقمىغانلىقى ھەممىنىڭ غەزىپىنى ئۇلغايتىپ تۇراتتى. ئاۋۋال گۈلجامال، ئاندىن ھاشخان ئانا چۇۋۇق چاچلىرىنى لەپەڭدىتىپ، تۆمۈر دەرۋازىنىڭ رېشاتكىلىرىنى قاماپ تۇتتى. ئۇلار دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىن يامىشىپ چۈشۈپ، يۈزمۇ-يۈز سۆزلىشىشنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ ئەنە شۇنداق ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ھوشۇر ھاۋىكەش تامدىن ئۆزىنى ھويلىغا ئاتماقچى بولۇپ كالتە پۇتلىرىنى ئىشقا سېلىپ كىمدۇ بىرسىنىڭ دولىسىغا يامىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا يوغان تاياق بار ئىدى.

تىكەنلىك سىمغا توك قويۇپ بېرىلگەنلىكتىن تامدىن چۈشۈش خەۋپلىك ئىدى. توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېلىدىن-ھېلى يۆتكىلىپ قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئالىم ھوشۇر ھاۋىكەشنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ:

— ھوشۇركا، سىمدا توك بولۇشى مۇمكىن، جېنىڭغا ھېزى بول، — دەپ يىراقتىن توۋلىدى.

تىكەنلىك سىمغا توك قويۇپ بېرىشمۇ سۇيىقەست، بىگۇناھ خەلقنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ نابۇت قىلىشنى قەستلىگەنلىك!

خەلقنىڭ غەزىپى پەلەككە يەتتى. تام ياقىسىدىكى ئېگىز سۇۋادان تېرەككە چىقىۋالغان باللار تۆۋەندىكىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يېشىل

شاخلارنى سۇندۇرۇپ سىمىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى، شاخ چاراسلاپ قويۇق ئىس چىقىرىپ كۆيۈشكە باشلىدى. تام ياقىسىدىكى تېرەكنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك باللار چىقىۋالغان بولۇپ، بىرىنچى شاخنىڭ يالت ـ يۇلت قىلىپ كۆيگەنلىكىنى كۆرۈپ، يېنىدىكى تېرەكتىكى بالا ئۇنى كۆرۈپ شاخ سۇندۇرۇپ تاشلىدى. بىرپەستە دەرۋازا ئالدىغا توپلىنىپ چۇقان سېلىپ تۇرغان خەلقنىڭ قەھر ـ غەزىپىنى سۈرەتلەپ، تام ياقىلاپ خۇددى جەڭ مەيدانلىرىدىكىدەك ئوت يالقۇنى ھەممە يەرنى قاپلاشقا باشلىدى.

— ۋاڭ دۇيجاڭ چىقىپ بىز بىلەن كۆرۈشسۇن!

— سوئاللىرىمىزغا تۇرسۇن جۇرېن ئۆزى جاۋاب بەرسۇن!

— يامان ئادەملەرنى كۆرسىتىپ ئەيىبىنى بويىنغا قويسۇن!

— مەغپىرەتنىڭ قاتىلىنى تېپىپ بەرسۇن!

— گۇرۇھ ئۇيۇشتۇردى دېگەننى ئىسپاتلىسۇن!

ئاممىنىڭ ساداسى شىددەتلىك بورانغا ئوخشاش ھەممە يەرنى زىلزىلىگە سېلىپ ئىشخانا دېرىزىسىدىن ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ۋاڭ دۇيجاڭ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىنى ئايلاندى. غەزەپلەنگەن ئاممىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قېلىش ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مۇشۇ زېمىننىڭ ئۆزىدە بىرنەچچە قېتىم ئەجەللىك قورشاش ئازاۋىنى باشتىن ئۆتكۈزگەنىدى. لياڭشاڭ بۇتخانىسىدىن ھەرەمباغقا، ھەرەمباغدىن ئايرودورومغا، شىمالىي تەرەپ تاغ ئېدىرىدىن بېدىلىك، ئاچالغا يوتكىلىش مەزگىلىدىكى كەچۈرمىشلىرى كۆز ئالدىدىن ئۆتـ كەندە، چىرايى ئۆڭۈپ تامدەك ئاپئاق تاتىرىپ كەتتى.

— ليۇ جۇرېننىڭ باستۇرۇش مەسلىھەتى پايدا يەتكۈزىدىغاندەك

ئەمەس، — دېدى ئۇ تۇرسۇن بوراننىڭ ئالدىدا توختاپ، — ئۇق چىقارساق يېنىۋاتقان ئوتقا كېرسىن چاشقاندەك ئىش بولىدۇ. سىز بولسىڭىز مىللىي كادىر، ئالدىغا چىقىپ سىناپ كۆرسىڭىز، نېمە دەيدىكىن؟ ئۇنىڭسىزمۇ يۈرىكى سۇ بولۇپ ئولتۇرغان تۇرسۇن بوراندا بۇ تەكلىپ كۈچلۈك ۋەھىمە پەيدا قىلدى.

— بولىدۇ، مەن يەنە مۇسۇلمان كادىر، ئۆلسەم شېھىت بولۇپ، جەننەتكە كىرىمەن!

— خاتا چۈشىنىۋاتىسىز، — تۇرسۇن بوراننىڭ سۆزىدىكى كىنايىنى ھېس قىلىپ، ۋاڭ دۈيجاڭ گېپىگە پەدەز بەردى، — "ئالغا"غا كېلىپ تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندىلا ئېنىق ئېيتقانىدىم. چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرۈشىڭىز كېرەك.

— ئانداق بولسا پۇتلاشقۇدەك بولماڭ، قانچىلىك چېنىققانلىقىمنى ھازىر ئىسپاتلايمەن!

تۇرسۇن بوران ئەنە شۇنداق دېدى-دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىشخانىدىن چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى لازا قۇيغاندەك قىزىرىپ تۇراتتى. ھويلىغا چىققاندىن كېيىن، تام ياقىلاپ مېڭىپ، ئىشخانىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تۇرقىدىن سوغۇق چىقىپ تۇرغان گۇندىخانىدەك لەمپىلىك پاكار ئۆيگە كىردى. بۇ جۇماق ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى رابىگۈل تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۆي ئىدى.

جۇماق تەشۋىقات دۈيى ئۈچۈن ئاپەت مەنبەسى بولۇپ قالدى. ئۇ تەشۋىقات دۈيىنىڭ ئەستىرىنى تەتۈر ئۆرۈپ، ھەر قېتىم بىر ئىشنى پاش قىلغاندا، ئاممىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، قارشىلىقى يەنە بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى. تەشۋىقات دۈيى جۇماقنى نەزەربەند قىلىپ قويدى. "ئاتالمىغان ئوقىدىن كۆرىدۇ، ئۆيگە كېلىپ خوتۇنى-

دىن" دېگەندەك، تۇرسۇن بوران ھەر قېتىم قارشىلىقنى دۇچ كەل-گەندە، غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، نەزەربەند ئۆيىگە كىرەتتى-دە، جۇماق بىلەن رابەككە غالجىر ئىتتەك ئېتىلاتتى.

ئۇ نەزەربەند ئۆيىگە كىرىپلا جۇماق بىلەن رابىگۇلنى دۇمبالىدى. ۋاڭ دۇيجاڭ خاۋاتىرلىنىشقا باشلىدى. ئەر-خوتۇننىڭ نالىسى دەر-ۋازا ئالدىدىكى ئاممىنىڭ غەزەپلىك گۇكىرەشلىرىگە قوشۇلۇپ ئۇنى گاراڭ قىلىپ قويدى.

— بۇ ئىشىڭىز قاملاشمىدى، — دېدى دۇيجاڭ، تۇرسۇن بوران پۇخادىن چىقىپ ئىشخانىغا قايتىپ كىرگەندە تىرىكىپ، — جۇماقنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ سىز؟ بۇنىڭسىزمۇ داقاق بولۇپ پېشانىمىزگە تېگىۋاتقان ئىشلار ئازمۇ؟

تۇرسۇن بوران يەڭلىرىنى شىمايلىپ ئىشخانىنىڭ بوسۇغىسىدا توختاپ، ھاسىراپ تۇراتتى.

— مەن ھازىر يولىيورۇقىڭىز بويىچە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقى-مەن، ئۆلۈمگە ئۆزەمنى ئاتاپ قويدۇم. ھەممە بالانى جۇماق تاپتى، ئۇنىمۇ جەھەننەمگە ئۆزەم بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىمەن.

— دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ جېنىڭنى چۆرۈپ بېرىپ كىر دېمە-دىمىغۇ؟ — دېدى دۇيجاڭ بىرئاز پەسكويغا چۈشۈپ، — سىز بولسىڭىز قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ كومىتېت مۇدىرى، ھەممىنى ئۆزىڭىز مەسئۇللۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىڭىز كېرەك. نېمىشقا گېپىمنى بۇرمىلايدىغانسىز؟

ئۆلگەن-يۈتكەننىڭ ھەممىسىگە مەن مەسئۇلمۇ؟

— ئەلۋەتتە، بىز ياردەم بېرىشكە كەلگەن.

تۇرسۇن بوراننىڭ ئاچچىقى كەلدى. كۈرۈك توخۇدەك ھۈرپىيىپ

ۋالې دۆيجاڭغا يېقىنلاشتى. دۆيجاڭنىڭ ئىش يامىنىغا ئۆرۈلسە تۈر-سۈن بورانىنى قۇربانلىق قوي قىلىش قارا نىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى.

— ھەممە ئىشنى سېنىڭ مەسلىھەتىڭ بىلەن ئىشلىدىم. ئۆزەڭنى نەگە قاچۇرسەن، مۇناپىق، قارا يۈز، كاززاپ...

ئۇلار ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي ياقىلاشقان، مۇشتلىشىپ بىر-بىرىنىڭ قاش قاپىقىنى يارغان بولاتتى، ئەمما شۇ ئەسنادا دەرۋازا تەرەپتىن كەلگەن "قارس" قىلغان ئاۋاز گويا يۈرىكىگە زىخ بولۇپ سانجىلغاندەك يېقىنلىشىپ كېلىپ تىترىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئامما دەرۋازىغا نىقتاپ سۈركىلىپ قۇلۇپ بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان زەنجىرنى ئۈزۈۋەتتى. ئەگەر تۆت يەردىن قۇلۇپ سېلىنمىغان بولسا، ئاممىنىڭ دۈكۈرۈشۈپ ئىشخانىغا باستۇرۇپ كىرىشى تۇرغان گەپ ئىدى. كۆتۈلمىگەن بۇ ھادىسىدىن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قورۇدىكى خەلق ئەسكەرلىرى ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. تۆمۈر دەرۋازىمۇ دالدا بولالمايدىغاندەك، ئۈستىدە قويۇق ئىس چىقىرىپ ھۆل شاخلار كۆيۈۋاتقان تۆت ئەتراپتىكى ئېگىز تاملار بارغانسېرى بىناغا قاراپ تۈرۈلۈپ كېلىۋاتقاندەك، ئۇلارنى مىجىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك تەسىرات پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

قاتتىق قورقۇش بىر مىنۇت ئىچىدە ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەت تۈيغۇلىرىنى شامالدەك ئۇچۇرتۇپ كەتتى.

— دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىشنى رەت قىلىسىز، مېنىڭ ئىلاجىم يوق، — دېدى ۋالې دۆيجاڭ پىستە كۆزلىرىنى بىچارىلەرچە مۆلدۈر-لىتىپ، — يۈرىكىمنىڭ خۇمدان دەزى بار، مەن بۇ خەقتىن قورقى-مەن. ليۇ جۇرېنغا ئەھۋالنى ئېيتىپ كۆرەمدۇقيە؟

— مەن بەربىر ئۆلىدىغان ئادەم، ئۆزىڭىز كىرىپ ئېيتىڭ.
— نېمانداق كاجلىق قىلىدىغانسىز؟
ئۇلار ئىشخانىدىن چىقتى. ۋاڭ دۇيجاڭ بىردە قىرىىچە تېگىپ، بىردە پەسكويغا چۈشۈپ، يالۋۇرۇپ، تۇرسۇن بورانىنى يولىيورۇق سوراپ ئۆزى بىلەن بىللە چوتكىباش جۇرېنىنىڭ ئالىدىغا كىرىشكە ماقۇل قىلدى. كوچا تەرەپتىن ھەرقانداق ۋاقىتتا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان زەربىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئىشخانىنىڭ يېنى بىلەن مېڭىپ، چوتكىباش جۇرېن تۇرىدىغان ئۆيگە يېقىنلاشتى. ئۆيدىن چىققان جىدەل ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەر ئىككىيلەن ئىشىك تۈۋىدە ئىختىيارسىز توختاپ قېلىشتى. ئۆيدىن ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرغان گەپ-سۆز ۋە بىر-بىرىگە قاتتىق تېرىكىشتىن بۇ ئىككىيلەنىنىڭمۇ تەقدىرىدىن قايغۇرۇپ ئالاقزادىلىققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىشكە بولاتتى.
— مەن سىنىڭ ئالا ئۆپكىلىكىڭنى بىلىپ سايەمدەك كەينىمدىن ئەگەشتۈرۈپ يۈرىمەن، — ئۆينىڭ ئىچىدىن چوتكىباش جۇرېنىنىڭ بوغۇلغان ئاۋازى كەلدى، — مېنىڭ تېخى ئىككى كۆزۈم پارقىراپ تۇرىدۇ. نېمىدىن شۇنچىلا قورقىسەن؟ يىغلىما، ئۈنىڭنى ئۆچۈر.
— خەلقىنىڭ پەيلى نېمىدىگەن يامان، بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قالسام...ۋاي شورۇم، — دېدى لەنلەن ھەسرەت بىلەن، — بىر روناق تاپمىغۇرغا خوتۇن بولۇپ شىنجاڭغا كەلگىچە، شىزاڭدا قوتاز مىنىپ ئۆتسەمچۇ...بۇ ئەھۋالدا بۆسۈپ ئۆيگە كىرىش بىئەپ ئىدى. تۇرسۇن بوران ۋاڭ دۇيجاڭنى چوتكىباش جۇرېن تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاستا بېسىپ ئىشخانىغا قايتىپ كىردى.

ئەمدى ئۇ ئۆزىنى بىسۋالغۇسىز دەرىجىدە جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ "بىز ياردەمگە كەلگەن" دېگەن سۆزى ئۇنىڭ خىيالىغا مۇنۇلارنى سالدى: ۋاڭ دۈيجاڭ قارا نىيەت ئادەم، "خوتۇنى ئوغۇل تۇغسا ئۆزىدىن، قىز تۇغسا باشقىلاردىن كۆرۈپتۇ" دېگەندەك، پەلەك تەتۈر چۆگىلىسە ھەممىنى ماڭا دۆڭگەپ ئوتقا تىقىدىغان ئەلپازى بار، جۇماققا ئوخشاش مۇناپىقلىق قىلمىساممۇ، بەزى مۇھىم ئىشلارنىڭ كىمنىڭ ئەقلى بىلەن بولغانلىقىنى، پەقەت يولىيورۇق ئىجرا قىلغانلىقىمغىلا قەغەزگە پۈتۈپ لىۇ جۇرېننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قوياي، بولمىسا جۇماق مەندىن ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، چۈنكى بالدۇر پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتتى دەپ خىزمىتى ئېتىبارغا ئېلىنىپ سودا ئىدارىسىنى داۋاملىق دەسسەپ قالسا ياكى مېنىڭ ئورنۇمغا ئۆستۈرۈلسە كۈنۈم تەس...

ئۇ ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ تارتمىدىن قەغەز چىقاردى. ئەس-ھوشى ۋاڭ دۈيجاڭ ئەقىل كۆرسەتكەن ئىشلار بىلەن چىگىشلىنىپ تۇرغانلىقتىن، سىرتتىكى ۋاڭ-چۇڭ ۋە ئامىنىڭ تۇرسۇن بوران چىقىپ سوئالىمىزغا ئۆزى جاۋاب بەرسۇن دېگەن سادالىرى قۇلىقىغا كىرمەيتتى. بىراق خەتنى ئاخىرلاشتۇرالمىدى. بەزى ئىشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانلىقىنى شەرھلەشكە ئۆتكەندە، ئىشىكنى تۇيۇقسىز ئېچىپ چوتكىباش جۇرېن، ۋاڭ دۈيجاڭ ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۇرسۇن بورانغا تونۇش بولۇپ كەتكەن ئامىنىڭ ۋەكىللىرى كىرىپ كەلدى. بۇنىڭدىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يەنە بىر قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولغانلىقىنى بىلىشكە بولاتتى.

سۆھبەتتە يەنە كېلىشەلمىدى. ۋەكىللەر قاتتىق نارازىلىق بىلدۈ-

رۇپ ئىشخانىدىن چىقتى. ئىشخانىدا يالغۇز قالغان تۇرسۇن بورانىنى قاتتىق سۇر بېسىشقا باشلىدى. بۇ ۋەكىللەرنىڭ سۆھبەت جوزىسىدا ئۇنىڭ يالغان ئەنزە پەيدا قىلىشتىكى جىنايى شۇملۇقلىرىنى يۈزىگە قويىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇ چوتكىباش جۇرنىنىڭ قولىغىلا تۇتقۇزۇپ قويىماقچى بولۇپ يازغان ماتېرىياللىنى يوقىتىپ قويىدى. بايا ئاما ۋەكىللىرى ئىشكىنى تۇيۇقسىز ئېچىپ كىرگەنىدە، تۇرسۇن بورانىنىڭ ئۇشتۇمتۇتلۇق ھېس قىلىغانلىقى، ھولۇققانلىقى راست. لېكىن قەغەزنى نەگە قويىدى؟ ئىنتايىن يوشۇرۇن سىرلار قەغەزگە ئۇچۇق يېزىلغان، ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ قارا نىيەتلىك قىلمىشتانلىقىدىن شىكايەت قىلىنغان. ۋاڭ دۇيجاڭ سۆھبەتتە تولىمۇ شىپقاپ ئولتۇرغانىدى. باشقا بىرىنىڭ ئەمەس، قەغەز نەق ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ قولىغا چۈشكەن بولىسچۇ؟.

ئۇ ھېلىدىن-ھېلىغا تارتمىنى سۇغۇرۇپ كىرگۈزەتتى. جوزىنىڭ ئۈستىنى سىيپىلايتتى. نېمە ئۈچۈندۇ يۈرىكى ئېغىپ ئۆپكىسى بوغۇزىغا تىقىلىپ نەپەس ئېلىشى قىسىلغانىدەك پېشانە چېكىلىرىدىن تەر تۆكۈپ ھاسىراشقا باشلىدى .

### 3. پاھ! نېمىدېگەن گۈزەللىك بۇ!

«ئالغا» نىڭ ھەممە يېرى خۇڭ يەن ئۈچۈن پاناھلىق ئورۇن. دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر، مەيلى دەرد تارتقان ياكى زەربىدىن يېرىم-يارتا قۇتۇلۇپ قالغانلار بولسۇن، ھەممەيلەن خۇڭ يەننى ئۆز قېرىندىشى كۆرۇپ ئاسراشنى ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى بىلىدۇ.

ئەمما خوْڭ يەن كۆپرەك ئالملارنڭكىدە تۇرۇشنى، ھاشىخان ئانا بىلەن مۇڭدىشىپ، گۇڭۇر-مۇڭۇر ئۆتۈشنى ياخشى كۆرەتتى. تەشۇقات دۇيىدىكىلەر پىيىگە چۇشۇپ قوغلىغاندا، ھاشىخان ئانىنىڭ ئۇستىلىق قىلىپ قۇتقۇزۇپ قېلىشى خوْڭ يەننىڭ بۇ ئائىلىگە چىگىلـ گەن رىشتىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

شۇ كۈنى خوْڭ يەن ئۇيغۇرچە ياسىنىپ، ھېچىز كۆزەتچىگە ئوخشاش چۆرىسىگە قاراجىيەك تۇتقان ئاق مالخاينى قىرلاپ كىيىپ، كەيپىيات كۆزىتىپ خەلق ئىچىدە يۈرەتتى. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بازىرىدا ئالدى تەرەپتىن چىقىپ قالغان ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن تاساـ دىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. ھەر ئىككىيلەن تىكىلىپ بىر-بىرىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىمىغان بولسا، ئۇستىبېشىدىن خوْڭ يەن ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىپ بولمايتتى.

خوْڭ يەننى تۇتۇش، تۇتۇپ كەلگەنلەرگە مۇكاپات بېرىش دېھـ قانچىلىق مەيدانىدا بىرنەچچە قېتىم جاكا قىلىنغان. ئۇ، ئاستا توپنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالدى.

چۇشتىن كېيىن بىرنەچچە خەلق ئەسكىرى خۇددى كۆچلۈك دۇشمەنگە دۇچ كەلگەندەك ئىز بېسىپ ھودۇققان ھالدا ھاشىخان ئانىلارنىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىردى.

— ھەي دەججال، يوشۇرساڭ كاللاڭ كېتىدۇ، — دېدى قورال تۇتقان بىرى ھەيۋە قىلىپ، — ھېلىراقتا مۇشۇ تەرەپكە ئۆتكەن ئاق مالخاي كىيگەن كىشى نەگە كەتتى؟

— ئاق مالخاي، — ئانا ھېچنېمە بىلمىگەن بولۇپ دېدى، — بىزنىڭ بۇ يۇرتتا ھېچىز ئاخۇن ئاق مالخاي كىيىدۇ، ھېلىراقتا بازار تەرەپتە يۈرگەندەك قىلىۋىدىغۇ.

— ھېۋىز قىرى ئەمەس، خىۋىك يەن، ئۇ بىيىجىڭدا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ كەلگەن، قانات ئاستىغا ئالساڭ، جىنىڭنى جاڭگالدا كۆرسەن.

— تووا خۇدايىم، خىۋىك يەن خەنزۇ ئەمەسما، بىشىدا ئاق مالخاي نىمىش قىلىدۇ.

ھاشىخان ئانا سىر بىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. خەلق ئەسكەرلىرى ئۇ يەر-بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ، كۆمۈرخانىغا، ئامبار ئۆيگە، سەي ئورىسىغا كىردى. ئۆيگە كىرىپ ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى يوكنىڭ ئارقىسىنى قاراشتۇردى. خۇۋك يەننىڭ ھىچ يەردىن سايىسىنى ئۇچرىتالمىدى. ھاشىخان ئانا ئۇنى ئۇستىگە كىگىز سېلىنغان سۇپىنىڭ ئاستىدىكى ئورىغا يوشۇرۇپ، ئاغزىنى كالا تىزىكى ئارىلاشتۇرۇلغان سىغىز لاي بىلەن تەكشى سۇۋۇۋاتقانىدى.

— پاھ، كالىلىگىز مۇنداقمۇ تىز ئىشلەرمۇ، — دىدى خۇۋك يەن بىركۈنى يازلىق سەينا يىنىدىكى گۈللەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىشقا ئولتۇرغاندا يۇقىرىقى ۋەقەنى ئىسىگە ئىلىپ، — مەنمۇ ئەمدى قولغا چۈشتۈم دەپ ئويلىۋىدىم، تۇرمۇشۇڭلار ناچار، تۇتۇپ بەرسىڭىز مۇكاپات بىرىدۇ ئەمەسمۇ، بىر خەنزۇ ئۈچۈن نىمانچە سەكپارە بولىسىز؟

— بۇ قانداق گەپ قىرىنداش، — ئانا ئىتىراز قىلدى، — سىز بىلەن بىزنىڭ رىشتىمىز بىر ئەمەسما، خەنزۇ، ئۇيغۇر دىگەنمۇ گەپ بولامدىكەن.

— توغرا، ھەققانىي گەپ، — دىدى خۇۋك يەن دەردمەن ئايالنىڭ قەلبىدىن تەسىرلىنىپ ھاياجانلانغان ھالدا، — مەملىكتىمىزدە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنىڭ تۈگىتىلىشىگە ئەگىشىپ مىللىي زۇلۇم ۋە

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقمۇ تۈگىگەن، ئۇلار بىر مەقسەت يولىدا گىرەلەشكەن. بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس.

— مانا بۇ بەلەن گەپ بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزنى يوشۇردۇم، ھېلىقى مىللىي مۇناپىق تۇرسۇن بوراندىن سىز مىڭ مەرتىۋە ياخشى!

— بۇ قارىشىڭىزغا تامامەن قوشۇلىمەن، — دېدى خۇڭ يەن مەمنۇنىيەت بىلەن، — ئادەمگە كونكرېت قاراش كېرەك. گومىنداڭ قالدۇق كۈچۈكى ۋاڭ يىڭجاڭ، بالاخور ليۇ خېڭجىغا قارىغاندا، ماڭا قەمىردىن، ئالىم، ھېۋىز ئاكىلار مىڭ مەرتىۋە ياخشى!

ھاشىخان ئانىنىڭ قارىشى، ياخشى-يامانىنى پەرق قىلىش ئۆلچىمى خۇڭ يەنگە تەسىر قىلدى.

ساراي ئۆيگە ئالىم كىرىپ كەلدى.

— بىرىنچى قەدەمدىلا غەلىبىلىك جەڭ بولدى، — دېدى ئۇ خۇڭ يەنگە قولىدىكى قەغەزنى سۇنۇپ تۇرۇپ، — تەشۋىقات دۆيى يەنىلا جاھىل، بۇرنىغا سۇ كىرگەندەك ئەمەس، ئەمما يۈرىكىنى سوغۇرۇۋالدىغان بىر پاكىتنى قولغا چۈشۈردۇق.

ئالىم خۇڭ يەنگە سۇنغان قەغەز سۆھبەتتە تۇرسۇن بوران يوقىتىپ قويغان قەغەز، ئىككى تەرەپ جىددىي تاكاللىشۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ھېۋىز كۆزەتچى جوزىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن يېرىدىن پۈتى بىلەن تارتىۋالغانىدى.

— ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى، — قەغەزنى كۆرۈپ خۇڭ يەن خۇشاللىقنى باسالماي قالدى، — ئەكسىيەتچىلەر ئۆز مەنتىقىغە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۆلۈم خېتىنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇش دېگەن مانا شۇ، ئەمدى مەنمۇ دەرۋازا تۈۋىگە بارىمەن، تۆمۈرنى قىزىقىدا

سوقۇش كېرەك.

— سىز بارماڭ، خەۋپلىك، ئۇ يەر-بۇ يەرگە ئادەم قويۇپ سىزنى قاراشتۇرۇپ يۈرىدۇ. ئەقىل كۆرسىتىپ بەرسىڭىز بولدى.

— ياق بارىمەن، — دېدى خۇڭ يەن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — چۈشلۈكنى ئىچىۋىلىڭ، ئاما بىلەن بىللە بولىمەن.

ئالىم يەنىلا بارماسلىق كېرەك، دېگەن پىكىردە ئىدى.

— مېنىڭدىن نېمىشقا ئەنسىرەيسىلەر؟ شۇنچىلىك ئادەم كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرغان يەردە لەھەڭ يۇتۇپ كېتەتتىمۇ؟.

— سىز كۆزىڭىزنى پارقىرىتىپ ساق تۇرۇپ بەرسىڭىز بولدى، — دېدى ئالىم ئۆز پىكرىنى شەرھلەپ، — بىزنىڭ بىرىمىز مىللەتچى، بىرىمىز ئوڭچى، يەنە بىرىمىز چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر، شيۇجىڭچۇ-يىچى، مەلۇم مۇدەتتە پارتلايدىغان بومبا، سىزگە ئوخشاش بىرى ئارقا تىرەك بولمىسا، بۇنچىلا كۆپ قالپاقنىڭ ئاستىدىن قوپۇپ دەۋا قىلىپ دەرۋازا تۈۋىگە بېرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

خۇڭ يەن بىرپەس شۈك بولۇپ قالدى. ئالىمنىڭ ھەسرەت-نادامەتكە چىلىشىپ، قايناپ چىققان يۈرەك سۆزى باشلىقسىمان ئادەمنىڭ يېقىندا بېيجىڭدىن يازغان مەخپىي خېتىدىكى چېگرا بويىدىكى ئەھۋالنىڭ ئىچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئەسلەتتى. پايتەختتىكى كۆرەش ئەھۋالىدىن ئۇچۇر قىلىپ يېزىلغان بۇ خەتتە تاڭ يورۇشقا ھېچقانچە ۋاقىت قالمىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىلگەنىدى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بارىمەن، — دېدى خۇڭ يەن خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئالىمنى خەۋەردار قىلغاندىن كېيىن، — غەلىبە كۈنلىرىنى قۇرۇق قول كۈتۈۋېلىشقا بولمايدۇ. مەن ئۇ يەردە بىر ماتېرىيال ساندۇقىنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، قارا ماتېرىيال دەمسىز، يالغان

ئەنزە دەمسز، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان سۈيقەستلىك خەت-چەك دەمسز، ھەممىسى شۇنىڭ ئىچىدە، يامىنىغا كەلسە، باستۇرۇپ كىرىپ ساندۇقنى قولغا چۈشۈرۈش كېرەك. تاڭلا-ئۆگۈن ئەپتى-بەشىرىسىنى چۈۋۈش ئاسان بولىدۇ.

ئالىمنىڭ خۇي يەندىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن دىككىدە ئۆيگە بېرىپ كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىنقىلابىي كومىتېت ئالدىراشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى چۈشكىچە ئۆيگە قايتمىدى. ئۇلار ۋاقتىنىڭ چۈشتىن ئاشقانلىقىنى، قورسىقىنىڭ پىژىلداپ ئېچىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. چۈشلۈك تاماقتا ئۆيگە بارالمايدىغانلىقىنى ئالدىن سەزگەندەك يانچۇقىغا نان سېلىۋالغان باللار دەرەخ بېشىدا بىر تەرەپتىن نان غاجاپ، يەنە بىر تەرەپتىن پەستكى ئاممىنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇپ، چىقىسۇن، چىقسۇن، دەپ چۇقۇرۇشۇپ تۇراتتى.

ئالىم بىلەن بىللە دەرۋازا ئالدىغا خۇي يەن كەلدى. قولىغا چۈشكەن قەغەزدىن خۇشال بولۇپ بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ياكى تەشۋىقات دۈيىنىڭ سۆھبەتتە "ئالىغا"دا پەيدا قىلغان ئۇۋالچىلىقنى ئىقرار قىلىش، تۈزىتىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىغانلىقىدىن غەزەپلەنگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، كەيپىياتى جىددىي بولۇپ، ئۆزىنى يوشۇرۇشنى ئەستىن چىقىرىپ ئاق مالخاي ئورنىغا شەپكىسىنى كىيىپ كەلگەندى. ئامما يىراقتىن خۇي يەننى تونۇپ خۇشاللىق تەنتەنىلىرى قىلىپ، ئوپۇر-توپۇر بولۇشتى. خەلق بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى بۇ يەردە ھەممىدىن خۇي يەن ياخشى چۈشىنىدۇ. ئەتىگەندىن بېرىكى ھەرىكەت ئەمدى باشقا چىقىدىغاندەك ئۇلار قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتىشتى.

خۇڭ يەن دەسلەپ توپنىڭ ئالدىدىكىلەر بىلەن، ئاندىن ئارىغا كىرىپ دەردمەنلەر بىلەن، تۆمۈر دەرۋازىنىڭ رىشاتكىسىغا بۈركۈتتەك چاڭ سىلىپ ھويلىنىڭ ئىچىگە غەزەپلىك ھومىيىپ، دەردىنى بايان قىلىپ سۆزلەپ تۇرغان گۈلجامال ۋە ھوشۇر ھارۋىكەشلەر بىلەن كۆرۈشتى.

ئۇ خەلقنىڭ غەزىپىنى، گەپ-سۆزىدىكى ھەقىقەتنى، ئىرادىسىنىڭ بىرلىكى، چىڭلىقىدىن تەسىرلىنىپ ئاستا-ئاستا يېنىكلەپ كېلىۋاتاتتى. ئويلانمىغان بىر ۋاقىتتا، يەڭلىرىگە قىزىل بەلگە تاقىغان بىر خەلق ئەسكىرى توپنىڭ ئىچىدىن ئىتتىك چىقىپ خۇڭ يەنگە چاڭ سالدى ۋە چاپىنىنىڭ ئىچىدىن تاپانچا چىقىرىپ ھەيۋە بىلەن:

— ئاخىر قولغا چۈشتىڭمۇ، سولغا بۇرۇل، ماڭ، — دېدى.

— سەن يولداش خۇڭ يەننى نېمە قىلماقچى، — ئالىم خۇڭ يەننىڭ دولىسىغا چاپلاشقان قولىنى كۈچ بىلەن يۇلۇپ ئالدى-دە، خەلق ئەسكەرلىرىگە دېدى، — ماڭ، نېرى كەت سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە جىنايىتى بار ئىكەن ئۇنىڭ؟

— خۇڭ يەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، — دېدى ھېۋىز كۆزەتچى يېقىنلاپ كېلىپ تىترىگەن ئاۋازدا، — بۇ يەردە يالغۇز تەمتىرەپ يۈرگەن ئادەم دەپ خاتا ئويلاپ يۈرمىگىن، ھۆددىسىدىن چىقالدىساڭ، قېنى ئالدىڭغا سېلىپ ھەيدەپ باققىنا!

— خۇڭ يەنمۇ بىزگە ئوخشاش دەردمەن، تۇتقۇن قىلىپ ياردىمىزغا تۇز سەپكۈدەك بولساڭ، ساڭا ئوخشاش بىرنېمىلەرنى مۇشۇ يەردىلا...

— سىلەر ئۆزەڭلارنى خۇڭ يەن بىلەن بىر ئورۇنغا قويساڭلار زىيان تارتىسىلەر، — ئاممىنىڭ غەزىپىنى كۆرۈپ خەلق ئەسكىرى

گەپ يورغۇلتىشقا مەجبۇر بولدى، ــ مەنمۇ مۇسۇلمان بالىسىغۇ، تارتقان دەردىڭلارنى چۈشىنىمەن، خۇڭ يەن باشقا گەپ، تيەنئەنمېندە ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقەگە قاتنىشىپ، شىنجاڭدا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ يۈرگەن جىنايەتچى.

ــ ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل ئەبلەخ، ــ دېدى كىرىمجان تېخنىك ئېتىلىپ كېلىپ، ــ جىنايەتچىنى تۇتساڭ، تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن تۇرسۇن بورانىنى ئالدىمىزغا ھەيدەپ چىق!

خەلق ئەسكىرى خۇڭ يەننى تۇتۇپ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كىرمىسە، ۋەزىيەتنى بەجا كەلتۈرمىسە، ئۆزىگىمۇ ئىش تېپىۋالاتتى. ياخشى گەپ بىلەن نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن باشتىكىدەك بۆرە جۇۋىسىنى كىيدى. تاپانچىسىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ ھەيۋە قىلدى. ئوق چىقىرىش ئېھتىمال شەرتلىك بەلگە بولسا كېرەك. بىر توپ خەلق ئەسكىرى يېتىپ كەلدى. باشتىكىسى يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ ئەمدى خورازدەك گىدىيىپ كەتكەنىدى. خۇڭ يەنگە قوپاللىق ئىشلىتىپ، بىر شاپىلاق ئۇرۇپ شەپكىسىنى چۈشۈرۈپ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ مېڭىشقا ئۇرۇندى.

لېكىن ئۇ بۇ ھەرىكىتى بىلەن ئاغزى-بۇرنىنى قىپقىزىل قان قىلىۋالدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. غەزەپكە كەلگەن ئامما ھۇجۇمغا ئۆتتى، خەلق ئەسكەرلىرىنى ئۇر-ئۇر قىلدى. ئۇدۇل كەلگەن يەرگە مۇشت بىلەن ئۇرۇپ، تىك چۈشۈرۈۋەتتى.

دەرۋازا ئالدى خۇددى جەڭ مەيدانىدەك جانلىنىپ تۇراتتى. خەلق ئەسكەرلىرى يىقىلغان يەردىن شەپكىسىنى قالدۇرۇپ قېچىپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، خۇڭ يەن بىلەن ئالىم ئاستا قەدەم

بىلەن توپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

— قېنى يولداش ئالىم، — دېدى خۇڭ يەن ئالدىغا ئۆتكەندىن كېيىن، — تۇرسۇن بوراننىڭ ئىقرارىنى ئوقۇپ بېرىڭ، قانداق ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنى كۆپچىلىك ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسۇن.

ئالىم ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆھبەت ئۈستىدە قولىغا چۈشۈرگەن قەغەزنى ئوقۇدى، ئۇ قەغەزنى ھەممىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن بىر-بىرىگە مىنگەشتۈرۈپ قويۇلغان ئىككى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوقۇدى. خەلق تەرتىپ ساقلاپ شۈككىدە تۇرغانلىقتىن، ئالىمنىڭ ئاۋازى دەرۋازا ئالدىدىكى ھەرىكەتنى كۆزىتىپ ئىشخانىنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ تۇرغان چوتكىباش جۇرېن ۋە ۋاڭ دۇيجاڭ بىلەن تۇرسۇن بورانغىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

لىيۇ جۇرېن!

ئىنقىلابىمىز جىددىي پەيتتە تۇرغان ھازىرقى ئەھۋالدا، "ئالغا"دا قىلىنغان بەزى ئىشلارنىڭ ئەھۋالىنى سىزگە ئالدىن ئېيتىپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم. لاپاسقا ئوت قويۇش، ماگىزىنغا ئوغرى چۈشۈش ۋەقەسىنى پەيدا قىلىش، كېچىدە سالىيوت ئېتىشنى بىز ۋاڭ دۇيجاڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىشلىگەن. ۋاڭ دۇيجاڭ بۇنى "ئىنقىلابىي يالغانچىلىق" دەپ چۈشەندۈرگەنىدى. مۇشۇ ۋەقەلەردىن ئۈركۈپ يامان ئادەملەر ئۆزىنى تورغا ئاتىدۇ، دېگەنگە ئىشەندىم، مۇنداق خەۋپلىك ئىش "ئالغا"دا مېنىڭدىن باشقا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ئوت قويۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، ئالدىمدىن ئالىم بىلەن ھېۋىز كۆزەتچى چىقىپ قالسىمۇ، يانداپ ئۆتۈپ، ئالىم لاپاسنى كۆزىتىپ ئۈستەلەپ كېلىپ قالغاندا، يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئۆتكەن بۇ ۋەزىيەتنى ھازىرغىچە چاندۇرماي سىر تۇتۇپ كېلىۋاتىمەن، سالىيوت

ئېتىش بىلەن ئوغرىلىق ۋەقەسىنىمۇ ئۆزەم يېتىشتۈرگەن جەڭگىۋار دۇينى ئىشقا سېلىپ ئىنقىلاب مەنپەئەتى ئۈچۈن قاس چىقىرىپ ئىشلىگەنىدىم. مەن ھازىر بۇ ئىشلاردىن ئەنسىرەيمەن. ۋاڭ دۇيجاڭ خېلىدىن بېرى شىخىمغا قاقىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ ئەقلى بىلەن قىلغان، پەلەك تەتۈر چۆگىلسە، ماڭا دۆڭگەپ قويۇش نىيىتى بارلىقىنى سىزىپ قالدىم... قەدىرلىك لىۋ جۇرېن، ئۆزىڭىزگە سادىق قول ئىكەنلىكىمدىن خەۋىرىڭىز بار. ۋاڭ دۇيجاڭ مۇناپىقلىق قىلسا، مەن ئۈچۈن ياقا يىرتىپ...

خەت ئەنە شۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭدىن "ئالغا"دىكى سۇيىقەستنى تولۇق چۈشەنگىلى بولاتتى. ئەپتى-بەشىرىسىنىڭ خەلقىئالەم ئالدىدا پاش بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇر-سۇن بوران ئىشخانىنىڭ ئىچىدە تۇرالماي چىچاڭشىپ كەتتى.

— ھەممە ئىش ئەنە شۇنداق سۇيىقەست بىلەن ئىشلەنگەن، — دېدى ئالىم ئۇستەلنىڭ ئۈستىدە كۆپچىلىككە قاراپ سۆز قىلىپ، — تەشۋىقات دۇيىدىن خاتالىقىغا توۋا قىلىش، بىزنى ئۈزۈل-كېسىل ئاقلاش، خاتا ئەنزە پەيدا قىلغۇچىلارنى جازالاش توغرىسىدىكى تەلىۋىمىزنىڭ قەيېرى خاتا ئىكەن، ھەققانىي تەلەپنى ئاڭلىماسا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان بوزەكمۇ بىز!

خەلق توپى دەريادەك ئۆركەشلەپ تۇراتتى.

— قاراڭلار، ھەممە ئىش بىر چەتتىن يالغان چىقىۋاتىدۇ-ھە، — دېدى بىر دەردمەن ۋارقىراپ تۇرۇپ، — بۇلار بىزنى زادى نېمە كۆرىدۇ.

— "بوزەكنى بوزەك قىلمىساڭ، قىيامەتتە سورىقى بار" دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ، موللىمۇشۇك بولۇپ شۈك تۇرۇپ بەرسەڭ شىللەڭدىن

چۈشەمدۇ؟

— زادى ئۆزىمىزنى بىر تېپىشىپ قويۇشىمىز كېرەك.

— ھۇررا!

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، چوتكىباش جۇرىپىن ”ئالغا“غا كۆچۈپ كېلىپ ئىككىنچى قېتىم ئاق تېررورلۇقنى باشلىدى. لېكىن ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى. زەربە بېرىش ئوبيېكتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتكىچە بولغان ئارىلىقتا ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى جاكا قىلىندى. غەلىبە ساداسى رادىئودىن ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇراتتى. چوتكىباش جۇرىپىن لەنىلەنى ئەگەشتۈرۈپ ئەتىگەن تەرەپتە ئىشخانىغا كەلدى. لېكىن نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. قايسى كۈندىكى ۋەقەدىن كېيىن ئىشخانا تېخى تۈزەشتۈرۈلمىگەنىدى. ئامما ماتېرىيال ساندۇقنى ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تامدەك تاتىرىپ ئۆرە تۇرغان ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن تۇرسۇن بورانىنىڭ پەرىشانلىقىنى سۈرەتلەپ ئورۇندۇقلار ئورۇلۇپ قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى.

دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ھەممە يېرىدە خۇشاللىق تەنتەنىسى داۋام قىلماقتا ئىدى.

بازارنىڭ سىرتىدىكى دۆڭگە بىرىنچى بولۇپ خۇڭ يەن، ئاندىن ئالىم، ھېۋىز كۆزەتچى، كىرىمجان تېخنىك چىقتى.

— ئۇكا سەن قەشقەرلىقمۇ-ھە، مەكتىنىڭكىدىن يوقمۇ، — دېدى ھېۋىز كۆزەتچى ئالىمغا چاقچاق قىلىپ، — ياق، خۇشاللىقىمدىن شۇنداق دەۋاتىمەن، قېرىدىم. ئەمدى نەشە چەكمەيمەن، — ئۇ خۇڭ يەنگە قاراپ داۋام قىلىپ دېدى، — مۇنۇ رادىئو كانىيى ”ئازادلىق، ”ئازادلىق“ دەيدۇ، بۇ نىجىسلاردىن راست قۇتۇلدۇقمۇ

ئۇكا!

كۆزەتچى ساقال بۇرۇتىنى چىرايلىق چەكتۈرۈپ، يېڭى قىزىل دۇخاۋا دوپپىسىنى گەجگىسىگە چۈشۈرۈپ، بېشىغا ئاپئاق مالىخاي كىيىۋالغانىدى.

— شۇنداق، — دېدى خۇڭ يەن ئۇنىڭ خۇپسەنلىك قىلىپ ئەتەي سوراۋاتقانلىقىدىن كۈلۈپ، — ئەمدى بۇ يەردە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ ۋاقتىدىكىدەك زوراۋانلىق بولمايدۇ، بېيجىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يەنە بىر قېتىم ئازادلىق نۇرىنى چاچتى.

— كۈن شەرقتىن چىقتى، — دېدى ئالىم تولقۇنلىنىپ تۇرۇپ.

— خاتالاشمىسام، بۇ گەپنى مەرھۇم قەمىردىن ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقان، — دېدى ھېۋىز كۆزەتچى گەپ قىستۇرۇپ.

گويا ئۇزۇن بىر جەرياننى ئەسلىگەندەك ھەممە بىرپەس شۈك بولۇپ خىيال سۈرۈپ قېلىشتى.

— جۇغراپىيىلىك ئورنىمىزدىن ئېيتقاندا، بېيجىڭ شەرق تەرىپىمىزدە، — دېدى ئالىم داۋام قىلىپ، — مەرھۇم قەمىردىن ئاكا "كۈن شەرقتىن چىقىدۇ" دېگەندە، بىزنىڭ بېيجىڭدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىكىمىزنى كۆزدە تۇتقان. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتتىن پايدىلىنىپ مېھرىبانلىق قىلماقچى بولغانلارنىڭ دامىغا چۈشمىدۇق. يەنە مەرھۇمنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتسام، بىزنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئۆزگە قۇتقۇزغۇچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

شۇ ئەسنادا بازار تەرەپتىن گويا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىغا ئوخشاش شاۋقۇن سېلىپ، قىزىل پىلاكاتلار، قىزىل بايراقچىلار كۆتۈرۈپ، يالقۇنلۇق شوئارلار توۋلاپ، ئۆچكىلىك

ئېتىكىدىكى چوڭ تەنتەنە ــ ناھىيە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان تەبرىك-لەش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، قاتار تىزىلىپ "ئالغا"لىقلار چىقىپ كەلدى. گەپ ئۈزۈلدى، ئۇلار دۆڭدىن چۈشۈپ ئالدىدىن ئورۇن ئېلىپ سەپنى باشلاپ مۇراسىمغا قاراپ كەتتى.

1983 ـ يىل ئۆكتەبىردە غۇلجا شەھىرىدە تاماملاندى.

1986 ـ يىل ئىيۇلدا گۇاڭدۇڭ تەيشەن ساناتورىيىسىدە تۈزىتىلدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: رەقىب ۋاھابى
مەسئۇل كوررېكتور: ھەمرا ھاسىل

مالىك كېۋىر
كۆن شەرقنىڭ چىقىدۇ
(رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1988 - يىل 4 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1988 - يىل 4 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 1.30 يۈەن

**日出东方**

**（长篇小说）**

（维吾尔文）

马立克·柯维尔著

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1198毫米 1/32 印张：13 3/8

1988年4月第1版

1988年4月北京第1次印刷

印数：0001—2,500册

统一书号：M10049(4)228 定价：1.30元

ISBN 7—105—00068—6/I·25

统一书号： M10049(4)228　定价：1.30元
ISBN 7—105—00068—6/I·25